

ماخمۇت مۇھەممەت

# كارۋات ئاستىدىكى شەر

مىللەتلەر نەشرىياتى

ماخمۇت مۇھەممەت

# كارۋات ئاستىدىكى ئەر

(قىسقا ھېكايىلار)

مىللەتلەر نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

躲在床下的男子：维吾尔文/马合木提著. —北京：民族出版社，1997.9

ISBN 7-105-02783-5

Ⅰ.躲… Ⅱ.马… Ⅲ.小小说-作品集-中国-当代-维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.I247.8

中国版本图书馆 CIP 数据核字（97）第 04547 号

民族出版社出版发行
(北京市和平里北街 14 号　邮编 100013)
民族出版社微机照排　民族印刷厂印刷
各地新华书店经销
1997 年 11 月第 1 版　1997 年 11 月北京第 1 次印刷
开本:850×1168 毫米　1/32 印张:10⅞
印数：0001 —5000 册　　定价:12.70 元

# مۇندەرىجە

رەسسامدىكى دىلو ............ (1)
مۇھىم پىكىر ............ (5)
ھاجەتمەن ............ (8)
غەزەپ ۋە سەۋەب ............ (12)
ئىككى بارماق ............ (16)
ماختاپ تۇگىتىش ............ (21)
ھاقارەت تاللاش ............ (24)
غىل-پال ............ (29)
پەرىشتە ............ (33)
ئەللىك يۈەن ............ (37)
غەمخورلۇق ............ (42)
سېتىۋالغان شۆھرەت ............ (46)
بەش قولدەك مەلۇم ............ (53)
ئۇنتۇغاق قىز ............ (57)
ياشلىقتىكى بىرمەكتۇپ ............ (60)
نېرۋىسى ئاجىز كىشى ............ (71)
"يۆتكەيمىز" ............ (76)
سۈرىتىنى تەقدىم قىلدى ............ (83)
ئوخشاپ قالغان ھېكايە ............ (86)

كۆپ ئەرلىك خوتۇن ...... (93)
ئىككىنچى نۇتۇق ...... (95)
پروتوتىپنىڭ غەزىپى ...... (99)
ئۆزۈم كەتكۈزگەن ...... (104)
دەسسەش كېرەك ...... (110)
ھېكايىدىن… ھېكايە ...... (113)
ئادەم يولۋاس ۋە يولۋاس ئادەم ...... (116)
سىنايمەن ...... (121)
تەدبىر ...... (125)
ھاياتلىق كېرەك ...... (128)
مايمۇن يىلى ...... (132)
ئەتىگەندە ...... (135)
كىچىككىنە ئىزاھات ...... (137)
ھەيرانلىقتا ھەيرانلىق ...... (140)
ھەتتەخەي ...... (145)
ئۇنتۇپتىمەن… ...... (149)
ئۇنتۇلغان قەرز ...... (150)
نەشپۈت ...... (154)
سالام يەتكۈزۈش ...... (156)
باش كىيىم ھەققىدە پاراڭ ...... (161)
كۆپۈك ...... (164)
غەم ...... (168)
ئاھ، گۈزەللىك ...... (172)
خورلۇق ...... (176)

ياماشقاننىڭ نېمىسى يامان؟ ........................ (182)
كارىۋات ئاستىدىكى ئەر ........................ (189)
هازىدىن كېيىنكى هازا ........................ (192)
ياشايمىز مۇ-ياشمايمىز مۇ ........................ (196)
تەتۈر باشلىق ........................ (202)
ئەمەل دەرىخى ........................ (205)
يېقىملىق چاقچاق ........................ (210)
كۆپ گەپنىڭ پايدىسى ........................ (215)
دوكلات ........................ (222)
رەپتىس ........................ (224)
ىشلىتىلگەن ئۆي ........................ (227)
تۆت بىلەت ........................ (229)
چاۋاك چېلىڭلار ........................ (231)
شېغىل بايرىمى ........................ (233)
قاسساپ بىلەن موزدۇز ........................ (236)
"تەقدىر" ........................ (241)
قانداق گەپ بۇ؟ ........................ (243)
چۈشىدە جەم بولۇش ........................ (247)
"گېلى بار" باشلىق ........................ (255)
ئۈچ خىل جاۋاب ........................ (259)
يۇيۇلۇش ........................ (261)
نازاكەت ........................ (265)
نەزىر كۆلكىسى ........................ (267)
ماختىنىشنى بىلمەيدىغان ئايال ........................ (272)

پوچتىخانىدىن ئىزدەڭ ........ (275)
چوكانلار ........ (279)
تېلېفوندىكى لەتىپە ........ (284)
چىۋىن ........ (287)
ئىككى قوشنا ........ (292)
تىلەكلەر ........ (300)
ئۇستەل كالېندارى ........ (302)
بىزنىڭ ئوغۇل ........ (306)
كۆرۈپ قالغان ئادەم بار ........ (310)
قاپاق چۆمۈچ ........ (314)
پەلەكنىڭ چاقچىقى ........ (319)
ماۋزۇ ........ (322)
بىگىز بارمىقىم بىلەن ........ (324)
شىڭگىل ھېكايىلار ........ (330)

# رەسىمدىكى دېلو

ناھىيىلىك مەدەنىيەت مەركىزى بىناسىنى تەكشۈرۈپ ئۆت-
كۆزۈۋېلىش گۇرۇپپىسى بۇ چوڭ ماي بوياق رەسىمنىڭ ئالدىدا
ئىككىنچى قېتىم توختىدى.

رەسىم راستىنلا چوڭ بولۇپ، بىر تامنى پۈتۈنلەي دېگۈ-
دەك ئالغانىدى. مەدەنىيەت مەركىزى بىناسىنىڭ تۈتقۇچلىرى
ھەيۋەت، قوشقاناتلىق ئىشىكىدىن كىرىشىڭىزگىلا كۆزگە تاش-
لىنىدىغان بۇ كاتتا رەسىمدە ئاجايىپ ھەيۋەتلىك ۋە گۈزەل
ئورمانلىق سىزىلغان بولۇپ، ئاسمان، دەرەخ، مايسا ۋە تاغ
سۈيى ئەينەن، تەبىئەتتىكىگە ئوپئوخشاش سىزىلغانىدى. ھەتتا
يېقىنلا كېسىلگەن بىر تۈپ دەرەخنىڭ كۆتىكىمۇ ئادەمگە چىنلىق
تۇيغۇسى بېغىشلايتتى. رەسىم ھەقىقەتەن كامالەتلىك بىر قول-
دىن، تالانتتىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى.

تەكشۈرۈپ ئۆتكۆزۈۋېلىش گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرى ئۈچ
قەۋەتلىك بىنانى تامامەن كۆرۈپ بولغاندىن كېيىنلا بۇ نادىر
ئەسەرنىڭ ئالدىدا ئارامخۇدا، ئەستايىدىل توختاشتى. ئۇلارنىڭ
بەزىلىرى قوللىرىنى كەينىگە، بەزىلىرى ئالدىغا قوۋۇشتۇرۇۋال-
غان، بەزىلىرى ئىككىلا، بەزىلىرى بىرلا قولىنى بېلىگە تىرە-
ۋالغان ھالەتتە "بەدىئىي ئوبزورچىلىق"لىرىنى باشلىۋەتتى.

—ھىم، ھەقىقىي سەنئەت! —دېدى ئۆيدىكى چامادانىدا دىپلومى باردەك كۆرۈنىدىغان بىرسى.

—پاھ، پاھ، پاھ… قەۋەتلا ئوبدان سىزىپتا! —دېھقانچىراي ئىككىنچىسىمۇ ئۆز ئالدىغا ئۇن قاتتى.

—كىم سىزدىكىنە بۇنى؟ —ھەممىلا نەرسىگە قىزىقىدىغان يەنە بىر ياشراق ئەمەلدارمۇ ئەتراپىغا ئەلەڭلەپ قارىدى. ئۇنىڭ سوئالىغا ئۇلىنىپلا جاۋاب ئاڭلاندى:

—بۇنى سىزغان كىشى بىر ئىشچى، مۇشۇ ناھىيىمىزدىكى ئورمان ئاسراش ئىشچىسى. بۇ يىل 56 ياشتا. ئەزەلدىنلا…

كىرلىشىپ كەتكەن گالىستۇكىنى قىيسايتىپ تاقىۋالغان مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ مەسئۇلى گېپىنى قايتا كۆتۈرۈلگەن ئوبزور سادالىرى ئارىسىدا ئاياغلاشتۇرۇشقا مەجبۇر بولدى.

—ئىشچى دېدىڭىزما؟

—كارامەت، كارامەت!

—مانا ئەمدى بۇ رەسىم ماڭا تېخىمۇ قىممەتلىك كۆرۈنۈۋاتىدۇ.

—بىزدىمۇ قالتىس ئادەملەر بار جۇمۇ!

—توغرا، ياخشى ئەسەركەن بۇ…

—ياخشى ئەسەر؟

بۇ سوئال ھەممەيلەننى، جۈملىدىن مۇشۇ قۇرلارنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقان مۇئەللىپنىمۇ چۆچۈتۈۋەتتى. ھەممەيلەن تەڭلا قايرىلىپ، مەزكۇر بوم، كۆچلۈك ئاۋاز ئىگىسىگە-تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش گۇرۇپپىسىنىڭ مەسئۇلىغا قاراپ قېلىشتى. ئارىنى سۈكۈنات باستى.

— مۇشۇ ياخشى ئەسەرمۇ تېخى؟ سىلەرگە نەرى يېقىپ كەتتى بۇنىڭ؟ — گۇرۇپپا مەسئۇلى، ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مەدەنىيەتكە مەسئۇل مۇئاۋىن ھاكىمى بەستىگە ماسلاشمىغان بوم ئاۋازىنى يەنە ئەۋجىگە ئەپچىقىشقا باشلىدى، — كۆزۈڭلارنى ئالدىڭلار بوياق چېقىپ كېتىپتۇ-دە، ھە؟ سىلەر دېگەندەك قالتىس ئەمەس، مەسىلە بار رەسىم بۇ!

سۈكۈنات تېخىمۇ تېرەنلەشتى، ھەتتا يەڭگىل ھاسىرىغان ئايرىم ئاۋازلارمۇ ئاڭلاندى.

— ھە، مەسىلە بار، بولغاندىمۇ دېلو خاراكتېرلىك مەسىلە بار! — مۇئاۋىن ھاكىم يىغىنلاردا تولا ئىشلىتىپ كامالىغا يەتكۈزگەن تەكىتلىگۈچى تەلەپپۇزىنى قويۇق-قويۇق ياغدۇرغىنىچە گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — سىلەر چىرايلىق مەنزىرىگە، ياڭزا-ياڭزا بوياققا دىققەت قىلدىڭلار، لېكىن كۆز ئالدىڭلاردا پارقىراپ تۇرغان ئورمان ئوغرىلاش دېلوسىغا دىققەت قىلمىدىڭلار، ھە، دىققەت قىلمىدىڭلار!

ئاڭلىغۇچىلار تېخىمۇ پۇشۇلدىشىپ كەتتى. قايسىبىرلىرى بىر-بىرىگە سوئال نەزىرىدە تىكىلىشتى. قەيەردىندۇر، چىڭقىلىپ چىققان غەيرىلا بىر ئاۋاز ئاڭلاندى.

— نېمە ئۈچۈن دۆلەتنىڭ ئورمان بايلىقى بىسوراق كېسىلىدۇ؟ بۇ كېسىلگەن ياغاچ ناھىيىمىزنىڭ قايسى دائىرىسىدە؟ قايسى تەشكىلگە قاراشلىق؟ ئۇنى كىم كەستى، قاچان، نېمىشقا؟ ھە…بۇلارنى ئېنىقلاش، دەررۇ ئېنىقلاش كېرەك ۋە جىنايەتچىنى تېپىپ دەررۇ تېگىشلىك جازاسىنى…

دەل شۇچاغدا ئىككىنچى قەۋەتتىن ياغلىما چىراي بىرەيلەن

پالاقلىغىنىچە چۈشۈپ كەلدى-دە، مۇئاۋىن ھاكىمنىڭ ئالدىدا توختاپ ھاسىرىغىنىچە دېدى:

— شە...شەنجاڭ، سىزگە تې...تېلېفون!

گېپى قاپ بەلدىن ئۈزۈلگەن مۇئاۋىن ھاكىم خەۋەرچىنىڭ كەينىدىن يۇقىرىغا كۆتۈرۈلدى ۋە تېلېفون تۇرۇپكىسىنى ئېلىپ قۇلىقىغا ياقتى:

— ئەلۇ!

— ھەي، سىز × شەنجاڭما؟ سالامەتمۇ سىز شەنجاڭ؟ ھە، ياخشى، ياخشى. رەھمەت! ھېلىقى ياغاچنى يەكشەنبە كۈنى ئۆيىڭىزگە يەتكۈزىمەن. كەستىڭمۇ دەمسىز؟ بۈگۈن كېسىمىز. نېمە، ئىلاجى بار يېڭىسىدىن بولسۇن دەمسىز؟ خاتىرجەم بو-لۇڭ، چاتاق يوق. نوچىسىدىن كېسىمىز شەنجاڭ. ئەمىسە ھې-لىقى ھاجىتىمىز ئېسىڭىزدە بولسۇن-ھە؟

ھايال ئۆتمەستىن مۇئاۋىن ھاكىم پەسكە—ئۆزىنى كۈتۈپ تۇرغان تەلەيسىز مەنزىرە رەسىمى ۋە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش گۇرۇپپىسىنىڭ ھەيرانە ئەزالىرى يېنىغا قايتىپ چۈشتى. ئۇ-نىڭ بوم ئاۋازى يېڭى بىنانىڭ زالىدا ئەكس سادا قايتۇرۇپ يەنە جاراڭلىدى:

— ئىشچى رەسسامىش تېخى! دېمەك، قىياس قىلىش مۇمكىنكى، ئۆزى كەسكەن ياغاچنى دۆتلۈكىدىن...ھىم. ئومۇ-مەن بۇ دېلونى دەررۇ ئېنىقلاپ چىقىش لازىم. دۆلەتنىڭ ئورمان بايلىقىغا ھارام قولىنى ئۇزاتقانلار، كىم بولۇشىدىن قەتئىينە-زەر، جەزمەن جازالىنىدۇ، جەزمەن!...

# مۇھىم پىكىر

يېقىندىن تەييارلىنىۋاتقان «كىچىككىنە ئوچۇن» ناملىق بەش پەردە، يەتتە كۆرۈنۈشلۈك دراما بىر ئايلىق جاپالىق رەپىتىسىيەدىن كېيىن رەھبەرلەر ۋە كەسىپ ئەھلىلىرىنىڭ دەسلەپكى قەدەمدە كۆزدىن كەچۈرۈشىگە سۇنۇلدى. يەرلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ ھەممىسىگە ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان قىزىل باغاق ئەۋەتىلدى. شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن سەنئەت ئۆمىكىنىڭ يېقىندىن پۈتكەن رەپېتىس زالى كىشىلەرگە تولدى. رەھبەرلەر ئالاھىدە ياسالغان ئورۇندۇقلارنىڭ كۆرۈنەرلىك ئورۇنلىرىغا، ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسىدىن كەلگەن مېھمانلار چەت-چۆرىدىكى ئورۇنلارغا جايلاشتى. بۈگۈنكى دوكلات ئويۇنى ئارقىلىق ئىككى مەقسەت كۆزلەنگەنىدى: بىرى، رەھبەرلەرگە دراما ۋەقەلىكىنى سىياسىي جەھەتتىن مۇقىملاشتۇرۇش، يەنە بىرى، درامىنىڭ ئىقتىسادىي سەرپىياتى ئۈچۈن كېتەرلىك پۇلغا يەنە شۇ رەھبەرلەرنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىۋېلىش. شۇڭلاشقا بۇ يەردىكى "ئالاھىدە ياسالغان ئورۇندۇقلار"دىكەن گەپنىڭ "مول نېمەتلىك داستىخان" دېگەن مەنىسىمۇ بېرىدىغانلىقىغا گۇمان بولمىسا كېرەك!

دراما قىزغىن، جىددىي كەيپىياتتا ئوينالدى ۋە كۆڭۈللۈك يەپ-ئىچىش، ھاياجانلىق خىتابلار ئىچىدە كۆرۈلدى. ئويۇن

ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئۆمەك مەسئۇللىرى قەدىرلىك مېھمان-
لارنىڭ قىممەتلىك پىكىرلىرىنى بىرىنى تەكلىپ قىلدى. بىر
پەس تۇزۇتتىن كېيىن ھۆرمەتكە سازاۋەر رەھبەرلەر مەرتىـ
ۋە-دەرىجىسى بويىچە پىكىر بېرىشكە باشلىدى. درامىنىڭ سىيا-
سىي ئەھمىيىتى، بەدىئىي مۇۋەپپەقىيىتى، پېرسوناژلار ئالاھى-
دىلىكلىرىنىڭ ئېچىلىشى... قاتارلىق تەرەپلەر بىر-بىرلەپ تىلغا
ئېلىندى، نەتىجىلەر مۇقىملاشتۇرۇلدى، يېتەرسىزلىك دەپ قا-
رالغان تەرەپلەرگە ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە باھالار، تەكلىپ-
لەر بېرىلدى...

شۇ تەرىقىدە نۆۋەت تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ مەسئۇلىغا كې-
لىپ توختىدى. پۈتۈن ئويۇن داۋامىدا ئۇ سەل پەرىشاندەك بىر
خىل ھالەتتە قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، چوڭقۇر خىيالغا پېتىپ
ئولتۇرغانىدى. سەۋەبى، ئۇ بۈگۈن چۈشتىن ئاۋۋال تولۇق
يېرىم كۈن نۆۋەتتىكى بىر تۈركۈم يېڭى رەھبىرىي كادىرلارنى
ۋەزىپىگە تەيىنلەش مۇزاكىرە يىغىنىغا قاتناشقان ۋە ئايرىم نام-
زاتلار ئۈستىدە ئۆز خىزمىتىگە چەكسىز مەسئۇل بولۇش پوزىتى-
سىيىسى بىلەن تالاش-تارتىش قىلىپ ھارغانىدى.

— ئويۇنۇڭلارنى كۆردۈم، — دېدى ئۇ سالماقلىق قىياپەت ۋە
ھارغىن ئاھاڭ بىلەن سۆز باشلاپ، — يۇقىرىدا رەھبىرىي يول-
داشلار ئويۇن ھەققىدە قىممەتلىك پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قوي-
دى، مەن تامامەن قوشۇلىمەن. ئەمدى بۇ يەردە باشقىلار دېمە-
گەن بىر تەرەپنى، بىر مۇھىم نۇقتىنى ئوتتۇرىغا قويماقچىمەن.
بايا كۆرگەن ئويۇندا ھېلىقى، ئىسمى نېمىدا؟ ھە... ئەكبەرنى
تېخنىكا يېڭىلاش ماھىرى بولغانلىقى ئۈچۈن، شۇنداقلا مەلۇم

رەھبەرلىك قابىلىيىتى بولغانلىقى ئۈچۈن پارتىيىگە قوبۇل قى-
لىندىغان، ئۈستۈرىدىغان بىر ئەھۋال بار ئىكەن. ئەلۋەتتە ئىقتى-
دارلىق ياشلارنى ئۈستۈرۈشكە بولىدۇ. بىراق، مېنىڭچە، بۇ
يەردە ھەممە ئىش تەشكىلىي پرىنسىپ ۋە تۈزۈم بويىچە بولۇشى
كېرەك. ئەكبەر ئىشلەۋاتقان زاۋۇتتا مىڭدىن ئارتۇق ئىشچى بار
ئىكەن. بۇ دېمەك، بۇ زاۋۇتنىڭ ئۆزى ناھىيە دەرىجىلىك ئو-
رۇن دېگەن سۆز، ھە... ئۇنىڭ سېخلىرى بولسا بۆلۈم دەرىجىسى-
گە تەڭ. پرىنسىپ بويىچە بۆلۈم باشلىقىدىن يۇقىرى كادىر-
لارنى ... ھە، بولۇپمۇ ئەكبەرگە ئوخشاش كادىرلارنى تەشكىلات
بۆلۈمىمىز تەستىقلاپ بېكىتىشى لازىم ئىدى. بىراق، ئېسىمدە
قېلىشىچە، يېقىن ئارىنىڭ ئىچىدە ئەكبەر ئىسىملىك كىشىنى
ئۈستۈرۈش ھەققىدىكى دوكلاتنى تاپشۇرۇۋالمىدۇققۇ دەيمەن؟!
بۇنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟ ھە ...؟ بىزنىڭ تەشكىلات
بۆلۈمىمىز نېمىش قىلىدىغان ئورۇن؟ ھە دېسە باشباشتاقلىق
قىلىدىغان، تەشكىلىي تۈزۈمنى كۆزگە ئىلمايدىغان ناچار ئىل-
لەتلەرگە ئەمدى قەتئىي خاتىمە بېرىلىشى كېرەك ...

تەشكىلات بۆلۈم باشلىقى سۆزلىگەنسېرى قىزىپ كېتىۋاتات-
تى. ئۇ سۆزلەۋېتىپ ئالقىنى بىلەن ئۈستەلگە پاققىدە بىرنى
ئۇرۇۋېدى، بايا ئەكبەر رولىنى ئالغان ئارتىس ئەمدىلا قولىغا
ئالغان بىر تال يوغان نەشپۈت قاڭقىپ يەرگە چۈشتى ۋە دومىلاپ
خېلى يەرگىچە باردى.

# ھاجەتمەن

ئابدۇخېلىل قەدىمي بىر ناخشىنىڭ ئاھاڭىغا غىڭشىغىنىچە ۋېلىسىپىتىنى بەخىرامان ھەيدەپ، ئائىلىلىكلەر قورۇسىغا كىرىپ كەلدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كەيپىياتى چاغ، سەۋەبى بايا بۆلۈمدە بىر ئاغىنىسىدىن تېلېفون ئالدى. كەچقۇرۇنلۇقى ئەل-ئاغىنىلەر يىغىلىپ شەنبىلىك ئولتۇرۇش قۇراشتۇرماقچى. بىر ھەپتىدىن بېرى ئابدۇخېلىل ھاراق دېگەن "قارا كۆز"نى ئوبدانلا سېغىنىپ قالغانىدى.

ئابدۇخېلىل ئۆزىگە تەۋە كۆمۈرخانىنىڭ ئالدىدا ۋېلىسىپىتىنى قۇلۇپلاپ، ئەمدىلا بىنا ئىشىكى تەرەپكە قايرىلاي دېيىشىگە، يەرنىڭ تېگىدىن چىققاندەكلا بوش ۋە مۇلايىم بىر ئاۋاز قۇلىقىغا ئۇرۇلدى:

—كونا ئاياغ بارمۇ؟

كەينىگە يېرىم بۇرۇلغان ئابدۇخېلىلنىڭ كۆزلىرى تاپىنىدىنىڭ تۇۋىدە دېگەندەكلا ئولتۇرغان بىراۋغا چۈشتى. ئادەمنىڭ ئىچى سىيرىلغۇدەك ئاۋارە كىيىنگەن، پېشانىسى، كۆز ئەتراپى، جاۋغايلىرىدا ئۆز يېشىغا نامۇناسىپ قېرىلىق ئىزنالىرى تېپىپ تۇرغان ۋىجىككىنە ئادەم كۆلكىدىن كۆرە يىغلامسىراش دېگەن ياخشىراق بىرخىل نەزەر بىلەن، ئىلتىجالىق تەرزدە ئۇ-

نىڭغا قاراپ تۇراتتى.
— كونا ئاياغ بارمىكىن؟
— كونا ئاياغ...— ئابدۇخېلىل ھېلىقى ئادەمنىڭ مۇددىئا-سىنى دەررۇ چۈشىنەلمەستىن تېڭىرقاپ قالدى. شۇ ئەسنادا ئۇنىڭ كۆزلىرى قايتىلاپ بىرىدە چەت-چۆرىلىرى قىرچىلغان، ئىككى-ئۈچ يەردە تەڭگىدەك يامىقى بار ئەت رەڭ تەتۈرباش ئاياغدىن بىر جۈپ، يەنە بىرىدە بولسا بىر تۇتام پارچە پۇل ۋە كىرلىشىپ ئەسلى رەڭگىنى يوقاتقان، تومپايغان ئۇن خالتىسى-نى تۇتىۋالغان ئورۇق، قاپقارا، تارىمۇشتەك بىر جۈپ قولغا تىكىلدى. كاللىسىدا بولسا ”شارا-بارىچىكەندە“ دېگەننى ئويلاپ ئۆلگۈردى. شۇنىڭ بىلەن تەڭلا شارا-بارچى ئولتۇرغان سې-مونت سۇپىنىڭ ئارقىسىدىكى ئۆزنگە تەۋە بولغان كۆمۈرخانى-نىڭ ئىچىدىكى تۆت-بەش قەغەز يەشىكمۇ خىيالىدىن بىر-بىر-لەپ ئۆتتى. ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىدا مۇنۇ بىچارە ھاجەتمەن سورىغان نەرسە— ئەسكى-تۈسكى ئاياغ يوق ئىدى. ئۇنداق نەر-سىلەرنى ئابدۇخېلىل ئۇتتۇرلۇق ئەخلەتخانىغا تاشلاپ تۇراتتى.
— پۇل بېرىمىز، بىكارغا ئالمايمىز، — بايىقى مۇلايىم، ئىچ ئاغرىتقۇچ ئاۋاز يەنە تۆۋەن تەرەپتىن ئاڭلاندى. ئەتىمالىم، كونا ئاياغ يىغقۇچى ئابدۇخېلىلنىڭ سۈكۈتىنى باشقىچە چۈشە-نىپ قالغان بولسا كېرەك، ئولتۇرغان يېرىدىلا پۇل تۇتقان قولىنى سەل ئالدىغا سوزۇپ، بىر-ئىككى سىلكىپ قويدى.
ئابدۇخېلىل يانچۇقىدىن بىر تىزىق ئاچقۇچنى ئالدى. ھې-لىقى ئادەم ئۇنىڭ ھەرىكىتىدىن ئۈمىدلەندى بولغاي، تۇرقىغا ياراشمىغان چاققانلىق بىلەن دەس ئىرغىپ تۇرۇپ، بىر يانغا

ئۆتتى. ئاڭغىچە ئابدۇخېلىل كۆمۈرخانىنىڭ ئىشىكىنى داغدام ئېچىپ، تۆت بۇلۇڭغا كۆز يۈگۈرتمەكتە ئىدى. كەينىدىنلا ئۇ ھېچ نەرسە يوقلۇقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، ھاجەتمەننىڭ كۆڭلىنى ئىزدەپ، قەغەز يەشىكلەرنىڭ ئاغزىنى بىر-بىردىن ئېچىپ قا- راشتۇرۇپمۇ قويدى. ئۈستى—ئۈستىلەپ دەستىلەكلىك بۇ قەغەز يەشىكلەرنىڭ ئەتراپىغا يېقىندىلا ئابدۇخېلىلنىڭ ئۆيىدىكى ئەل- ۋەك ئولتۇرۇشتا بوشىغان ئالتە-يەتتە دانە ھاراق بوتۇلكىسى غازدەك قاتار تىزىلىپ تۇراتتى. ئابدۇخېلىل ئۆزرە سورىغاندەك ھاجەتمەنگە مۇلايىملىق بىلەن قارىدى-دە:

—رەنجىمەيسىز، كونا ئاياغ يوقكەن،—دېدى. ھېلىقى ئا- دەم كۆمۈرخانا ئىگىسىنىڭ سەمىمىيىتىدىن تەسىرلەنگەندەك چى- رايىغا تازىمۇ جىق قورۇقلارنى يىغىپ كۈلۈمسىرىدى-دە، پۇل تۇتقان قولىدىكى ئۆزىدەكلا بىچارە خالتىسىنى بىر پۇلاڭلىتىپ ئۆشنىسىگە ئارتتى ۋە دەرۋازا تەرەپكە قاراپ ماڭدى. كۆمۈرخانا ئىشىكىنى قۇلۇپلاشقا تەرەددۇتلەنگەن ئابدۇخېلىلنىڭ كۆزلىرى توساتتىن يەنە بىر قېتىم بايىقى قۇرۇق بوتۇلكىلارغا چۈشۈپ قالدى. بۇچاغدا ئۇنىڭدا ھېلىقى كەيپى چاغلىقتىن ئەسەرمۇ يوق، كۆڭلى چىۋىن يەۋالغاندەكلا غەش بولۇپ قالغانىدى.

—ھاي ئاكا، توختاڭا!—شۇ غەشلىك ئىلكىدە ئۇ دەرۋازا تەرەپكە قاراپ توۋلىدى،—مايەرگە كېلىڭا، ئاۋۇلارنى ئېلىۋې- لىڭ!

كونا ئاياغ يىغقۇچى بۇ چاغدا تۆمۈر سالاسۇنلۇق دەرۋازىنىڭ سىرتىغا چىقىپ بولغانىدى. چاقىرغان ئاۋازنى ئاڭلاپ ئۇ شۇن- داق تېز ئۆرۈلدى.

— مېنى دەمسىز ! ؟

— ھە سىزنى، مايەرگە كېلىڭ، — بۇ چاغدا ئابدۇخېلىلنىڭ كۆڭلىدىكى غەشلىك خېلىلا نېرى بولغان، ئۆز-ئۆزىدىن مەمنۇن بولۇشقا ئوخشاپراق كېتىدىغان بىرخىل ھېسسىيات لەپپىدە ئۆرلەپ، ۋۇجۇدىنى سەل-پەل يەڭگىللەتكەندى.

كونا ئاياغ يىغقۇچى ئابدۇخېلىلنىڭ يېنىغا ئىلدام يېتىپ كەلدى-دە، ئۇنىڭ شەرەتلىشى بىلەن كۆمۈرخانا تاپسىنى دەسسەپ، ئۆي ئىچىگە بويۇنداپ قاراشقا باشلىدى.

— كونا ئاياغ يوقكەن، ئاۋۇ بوتۇلكىلارنى بولسىمۇ ئېلىۋېلىڭ، — دېدى ئابدۇخېلىل مۇلايىم ئاۋازدا ھاجەتمەنگە.

كونا ئاياغ يىغقۇچى كۆمۈرخانا ئىچىگە يەنە بىر پەس قارىۋېتىپ، بويىنىنى سەل-پەل بۇرىدى.

— نېمىنى دېدىڭىزا؟

— ئاۋۇ بوتۇلكىلارنى دەيمەن. بىكارغىلا··· بىر سومغا بولسىمۇ يارايدۇ، ئېلىۋېلىڭ.

ھېلىقى كىشىنىڭ ئاۋازى بۇ دورەم چىڭقىلىپ چىقتى:

— شىشە قۇتىلارنى دەمسىز؟

— نېمە؟ — ئابدۇخېلىل دەررۇ ئاڭقىرالمىدىيۇ، كېيىن بۇ گەپنىڭ مەنىسىنى پەملەپ قالدى، — ھە، ھە، شۇ شىشە قۇتىلارنى دەيمەن، ئېلىۋېلىڭ!

— ئالمايمەن، ئالمايمەن، — كونا ئاياغ يىغقۇچى گويا يىلاندىن چۆچىگەن يولۇچىدەك بىر سەسكەندى، — شىشە قۇتىلارنىڭ لازىمى يوق ماڭا، شۇنىڭ كاساپىتىدىن مۇشۇ كۈنگە قالغان ئادەممەن.

ئابدۇخېلىل نېمە دېيىشنى، نېمە قىلىشنى بىلمەي جايىدا داڭقېتىپ تۇرۇپلا قالدى. بۇ چاغدا يېغىدىن قاچقاندەك ئىلدام يىراقلاپ كېتىۋاتقان ھاجەتمەننىڭ غوتۇلدىغان ئاۋازى ئاڭلاندى:

— شىشە قۇتىنى ئال دېمەمدا. ئۇنى تۇتىدىغان قولۇم يوق، قولۇم...

كۆمۈرخاننىڭ ئىشكى خېلىغىچە ئېتىلمەي، ھاڭغىرقاي ئوچۇق پېتىچە تۇردى.

## غەزەپ ۋە سەۋەب

بۇ ۋەقە شۇنداق تېز يۈزبەردىكى، خۇددى ئاسمان بېتى سۈپسۈزۈك تۇرۇپلا شارقىراپ يامغۇر يېغىپ كەتكەندەك بىر ئىش بولدى. تېخى بەش مىنۇتنىڭ ئالدىدىلا باشقارما باشلىقىنىڭ ئالدىغا بوگۈن پوچتىدىن كەلگەن خەت-چەكلەرنى ئەكىرىپ قويۇپ چىقىپ كەتكەن ئىشخانا مۇدىرى ئىسىدىن كۆتۈرۈلۈپ قالغان مۇھىم بىرگەپنى سورىۋېلىش ئۇچۇن قايتا كىرگىنىدە، باشلىق سۈنئىي گىلەم سېلىنغان ئىشخانىسىدا قوللىرىنى ئالدى ئېچىۋېتىلگەن كاستۇمىنىڭ پەشلىرىنى قايرىپ بېلىگە تىرىگىنىچە ئۇياق-بۇياققا تېز-تېز مېڭىۋاتاتتى. باشلىقنىڭ ئەسلىدىن قارامتۇل چىرايى تېخىمۇ قارىداپ، كۆزلىرىدىن قەھرلىك بىر ئوت چېچىلىپ تۇراتتى.

— سەي چۇجاڭ، ھېلىقى... بۇ يىللىق قۇتقۇزۇش سوممى-

سىنى قانداق بىرتەرەپ قىلىمىزكىن؟
باشلىق مېڭىشتىن توختىماي، ياپما قاپاق كۆزلىرىنى ھەد-جىيىشقا ھەر قاچان تەييار تۇرغان ئىشخانا مۇدىرىغا مەنىسىز تىكتى. كېيىن ئىش ئۈستىلىگە شىددەت بىلەن يېقىن كېلىپ، قوللىرىنى بېلىدىن ئېلىپ، ئۈستەلنىڭ ئىككى گىرۋىكىگە گى-رەدىتىپ قويدى. پۈتۈن سالمىقىنى قوللىرىغا تاشلاپ، مەيدى-سىنى ئۈستەل يۈزىگە يېقىنلىتىپ ئېگىشتى ۋە ئۈستەلدىكى بىر كونۋېرتقا مىختەك قادالدى. تەخمىنەن بىر مىنۇتتەك قادالدى-دە، كېيىن بېشىنى يانغا بۇراپ سورىدى:
— "سىزنىڭ دوستىڭىز" دېگەن ژۇرنال قەيەردىن چىقىدۇ؟
— ۋىلايەتلىك پەننى ئومۇملاشتۇرۇش كومىتېتى چىقىرى-دۇ، — دەررۇ جاۋاب قايتۇردى ئىشخانا مۇدىرى.
— ھىم، دېمەك شەھىرىمىزدە دەڭ! سىز، سىز ئۇيەردى-كىلەر بىلەن تونۇشامسىز؟ يەنى مۇنۇ ژۇرنالنى ئىشلەيدىغانلار بىلەن دېمەكچىمەن.
ئىشخانا مۇدىرى باشلىقنىڭ كۆزىگە ئەيمىنىپ، ئەمما ھەي-رانلىقىنى يوشۇرالماي بىر قارىۋالدى-دە، ئالدىغا ئۇششاق ئىك-كى چامدام ماڭدى ۋە ئېيتتى:
— بىر ـ ئىككىسى بىلەن تونۇشىمەن، قالغانلىرى بىلەن...
— ھىم، خېلى جىق ئادەم دەڭ بۇلار؟ ئۇلار، سىز تونۇيدى-غان بىرـئىككىسى قانداقراق نېمىلەر، ياش تەنتەكلەرمۇ؟
— ياق، ئىككىلىسى قىرىق ياشتىن ھالقىغان ئادەملەر.
— ھىم، دېمەك، ئۆتۈپ كەتكەن ھاكاۋۇر، ئاتىكارچى نې-مىلەرمۇيا؟

—ئۇنداق ئەمەستەك كۆرۈنىۋىدى، خېلى ... — ئىشخانا مۇدىرى تېخىچىلا قانداق جاۋاب بەرسە باشلىقنىڭ كۆڭ- لىدىكىنى تاپالايدىغانلىقىنى بىلمەستىن، تاققا-تۇققا جاۋاب قاي- تۇرماقتا ئىدى، —كىم بىلىدۇ، ئادەم دېگەننىڭ...

—ھە، دېمەك، خېلى ئوقۇغان نەرسىلەرمۇ ئۆزلىرى؟ يا بولمىسا...مەسىلەن جەمئىيەتنى، ھازىرقى قائىدە-يوسۇنلارنى چۈشىنەمدۇ، چۈشەنگۈچىلىكى بارمۇ، دېمەكچىمەن؟

—بىرىنى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەن دەپ ئاڭ- لىۋىدىم، —ئىشخانا مۇدىرى دۇدۇقلاشتىن خالىي بولالماي دى- مىغىدا مىڭغىرلاپ جاۋاب بېرىشنى داۋاملاشتۇردى، —ھەر ئىك- كىسىنىڭ گەپ-سۆزلىرىدىنغۇ خېلى سەۋىيە چىقىپ تۇرىدۇ...

—ھىم، سەۋىيە چىقىپ تۇرارمىش! —باشلىقنىڭ چانىقى- دىن چىقىپ كەتكۈدەك چاچرىغان كۆزلىرى تېخىمۇ يوغان ئې- چىلدى، ئىككى قولى يەنە كاستۇم پەشلىرى ئىچىدىن بەلگە تىرەلدى، —سىزگە قەۋەتلا يېقىپ كېتىپتا ئۇ مۇتتەھەملەر، ئىچى قوتۇر ئېشەكلەر، ئادەم غاجاشنى كەسىپ قىلغان مەمەدان- لار...مەندىن سورىسىڭىز ئاشۇنداق تونۇشلىرىڭىزنى ھەم سىز تونۇمايدىغان مۇنۇ ژۇرنالدىكى بارلىق گەپ ساتارلارنى ئىلگىرى -كېيىن تەنتەكلەر، ئەشەددىي ھاكاۋۇر ئاتىكارچىلار، قۇرۇق دىپلومنى مەيدىسىگە چاپلىۋالغىنى بىلەن جەمئىيەت ھەققىدە، كىشىلەرنى، بولۇپمۇ رەھبەرلەرنى لايىقىدا ھۆرمەت قىلىش جە- ھەتتە قىلتىرىقچىلىك ساۋاتى يوق نادانلار دەيمەن، بىلەمسىز، ھىم، دېمەك... سىزگىزە قەۋەتلا يېقىپ كېتىپتا ئۇلار؟!

-باشلىق غەزەپلىك چىڭقىلىپ، ئۆزمەي بىرۋاراقى پاراڭ

قىلىش نەتىجىسىدە ئۆزىدە سوزۇلما كاناي ياللۇغى كېسىلى بار ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلاپ قويىدى. گېلىدا بىر نەرسە غىژ-غاژ، غىژ-غاژ قىلىپ سايراشقا باشلىدى. ئۇنىڭسىزمۇ كەپشەرىگەن بۇرۇن چاناقلىرى تېز-تېز كېرىلمەكتە ئىدى. ناھايەت، ئۇ دېمىنى رۇسلىۋېلىش ئۈچۈن گېپىگە قىسقا مۇددەتلىك تەنەپپۇس ئېلان قىلدى. دەل مۇشۇ قىسقىغىنا جىمجىتلىق باياتىن بېرى تەمتىرەپ، پۇتى كۆيگەن توخۇدەك تىپىرلاۋاتقان ئىشخانا مۇدىرىغا ئۆلۈم جازاسى ئېلان قىلىنغان جىنايەتچىنىڭ ئۆزىگە قارىتىپ ئېتىلىدىغان ئوقنى كۈتۈپ تۇرغان مەزگىلىدەك دەھشەتلىك، تولىمۇ دەھشەتلىك تۇيۇلۇپ كەتتى. ئالدىدا بولسا باشلىق، يەنى ئادەم زاتى ئەمەس، ئىشىكى تاسادىپەن ئېچىلىپ كېتىپ، قەپەزدىن چىقىپ كېلىۋاتقان يولۋاس تۇرغاندەك بىلىنىپ كەتتى.

—قانداق، گەپ قىلمايسىزغۇ؟—دېدى دېمىنى سەل بېسىقىغا چۇشۇرۇۋالغان باشلىق ئىشخانا مۇدىرىغا يەنە بىر قېتىم ئوقتەك قادىلىپ،—يېقىن-يورۇقلىرىڭىزنى ئەيىبلەپ قويدۇم ھە؟ رەنجىمىگەيسىز! بىراق، ئۇلارنى تىللىغىنىم ئۈچۈن پۇشايمان قىلمايمەن…ھەسسىنەي، شۇنداق بىرنېمىلەر تۆت كۈن بولسىمۇ قول ئاستىمدا ئىشلەپ قالسىدى، ئانىسىنى ئۇچقۇرغاندا…نېمىشقا بىرسى مىخلاپ قويغاندەك جايىڭىزدا كېرەدەپ تۇرۇۋېرىسىز؟ ئۇستەلگە يېقىن بېرىڭ، ئەنە ئاۋۇ ”سىزنىڭ دوستىڭىز“ ژۇرنىلى سېلىنغان يوغان كونۋېرتقا قاراڭ. كونۋېرتنىڭ سىرتىدىكى ماي قەلەم بىلەن يېزىلغان مېنىڭ ئادرېسىمنى ئوقۇڭ، مېنىڭ بۆشۈكۈمنى تەۋرەتكەن ژۇرنالكەش تو-

ئۆشلىرىڭىزنىڭ يازغان ئاتالمىش ئادرېسىنى كۆرۈڭ. ھەسسە-نەي...ھوي ئۇلار بىلمەمدا؟...

ئىشخانا مۇدىرى سوڭى چىقىپ كەتكەن بالىدەك سەل قىيپاچلىنىپ ھەيۋەتلىك «رەھبەر ئۇستىلى»نىڭ يېنىغا باردى ۋە سەي چۇجاڭ نوقۇپ كۆرسەتكەن ئۇزۇنچاق كونۋېرتنىڭ يۈزىدىكى چىرايلىق يېزىقنى ئوقۇدى:

«ۋىلايەتلىك ×× باشقارمىسىدىكى يولداش سەمەت ياسىن تاپشۇرۇۋالسۇن.»

## ئىككى بارماق

ئۇلار ئاجرىشىدىغان بولدى. ئايلاپ سوزۇلغان جېدەل، ئۈزلۈكسىز تىت-تىنچلىق، ئىككى ھەپتىدىن بېرى خىزمەت تاشلاپ سوت ئىشىكىگە قاتراشلارنىڭ ھەممىسىگە ئەمدى چېكىت قويۇلىدۇ. تالاي جۇپلەرنى ئاجرىتىپ، تالاي باشلارنى بۆلەكتىن قوشقان گەپدان سوتچى ئۇلارنىڭ سېرىق قەغەزلىك بولۇشىغا ئامالسىز يول قويدى.

ئىككىنچى قەدەمدە ئۇلار مال-بىساتنى تەقسىملەشتى. ھەر ئىككىسى مائاشلىق ئىدى. ئۇز ۋاقتىدا كۆڭۈللۈك بىر ئائىلىنى يوق يەردىن بار قىلىشقان، دەرقەمدە گۈللەندۈرگەن، موللاندۇرۇشقانىدى. شۇڭلاشقا ئەرمۇ نۆۋىتىدە ئايالنىڭ ئالىمەن دېگەنلىرىگە قىرسىقلىق قىلمىدى. پەقەت بىر قېتىم گەپ دارى-

تىۋالدى:

—بوپتۇ، —دېدى ئۇ ئايالى ئالتە گەزلىك، «كەلكۈن» ئۇسخىلىق گىلەمنى «مەن ئالىمەن»دېگىنىدە بىر تاتىرىۋېلىپ، —بېشىم ساقىيىدىغان ئىشلا بولسا!

ئۈچىنچى قەدەمدە ئەر-ئايال تەڭلا بۇرۇلۇشۇپ، ئۇزۇن ئورۇندۇقنىڭ بىرچېتىدە بويىنىنى قىسقىنىچە ئولتۇرغان ئۈچ ياشلىق ئوغۇلغا قاراشتىيۇ، تىللىرى كېسىلدى. ئۇلار ئۆز ھەلەكچىلىكلىرى بىلەن بولۇپ ئۇنى ئۇنتۇپ قېلىشقانىدى.

—خوش، ئەمدى بالىنىڭ ئىشىنى سۆزلىشەيلى، — تاقىرباش سوتچى ئەر-ئايالنىڭ شۇ ھالىتىگە نەزەرىنى قادىغىنىچە گەپكە ئېغىز ئاچتى.

—بالىنى... مەن ئالاي، —دەۋەتتى ئەرئىختىيارسىز ئەندىكىپ، —ئۇ... ئۇ مېنى ياخشى كۆرىدۇ.

—نېمە؟ —ئايالنىڭ ھېلىمۇ گۈزەل، ئەمما زەھەر تېمىپ تۇرىدىغان چىرايى تېخىمۇ سۆرۈنلەشتى، —بالا تۇغۇپ باقىاندەك... بالا دېگەن ئانا بىلەن بىللە بولىدۇ، بۇچۇ قانۇندا بەلگىلەنگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۈمىدجان بىر تال بالا...

—ياق، بالىنى مەن ئالىمەن، —ئەرنىڭ باشتىن ئاخىر مۇلايىملىقنى ساقلاپ كەلگەن ئاۋازى توساتتىن غەزەپ شوتىسىدا بىر بالداق ئۆرلىدى، —مەن خوتۇن قويۇۋېتىمەن دېمىگەن، ئەردىن چانغان ئايالغا بالا نېمە لازىم؟!

ئەرنىڭ گېپى تۈگىشىگە ئايالنىڭ قەھرىگە قايتا ئوت يېقىلدى. ئۇ ئەرگە تولىمۇ ئۆچمەنلىك بىلەن ئالايدى-دە، ئاغزىنى گەپكە ئۆمەللىدى. لېكىن گەپ قىلىشقىمۇ رەۋىتى بارماي،

پومپۇلاق، غۇبارسىز چىراينى قورقۇش ئالامەتلىرى قاپلىغان بالىغا ئۆزىنى ئاتتى. خۇددى بىرسى بۇلاپ كېتىدىغاندەك ئۇنى مەھكەم قۇچاقلىۋالدى. شۇ ئارىدا ئەرمۇ ھەرىكەتكە كەلدى. يۇلقۇشلاش، تارتىش، يۇلقۇشلاش، چىرقىراپ يىغلاش...

—توختاڭلار، بالىنى بۇ ياققا بېرىڭلار، مانى قارا! — پېشقەدەم سوتچى تېز-تېز ھاسىرىغىنىچە قول سېلىپ، بالىنى ئاخىر قوش چاڭگالدىن ئاجرىتىۋالدى ۋە دېمى كېسىلىپ-كېسىلىپ سۆزلىدى:

—ھەر ئىككىڭلار بالىنى ياخشى كۆرىدىكەنسىلەر-ھە؟ يالغان! بالىنى ياخشى كۆرگەنلەر سىلەردەك ئىش قىلمايدۇ!

سوتچى ئاچچىقىنى باسالماستىن، تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن گېزىت قەغىزىنى قىڭغىر يىرتتى. سىرلىرى چۇشكەن، ماكچايغان قۇتىسىنى ئېچىپ، قەغەزگە چىمدىپ موخۇركا سالدى. موخۇركا تۆكۈلدى. يەنە سالدى. ئەپلەشمىگەنلا قىلىپ ئاران يۆگىۋالدى...بىر ئازدىن كېيىن ئۇ ئاچچىق تۇتۇننى ئۆزۈنغىچە پۈۋدەپ، بېسىقتى.

—خوش، ئاجرىشىسىلەر-ھە؟ —گەپدان، تاقىرباش سوتچى ئۆزكەسپىگە خاس تەدبىرىنى ئىشقا سېلىپ، ئەر-ئايالدىن يەنە بىر قېتىم سوئال سورىدى. كېيىن ئۇ بىرھازاغىچە، تاكى موخۇركىسىدىن چىمدىپ تۇتۇپ تۇرسىمۇ قول كۆيگىدەك قالغىچە ھەتتا موخۇركىسىنى تاشلىۋەتكەندىن كېيىنمۇ ئېڭىكىنى تۇتقىنىچە ئۇماق، ئەمما بىتەلەي بالىغا تىكىلىپ ئولتۇرۇپ كەتتى. بالا ھەدەپ ئېسەدەپ يىغلايتتى. ئېسەدىشى بارغانسېرى كۈچىيەتتى. ئۇنىڭ خىرقىلدىغان ئاۋازى ئاخىر سوتچىنى ئۆزىگە

كەلتۈردى. سوتچى بالىغا بوۋىلارچە يېقىملىق كۈلۈمسىرەش بىلەن قارىدى، ئۇنى ئالدىغا تارتتى.

—قۇلاق سېلىڭلار ھەم ياخشى قاراڭلار، —ئۇ ئەر-ئايالغا قارىماستىنلا خىتاب قىلدى، كېيىن بالىنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ ئۇنىڭدىن مۇلايىم ئاھاڭدا سورىدى:

—ئوغلۇم، ئىسمىڭ نېمە؟

—ئۇمىدجان، —دېدى بالا يەرگە قاراپ، چۈچۈك تىل بىلەن.

—ياخشى ئىسمىڭ بار ئىكەن، خوش، دېگىنە، ئاپاڭ ئاپئاقمۇ؟

—ئاپئاق.

—داداڭچۇ، ئاپئاقمۇ؟

بالا لاپ قىلىپ ئاپىسىغا قارىدى-دە، يەنە يەرگە قارىۋالدى.

—ئاپئاق...—دېدى كېيىن بوش ئاۋازدا.

سوتچى مەمنۇنىيەت بىلەن بېشىنى لىڭشىتتى. يەر تېگىدىن داڭ قېتىپ تۇرۇشقان ئەر-ئايالغا قاراپ قويدى. ھەر ئىككىسىنىڭ كۆزلىرى بىر يەردە ئىدى.

—ئەمدى قارا، ئوغلۇم، مەن سېنىڭدىن بىر نېمىنى سوراي-مەن، —سوتچى كونىراپ كەتكەن "ھۆكۈم ئورۇندۇقى"دىن سىيرىلىپ پەسكە چۈشتى-دە، بالا بىلەن تەڭ بويلۇق بولۇپ زوڭزايدى. ئوڭ قولىنىڭ كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن بېگىز بارمىقىنى چىقىرىپ، باشقا ئۈچ بارمىقىنى يۇمغاچ سۆزىنى داۋام قىلدى، —ياخشى قارا، مانا ماۋۇ ئاپاڭ، ماۋۇ داداڭ. ھازىر-سەن بىرىنى تاللايسەن، ھە، ياق، تۇتىسەن. ياخشى قارا، ھە؟

مانا ماۋۇ ئاپاڭ، ماۋۇ داداڭ. سەن قايسىنى ئالىسەن، دېگىنە؟

ئەر-ئايال نەپەسلىرىنى ئىچىگە تارتقىنىچە بالىغا ۋە سوتچىنىڭ مۇقەددەس ئىككى بارمىقىغا تىكىلىپ قېلىشتى. ئۇ بارماقلار…ياق، ئۇلار ئۆزلىرى…سوتچى بالىغا تەلمۈرمەكتە، شۇكەمگىچە مۇئەللىپ تىلغا ئالمىغان كاتىپ قىزمۇ ھاياجانغا چۆمگەندى.

بالا قورۇنغاندەك ئولتۇرغان ئورنىدا پۇتلىرىنى پۇلاڭلىتىپ قويدى-دە، كېيىن يەرگە چۈشتى. يانغا بۇرۇلۇپ ئاپىسى بىلەن دادىسىغا بىردىن قارىۋالدى. ئاندىن سوتچىغا، توغرىسى سوتچىنىڭ ئۆزىگە تەڭلەنگەن ئىككى بارمىقىغا قارىدى، چوڭ كىشىلەردەك ئويلىنىپ سەل تۇرۇپ قالدى. كېيىن بىردىنلا ئۆزۈن يىڭنىنىڭ ئىچىدىن بۇدرۇق قولىنى چىقاردى-دە، تەرلەپ كەتكەن ئاپئاق بارماقلىرى بىلەن سوتچىنىڭ تىترەپ تۇرغان، بىر-بىرىدىن يىراق ئىككى بارمىقىنى مەھكەم جۈپلەپ تۇتىۋالدى.

— جېنىم بالام، ئەقىللىق قوزام! — ئۆزاق يىللار مابەينىدە دادىسى بىلەن ئانىسى ۋاپات بولغان كۈنلەردىن باشقا چاغلاردا بىر قېتىممۇ يىغلىمىغان سوتچى ئۆزىنى تۇتالماستىن ئېسەدەپ يىغلىۋەتتى، ئۇنىڭ يىللار قاقشاللاشتۇرغان يەلكىلىرى تىترىدى، خېلىغىچە شۇنداق تىترەپ تۇردى… ھېكايىنىڭ ئاخىرىنى ئېيتمايمىز، ئېيتالمايمىز، قۇربىمىزمۇ يەتمەيدۇ!

# ماختاپ تۇگىتىش

ئۇقمىدىم، باشلىقىم ئەخمەقرەك ئادەممۇ ياكى مىجەزى
سەل مازمۇ، ئۇنىڭ بىلەن يېڭىدىن تونۇشۇپ، ئۆيگە ئىش
بىلەن تۇنجى بېرىشىمغىلا خۇددى مەن سورىغاندەك ئايالىنى
ماختاپ كەتتى:

— ئەمما لېكىن سەۋىردىن ئۇكا، ھەدىڭىز ئالتۇندەك خو-
تۇن جۇمۇ. چىراي دېسىڭىز مانا چىراي، فىگۇرا دېسىڭىز مانا
فىگۇرا...مانا، مىجەزىنى دېمەمسىز تېخى، ئالتۇن، ئالتۇن.

ھەيرانلىقىمدىن داڭ قېتىپ ئولتۇرۇپلا قاپتىمەن. بېشىم-
مۇ تۆرەپ كەتكەن چېغى، دوكلات قىلماقچى بولغان ئىشمۇ
يادىمدىن كۆتۈرۈلۈپلا كېتىپتۇ. خۇددى مەن باشلىقىنىڭ خوتۇن-
نى تەكشۈرۈپ كەلگەندەك-ھە!...ئولتۇرۇپ كەتتىم.

ئۇنىڭ خوتۇنى—لاخشىگىردەك بېشى يوغان، قالغان تەرد-
پى ئىنچىكە، ئۆزۈن، چىشاڭ خوتۇن ئۆزىگە ياراشمىغان ناز
بىلەن قىيپاشلاپ كەتتى.

—بولدىلا دادىسى، مېھمان ئۇكىمىزنىڭ ئالدىدا...

—مېھمان بولسا نېمە بوپتۇ،—دېدى باشلىقىم ئىدارىدىكى-
دەكلا قوللىرىنى كېرىپ،—ھەق دېدىم، نەق دېدىم شۇ، راستى-
مۇ ئۇكا؟

بۇ بۇنىڭدىن بىر يىلچە بۇرۇنقى ئىش ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن مەن يەنە ئىككى قېتىم ھېيت مۇناسىۋىتى بىلەن باشلىقىمنىڭ ئۆيىگە بارغىنىمدا ئۇ يەنە ئايالىنى يۈزتۇرانە ماختاپلا كەتتى. ئۈچىنچى قېتىملىق ماختاشتا مەن باشلىقىمنىڭ ئايالىنى بۇنداق لاۋزىدىن-لاۋزا ئۇچۇرۇشلىرىغا سوكۇت قىلىپ تۇرالمىدىم. بۇ چاغدا مەن ئۇنىڭ مۇئاۋىنى بولۇپ قالغانىدىم.

—قاسىمكا، ”ئۆزىنى ماختىغان بىرىنچى ئەخمەق، خوتۇنىنى ماختىغان ئىككىنچى ئەخمەق“دېگەن ماقال يادىڭىزدا بولسۇن جۇمۇ!

ئايال بىر تىرجىيىپ توختىۋالدى، ئەر بولسا تەپتارتماستىن ھىجايدى.

—مەيلى سەۋىردىن ئۇكا، مېنى دېسە ”خوتۇنىنى ماختىغان بىرىنچى ئەخمەق“دېيىشسىمۇ مەيلى، راستمۇ ئاپسى؟

يېقىمسىز، ئىنچىكە كۈلكە ئاۋازى خېلىغىچە ئۆي ئىچىدە جاراڭشىپ تۇردى. تۆتىنچى قېتىم مەن باشلىقنى ئايالى بىلەن بىللە كۆرگىنىمدە ئۇلار قايناق بازارنى ئارىلاپ كېتىۋاتاتتى. ئۇچاغدا مەن قاسىمكام بىلەن تەڭ دەرىجىلىك مەنسەپدار، يەنى بۆلۈم باشلىقى بولۇپ، باشقا بۆلۈمدە ئىشلەۋاتاتتىم. سابىق باشلىقىمنىڭ ئايالى مېنى كۆردىيۇ، خۇددى ھېلىقى چاغدىكىدەك چىشلىرىنى تىرجايتىپ، سالىمىمغا جاۋابەن بويىنىنى بىر ئېتىپلا نېرى كېتىپ قالدى. قاسىمكام بولسا بوك-بوك قوڭغۇزنىڭكىدەك چىقىدىغان ئاۋازىنى ئەتەي يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئايالى ئاڭلىغىدەك قىلىپ ئۇنى ماختاپ كەتتى:

—لېكىنزە ئالتۇندەك ئايال، قولىنىڭ ئوچۇقلۇقى...

— ئاكاۋۋي، خوتۇن دېگەننى ئۇنداق ھەدېسىلا ماختاۋەرمەي-دىغان، يامان ئۆگىتىۋالىسىز، — دېدىم چىچىلىپ.

— تىش... تىش! — قاسىمكام ئاۋازىنى شىپپىدە پەسەيتىپ، ئارىدەك بارماقلىرىدا ئاغزىنى توستى، — ئاز قالدى، سەۋىردىن ئۇكا، ئازقالدى. يەنە ئىككى قېتىم ماختىسام، ھەدىڭىزنىڭ ماختىغىدەك يېرىمۇ تۈگەيدۇ.

ھەيرانلىق ئىلكىدە بۇ چۈشىنىكسىز ئىزاھاتنىڭ مەنىسىنى ئويلاپ كەتتىم. بۇ چاغدا سابىق باشلىقىم ئاللىقاچان خوتۇنىغا يېتىشىۋېلىپ غىپىلداپ ئۇزاپ كەتكەنىدى.

ئاخىرقى قېتىم سابىق باشلىقىم مېنى ئۆيىگە زىياپەتكە چىللىغاندا، ئۇنى يەنە بىر قېتىم ئايالى بىلەن دەرقەمدە كۆر-دۈم. بۇ مېنىڭ ئىدارە باشلىقلىقىغا ئۆستۈرۈلگەن ۋاقتىم بو-لۇپ، ئەر-ئايال ساھىبخانا مىسلى كۆرۈلمىگەن خۇش مۇئامىلە بىلەن ئالدىمغا چىقىشتى.

ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن قاسىمكام پەتنۇستا چاي كۆتۈرۈپ كىرگەن ئايالىغا لەپپىدە بىر قارىۋېلىپ گەپكە ئېغىز ئاچتى:

— ئەمما لېكىننىزە ئۆيدىكىلەرنىڭ مېھماندوستلۇقى...

چىشىم قېرىشتى. كەسكىنلىك بىلەن:

— بەس، ماختاش توختىتىلسۇن! — دەۋەتتىم.

سابىق باشلىقىم توك تېپىۋەتكەندەك دىڭگىدە چۆچۈپ كەت-تى-دە، ئۆزىمۇ سەزمەي قوللىرىنى ئىدارىدىكىدەك كېردى. بىر پەستىن كېيىن زۇۋانغا كېلىپ دېدى:

— خوپ باشلىق، خوپ، ئەلۋەتتە توختىتىلىدۇ... بىراق... — قاسىمكام ئاللىقاچان سارايدىن يۇگۇرۇپ دېگۇدەك

چىقىپ كەتكەن ئايالىدىن خەۋپسىرەپ، ئىشىك ياققا بىر قارىۋال-
دى، — ماختاشمۇ تۆگەپ قالدى باشلىق، ئەتىدىن تارتىپ چورتلا
توختايدۇ. تاڭ ئاتسا خوتۇن ئاكىسىدىن مىراس پۇلنىڭ ئەڭ
ئاخىرقى قىسمىنى ئېلىپ كېلىدۇ.
سابىق باشلىقىم قوللىرىنى ئىدارىدىكىدەك كېرىپ تازىمۇ
خۇشال ھىجايدى.

## ھاقارەت تاللاش

كومېدىيە يېزىلىپ بولاي دېگەندە (بۇ ئىدارىلەر ئارا ئۆتكۈ-
زۈلىدىغان ئىشتىن سىرتقى سەنئەت مۇسابىقىسى ئۈچۈن تەييار-
لىنىدىغان كومېدىيە ئىدى) ئىككى ئاپتور چوڭ بىر قىيىنچىلىق-
قا دۇچ كەلدى. ئەسەرنىڭ ئاخىرىدا ئاچچىقى يامان رەھبەر
ئالدىدا تۇرغان، قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان خادىمنى كېلىشتۈ-
رۈپ بىر تىللىشى لازىم ئىدى.
— شۇنداق، — دېدى ئېگىزكىنى مۇشتىدا تىرەپ خىيالغا بې-
رىلگەن "مەسلىھەتچى"سوزۇپقىنا، — راسا تىللىسۇن.
— ھەم قىسقا ھەم ئادەم تولغىنىپ كەتكىدەك ئاچچىق تىل
بىلەن تىللىسۇن، — قەلەم تەۋرىتىۋاتقان ياش يىگىت يەنى ئاسا-
سىي ئاپتورمۇ قوشۇلدى.
شۇنداق قىلىپ، ئۇلار ئىككى ياقلاپ ھاقارەت تىلى ئىز-
دەشكە تۇتۇندى...

—تاپتىم، —دېدى بىرچاغدا ئاساسىي ئاپتور دىك سىلكىنىپ، —”هوي ئىتنىڭ بالىسى“دېسە قانداق؟

—نېمە؟ ”ئىتنىڭ بالىسى“؟ —مەسلىھەتچى تەكرارلىدى‌دە، ئەندىكىپ ياش قەلەمكەشنىڭ چېقىر، سوزۇنچاقراق كۆزلىرىگە تىكىلدى، —ئۆششاق باللىرىڭىز باردۇر ئۇكا؟

—بۇ يەردە ئۆششاق باللىنىڭ نېمە مۇناسىۋىتى بار؟ —ياش قەلەمكەش هەيران بولدى. مەسلىھەتچى كەينىگە بىرقارىۋالدى‌دە، ئاۋازىنى ئالاھىدە پەسەيتىپ ئىزاھ بەردى:

—تازىمۇ زېھنىڭىز كەم ئوخشىمامدۇ؟ بىزنىڭ ئۆزۈنپاچاق باشلىق دائىم مۇشۇ سۆز بىلەن ئادەم تىللايدىغۇ!

—شۇنداقمۇ؟ —ئاساسىي ئاپتور باشتا چاقچاق ئارىلاش سۆزلىدى، كېيىن بولسا بىردىن جىمىپ كەتتى. ئېھتىمال ”ئۆزۈنپاچاق“نىڭ ساڭگىلاپ تۇرغان قاشلىرى بار دەھشەتلىك، سۆرۈن چىرايى كۆز ئالدىدا تىكلەنگەن بولسا كېرەك، —هوي... ئەمىسە بولمايدىكەن، بولمايدىكەن!

—شۇ ئەمەسمۇ، —مەسلىھەتچى خاپان بېشىنى تەۋرىتىپ، سۇسقىنا هىجايدى. ئىككى ئىجادىيەتچى يەنە ئىزدىنىش باياۋانىغا قەدەم باستى.

—ئەمدىمۇ تاپقاندىمەن؟ —ئاساسىي ئاپتور بىرچاغدا يەنە ئەندىكتى، —ئۆزى سىپايە گەپ قاراڭ (ئۇ ئەتەي ئەمەلدارلىق كىبرىنى گەۋدىلەندۈرۈپ دورىدى) ”مەن ساڭا كۆرسىتىمەن ئاڭقاۋ!“

—ئەستا، يەنە شارىك چاقتىڭىز، —مەسلىھەتچى چىرايىنى پۈرۈپ، خاپان بېشىنى چۆشىنقاتتى، —مالىيىگە مەسئۇل مۇئا‌

ۋىن...

—ھاۋا-ۋا! — ئاساسىي ئاپتور ئالقىنى بىلەن ئاغزىنى پو-كولدىتىپ ئۇردى. باياتقى ئېسىگە كەلدى، ئەتىمالىم، — نېمانداق ئىتتىك كالىلامغا كېلىۋالىدىكىن دېسەم...

—مۇنداق دېسەك قانداق؟ —مەسلىھەتچى كۆرسەتكۈچ بار-مىقىنى ئاسمانغا قارىتىپ سوزلەپ قالدى، —ھە، ئۆزى چەت ئەلچىرەك، مەسىلەن ”ۋاي خاۋارىشەي!“

—ھو...ھا—ھا—ھا—...ئاساسىي ئاپتورقاپاق بولدۇقلى-غاندەك غەلىتىلا كۈلۈپ كەتتى، كۈلىۋەردى، —مېنى ئۇنى-بۇ-نى دەپ ئۆزىڭىزگە نېمە بولدى؟

—نېمە بوپتۇ؟ —خاپان باش كۆزلىرىنى چىمچىقلاتتى. كۆ-زىنى چىمچىقلاتسا گۆشلۈك بۇرنىمۇ سەكرەپ كېتەتتى. كۆر-سەتكۈچ بارمىقى ھاۋادا شۇ پېتىچە ئېسىلىپ قالدى.

—باشلىقنىڭ كاتىپى بىلەن ئوينىشىۋاتىسىزغۇ دەيمىنا؟

—كى... كىم بىلەن؟

—دائىم ۋىلايەتتىن كېلىدىغان، ھېلىقى ئاساسىي قورۇ-لۇشقا مەسئۇل رەھبەر بىلەنچۇ؟

—زەي جۇجاڭ بىلەن دەڭ، ۋاي كاللامەي! —يوغانلا ئالى-قان قورۇق باسقان پېشانىگە شاقلا قىلىپ تەگدى. ئىككىسى خېلىغىچە جىمىپ كەتتى.

—خوش، نېمە دەيمىز؟ —ئاساسىي ئاپتور بىرچاغدا يەنە ۋەزىيىتىنى ئېسىگە ئالدى، —دۇنيادا گەپ تولىغۇ. تاپايلى، توتۇلمىغان بىرەرىنى.

—ياشلار ئۆتكۈر كېلىدۇ، —مەسلىھەتچى ياغلىققىنا ھىجاي-

دى، — قىنى. ئۆزىڭىز بىر كەلتۈرۈڭا.

— مېنى قويۇپ بەرسىڭىز ”يەمسەن-ياق“قىلىۋېتىمەن، — ياش قەلەمكەش جانلىنىپ ئىككى يېنىغا قىمداندى، — مەسىلەنگە: ”هوشۇڭنى تاپ ئەبلەخ!“ دېسەكمۇ بولىدۇ. هە. . .”كۆتۈر كەشىڭنى!“ دېسەكمۇ بولىدۇ. هە. . .”چوشـقا!“ دەپ ئىخچام هەيدىسەكمۇ بولىۋېرىدۇ. يەنە...

— توختاڭ، توختاڭ، توختاڭ، ۋو ...توختاڭ! — مەسلىهەتچى ئىككى ئالىقىنىنى جۈپلەپ تىكىلگىنىچە ئالدىغا سوزۇپ، ئاپتومات ئاتقاندەك سۆزلىدى. ئىتتىك سۆزلەيدىغان بىر بۇجاڭنى دوراپ يۈرۈپ، ئۇ ئۆزىگە تاتاتلاشنى يۇقتۇرىۋالغانـلىقىنى بىلمەيلا قالغاندى، — ئاۋازىڭىز پوجاڭزا ئاتقاندەك چىدـقىدا تېخى! سىز هېلى دورىغان ئەكابىر-تاكابىرلارنىڭ هەممىـسى مۇشۇ زالدىلا يۈرۈيدۇ.

— كىملەر؟ — ئاساسىي ئاپتور دەرهال مەملىكىتىمىزنىڭ كىنولىرىدىكى ئىشپىيونلاردەك پىچىرلىدى.

— كىملەر دېدىڭىزما؟ — مەسلىهەتچى هىم يېپىلغان ئىـشىكنىڭ تۈۋىگە بىر كېلىۋېلىپ ئاۋازىنى سۇسايتتى، — بىرىنچىسى ئىشخانا مۇدىرى، ئىككىنچىسى ماشىنا ئەترىتىنىڭ باشلىقى، ئۈچىنچىسى...

— دېمەڭ، دېمەڭ، تاپتىم! — ئاساسلىق ئاپتور ئورنىدىن قاڭقىغاندەك تۇردى، — باش بوغالتىر!

— ئەنە يىللىق مۇكاپات تارقىتىلىدۇ! — مەسلىهەتچى يىغىن باشقۇرغۇچىسىدەك ئاۋازدا قوشۇپ قويدى.

ئىككى ئىجادىيەتچى ئەمدى هەم پەرىشانلىق، هەم ئۆتە

سەگەكلىك بىلەن ئۆز ئالدىغا خىيالغا چۆمۈلۈشتى. ھاقارەت بابىدا نامايان بولۇپ كېلىۋاتقان يىرىك ئاچچىق ئاتالغۇ ۋە قىسقا جۈملىلەرنى يەككە تىل فوندىلىرىدىن قېزىپ چىقىرىپ، ئالتۇن تاسقىغۇچىلاردەك ئىنچىكە، بەتەپسىل قىدىرىشقا باشلىدى. ھاقارەت تىلى تېپىلمايمۇ قالمىدى، لېكىن ئەمدى ھېچقايسىسى يۈرەكلىككىنە بىرەر ”ۋودورود بومبا“نى ئوتتۇرىغا تاشلاشقا جۈرئەت قىلىشالمايۋاتاتتى.

—قانداق پاراڭ بوپكەتتى بۇ! —ئاساسىي ئاپتور ياشلىقىغا ئېلىپ غودۇڭشىدى. بىرھازادىن كېيىن دېدى، —بىرەر ئادەمنى يۈرەكلىك بىر ئېغىز تىللىغىلىمۇ بولمىسا… ئېشەكنىڭ پاچىقىدەك…

—دەل ئۆزى، ئاپىرىن، نەق ئۆزى! —شۇ ئەسنادا مەسلىھەتچى خۇشاللىقىدىن ۋارقىراپ، يېزىق ئۈستىلىنى گومباڭشىتىپ مۇشتلاپمۇ كەتتى، —تېپىلدى ئۇكا، نەق ھازىرقى تىلىڭىزنى ئىشلىتىمىز، قانداق؟

—ھازىرقىنى؟ —ئاساسىي ئاپتور ھەيرانلىقىنى يوشۇرمىدى. مەسلىھەتچى بولسا ئۇنىڭ بۇ ھالىتىگە پەرۋامۇ قىلماي، ئاخىرى چۈشمىگەن كومېدىيە ئورگىنالىنى شارتتىدە قىلىپ ئالدىغا تارتتى-دە، كونىچە ئىملا بىلەن ئىتتىك سوۋاپ يازدى:

—”باشلىق (ۋارقىرايدۇ): بىلەمسىز، سىز… سىز راستتىنلا ئېشەكنىڭ پاچىقىدەك نېمىكەنسىز!“

ئاساسىي ئاپتور پېشقەدەم بۆلۈمدىشى ھەمدە ئىجادىيەت مەسلىھەتچىسىنىڭيازغىنىغا قاراپ تۇرۇپ كەتتى-دە، قىزاردى:

—بىراق، بىراق بۇ مېنىڭ…

— ھېچقىسى يوق! — مەسلىھەتچى ئۇستەلنى ئايلىنىپ كې-
لىپ، يىگىتنىڭ دولىسىغا پەپىلىگەندەك يېنىك، ئۇزمەي قاق-
تى، — بۇ گەپنىمۇ سىز باشلىق بولغۇچە ئىشلىتىپ تۇرىمىز،
قالغىنى... ئامان بولساق كېيىنچە بىر گەپ بولار، قانداق؟

## غىل-پال

ئۇ بەختكە يارىشا ھايات قالغانلارنىڭ بىرى، تۆتلا كىشىنىڭ
بىرى ئىدى.

بۇ بىر قاتناش ۋەقەسى ئىدى. 18 ئادەم ئۆلتۈرغان مىنى-
بۇس شەرقىي بەش ناھىيىگە قاراپ سوزۇلغان تار ۋە قىستاڭ
ماي ياتقۇزۇلغان بۇ يولدا ياماتۇ كۆۋرۈكنى نىشانلاپ كېتىپ
باراتتى. ياق، توغرىسى قىز ۋە يەنە بىر نەچچە يولۇچى مۇشۇ
جايدا ماشىنىدىن چۈشۈپ قالاتتى. مىنىبۇس بولسا داۋاملىق
ئالغا كېتەتتى.

قىز شەھەردە تۆت كۈن تۇرۇپ ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگۈچىلەر
ئىمتىھانىغا قاتناشقاندىن كېيىن، بۈگۈن ئەتىگەن ”بوينى كې-
سىك“ مەھەللىسىدە قول كۆتۈرۈپ بۇ ماشىنىغا چۈشكەنىدى.
نېمىشقىدۇر ئارقا-ئارقىدىن ئۆتۈۋاتقان چوڭ-كىچىك كىرا ما-
شىنىلىرىغا قىز قول كۆتۈرمىدى. توختىغانلىرىغىمۇ ئولتۇرمى-
دى. ئۇنىڭ يۈرىكى ئەزەلدىن ھەممە ئىشقا ئۇنىسىز بېشارەت
بېرەتتى، سىرلىق تۇستە پال سالاتتى. يىراقتىن يېنىك تەۋرى-

نىپ كېلىۋاتقان يېپىيېڭى مىنىبۇس ئۇنىڭ يۈرىكىدە بىر سېزىم پەيدا قىلدى. رول ئالدىدا كەپكىچان، قارا كۆزەينەكلىك بىرەيلەن ئولتۇراتتى. كەپكە سايىۋىنىدىن چۈشۈپ تۇرغان بىرتۇتام چاچ كۆزەينەكنىڭ بىر تەرىپى بىلەن تۇتۇشۇپ كەتكەنىدى. قىز ئۆزىمۇ سەزمەي قولىنى كۆتۈردى.

قىز مىنىبۇسقا چىقىپلا، ئىشىك تۈۋىدىكى ئورۇندۇققا ئازادە جايلىشىپ ئولتۇرۇۋالدى. بېلەت ساتقۇچى ئۆز ئورنىنى ئاخىرقى خېرىدارغا بىكارلاپ بەرگەنىدى. قىز نەپىس ھەرىكەتلەر بىلەن پاسونلۇق قول سومكىسىنى تىزىغا قويدى. زەڭگەر، چىپار گۈللۈك، بازارلىق بىلەن تولغان چوڭ سۇلياۋ سومكىسىنى بولسا تۆۋەنگە، ئاياغلىرىنىڭ يېنىغا جايلاشتۇرۇۋالدى. ئۇ سومكىسىنى قويۇۋېتىپ ئەتراپىدىكى بىرمۇنچە كېپىنەك كۆزلەرنىڭ ئۆز ۋۇجۇدىغا قونغانلىقىنى سەزدى. ئاچچىقىدا قىزىرىپ، قىزارغىنىدىن بولسا تېخىمۇ دۇتلىنىپ بەتتەر چىرايلىقلىشىپ كەتتى.

قىزنىڭ مەڭزىنىڭ يېنىدىلا پارقىراپ تۇرغان ھەرىكەتچان جىگەررەڭ ئەينەكتىن بارغانسېرى ئارقىدا قېلىۋاتقان ئاۋات شەھەر مەنزىرىلىرى لىپىلداپ ئۆتمەكتە ئىدى.

قىز ھال رەڭ بىر جۈپ قولىنى تىزىدىكى سومكىسىنىڭ ئۈستىگە قويدى-دە، بويىنىنى سەل بۇراپ دېرىزە ئەينىكىگە قارىۋالدى. يان تەرىپىدىكى قاتارداش يولۇچىلارغا ئۇنىڭ گاز ياغلىق تامام چۈمكەپ كېتەلمىگەن ھېقىقەتەك بويىنى ۋە چىرايلىق سول قولىقى كۆرۈندى. قىزنىڭ يۈرىكى تۇساتتىن ئەنسىز سوقتى. سەۋەبى جىگەررەڭ ئەينەكتىن لىپپىدە قىلىپ بىر سۈرەت ئۇنىڭ

كۆزلىرىگە چىلىققانىدى. بۇ ئاجايىپ بىر ئەينەك ئىدى. مىنى-بۇسنىڭ ئالدى تەرىپىدىكىلەرمۇ، ئارقىسىدىكىلەرمۇ قىزغا مە-شەدىن ياققال كۆرۈنەتتى. قارا كۆزەينەك، كەپكە، بىر تۇتام چاچ… كىمدۇر پات-پات بويىنىنى ئارقىسىغا يېرىم بۇراپ، قىزغا ئوغرىلىقچە سەپسالماقتا، قاراپ-قاراپ قويماقتا ئىدى.

قىزنىڭ ئەزەلدىن نازۇك يۈرىكى ئۇنىڭ ئەركىگە بويسۇنمى-غاندەك تېپچەكلەشكە باشلىدى، ھەتتا دۈكۈلدىگەن ئاۋازمۇ چې-كە تومۇرلىرى ئارقىلىق قان ئېقىمىغا تەسىر كۆرسەتمەكتە ئىدى. نېمە بالا بولغاندۇر؟

ئۇنىڭ كۆزلىرى ئالدىقاچان جىگەررەڭ ئەينەكتىن يۆتكى-لىپ، ئالدى تەرەپكە ئىجازەتسىز ئۇچۇپ كەتكەنىدى. ئۇ قارا كۆزەينەك ئاستىدىكى بۇركۈتنىڭكىدەك ئۆتكۈر كۆزلەرنى غۇۋا، ياق، روشەن كۆرگەندەك سېزىمغا كەلدى. ئېنىق كۆردى، كۆردى.

يارىشىملىق كەپكە، سىرلىق غۇۋا كۆزلەر، بىر تۇتام قۇر-غۇر چاچ… قىز بۇنداق كۆرۈنۈشلەرنى ئاز ئۇچراتقانمۇ؟ تالاي كۆرگەن، يولۇقتۇرغان، بىراق ھەممىسىلا ئۆزپېتى كۆز ئالدى-دىن بىتىنىم، بىسېزىم ئۆتۈپ كەتكەنىدى. پەقەت بۈگۈنكىسىلا ئۇنىڭ دىققىتىنى تارتتى، ياق، يىللار شامىلى 19 يىلنىڭ بۇياقى توڭيان قوزغىيالمىغان قەلبىنى قوزغىتىۋەتتى. ئەمدىلىكتە دۇن-يادا پەقەت ئۇچلا نەرسە ئۇنىڭ ئۈچۈن مەۋجۇت نەرسە بولۇپ قالغانىدى. ئۇچلا نەرسە: سىڭايان كىيىلگەن كەپكە، كەڭ گەر-دىشلىك قارا كۆزەينەك، توزغۇپ تۇرغان بىر تۇتام چاچ…

ياﺋاللا، نېمە ئىش بوپكەتتى؟ قىز ئىنچىكە بارماقلىرى

بىلەن پىپاسلاپ قول سومكىسىنىڭ مىس قۇلۇپىنى ئاچتى. ئىچىدىن نەپىس كۆزەينەكنى چىقاردى. كىمگىدۇر دۇتلانغاندەك لەۋلىرىنى ھىمىرىپ چىشلىگىنىچە ئەينەكنى كۆزلىرىگە تاقىدى. مىنىبۇس بىرخىل سۇرئەتتە تەۋرىنىپ ماڭماقتا ئىدى. ئالدى تەرەپتىكى بىر ئىبغۇاگەر باش پات-پاتلا كەينىگە يېرىم قايرىلاتتى. يەنە شۇ ئۇچ...

قىزنىڭ نىقابى—قارا كۆزەينىكى ئەمدى ئۇنى تەشۇشتىن خالاس قىلغان. شۇ تاپتا ئۇ دۇنيادىكى ئەڭ سۆيۈملۈك رازۇېتچىكقا ئايلانغانىدى.

”ئۇنىڭ ئىسمى نېمىكىنە؟“ ياق، ئۇ بۇنى ئويلىمىدى. ”ئۇنىڭ يېشى نەچچىلەردە باردۇر؟“ ئۇ بۇنىمۇ ئويلىمىدى. ”بۇ مىنىبۇس ئۇنىڭ ئۆزىنىڭمىكىنە؟“ ئۇ بۇنىمۇ ئويلىمىدى.

قىز خىيال ئەسىرى بولۇپ، نىقاب تېگىدىن سەۋرسىزلىك ۋە ئۇياتچانلىق بىلەن ئۆزىنىڭ تەقپكارىنى كۆزىتىپ ماڭماقتا ئىدى. شۇ تۇرقىدا ئۇ گوياكى بۇ يولدا تالاي ئەسىرلەردىن بېرى يۇرۇپ كېلىۋاتقاندەك ھېسسىياتقا كەلگەنىدى. يوللار، ئادەملەر، دەرەخلەر شۇنچە تونۇش، شۇنچە قەدىرلىك ئىدى. تەسىرلىك ئىلى ناخشىلىرى نەلەرگە ئۇچۇپ كەتتى؟

..............................

ناخشىلا ئەمەس، توساتتىن مىنىبۇس ئۇچۇپ كەتتى. قىز ھوشىغا كەلگەندە ئۆزىنى دوختۇرخانىدا كۆردى. تەلىيىگە يارىشا ھېچيېرى مېيىپ بولمىغانىدى. زەرب بىلەن ئېچىلغان ماشىنا ئىشىكى ئارقىلىق سىرتقا—يول چېتىدىكى كوكاتلىققا ئۇچۇپ چۈشكەنىدى. ئۇ 18 ئادەمنىڭ ئىچىدىكى ئامان قالغان تۆت

كىشىنىڭ بىرى ئىدى. ئۇدۇل كېلىۋاتقان، لىقمۇلىق خىش بېسىلغان تراكتور مىنىبۇسقا سوقۇلغانىدى. قايسىسىنىڭ توغرا، قايسىسىنىڭ خاتا، قىز بۇنى بىلەلمىدى، كېيىنمۇ بىلەلمىدى.

ئۇ بىر مۆجىزە بىلەن ئامان قالغانىدى. ئۇ ھوشىغا كەلدى. ياق، ئۇ شۇندىن بېرى زادىلا ھوشىغا كېلەلمىدى.

قىز ھەر ئەتىگەنلىكى ئۆيىدىن سۇلغۇن چىراي، سۇلغۇن قەدەملەر بىلەن تاشيول ياقىسىغا چىقاتتى. يولدىن موكىدەك ئۆتۈشۈپ تۇرغان مىنىبۇسلارغا تەلمۈرۈپ قارايتتى، قارا كۆزەينەك... ئەمما ھېلىقى توم گىرۋەكلىك قارا كۆزەينەك، يارىشىملىق كەپكە، بىر تۇتام چىرايلىق چاچ ھېچيەردە كۆرۈنمەيتتى. بەلكىم ئۇ ئۆمۈرۋايەت كۆرۈنمەس.

## پەرىشتە

ياﺋاللا، دۇنيادا مۇنداقمۇ سىلىق-سىپايە دوختۇرلارنى كۆرىدىكەن كىشى، ھە دېگەندىلا قاپىقىنى ئانچە ئاچمىغۇدەك، دورا يېزىش ئالدىدا يەر بېغىرلاپ قاراپ:

—نەق پۇلغا ئالامسىز ياكى دۆلەت ھېسابىغىمۇ؟—دەپ سورىدى.

—كىنىشكىغا،—جاۋاب بەردىم دەررۇ دوختۇرغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ، ئاۋازىمدا پەخىرلىنىشكە ئوخشاپ كېتىدىغان تەلەپپۇز بارئىدى. جاۋاب بىلەن تەڭ يانچۇقۇمدىن تاماكا ئۇۋاقلى-

ـرى يۇققان داۋالىنىش كىنىشكامنى چىقىرىپ ئۇنىڭغا كۆرسەت-
تىم. بۇ چاغدا دوختۇرنىڭ چىرايى پارچە بۇلۇت كەينىدىن
چىققان كۇندەك ئېچىلىپ، خۇشكۇلۇم كۆزلىرى مەڭزىلىرىمنى
سىيپىلىدى. ئۇ رېتسىپ يېزىشقا تەرەددۇتلىنىۋاتقان قەلىمىنى قو-
يۇپ، پەرىز تۇتىدىغان ئىشلار، ئاغرىققا قانداق مۇئامىلە
قىلىش ... ھەققىدە بىرمۇنچە ئېزىپ مەسلىھەت بەردى. كېيىن-
لىمىنىڭ ئەنسىرەپ كەتكۇدەك ئەمەسلىكىنىمۇ ئالاھىدە ئەسكەر-
تىپ كۆڭلۈمنى لىككىدە كۆتۈرۈپمۇ قويدى. شۇ ئىشلاردىن
كېيىنلا قەلەمنى قايتىدىن قولغا ئېلىپ، ئىمىر-چىمىر خەتلەر
بىلەن دورا يېزىشقا كىرىشتى. يازغاندىمۇ نۇرغۇنلا يېزىۋەتتى.
ئالىقانچىلىك ھال رەڭ رېتسىپ قەغىزى يەتمەستىن ئاق رېت-
سىپ قەغىزىگىمۇ يازدى.

— دورىلارنى ئېلىپ يېنىمغا چىقىڭ-ھە، ئىچىش ئۇسۇلىنى
چۈشەندۈرىمەن، — دوختۇر رېتسىپنى قولۇمغا تۇتقۇزۇۋېتىپ تا-
پىلىدى، — ئۇنتۇپ قېلىپلا كېتىپ قالماڭ يەنە!

— ياق، چىقىمەن. چىقمامدىغان، — دېدىم قوينىڭ يۈگى-
دەك يۇمشاق ئاۋازدا، راستىنى ئېيتسام، شۇ تاپتا دورىسىزلا
ساقىيىپ قېلىۋاتقاندەك يەڭگىل ئىدىم.

ئاشۇ يەڭگىل كەيپىياتتا ئۈچىنچى قەۋەتتىن بىرىنچى قە-
ۋەتتىكى دورىخانىغا تاپىرلاپ بېسىپ بىردەمدىلا چۈشتۈم. دورا
باھالاش روجىكىنىڭ ئالدىغىمۇ كەلدىم. ھاسىرىغىنىمچە قەغەز-
نى ئىچكىرىگە ئۇزاتتىم. ھايال قىلماي رېتسىپ قولۇمغا يوكلا
تۇتقۇزۇلدى. پاھ... پاھ، دوختۇر بالىسى مۇنداق نوچى چىقماي-
دۇ-دە، نەقمۇنەق 49 يۈەن 93 پۇڭلۇق دورا يېزىپ بېرىپتۇ

ئەمەسمۇ. شۇ خۇشاللىقىمدا رېتسېپنى بىر قەدەملا نېرىدىكى يەنە بىر تۆشۈككە شۇڭغىتىۋەتتىم. كېيىن بولسا بىر قۇچاق دورىنى ئوغرىلىۋالغان تەرخەمەكلىرىنى كۆتۈرگەن كىچىك بالىدەك مەي- دەمگە يۆلەپ كۆتۈرۈپ، پەلەمپەيلەردىن ساغلام ئادەمىدەك تا- پىرلاپ كۆتۈرۈلۈپ، ھەتتا يوقلا بىر ئاھاڭنى دىمىقىمدا ئاڭلى- نار-ئاڭلانماس غىڭشىغاچ ئۈچىنچى قەۋەتكە قايتا چىقتىم.

—ئەپچىقتىڭىزمۇ؟ —دوختۇر تەكشۈرۈۋاتقان كېسەلدىن يۈزىنى ئۆرۈپ، ماڭا بايىقىدىنمۇ ئىللىق كۈلۈمسىرىدى. ئاق سانجىلغان بېشى توختىماي مىدىرلايتتى، —ئولتۇرۇڭ، سەل ئولتۇرۇپ تۇرۇڭ!

ئولتۇردۇم، ئولتۇرمامدىغان. دۇنيادا مۇشۇنداقمۇ مېھرى- بان دوختۇرلار بار-ھە؟ نېمىتتى ھېلىقى؟...ھە، ”ئاق خالاتلىق پەرىشتە“، دۇرۇس، مۇنداق ئادەملەرنىڭ قېشىدا بىردەم بولسى- مۇ ئولتۇرۇۋېلىش ساۋابقۇ.

—خوش، بۇياققا كېلىسىز-دە ئەمدى، —پەرىشتە ئالدىدىكى كېسەلگە دورىلارنى ئېلىپ يېنىغا بولجىماي چىقىشنى تاپىلاپ يولغا سېلىۋەتكەندىن كېيىن، ماڭا يۈزلىنىپ يەنە بىر قېتىم ئىللىق نەزەرىنى ھەدىيە قىلدى. تۇغقىنىمدەكلا يېقىن تۇيۇلۇپ كېتىۋاتقان بۇ ئادەمنىڭ يېنىغا ئېتىلىپ دېگۈدەك باردىم-دە، قەلبىمنى تۆككەندەك دورىلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭ ئالدىغا، ئۈستەلگە تۆكتۈم.

—مۇنۇ تابلېتكا دورا قىزىتمىنى پەسەيتىدۇ، — دوختۇر قەغەز بولاقتىن بىرنى ئېلىپ ماڭا قارىدى، —بىر تال- دىن ئۈچ ۋاق. مۇنۇ بوتۇلكىدىكىسى ئاساسىي دورا شۇ، بۇنى

كەچتە ئىككى تالدىنلا ئىچىپ قويۇڭ. كۆچلۈك دورا جۇمۇڭ بۇ، دىققەت قىلىڭ، خوپ، مۇنۇ ئىككى بولاقتىكى ۋىتامىنلىق دورىلار، قوشۇمچە مەنپەئەتلەيدۇ...

دوختۇر شۇ تەرىقىدە يەنە بىر بوتۇلكا سۇيۇق دورىنى ماڭا ئېزىپ ئىچكۈزگەندەك چۈشەندۈردى. ئەڭ ئاخىردا بۈگۈن مەن ئالغان دورىلار ئىچىدىكى ئەڭ ھەيۋەتلىكى، ئوخشاش ئىككى ئېگىز كورۈپكا قالدى. كورۈپكا سىرتىدىكى ئېنگلىزچىمۇ، لاتىنچىمۇ يېزىقلارغا قاراپ بايا پەلەمپەيلەردىن ئاھاڭ كۆيلەپ چىققانىدىم. دوختۇر ئۇلارغا قولىنىڭ دۈمبىسىنى ئاپىرىپ، ئېرەڭشىمىگەندەك سەل تام تەرەپكىرەك سۈرۈپ قويدى. كېيىن خۇشكۆلۈم كۆزلىرىنى تەئەججۈپلۈك كۆزلىرىمگە تىكتى.

—مۇنۇ دورىنىڭ سىزگە پايدىسى يوق. بۇلارنى ئۆزەمگە يېزىۋەتتىم.

ئاغزىمدا قېرىق، قىرتاق بىرتەم پەيدا بولدى. ئېگىز تام ئۈستىدە مېڭىپ كېتىۋېتىپ تۆۋەنگە قارىغاندا پەيدا بولىدىغان باش قېيىش شۇتاپتا ئۆزەمدە بىلىندى.

—خوش، دورىلارنى ئىچىش قائىدىسىنى بىلىۋالدىڭىز-ھە؟ —دوختۇر مېنىڭ ئۇن چىقماي ئولتۇرغىنىمنى رىزالىقنىڭ ئالا-مىتى دەپ چۈشەندى بولغاي، ئۈستەلدىكى ماڭا تەن دورىلارنى شەرەتلەپ، يەنە ئىللىق ھىجايدى.

—بىلىۋالدىم، —دېدىم ئورنۇمدىن خورسىنىپ تۇرۇۋېتىپ، —ئۈندىغىنىمۇ بىلىۋالدىم، بۇندىغىنىمۇ بىلىۋالدىم، با-يىقىسىنىمۇ بىلىۋالدىم، ھازىرقىسىنىمۇ بىلىۋالدىم!

دوختۇر چۈشىنىكسىز بىر قىياپەتتە ماڭا ئۆندەرىگەندەك

قاراپ قالدى. شۇگەپ بىلەن ئۆزەمگە تەن بولغان جىق بولسا ئون يۈەنلىك دورىنى ئېلىپ ئىشىكتىن ئېتىلىپ دېگۈدەك چىقتىم. قۇلىقىمغا ئارقامدىن بىر ئاۋاز كېلىپ ئۇرۇلدى:

— يەنە كېلىپ تۇرۇڭ-ھە. ئىش-پىش بولسا...

تايغاننىڭ ئاۋازىدىن قاچقان توشقاندەك قەدەملىرىمنى ئىتتىكلىتىپ پەلەمپەيلەردىن قۇيۇندەك چۈشۈپ كېتىۋاتقىنىمدا، تۇيۇقسىز بىراۋغا سوقۇلۇپ يىقىلغىلى تاسلا قالدىم. قارىسام بىر قۇچاق دورىنى مەيدىسىگە يۆلەپ كۆتۈرۈۋالغان بايىقى كېسەل شاپاشلىغىنىچە پەرىشتىنىڭ يېنىغا چىقىپ كېتىۋېتىپتۇ...

## ئەللىك يۈەن

ئەتىگەندە خىزمەتكە كېتىۋاتاتتىم، چوڭ كوچىغا قايرىلىشقا يېقىن يول بويىدا، لىق بادرا بېسىلغان ھارۋىنىڭ يېنىغا بىرتوقاي ئادەم ئولىشىۋاپتۇ. غۇژمەكلەشكەن ئالىماننىڭ زىچ باشلىرى ئۈستىدىن قاسقانلىق بىر مايسىرەڭ شەپكىمۇ مانامەن دەپ كۆزگە چېلىقاتتى.

بىلەتسىز تاماشانىڭ كۆرەرمىنى كۆپ ئەمەسمۇ، ئادىتىمنى يېڭەلمىدىم، قىزىقىش ئالدىرىشمنى ئۈتتىدە، ئەبجەق ۋېلىسىپىتىمنى يول چېتىدىكى تامغا يۆلەپلا ئالىماننىڭ ئارىسىغا قىستالدىم. قاسقان شەپكىنىڭ ئىگىسى—غوللۇق، ئۆزۈنتۇرا ساق-

چى بالا هارۋىكەشتىن گەپ سوراۋاتاتتى.

— يولدا كېتىۋاتقان ئادەمنى مۇنۇ كېلەڭسىز هارۋاڭ بىلەن تۈرتۈپ سوقۇۋېتىسەنۇ، يەنە قوپاللىق قىلىدىغان نېمە يولۇڭ بار؟

— كىم سوقۇۋېتىپتۇ؟ ئۆزىڭىز چوڭ كوچىدا ماڭغىلى قويىمىدىڭىز. مۇنۇ ئۇچەيدەك كوچىغا ئەگىتكىچە بادرا تېگىپ كەتتى، ۋا! — قارامتۇل چىراي، كىيىملىرى ئۆزىگە چوڭ كېلىپ قالغان ئىنچىكە بويۇن هارۋىكەش يىگىت قوپاللىق بىلەن جاۋاب قايتۇرۇپ، بىر قولىدا ئالدى چاقىنىڭ ئۇبۇتى ماكچايغان قىزىل دامىسكى ۋېلسىپتنى رولىدىن تۇتىۋالغان، يەنە بىر قولىدا يېرىم ئېگىشىپ تىزىنى ئۇۋۇلاۋاتقان 40 ياشلاردىكى خۇش پىچىم ئايالغا گۈلىيىپ قارىدى.

— غەرەز ئۇققىنا هەي، — ساقچىنىڭ سەپرايى ئۆرلىدى، — چوڭ كوچىدا پۇتونسۇرۇك بىر يەلكەنلىك كېمەڭنى ماڭغۇزاتتىمۇ ئەمىسە، ئالتە غۇلاچلىق ياغاچنى بېسىۋېلىپ مۇنۇ يولدا مېڭىشىڭلا قاتناش قائىدىسىگە خىلاپ، بىلەمسەن؟

— خىلاپ بولسا ئەمدى ماڭماي دېدىمغۇ، ۋا! — هارۋىكەش غوتۇلدىدى، — بىزمۇ دائىم ماڭمايمىز، ئىت يىل، ئېشەك يىلدا بىر قېتىم مېڭىپ قالىمىز شۇ.

”ئەجەب ئاتىكارچىكىنا مۇنۇ داڭگال، — دەپ ئويلىدىم، — بېشىغا بالا تاپمىغىدى بۇ. ’ۋا‘ لىرىنى كۆرەيمۇ تېخى!“

— هەي، سەن ماۋۇ گەپنى قىلە! — ساقچى بالىنىڭ ئاچچىقىغا تەستە هاي بېرىۋاتقانلىقى چىرايىدىن چىقاتتى، — ئاۋۋال خاتالىقىڭ ئۇچۇن ماۋۇ هەدىمىزدىن كەچۈرۈم سورايسەن، ئان-

دىن ۋېلىسىپىت...

—نېمە خاتالىق ئۇ، ۋا! —ھارۋىكەش ئۇنىڭسىزمۇ بېلىق-نىڭكىدەك كۆزلىرىنى پولتايتىپ تېرىكتى، —نېمە قىپتىمەنوي مەن! ؟

—نېمە قىپتىمەن دەيدا تېخى، —خوش پىچىم ئايال ھۆپپى-دە قىزاردى، —يولنىڭ چېتىدە كېتىۋاتقان ئادەمنى سوقۇپ يې-قىتىۋېتىپ، يېپيېڭى ۋېلىسىپىتىنى ھارۋىڭىزنىڭ چاقىغا باس-تۇرۇپ ماكچايتىۋېتىپ، يەنە تېخى ”مال ئىگىسىدىن ئوغرى كۆچلۈك“ دېگەندەك ئاغزىڭىزنى بۇزۇپ تىللىغىنىڭىز خاتالىق ئەمەسمىكەن؟ مانا...

—كىم ئوغرىكەن؟ ئاغزىڭ ... ئاغزىڭىزغا بېقىپ پاراڭ قىلىڭا!

—سىز رەنجىمەي تۇرۇڭ ھەدە، —ساقچى بالا ئايالغا قول ۋە باش ئىشارىتى قىلدى، —بىزمۇ دېدۇققۇ، بۇنىڭ قىلغىنى خاتا دەپ... مەن ساڭا دەپ قويay (ساقچى ھارۋىكەشكە يۈز-لەندى) ماۋۇ ھەدىمىزدىن كەچۈرۈم سورىمايدىكەنسەن، ئۇ يېقى-نى ئۆزەڭ بىلسەڭ بولىدۇ.

—سورىمايمەن قانداق؟ —ھارۋىكەش جاھىللىقىدىن يەنە قالمىدى. كىملەرنىڭدۇر ئۇنىڭغا تۇشمۇتۇشتىن قىلغان سالالى-رىمۇ كۈچ بەرمەيۋاتاتتى، —سورىمىسام قانداق قىلاتتىڭ، ۋا!

—سورىمامسەن؟ —ساقچى بالا بۇ دورەم تاكى بوينىغىچە قىزىرىپ كەتتى. ئۇنى بويىغا ماس كەلمىگۈدەك چىرقىراق چىقىپ كەتتى، باياتىن بېرى قولىدا تۇتۇۋالغان توك كالتىكىمۇ جايىدا بىر نەچچە پۇلاڭلىدى، —ئەمىسە گەپ شۇ: جەمئىي 50

كوي جەرىمانە تۆلەيسەن، ياكى مەن بىلەن ماڭىسەن، قېنى؟
هارۋىكەش بىرپەس تېڭىرقاپ قالدى-دە، چىرايى شۇنداق تېز قارىداپ كەتتى. ياردەم تىلىگەندەك ئىككى يېنىغا، تاماشىچىلار ئارىسىغا بويۇنداپ قارىدى. ئاغزىنى گەپكە ئۆمەللىدىيۇ، تىلى پۇتلاشقان بولسا كېرەك، ئاۋاز چىقمىدى.
”هە، ئەمدى مامىخالاڭنى كۆردۈڭمۇ، — ئويلىدىم، — قانۇن دېگەن قالتىس نېمىدە! ئويناشماڭ ئەرباب بىلەن، ئەرباب سالۇر هەرباب بىلەن“.
— قانداق، گەپ قىلمايسەنغۇ؟ — ساقچى هارۋىكەشكە بىر قەدەم يېقىنلاپ، تەھدىت ئاھاڭىدا سوئالىنى تەكرارلىدى، — ئىككىسىدىن بىرىنى تاللا!
— ئەل ··· 50 ··· كوينى ··· تۆلەي! — هارۋىكەشنىڭ ئاۋازى تەستە چىقتى. پولتايغان كۆزلىرىدىن ئىلتىجا تۆكۈلۈپ تۇراتتى. ئۇ گەپ بىلەن تەڭ قوينىنى ئاختۇرغىلى تۇردى.
”هىم، مانا، خاپا بولماڭ دەپلا قويساڭ ئىش خېلى يەڭگىل پۈتەتتى، — دەپ ئويلىدىم، — داخۇڭگەيلىكىڭ بېشىڭغا چىقتى. مۇنۇ مايماق بادرىلىرىڭنى خەنزۇ بازىرىغا ئاپارساڭ ئەللىك كويغا ئالامدۇ-ئالمامدۇ!“
ساقچى بالا تېخىچىلا تىزىنى ئۇۋۇلاپ ئېڭىشىپ تۇرغان ئايالنىڭ يېنىغا كەلدى، ئۆزىمۇ خېلىلا ئېڭىشىپ، مۇلايىملىق بىلەن دېدى:
— رەنجىمەڭ هە، هەدە، بۇ ئىشنى مۇشۇنداق بىرتەرەپ قىلدۇق. ۋېلىسىپىتنى مەيەدىلا ياسىتىمىز. پۇتىڭىزدا چوڭ چاتاق يوقتۇ؟

ئايال بېشىنى كۆتۈرۈپ هارۋىكەشكە قارىدى. بۇ چاغدا هارۋىكەش قات-قات يانچۇقلىرىنىڭ ئىچكىرىسىدىن، شىمىنىڭ كەينى يانچۇقىدىن، مايلىق شەپكىسىنىڭ بىر يەرلىرىدىن ئېلىپ جۇغلىغان پۇللىرىنى ئورۇق بارماقلىرى بىلەن قولاشماستىن ساناۋاتاتتى. باياتىن هارۋىكەشنىڭ يولسىزلىقىدىن غەزەپلەنگەن تاماشىچىلار (شۇ قاتاردا مەنمۇ هەم) شۇ تاپتا هەرخىل هېسسىياتلىق كۆزلىرىمىزدە ئۇنىڭ پۇل سانىشىغا تىكىلىشىپ تۇرماقتىدۇق.

— مانا، 50…50 كوي، — هارۋىكەش ئاخىر بىر تۇتام پۇلنى قىيماستىن ساقچى بالىغا ئۇزاتتى، غىلام-غىلام قىلىپ ئايالغىمۇ قارىۋالدى. ئۇ ئەمدىلا پۇتۇنلەي باشقىچە بىر قىياپەتتە، ھېلىلا ”ۋا!“ دېمىگەندەك هالەتتە ئىدى، — ئىلاجى بولسا ئەپۇ سورىسام، بولمىسا…

ساقچى بالا هارۋىكەشنىڭ ئاخىرقى سۆزىنى ئاڭلىمىغاندەك قىياپەتتە ۋە پۇلغىمۇ قول ئۇزاتماستىن خوش پېچىم ئايالغا قارىدى.

— هەدە، پۇلنى ئېلىڭ، 50 كوي!

”ۋاھ-ھا، ئالمامدىغان، — ئويلىدىم مەن ئايالنىڭ دامىسكى ۋېلسىپىتىگە ۋە ۋېلسىپىتىدەكلا دامىسكى تۇرقىغا قاراپ، — مۇنداقلار پۇل دېسە دۈم چۈشىدۇ، قارىمامسەن، تاقا مىخىدەك تۇرغىنىنى. ئوبۇتنى جىق بولسا 10-15 كوي بىلەن يېڭىلىۋالار، قالغىنىنى كومىدە…“

ساقچىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، ئايال ۋېلسىپىتىنى دەررۇ تىكلىدى. تىزىنى يەنە بىر ئۇۋۇلىۋېتىپ، دىڭگاكلاپ ئالدىغا

ماڭدى.

ھەممەيلەننىڭ نەزەرى بىردەك ئۇنىڭغا مەركەزلەشكەنىدى. مېنىڭ بوغۇزۇمغا ئاچچىق بىرنەرسە تىقىلدى. ئايال ھېچكىمگە قارىماي توكۇچاڭلاپ مېڭىپ، ئۇدۇل ھارۋىكەش يىگىتنىڭ ئال- دىغا بېرىپ توختىدى. قولىدىكى پۇلنى ئالدى. پۇلنى ئىككى پۈكلەپ ئۇنىڭ كەينىگە شالاقشىپ كېلىپ قالغان چاپىنىنىڭ مەيدە يانچۇقىغا ياندۇرۇپ سېلىپ قويدى. كېيىن كۈلۈمسىرەپ ساقچى بالىغا قارىدى.

—بۇ ئۇكام ھازىر ئەپۇ سوراي دېدى. مەن ئەپۇسىنى قوبۇل قىلدىم. يىگىت كەمچىلىكىنى تونىغان بولسىلا مەن را- زى.

خېلىغىچە ھېچكىم ھېچنېمە دېمىدى. شۇ ئارىدا ئايال بايىقى مېڭىشىدا بېرىپ ۋېلىسىپىتىنى ئېلىپ، يولنىڭ نېرىقى چېتىدىكى رېمونتخانىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

ھېچكىم ھېچنېمە دېمىدى. تاماشىبىنلار قاتارىدا مەنمۇ يولۇمغا تۇتۇندۇم. بايىقى جايدا ساقچى بالا بىلەن ھارۋىكەشلا تۇراتتى...

## غەمخورلۇق

يېشى ئاتمىشتىن ھالقىپ، ئالدىغا سەل مۈكچىيىپ قال- غان، قاشلىرىغىچە ئاق باسقان ئورۇق بىر بوۋاي دەرۋازا ئالدىدا

تۇرغان رەسۇلۇپنىڭ يېنىغا كېلىپ سورىدى:

—ئوغلۇم، گېزىتخانا مۇشۇمۇ؟

—مۇشۇ تاغا، كىمنى ئىزدەيتتىڭىز؟

—كىمنى ئىزدەيتتىم، —بوۋاي بىردىنلا چېچىلدى، —مۇشۇ يەردىكى بىر ژۇۋاندا مۇخبىرنى...

—ئىسمىنى بىلەمسىز، —ئەزەلدىن سېلىق قاپاق يورۇيدىغان رەسۇلۇپ كۆلكىسىنى تەستە باستى.

—ئىسمى قۇرۇمامدۇ، —بوۋاي كەينىگە قوۋۇشتۇرۇلغان قوللىرىنى كەڭ يايدى، —ئەيتاۋۇر دوغىلاققىنە، چوتكىباش بىر بالا.

رەسۇلۇپ بىر پەس تېڭىرقاپ تۇرۇپ كەتتى.

—كىم بولدى بۇ. . . —دېدى ئۇ ئۆزىگە-ئۆزى ۋە بوۋايغا قارىدى، —نېمە بولدى تاغا، ئۇ بالا سىزگە بىرەر زىيان-زەخمەت يەتكۈزۈپ قويمىغاندۇ؟

—زىيان-زەخمىتىڭىز نېمىسى، غەمخورلۇق قىلدى، غەمخورلۇق! —دېدى بوۋاي سەپراسى تېخىمۇ ئۆرلەپ بوغۇلغان هالدا.

رەسۇلۇپ بولۇۋاتقان گەپلەردىن بېشى تۆرىگەندەك ئالدىغا بىر، كەينىگە بىر قەدەم باستى-دە، كېيىن بوۋاينىڭ قولتۇقىدىن تۇتۇپ، يېنىدىكى تامنىڭ تۈۋىگە تارتتى.

—تاغا، چېچىلماي بىر باشتىن سۆزلەڭا قېنى، زادى نېمە ئىش بولدى؟

—ماقۇل سۆزلەي، —بوۋاي تام تۈۋىگە زوڭزىيىپ، بېشىدىن ئۆڭۈپ كەتكەن بېغىررەڭ مانچېستېر دوپپىسىنى ئېلىپ،

تىزىغا كىيدۇردى-دە، ئۇقا رەڭ شالاڭ چاچلىق بېشىنى ئاربدەك بارماقلىرى بىلەن تاتىلاپ تۇرۇپ گېپىنى باشلىدى:

— قاراڭ، مەن بارغۇ ئۇكا، ئاۋۇ پاختا بازىرىنىڭ بىقىنىدىكى ياشلار ماگىزىنى بارغۇ، بىلەمسىز، ھە، شۇيەردە كۆزەتچىلىك قىلاتتىم. ئۈچ يىلدەك بولۇۋېدى دەڭ، خاتىرجەم جاھاندارچىلىق قىلىۋاتقىلى. ياشلىقىمىزدا بىرەر ئوقەتنىڭ بېشىنى تۇتماپتىكەنمىز. باققالچىلىق بىلەن ئۆمرۈم ئۆتۈۋىدى. قېرىغاندا بارغۇ، ئوقەتتىن قالدىغان گەپكەن. ياشلاردىن ئوقەت ئاشامدۇ دەيسىز ئۇكا...

بوۋاي بىر يولى شۇنچىۋالا جىق گەپ قىلىۋەتكەنلىكتىن ھاردىمۇ ياكى ئاچچىقى يەنە غۇژژىدە تۇتتىمۇ، تېز-تېز ھاسىراپ، جىم بولۇپ قالدى. رەسۇلۇپ جاپاكەش بوۋاينىڭ قورۇقلار بىلەن تولغان يۈزىگە ھېسداشلىق بىلەن سەپسالدى. شۇ تاپتا ئۇ ساقلاۋاتقان ئادىمى، قىلماقچى بولغان ئىشىنىمۇ ئۇنتۇغانىدى.

بوۋاي گېپىنى داۋام قىلدى:

— شۇنداق قىلىپ ئۇكا قاراڭ، كەمپىر بىلەن ئىككىيلەن بىر ئوبدان تىرىكچىلىك قىلىپ كېتىپ باراتتۇق دەڭ، ھېلىقى چوتكىباش ئالدىراڭغۇ نەدىن ئارا پەيدا بولدى، پېشكەلچىلىك باستى.

— ئۇ نېمە ئىش قىلدى؟ — رەسۇلۇپنىڭ ئاۋازىدا قىزىقىشتىن كۆرە تولىراق ئالدىراشلىق سېزىلەتتى.

— نېمە قىلاتتى، ئاۋۇكۇنى شەيتانچىقىنى غىرقىرىتىپ ماگىزىنغا كەپتۇ دەڭ، جۇرېنى سورىدى. ماگىزىنىڭلارنىڭ بۇ

يىلقى كىرىمى ئېشىپتۇ، دەپ ئاڭلىدىم، يازىمەن دېدى، ھە دېدىم، جۆرېن ئىدارىدا يوق ئىدى، سەل ساقلاپ تۇرامسىزيا؟ دېسەم، ماقۇل دېدى. كۆزەتخانىدا ئولتۇرۇپ ئۇياق-بۇياقتىن گەپ ئېچىپ، ئەھۋالىمنى سورىدى، مەنمۇ ماگىزىننىڭ ئىشىنى بىرەر قۇر ماختىغان بولدۇم، ئاندىن ئۆزەمنىڭ كېچىسى كۆزەت-چىلىك قىلىدىغانلىقىمنى، كۈندۈزى مال توشۇيدىغانلىقىمنى دەپ بەردىم، بار گەپنى دېدىم، ”ئىشىڭىز جاپالىقكەن چوڭ دادا، سىزگە غەمخورلۇق قىلىش كېرەككەن“ دېدى، ”ھە“ دې-دىم. بولغان گەپ شۇ. ئەتىسى ئىشقا كەلسەم جۆرېن مەمتىلا-خۇن: ئاكا، سىزنى كۆزەتچىلىككە قويىمىز دەپ بېشىمىزغا بالا تېپىۋالىدىغان ئوخشايمىز. خاپا بولماي ئۆيگە بېرىپ دەم ئالسى-ڭىز، ئورنىڭىزغا ياشراق بىر كۆزەتچى تېپىۋالارمىز، دەيدۇ قاراڭ، يۈرىكىم جىغغىدە قىلىپ قالدى...

— ماۋۇ گەپنى قاراڭ، — دېدى رەسۇلۇپمۇ چۆچۈگەندەك،
— نېمىشقا دېدىڭىزمۇ؟

— نېمىشقا دېمەي قالامدۇ دەيسىز ئۇكا، — دېدى بوۋاي تى-زىغا كىيگۈزۈكلۈك دوپپىسىنى بېشىغا شارتتىدە كۆمتۈرۈپ كىيگىنىچە چىڭقىلىپ، — دېمەي قالامدۇ، ئۇقسام بايىقى مۇخ-بىر جۆرېنغا ياشلار ماگىزىنى تۇرۇپ، كۆزەتچىلىك، مال تو-شۇشتەك ھەممە ئېغىر ئىشنى بىر قېرىغا ئارتىپ قويغىنىڭىز نېمىسى، گېزىتكە يازىمەن، دەپ پوپوزا قىپتۇدەك. ھوي، ماڭا قىلغان غەمخورلۇقى شۇما؟ ئەمدى كەمپىر ئىككىيلەننىڭ قارنى-نى قانداق باقىمەن دەيمەنا! ئۇكا، ئاشۇ چوتكىباش زادى مەشەدە بارمۇ-يوق، بولسا بىر تېپىشىپ بېرىڭا. گېزىتخانا دېگەندىن

بىر شەھەردە بىرلا بولار؟...

رەسۇلۇپنىڭ يۈرىكى ئاللىقانداق ھېسلار تۈپەيلى سىقىلىپ كەتتى. بۇ چاغدا ئاجايىپ غەمخورلۇققا مۇيەسسەر بولغان ئاق قاشلىق، مۇكچەيگەن بوۋاي يەنە دەيدىغان نۇرغۇن گەپلىرى باردەك ئۇنىڭغا قاراپ، ئاغزىنى ئۈمەللەپ تۇراتتى.

## سېتىۋالغان شۆھرەت

شۆھرەت كېسەللىك دەم ئېلىشى بىلەن مومىسىنىڭكىگە چىقىپ يېرىم يىل تۇرغاندا، يېزىدىكى ياشلار بىلەن بەكمۇ چىقىشىپ كەتتى. ئۇ كۈندۈزلىرى سالقىن ئالمىلىق باغقا كىرىۋېلىپ، چۆپلۈككە يانپاشلاپ كىتاب ئوقۇيتتى ياكى بارماقلىرىنى يۇمۇپ-ئېچىپ سانىغىنىچە قەغەزگە بىر نېمىلەرنى جىجىلاپ، ئۆچۈرەتتى. كەچقۇرۇنلىرى مەھەللە دوقمۇشىدا خاماندىن قايتىپ كەلگەن ياشلار توپلىشىپ خېلىغىچە پاراڭ سېلىشاتتى ۋە بىر چاغلاردا چاقچاقتىن چىڭغا چىقىشىپ، ئارىسىدىكى بىرەرسىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ "چۆكۈشەتتى".

ئەنە شۇ توپنىڭ ئارىسىغا شۆھرەت ئانچە زورۇقمايلا قېتىلىپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ تارتىنماس مىجەزى ۋە شاگخوچىلىقى بىلەن نەگىلا بارسا ئۆزلىشىپ كېتەتتى. دېمىسىمۇ، ئۇ يېزىغا كەلگەندىن كېيىن مەھەللە ياشلىرىنىڭ بىر نەچچە ئولتۇرۇشى "شەھەرلىك مېھمان"نىڭ قىزىق پاراڭلىرى، ھىسام ھەققىدىكى

ئەڭ يېڭى مەلۇماتلىرى ۋە دۇنيادىكى ئاجايىپ-غارايىپ ئىشلار توغرىسىدا ئېيتقان ھېكايىلىرى بىلەن قالتىس قىزىپ كەتتى.

—بولىدىغان نېمىكەنا مۇنۇرۇڭ!—دېيىشەتتى يىزا يىگىتلىرى ئەمدى شۆھرەتنى كۆرسىلا.

بىر كۈنى كەچقۇرۇنلۇقى شۆھرەت يەنە بارماق پۈكۈپ، ئېچىش بىلەن بەنت بولۇپ كېتىپ، تاماققىمۇ قارىمىدى. ئەلۋەتتە، مەھەللە دوقمۇشىغىمۇ چىقالمىدى.

—شۆھرەت، بالامەي، ئاغىنىلىرىڭ كىرىپتۇ!—مومىسىنىڭ ساراي ئۆينىڭ بوسۇغىسىدىلا توختاپ ئېيتقان گېپىنى شۆھرەت تەستە ئاڭقىردى. ئاڭغىچە دوقمۇش جامائىتىدىن بەش-ئالتە يىگىت ئۆيگە دۈكۈرلەپ كىرىشتى.—پاھ، پاھ، بىزنىڭ ئابدۇشۆھرەت بالا يازغۇچى ئوخشىمامدۇ، قالتىسمۇ يېزىپ كېتىپتا خەتلەرنى!—دېدى يىگىتلەردىن بىرى. شۆھرەت ئەتراپىدا يېيىلىپ ياتقان قەغەزلەرنى پۇرلەپلا بىرچەتكە يىغدى، ئۆزى توپا چاڭقىپ تۇرغان كىگىزدە دۈم ياتقان يېرىدىن ئىرغىپ تۇردى.

—كېلىڭلار ئاغىنىلەر، قېنى تۆرگە، قېنى...

تۆردىن ئورۇن ئالغان يىگىتلەردىن بىرى يېنىدا ياتقان ۋاراقلاردىن بىرىنى قولىغا ئېلىپ، سىنچىلاپ قارىدى-دە، بايا پاراڭ قىلغان ئاغىنىسىگە كۆلۈمسىرەپ قارىدى:

—موللا تاپقاقكەنسەن جۇمۇ ئىنايتۇل، شۆھرەت بالا يازغۇچى بولمىسىمۇ شائىركەن ئەمەسمۇ!

—ئىككىسى بىرگەپ،—دېدى ئىنايتۇل بوينىنى سەل سوزۇپ ئىككى يانغا قاراپ قويۇپ، ئاندىن ئۇ شۆھرەتتىن سورد-

دى، — راستمۇ شۆھرەت بالا؟

— سەھرانىڭ بالىلىرىمۇ بوش ئەمەس، — دېدى شۆھرەت جاۋابەن. ئۇنىڭ بۇ گېپىدىن ئىنايىتۇل ئۆزىنىڭ سوئالىغا تەستىق سەزدى-دە، مەھەللىلىكلىرى ئالدىدا كەلتۈرۈپ غادىيىۋالدى ھەمدە مەھەللە ياشلىرىنىڭ ئۆزىنىڭ ”خويمۇ ئەقىللىق“نەۋرىسىگە خېرىدارلىق قىلىۋاتقىنىدىن خۇشاللىقى ئىچىگە سىغماي قالغان موماي دوڭغاسلاپ يۈرۈپ داستىخان راسلاۋاتقاندىمۇ، بالىلار شۆھرەتنىڭ ”ئېلىڭلار-بېقىڭلار“لىرى بىلەن چاي ئىچىشىۋاتقاندىمۇ، ئۇ بىلەرمەنلىك قىلىپ شائىرلار بىلەن يازغۇچىلارنىڭ خۇسۇسىيەت پەرقىنى چۈشەندۈرۈپ ئولتۇردى:

— ئىككىسى بىرگەپ، ئىككىلىسى گەپلەرنى قورسىقىدىن چىقىرىپ يازىدۇ. ئەممازە، يارماقنىمۇ ئارمانسىز ئالىدۇ دېيىشىدىغۇ...

بۇ گەپلەر بولىۋاتقاندا شۆھرەت ئۈنچىقماي، ئەمما ئىنايىتۇلنىڭ ھەربىر سۆزىگە يېقىملىق باش لىڭشىتىپ ئولتۇردى. ئەمدى ھەممە يىگىتلەر ئۇنىڭغا بۆلەكچىلا بىر ھۆرمەت نەزىرى بىلەن تىكىلىشتى. بۇنى شۆھرەت ئوڭايلا سېزىپ، ئىچى-قارنى يورۇپ قالغاندەكلا بىرخىل كەيپىياتقا چۆممەكتە ئىدى.

— قېنى شۆھرەتۋاي بالا، — دېدى ئىنايىتۇل ئاخىرى، — ماۋۇ جىجىلىغانلىرىڭىزدىن ئىككى كەلىمە ئوقۇپ بەرمەمسىز، بىزمۇ قۇلاق مولىسى بولۇپ قالايلى.

شۆھرەت دەررۇ قەغەزلەرنى شالدىرلىتىپ ئالدى-دە، ئوقۇشقا تەمشىلىپ ئاغزىنى ئۆمەللىدىيۇ، توختىۋالدى ۋە باشقىلارغا مەنىلىك قارىدى.

— ئوقۇڭ ئاداش، ئوقۇڭ! — دېيىشتى باشقىلارمۇ. شۇندىلا شۆھرەت ئەتىگەندىن بېرى ئۇن بەش-يىگىرمە قېتىمچە ئۆچۈ-رۈپ يازغان بىر نەچچە كۇپلېت شېئىرنى يۈركى تىترىگەن، مەڭزىلىرىگە قىزىللىق تەپكەن ھالەتتە چىڭقىلىپ ئوقۇپ كەتتى ... كېيىن ئوقۇغانلىرىنىڭ مەنىسىنى قاراپايىم سۆزلەر بىلەن قايتىدىن چۈشەندۈردى. يىگىتلەر بولسا چۈشەنمىگەن ئاتلاردەك باشلىرىنى لىڭشىتىپ بىر-بىرىگە قاراشتى-دە:

— قالتىس گەپ-ھە؟

— ئالامەت كەپتۇ جۇمۇ! — دېيىشتى.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان شۆھرەت يەنە چىداپ تۇرالمىدى. بۇ شېئىرنى قانداق يازغانلىقىدىن تارتىپ، قاچاندىن بېرى يې-زىقچىلىقنى باشلىغانلىقىغىچە، شېئىرلىرىنىڭ پات-پاتلا بېسى-لىپ تۇرىدىغانلىقى ۋە شەھەردىكى ئاسانلىقچە شېئىر يازمايدىغان بىر چوڭ شائىرنىڭ بىر قېتىم ئۇنىڭ شېئىرىنى ئوقۇپ تەسىر-لىنىپ، ھەتتا يىغلاپ كەتكەنلىكىگىچە... ئۇزاقتىن-ئۇزاق سۆز-لەپ، ئاخىرى ھاردۇقتىن چىققاندەك بىراقلا توختىدى.

— دادىڭىزنىڭ ئىسمى نېمە؟ — دەپ سوراپ قالدى باياتىن بېرى ئىزچىل ئۇن چىقارماي ئولتۇرغان ۋىجىكرەك يىگىت، دادۇي كاسسىرى نەبىجان. ئۇ ئۆزى شېئىر يازالمىسىمۇ شېئىر-غا بەك قىزىقاتتى ۋە گېزىت-ژۇرناللارغا بىر قوچاق يېزىلىۋې-لىپ دائىم شېئىر-ھېكايە ئوقۇيتتى. شۆھرەت نەبىجاننىڭ سو-ئالىغا جاۋابەن، پەقەت كىچىك پېئىل ئادەملەردىلا بولىدىغان بىرخىل قىياپەت بىلەن سەل ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالدى-دە، كېيىن:

— ئەخمەت... ئەخمىدى، — دېدى ئاستاغىنە.
— ھە... مۇنداق دەڭ، ھېلىقى دائىم شېئىرى چىقىدىغان ”ش. ئەخمىدى“ دېگەن سىز كەنسىز دە! — نەبىجان ئەجەبلىنىش ھەم ھۆرمەت ھېسسىياتى بىلەن شۆگەپنى قىلغاچ ئورنىدىن سەل قوزغىلىپ كەتتى. شۆھرەت كۆزلىرىنى كىگىزگە قادىغىنىچە سەل كۈلۈمسىرىدى. ئۇنىڭ بۇ ھالىتى باياتىن مەھەللە يىگىتلىرى ئارىسىدا كاتتا ھۆرمەتكە ئىگە نەبىجاننىڭ قىياپىتىگە دىققەت قىلىشىپ ئولتۇرغان يىگىتلەرگە تېخىمۇ تەسىر قىلدى ۋە ساھىبخانا يىگىت مېھمانلارنىڭ ئالدىدا كەم كۆرۈلىدىغان دىققەت ئېتىبارغا، ھۆرمەتكە سازاۋەر بولدى.
شۇ ئىشتىن بىر ھەپتىچە كېيىن بولسا كېرەك، بىر كەچقۇرۇنلۇقى مەھەللە يىگىتلىرى ئادەت بويىچە دادۇي ماگىزىنى ئالدىغا—دوقمۇشقا يىغىلىشقىنىدا، شۆھرەت يىگىتلەرنىڭ سوئاللىرىغا جاۋابەن ”شېئىر دېگەننى قانداق يازىدىغانلىق“ ھەققىدە قىزىقارلىق تەجرىبە تونۇشتۇرىۋاتقىنىدا، توپقا ئەمدىلا كېلىپ قوشۇلغان نەبىجان سالامدىن كېيىنلا يانچۇقىدىن بىر پارچە گېزىتنى چىقاردى-دە:
— شۆھرەت، ماۋۇ گېزىتكە بىر شېئىرىڭىز بېسىلىپتۇ، — دەپ گېزىتنى شۆھرەتكە ئۇزاتتى ۋە قوشۇپ قويدى، — قالتىس يېزىۋېتىپسىز جۇمۇ.
يىگىتلەر شۆھرەتنىڭ ئەتراپىغا دۈررىدە ئولاشتى. «ش. ئەخمىدى» نامىدىكى بىر پارچە لىرىك شېئىر پۈتۈن ئەدەبىيات بېتىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلىگەنىدى. شۆھرەت گېزىتكە ئۇزاققىچە تىكىلىپ قالدى. خۇشاللىقىدىنمۇ ياكى باشقا

سەۋەبتىنمۇ ئۇنىڭ گېزىت تۇتقان قوللىرى بىلىنەر-بىلىنمەس تىترەيتتى. يۈزىمۇ شالپەردەك قىزارغان، ھەتتا سەل تەرلىگەنىدى.

— تا… تازىمۇ چاپسان بېسىپتا، — دېدى ئۇ ئاخىرى ئۆز-ئۆزىگە سۆزلىگەندەك پىچىرلاپ. ئۆپچۆرىدىن تەستىقلاش ئاۋازلىرى ئاڭلاندى:

— ياراپ قالدى-دە!

— ياخشى مالغا چاققان خېرىدار دەڭلار!…

باياتىن بېرى بوينىنى سوزغىنىچە گېزىتكە زوقى بىلەن تىكىلىپ تۇرغان ئىنايتۇل بىردىنلا بېشىنى شۆھرەت تەرەپكە بۇراپ چاقچاق قىلدى:

— ئەمىسىزە، شۆھرەت بالا، بۇ شېئىرىڭىزنى بىر يۇيىدىكەنمىز-دە، ئەمدى… سىز بولۇپ، بىز بولۇپ دەيمىنا…

— چاتاق يوق، — دېدى شۆھرەت ئىككىلەنمەيلا، — بۇنىڭ قەلەم ھەققىنىڭ يېرىمىنى خەجلەپ قويساقمۇ ھەرقايسىڭلارنى پوڭكەيلى قىلىۋەتكىلى بولىدۇ جۇمۇ!

— ئالاھازەل…، — ئىنايتۇل ئالدىراپ سۆز باشلاپ، بىرئىككى قېتىم يۆتىلىۋەتتى، — قانچىلىك بىر نېمە بېرەر؟

— بۇنىڭغىما؟ — شۆھرەت ئۆزىنىڭ ئاغزىغا تىكىلىپ قېلىشقان كۆزلەرگە تەكشى بىر قارىۋېتىپ، پەرۋاسىزلا جاۋاب قايتۇردى، — نومۇس قىلسىمۇ ئەللىكنىڭ ئۇستىدە ئويىناپ قويار!…

— پاھ، پاھ! — … دېدى ئىنايتۇل ئەتراپىغا ئەلەڭلەپ قاراپ، — يارماق دېگەننى شېئىر كەشلەر سۆزىدىغان گەپكەن جۇ-

مۇڭلار.

—شۇنداق بەرمىسە بولامدۇ،—دېدى نەبىجان سالماقلىق سۆزلەپ،—بۇ دېگەن مېڭە چارچىتىدىغان ئىش تۇرسا، كۆرگەندە ئادەم قىلىدىغان ئوقەت ئەمەستە بۇ...

يەنە ئىككى ھەپتە ئۆتتى. مەھەللىدە شۆھرەتنىڭ ئابرويى ئالاھىدە ئۆسۈپ، ئەر-خوتۇنلار چاي ئۇستىدىكى پاراڭلىرىدا ”ھوي، ھېلىقى تۇل موماي گۇشنەرىخاننىڭ شەھەرلىك نەۋرىسى بارغۇ، قەۋەتلا يازارمەن بالىكەن جۇمۇ، يارماق دېگەننى جاننى خوراتمايلا ئۈسۈۋالىدىكەنا كاساپەت!...“دېيىشىپ ئولتۇرغان، ئىچكەركى ئۆيدە چاچ تاراۋاتقان گۇسمەستەك قىزلىرى بولسا ئاشۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، شۇ بالىنى كوچىدا كۆرگەندە پىسىڭىدە قىلىپ مەنىلىك كۈلۈپ قويۇشتى، كۆڭۈللىرىگە پۈكۈپ قويغان كۆنلەرنىڭ بىرىدە شۆھرەت مەھەللە يىگىتلىرىدىن بەش-ئالتىسىنى ئەگەشتۇرۇپ ئانچە يىراق بولمىغان يېزىلىق پوچتىخانىغا باردى-دە، يېنىدىن ئۇستىگە كۆك سىياھ بىلەن خەنزۇچە خەتلەر يېزىلغان، يېشىل رەڭلىك، ئالىقانچىلىك چەكنى چىقىرىپ پوچتا خادىمىغا ئۇزاتتى ۋە ئاغىنىلىرىنىڭ كۆزىچىلا 60 يۈەن ”قەلەم ھەققى“نى ساناپ تۇرۇپ ئالدى. شۇ ئاخشىمى مەھەللە ياشلىرى شۆھرەتنىڭ مومىسىنىڭ ئۆيىدە دۆڭگە-داراس بىلەن بەزمە قاينىتىپ، شۆھرەتنىڭ زاۋۇتىدىن ئۇنىڭ 9-ئايلىق مائاشى ئۇچۇن ئەۋەتىلگەن 60 يۈەن پۇلنىڭ تېگىنى خەجلەپ، ”ش. ئەخمەدى“نىڭ يېڭى شېئىرىنى ”يۇيۇشتى“.

# بەش قولدەك مەلۇم

بىشىم قاتقىنىچە بىنادىن تۆۋەنگە چۈشتۈم. ھېلىلا ئىنىمدىن تېلېفون كەلدى. ئايالىم يىراق بىر سەھراغا چىقىپ كەتكەنىدى. كونا كېسىلى تۇيۇقسىز قوزغىلىپ قاپتۇدەك. شۇڭا كىچىك ماشىنا تېپىپ ئالدىمغا كەلگەي، دەپ خەۋەر كىرگۈزۈپتۇ. مەن يا بىر باشلىق بولمىسام، نەدىنمۇ كىچىك ماشىنا تاپارمەن؟ كاشكى ئىدارىمىزنىڭ ماشىنىسى بولسىمىغۇ...

شەھەرلىك ھۆكۈمەت دەپ ئاتىلىدىغان بۇ تۆت قەۋەتلىك بىنادا ئىشلەۋاتقىنىمغا بىر يىلدىن ئاشقان بولسىمۇ، ئادەملىرىنى ئانچىلا بەك تونۇپ كېتەلمىگەنىدىم. كاتتىباشلىرىنىغۇ ئەسلا. ئاددىيسى ماڭا قوشنا بۆلۈملەرگە باش تىقىپ جىندەك ئولتۇرۇپ چىقىشقا پۇرسەت يوق ئىدى. چۈنكى ھەركۈنى ئەتىگەندە بۆلۈمگە كىرەتتىم-دە، سان-سىپىر جەملەيتتىم. دۇنيا تۈگەپ كېتەر، ئەمما لېكىن بۇ سان-سىپىرلار تۈگەيدىغاندەك ئەمەس ئىدى.

بىنا سۇپىسىدا تۇرۇپ، ئۇيان-بۇيانغا بويۇندىغىلى تۇردۇم. ھۆكۈمەت ئىشخانىسىدىكى بىر يىگىت بىلەن سالام-سائەتىم بار ئىدى. خىيالىمدا شۇ كۆرۈنۈپ قالغىدەك بولسا ياردەم قىلىشىنى ئۆتۈنمەكچى ئىدىم. بىراق شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئۆزى

تۇرماق، سايىسمۇ كۆرۈنمەيتتى.

—كىمنى ئىزدەۋاتىسىز؟ —قوپال، بوم بىر ئاۋاز مېنى ئەندىكتۈرىۋەتتى. ئوڭ تەرىپىمگە قايرىلىۋېدىم، يۈز، بويۇنلىرى قىپقىزىل، ياپ-ياشلا تۇرۇپ قورساق سالغان، دوغىلاق بىرەيلەن ماڭا قاراپ قېشىنى ئېتىپ تۇرۇپتۇ. مەن قايرىلىشىم بىلەن قېشىنى يەنە بىر ئاتتى. بۇ كىشىنى مەن دائىم مۇشۇ يەردە كۆرۈپ تۇراتتىم.

—ئىشخانىدىكى نېغمەتجاننى ئىزدەۋاتاتتىم، —دېدىم مەن دەررۇ، —كۆرگەنسىزمىكىن؟

—كۆرمەيزە، —دېدى دوغىلاق، —بىرنەچچە كۈننىڭياغى مېھمانلار بىلەن يېزا ئايلىنىۋاتىدۇ. بەش قولىدەك مەلۇمغۇ بىزگە.

—ئەستا! —دېدىم، —ئەمىسە كەچكىچە كەلمەيدىكەن-دە.

—شۇدە، نېمە قىلاتتىڭىز ئۇنى؟ —دوغىلاق يېنىمغىراق كېلىپ كۆزۈمگە قادالدى.

ئەھۋالنى ئۇنىڭغا ئېيتتىم.

—ئاپلا! —دوغىلاق بىردىنلا تەۋرىنىپ كەتتى، —تېخى بايىلا پىلان كومىتېتىنىڭ ماشىنىسى قۇرۇقلا چىقىپ كەتتا! شوپۇر بالا ياق دېمەيدىغان نېمىدىچۇ. بەش قولدەك مەلۇمغۇ!

—بىراق، مەن تونىمايمەن-دە ئۇ بالىنى، ئىسمى نېمىدا؟

—دەپ قويدۇم تەسەللايى ۋە ئۈمىدسىز ئاھاڭدا.

—ئىسمى نىجات ئەمەسمۇ، راخمانكامىنىڭ ئوغلى-دە، مەشەدىكى راخمانكامىنىڭ... بىلمەمسىز؟

—قايسى راخمانكامىنىڭ؟

—ما بالىنى، مەشەدە ئىشلەۋېتىپمۇ بىلمەمسىز؟ ماۋۇ ئەدلىيىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى راخمانكامچۇ. بەش قولدەك مە-لۇمغۇ؟

نېمە ئامال بار؟ باشتا دەپ ئۆتتۇمغۇ، ئەيتاۋۇر مۇشۇ بىناغا كىرىپ-چىققانلاردىن ماڭا قاراپ قويغىنىنىڭ ھەممىسىگە سالام بېرىمەن، ئەمما ئىسىملىرىنى بىلمەيمەن. نەدە، نېمە ئىش قىلىشىدىغانلىقلىرىنىمۇ تولۇق ئۇقمايمەن.

—ماشىنا كېرەك قىلىدىغان ئادەم بالدۇرراق مەشەدە تۇر-مامسىز،—دېدى دوغىلاق يەنە سۆزگە كىرىشىپ،—ئەتىگەن شا-مىكامنىڭ «ۋولگا» سىمۇ مەشەدە بىرەر سائەتچە بىكار تۇردى. شامىكام بۆلمىسىدىن ۋاقچە چىقىپ، ئوبلاستقا يىغىنغا ماڭدى، غاچچىدىلا چىقىۋالاتتىڭىز-دە!

دېگەن بىلەن شامىكامنى تونۇيتتىم. ئۇ دېگەن شەھەر باش-لىقى-دە. ئۇنىڭ ماشىنىسىغا ھۆرۈ-پۈرۈ دېگىلى بىزكىم ئى-دۇق شۇنچە؟ يەنە مۇنۇ دوغىلاقتەك جۇيجاڭ-پۇيجاڭ...شۇلارنى ئويلىغاچ تەسەللايىسىغىلا سوراپ قويدۇم:

—شامىكامنىڭ شوپۇرى كىمدا؟

—بەش قولدەك مەلۇمغۇ. شۇنىمۇ ئۇقماي يۈرەمسىز؟ ھېلىقى، ئىلگىرى ئاشپەزلىك قىلغان قۇربان ئەينەكچۇ؟

—راست، ئۆزەم مەشەدە بولغان بىلەن، بۇ يەردىكى ماشىنى-نىلارنىڭ، شوپۇرلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقمايمەن جۇمۇڭ،—دېدىم ئۆيالغاندەك بولۇپ. شۇ مىنۇتتا مۇنۇ بىلەرمەن دوغىلاق-نىڭ ئالدىدا راستتىنلا كىچىكلەپ قېلىۋاتاتتىم.

—بالىكەنسىز ئەمىسە!—دېدى دوغىلاق تېرىككەندەك بىر

هالدا، — ئەڭ باشتا ئۇقۇۋالىدىغان ئىشلار مۇشۇ! بەش قولدەك مەلۇمغۇ، جاڭ سىجاڭنىڭ ماشىنىسىنى نۇنۇزا ھەيدەيدۇ، ھېلى- قى يېڭى كەلگەن جىپ شۇنىڭ. خوش، ئەڭكىزە، ئابدۇۋايىت سىجاڭنىڭ ماشىنىسىنى شياۋلىزا ھەيدەيدۇ، ھېلىقى پىتكۆز ئاداشچۇ! ئەمدى ھەرقايسى ئىدارىلەرنىڭ ماشىنىسىغا كەلسەك، خوش قېنى...سودا ئىدارىسىنىڭ قوتۇرنى يالقۇن ھەيدەيدۇ...

دوغىلاق كىشى بىنا ئالدىدىكى سۇپىدا مىدىر-سىدىر قىلماي نەق بىرسائەت سۆزلىدى-دە، تۆت قەۋەتلىك ھۆكۈمەت بىناسى- نىڭ ھەممە ئىشىدىن ماڭا تونۇشتۇرۇش خاراكتېرلىك ساۋاق بەردى. بۇ ئارىلىقتا تەخمىنەن ئەللىك قېتىمچە ”بەش قولدەك مەلۇم“ئىبارىسىنى ئىشلەتتى، مەنمۇ مەزكۇر بىنانىڭ ئىچ-سى- رىنىڭ ئۇنىڭغا راستتىنلا بەش قولدەك مەلۇم ئىكەنلىكىگە جەز- مەن ئىشەندىم...

بەلكىم دوغىلاقنىڭ تونۇشتۇرۇشى يەنىمۇ داۋاملاشقان ۋە ئەمدى ھۆكۈمەت بىناسىنىڭ ئىچىدىكى باشقا ئىشلارغىمۇ ئۆتكەن بولار ئىدى، ئاڭغىچە رىشاتكىلىق دەرۋازىدىن مەن مۇشۇ بىنادا تولا كۆرىدىغان باشلىقسىمان بىر ئادەم كىرىپ كەلدى-دە، ئۇ- نىڭ بىلەن تولىمۇ قەدىناسلارچە كۆرۈشۈپ بىنا ئىچىگە باشلاپ كىرىپ كەتتى. دەل شۇ ئەسنادا بۇ بىناغا مەندىن ئىككى يىل بۇرۇن كەلگەن بۆلۈمدىشىم سۇلايمان يېنىمدا پەيدا بولۇپ قال- دى.

— نېمە، سالى بايۋەچچە بىلەن تازىمۇ مۇڭدىشىپ كېتىپ- سەنغۇ، — دېدى ئۇ كۈلۈمسىرەپ.

— كىم ئۇ سالى بايۋەچچەڭ؟ — سورىدىم تېڭىرقاپ.

— هازىرقى دوغىلاقچۇ، ئەجىبا، تونۇشمايتتىڭمۇ؟
— ئىشقىلىپ مەشەدە تولا كۆرىمەنغۇ، قانچىنچى قەۋەتتە ئۇنىڭ بۆلۈمى؟
— ها...ها...ها. . . — سۇلايمان تازىمۇ قاتتىق كۈلۈپ كەتتى، ھەتتا سوئالىمغىمۇ يەنە كۈلكە ئارىلاش جاۋاب بەردى، — بۇ يەردە ئىشلىمەيدۇ ئۇ. يا ئۆزى مەشەدىمەن دېدىمۇ؟
— ئۇنداق دېمىدى، — دېدىم تېخىمۇ تېڭىرقاپ، — ئەمما بۇ بىنانىڭ ئىشلىرىنى پىت-سىركىسىگىچە بىلىدىكەنغۇ. ئېيتقىنا زادى كىم ئۇ؟
— بەش قولدەك مەلۇمغۇ! — دېدى سۇلايمان ئاۋازىنى باشقىچە ئۆزگەرتىپ، بەسىرىنى دورىغاندەك تەلەپپۇزدا، — باشلىقلارنىڭ ئۆيچۆرىسىنى چۆرگىلەپلا ئۆمرى ئۆتۈپ كېتىۋاتقان سالى بايۋەچچە دېگەن تەييارتاپ بىكارچى ئاشۇ!

## ئۇنتۇغاق قىز

ھەركۈنى كەچقۇرۇنلۇقى خىلۇەت باغچىنىڭ ئىچكىرىسىدىكى ئورۇندۇقتا ئاشۇ قىز جىمجىت ئولتۇرۇپ كىتاب ئوقۇيتتى. كەينىگە تاشلاپ بىرلا يەردىن بوغۇۋالغان ئۇزۇن چېچى ۋە ناۋاترەڭ ئۇزۇن كۆڭلىكى ئۇنى بەئەينى كېپىنەككە ئوخشىتىپ قويغانىدى.

ئادەتتە بۇ ئۆيچۆرىگە ئادەم كۆپ كەلمەيتتى، گاھى-گاھىدا

باغچا دەرۋازىسى ئالدىدا بويىنغا فوتو ئاپپارات ئېسىپ، قولىدا ئەۋرىشكە ئالبومى كۆتۈرۈۋالىدىغان چاقماق كۆڭلەكلىك يىگىتلا مەنزىرىلىك جايدا رەسىمگە چۈشۈشنى خالىغۇچى خېرىدارلىرىنى باشلاپ بۇ يەرگە كېلەتتى، كەلگۈچىلەر ۋاراڭ-چۇرۇڭ قىلىشىپ، رەسىمگە چۈشۈپ بولۇشقاندىن كېيىن كېتىپ قالاتتى. دېمىسىمۇ باغچىنىڭ ئەڭ مەنزىرىلىك جايى، قويۇق تېرەكلىك، ياپيېشىل چىملىق، كۆن نۇرىدا چاقناپ، سېھىرلىك ئالا كۆلەڭگىلەر ھاسىل بولۇپ تۇرىدىغان يەرمۇ مۇشۇ ئەتراپ ئىدى.

قىز بەزىدە كىتابتىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، يىگىتنىڭ چاققان ھەرىكىتىگە، رەسىمگە چۈشكۈچىلەرنىڭ قىزىقارلىق قىياپەتلىرىگە بىر پەس تىكىلىپ قاراپ قوياتتى. بۇنداق چاغلاردا ئۇنىڭ خىيال سۇرۇۋاتقانلىقىنى ياكى تاماشا كۆرۈۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى، يىگىت بارغانسېرى ساياھەتچىلەرنى بۇيەرگە كۆپرەك باشلاپ كېلىدىغان بولۇپ قالدى، بېرىپ-بېرىپ كېيىنچە ئۇ خېرىدارلىرىنى مۇشۇ يەردىلا كۈتىدىغان بولدى. كۈننىڭ ئاخىرقى نۇرى قېلىن دەرەخزاردىن تامام غايىب بولغاندىلا قىز كىتابىنى يېپىپ ئورنىدىن تۇردى، خىش ياتقۇزۇلغان تارغىنە يولدا ئۇنىڭ مۇزىكىدەك رىتىملىق ئاياغ تىۋىشى ئۇزاققىچە ئاڭلىنىپ تۇراتتى. قىز كەتكەندىن كېيىن سۈرەتچى يىگىت ئاندىن ھېلىقى ئىككى كىشىلىك يالغۇز ئورۇندۇققا يېقىنلاپ كېلىپ، قىز ئولتۇرغان جايدا ئۇزاققىچە بېشىنى ئېگىپ ئولتۇرۇپ كەتتى، بۇنداق چاغلاردا رەسىمگە چۈشۈش ئۈچۈن كەلگەنلەر ئۇنىڭ خىيالىنى بۆلۈۋېتەتتى. قىز ھەركۈنى قەرەلىدە مۇشۇ يەرگە كېلەتتى. سۈرەتچى يىگىتمۇ شۇ يەرگە كېلەتتى، سۈرەتچى يىگىت

شۇ ئەتراپنى پەرۋانىدەك ئايلىناتتى.

كۆنلەرنىڭ بىرىدە قىز ئوقۇۋاتقان كىتابنى قاتلاپ ئورۇن- دۇق ئۈستىگە قويدى-دە، چىرايلىق بېشىنى سەل قىڭغايتىپ ئۇزاقتىن-ئۇزاق خىيالغا چۆمدى. يېقىنلا يەردە دەرەخ شاخلىرى- نىڭ ئۇچىدا ئىككى قۇشقاچ تىنماي ۋىچىرلاشماقتا ئىدى. بىر چاغدا قىز ئورنىدىن تۇردى-دە، دەرەخلىق ئارىسىدىكى خىش ياتقۇزۇلغان تار يولدا رىتىملىق مۇزىكا پەيدا قىلىپ، باغچا دەرۋازىسى تەرەپكە يول ئالدى.

—سىز... كىتابىڭىزنى ئۇنتۇپ قالدىڭىز!

قىسقا، ئەندىككەندەك ئاۋاز قىزنى توختاتتى. ئۇ نازاكەت بىلەن قايرىلدى. چىرايىغا قىزىللىق تەپتى.

—رەھمەت سىزگە!

ئاشۇ يازدا قىز بىرنەچچە قېتىم كىتابىنى ئۇنتۇپ قالدى.

بىر يىلدىن كېيىن ئۇلار باغچىنىڭ خىلۋەت يېرىدىكى ھې- لىقى ئورۇندۇقتا قايتىدىن كېلىپ ئولتۇرۇشتى. ئېغىرلىشىپ قالغان قىزنىڭ چىرايىغا بەخت داغلىرى قونغانىدى. يىگىت قولىدىكى چىرايلىق ئالبومنى ۋاراقلاپ، كۆلكىدىن ئاغزىنى يۇمالماي سۈرەتلەرنى مەشۇقىغا كۆرسىتەتتى، ئالبومدىكى سۈ- رەتلەرنىڭ ھەممىسىدە كىتاب ئوقۇۋاتقان، خىيال سۈرۈۋاتقان، خىش ياتقۇزۇلغان تار يولدا كېتىۋاتقان بىرلا قىز بار ئىدى.

—قەدىرلىكىم، ئاشۇ كۈنى كىتابىڭىزنى ئۇنتۇپ قالمىغان بولسىڭىز، سىزگە... قانداقمۇ؟—يىگىت ھاياجان بىلەن پىچىر- لىدى. قىزنىڭ پەقەت قىزلارغىلا خاس گۈزەل، قۇۋلۇق چاقناپ تۇرغان كۆزلىرى يىگىتكە—ئېرىگە يەر ئاستىدىن تىكىلدى.

ئېغىرلاشقان ۋە بەختتىن بوشاشقان بەدىنى مەزمۇت بىر تاغقا ئاستا يۆلەندى.

قىز ئۇنچىقمىدى. راست، ئۇ ئاشۇ كۈنى زور غەيرەت بىلەن شۇنداقلا تەشۋىش بىلەن كىتابنى ئەتەي ئۇنتۇپ ماڭغىنىنى سۆيۈملۈكىگە قانداق ئېيتسا بولاركىن؟!

## ياشلىقتىكى بىر مەكتۇپ

ئىككى كۈندىن بېرى نارىمان ئەپەندى قەپەزدىكى شىرغىلا ئوخشاپ قالدى. جاراڭلاپ تۇرغان كەڭ-كەڭرى ئىچكىرى-تاشقىرى ئۆيلەر، ئازادە باغلىق ھويلا ئۇنىڭغا تار بىلىندى. كۆپتىن بۇيان تاماكا چەكمەيدىغان ئادەم ئۇلاپ چەكتى، ئىككى يىل ئىلگىرى ھاراقنى تاشلىغان ئادەم ئىچتى، ئىچكەندىمۇ سۇدەكلا ئىچتى. يېرىم كەيىپ ھالىتىدە شىددەت بىلەن ھويلىدىن ئاشخانا ئۆي ياققا بىر-ئىككى قېتىم باستۇرۇپ كەلدىيۇ، ئىشىك ئالدىدا قورچاق ئويناۋاتقان ئىككى ياشلىق قىزچاققا، تۇنجى نەۋرىسىگە كۆزى چۈشۈپ، ئىزىدا توختاپ قالدى. نائىلاج كەينىگە ياندى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئىچى-باغرى لازا سۈيى قۇيۇۋەتكەندەك ئېچىشاتتى، كۆيەتتى. غايىب بىر قول بەجايىكى ئۆزۈن تىرناقلىرى بىلەن يۈرىكىنى تاتىلايتتى. مەستلىكتىنمۇ، غەزەپتىنمۇ، بېشى چىڭقىلىپ، چېكە تومۇرلىرى كۆيۈپ كەتكەندى. يىللارنىڭ ئالدامچى قولى كۈمۈش نەقىشلەرنى چەككىلى تۇرغان ئۆسكىلەڭ

چاچلىرى ئىگىسىنىڭ كۆڭلىدەكلا پەرىشان چېچىلغانىدى.

”26 يىل،— دەپ ئەلەم بىلەن ئويلىدى نارىمان ئەپەندى يېزىق ئۆيىدىكى شىرەنىڭ گىرۋىكىگە جەينىكىنى تىرىگىنىچە بارماقلىرى بىلەن يىرىك چاچلىرىنى قاماللاپ. ئۇ مۇشۇنداق هالەتتە تالاي-تالاي كۈنلەر، تۈنلەر ئولتۇرۇپ مىرىنۇس قويى تەتقىقاتى ئۈستىدە باش قاتۇرغان، بىراق بۇگۈنكىدەك هال تۈنجى قېتىم ئىدى،— 26 يىلدىن بېرى سەن سۇرەيىيە مېنى ئالداپ كەپسەن-دە، دوپپامغا جىگدە سېلىپ ئۆتۈپسەن-دە؟ تۆت بالىنى تېرەكتەك ئۇلغايتقۇچە، بىر نەۋرىلىك بولغۇچە تولكە قەلبىڭنى تالاي-تالاي دوست-بۇرادەرلەرگە، مېھمانلارغا ماختاپ بېرىپتى-مەنا، سېنىڭ بىلەن بىر ئۆمۈر ھەمياستۇق بولۇپ كەپتىمەنا، ساداقىتىڭدىن قىلچە گۇمانلانماي، شېرىن-شېكەر سۆزلىرىڭگە ئالدىنىپ، ئۆزۈمنى ئالەمدىكى ساناقلىق بەختلىك ئەركەكلەر-نىڭ، سۆيۈلمىگەن گۇلنىڭ ساھىبقىرانى بولمىش ئامەتلىكلەر-نىڭ بىرى ساناپ يۈرۈپتىمەنا! ئىسسىت، باش ئاقىرىپ، چىش سارغىيىپ، ئىزا-نومۇسنىڭ كۆزىگە قارايدىغان بولۇپ قالغان بۇ كۈنلەرگە كەلگەندە كاشكى سېنىڭ نەيرەڭۋاز ئۆتمۈشۈڭنى ئۇقمايلا باقى ئالەمگە كېتىپ قالغان بولسامچۇ، شۇ لەنىتى خەتنى كۆرمەيلا قالغان بولسامچۇ!...“

نارىمان ئەپەندى ئەلەملىك خىياللار ئىلكىدە تولغىنىپ تۇ-رۇپ بەل تاسمىسىدىكى ئاچقۇچ ئىلغۇ چىغا ئىلىنغان بىر توپ ئاچقۇچنى ئالدى. ئارىسىدىكى بىرتال سېرىق ئاچقۇچنى تاللاپ، يېزىق شىرەسىنىڭ ئوتتۇرا تارتمىسىنى ئاچقانىدى. تارتمىدىن سارغىيىپ، قۇرۇپ، چىگراق قاتلىنىسىلا ئىز بويىلاپ يىرتىلىدى-

غان بولۇپ قالغان دەرىجىدە چۈرۈك، تۆت پۈكلەنگەن بىر قە-
غەزنى ئالدى. ئىككى كۈندىن بېرى بۇ ئالىقانچىلىك قەغەزنى،
ئارامىنى بۇزغان لەنتى مەكتۇپنى تالاي قېتىم شۇنداق ئالغان،
هازىرقىدەك تىترەپ تۇرغان قوللىرىدا ئاچقان، نەپرەت يېغىپ
تۇرغان كۆزلىرىنى بار-يوقى بەش قۇرلا، سەتتىن سەت يېزىل-
غان خەتكە تىككەن، هەر ئوقۇغىنىدا بىر ئۆلۈپ-تىرىلگەندى.

"قەدىرلىكىم S:

سىزنى سېغىندىم، سىزنى دائىمقىدىنمۇ بەتتەررەك سېغىنى-
دىم، ئەتە هېلىقى جايدا، بۇرۇنقىدەك مەزگىلدە كۆرۈشەيلى،
هېلىقى ئاچچىقى يامان بىلىپ قالمىسۇن!

شاپتۇل"

"لەنتى ئالدامچى، — نارىمان ئەپەندى باشلانغۇچ مەكتەپ-
نىڭ يېڭى ئوقۇغۇچىسىنىڭكىدەك قوپال، قىڭغىر-قىيسىق يې-
زىلغان خەتكە بىگىزدەك، ياق، زەهەرلىك ئوقيادەك بەتلەنگەن
كۆزلىرىنى تىكىپ تۇرۇپ، خورسىنىپ ئويلىدى، كىمنى لەنە-
تى ئالدامچى دەۋاتقىنىنى شۇ تاپتا ئۆزىمۇ هېس قىلالمايتتى.
"S" نىمۇ ياكى "شاپتۇل"نىمۇ؟ يا بولمىسا هەر ئىككىسىنىمۇ؟
ئەلۋەتتە، ئالدى بىلەن ئۇ شۇ تاپتا ئاشخانا ئۆيدە نېمە تۇتۇپ،
نېمە قويغىنىنى بىلەلمەيلا قالغان، ئېرىدىكى غەلىتە، دەهشەت-
لىك ئۆزگىرىشتىن تېڭىرقاپ، چۆچۈپ ئېسىدىن كېتەيلا دېگەن
رەپىقىسىنى ئەيىبلەيتتى، — ۋاي پەس كۆڭۈل، تېخى قىزلار
ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئالتۇن مېداللىق ئوقۇغۇچىسىمىش، تۆھ-
پىسى گەۋدىلىك ئوقۇتقۇچىمىش! يازغان خېتىدىن قارىغاندا
ئىلگىرى-كېيىن بىر بەتبەشىرە ئالىقاپقا كۆڭۈل بېرىپتىكەن-

سەن-دە، ئىسسىت ئەقىدەم، يىگىتلىكىمنى ۋاپادارلىقنىڭ قۇربا-
نى قىلغىنىم، قارا تېخى "ئاچچىقى يامان" دەپ شەرتلىك بەلگە
قوشۇۋالغىنىنى ماڭا… سېنى قانداق رەسۋا قىلسام، نېمە كۆڭ-
لەرگە قويسام بولار-ھە؟ ياشىنىڭ بىر يەرگە بارغىنى، ئاتاق--
ئابروي، ئىدارە-قېرىنداش، قوشنا، بالا-ۋاقا، تېخى
نەۋرە! …"

ئىككى كۆن ئىلگىرى يېڭىلا يازلىق تەتىلگە چىققان سۇرەي-
يە ئۆي قاقتى. ئۆيدە ئىلمىي دوكلات يېزىۋاتقان نارىمان ئەپەندى
دائىمقىدەك ئايالىغا بىجانىدىل ياردەملەشتى. چوڭ ئوغلى ئالا-
ھىدەن ياسىتىپ بەرگەن تولىمۇ كۆركەم ۋە چوڭ كىتاب ئىشكا-
پى خېلىدىن بېرى پېشايۋاندا تۇراتتى. تۇرۇپلا نارىمان ئەپەندى-
نىڭ ئۆيىدىكى بارلىق كىتاب، گېزىت-ژۇرنال، ئىشقىلىپ،
قەغەز زاتىنى بىر يەرگە، يېڭى ئىشكاپقا جەم قىلغۇسى كېپقال-
دى. ئاپئاق ئاقارتىلغان يېزىق ئۆيگە يېڭى كىتاب ئىشكاپى
ئالاھىدە ھۆسىن قوشۇۋەتكەندى. ئۆيلەر ئاقارتىلغاننىڭ ئەتىسى
ئەتىگەندىن باشلاپ ئۇ ئىشقا تۇتۇش قىلدى. ھەممىسىنى، ئۆزد-
نىڭكىنىمۇ، سۇرەييەنىڭكىنىمۇ، باشقىلارنىمۇ، ئىشقىلىپ قە-
غەز ئەۋلادىنى بىر يەرگە دۆۋىلىدى. پۈتۈن بىر كۈن دېگۈدەك
ۋاقتىنى مەخسۇس قەغەز رەتلەشكە ئاجراتتى، كىتابلارنىڭ چوڭ-
لىرىنى بىرمۇبىر قاقتى، سۈرتتى، بىرمۇبىر ۋاراقلىدى، يەم-
لىدى، كېرەكسىزلىرىنى شاللىدى… توساتتىن ئاشۇ لەنىتى
مەكتۇپ ئەبگا كېپىنەكتەك ئۈچۈپ چىقىپ ئۇنىڭ ئالدىغا چۈش-
تى، بىر كىتابنىڭ قېتىدىن چىقىپ قالدى.

نارىمان ئەپەندى ھېلىقى لەنىتى مەكتۇپ ئۈچۈپ چىققان

كىتابنى شىرە ئۈستىدىن قولىغا ئېلىپ، ھەسرەت بىلەن قاراپ كەتتى. ھېلىقى كۈنى ئۇ جىنايەت يوشۇرغۇچى بولمىش مەزكۇر كىتابنى ئىسپات سۈپىتىدە بىر چەتكە ئايرىپ قويغاندى. «دوستلۇق، مۇھەببەت ۋە بۇرچ توغرىسىدا» دېگەن بۇ كىتاب ئۇنىڭغا شۇنچىلىك تونۇش، ياش نارىمان سۆيگۈگە، بەختكە ئىنتىلىپ تېپىچەكلىگەن يۈرىكىنى تىڭشىغان پېتى تالاي تۈنلەر بۇ كىتابنى قولىدىن چۈشۈرمەي ئوقۇغان، سۈرەتتە ئىسىملىك گۈل سۈپەت قىزغا يازغان قايناق مەكتۇپلىرىغا شۇ كىتابتىن ئۆتلۈق نەقىللەرنى ئالغان، نارىمان ئەپەندىنىڭ ياش كېزىدە بۇ كىتاب ۋە مۇشۇنداق بىر يۈرۈش چەت ئەل رومانلىرى يىگىت ۋە قىزلارنىڭ، توغرىسى ئەينى زاماندىكى ئۇيغۇر كىتابخانلىرىنىڭ مەنىۋى ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇراتتى. بىراق، بىراق دەل مۇشۇ كىتاب بۈگۈن ئۆزىنىڭ قېتىدا ۋاپاسىزلىقنىڭ شەرمەندە گۇۋاھچىسىنى ئىنچىل ساقلاپ كەپتۇ.

ئىشنىڭ تولىمۇ ئېھتىيات بىلەن ئېچىلدى. شىپىرلىغان ئاۋاز نارىمان ئەپەندىنى باش كۆتۈرگۈزدى. بوسۇغىدا ۋاقىتسىز سەمىرىپ كەتكەن، ئەمما ھۆسنى، تەققى-تۇرقىنى تېخىچە يوقاتمىغان، كەڭ-كەڭرى ئۆيئىچىلىك كىيىملىرى گۈزەللىكىنى يوشۇرالمىغان ئايال سۈرەتتە تۇراتتى.

ئايالنىڭ ئىسەنگىرىگەن ۋە تەپتارتقان چىرايى، كۆزلىرى ئىرىگە دەممۇدەم ئىلتىجالىق تىكىلەتتى، سوئال سورايتتى. نارىمان ئەپەندى ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم بۇ چىرايغا چۈمۈلە چاققاندەك سەسكىنىپ، ئاداۋەت بىلەن قارىدى، ياق، ئۇ سۈرەتتىگە شۇ تەقلىتتە يالت ئېتىپ بىرلا قارىدىيۇ، كۆزلىرىنى شۇ ھامان

ئاللىقاياققا ئەپقاچتى، ھومايدى.

— تاماق يەۋالامسىز؟

نارىمان ئەپەندى ئۆسكىلەڭ ساقاللىق يۈزىنى بۇرىدى، ئاڭ-قىرالمىغاندەك گۇدۇڭلىدى:

— نېمە؟ ... تاماق؟

— تاماق يېمىگىنىڭىزگە ئىككى كۈن بولدى، بىلەلمىدىم، مىجەزىڭىز يوقمۇ ياكى خىزمەتتە...

— مىجەزىڭىز؟ ... مەن تاماق يەيمەنمۇ تېخى؟ — نارىمان ئەپەندى بىردىنلا ئولتۇرغان ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى. بېشى پىررىدە قېيىپ، ئورۇندۇقنىڭ مەخمەل قاپلانغان يۆلەن-چۈكىنى چىڭ تۇتىۋالدى. كۆزلىرى بولسا قىنىدىن چىقىپ كەتكۈدەك چوڭ، غەزەپلىك ئېچىلغىنىچە ئۆنىگىسىزمۇ قورقۇپ كەتكەن ئايالىغا مىختەك قادالغانىدى. نارىمان ئەپەندى ياش يىگىتتەك ئىككىلا ئاتلاپ بوسۇغا تۈۋىگە كەلدى-دە، ئايالىنىڭ قولىدىن ئىتتەرگىنىچە تۆرگە، تامغا يۆلەپ قويۇلغان خۇرۇم كرېسلوغا ئېلىپ كېلىپ ئولتۇرغۇزدى، ئۆزىمۇ ھاسىرىغان پېتى جايىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئىشىكنى چىڭ يېپىپ، ئىل-گەكنى سېلىۋەتتى.

— ھىم، تاماق يەيمەنمۇ؟ سىزنىڭ... سېنىڭ قولۇڭدىن ھە؟ . . . — نارىمان ئەپەندى سەل تۇرىۋېلىپ، ئاۋازىدىكى ھاسى-راشنى شۇنداقلا ئۆزىدىكى جىددىيچىلىكنى سەل بېسىۋالدى، — قېرىغاندا نە ئات، نە نومۇس بۇ؟ باشقا ئامال يوق، بۇ ئىشنى ھازىرنىڭ ئۆزىدە مۇشۇنداق ئېنىقلىمىسام بولمايدۇ، — سۆز ئا-رىسىدا ئۇ قولىدىكى لەنىتى مەكتۇپنى، كىتابنى زەرب بىلەن

شىرەگە تاشلىدى. بولۇۋاتقان ئىشلاردىن سارااسىمىگە چۈشكەن، ئاپئاق تاتىرىپ، لاغىلداپ تىترەپ كەتكەن سۇرەييە ئېرىنىڭ كۆزىدىن نېمە قىلىشى كېرەكلىكىنى چۈشەندى. كرېسلودىن ئارانلا تۇرۇپ تىترىگەن قوللىرى بىلەن شىرەدىن خەت ۋە كىتاب-نى ئالدى، نارىمان ئەپەندى يەنە تاماكا تۇتاشتۇردى. كۆزلىرى يەر ئاستىدىن ھومىيىپ ئايالىنى تەقىپ قىلدى.

سۇرەييە ئالدى بىلەن كىتابنىڭ مۇقاۋىسىغا قارىدى، لاپپىدە ئېرىگە تىكىلدى. كەڭرى خالىتىنىڭ ئىچىدە كۆكرىكى بىر تەۋرىنىپ كەتتى. چىرايلىق كۆزلىرىنى خەتكە، سىپايە نارىمان ئەپەندىنى باشقىچە قىلىپ قويغان مەكتۇپقا يۆتكىدى. ئوقۇدى، ھېچنېمىنى چۈشەنمىگەندەك بېشىنى ئېغىتىپ قويۇپ يەنە ئوقۇدى. كۆزلىرىنىڭ قۇرلار بويلاپ يۈرگىنىنى بىلىپ تۇراتتى. كىتابقا ئىككىنچى قېتىم زەڭ سېلىپ قارىدى، خەتنى يەنە ئوقۇدى، ئاقارغان چىرايىغا ئاستا-ئاستا بىر ھاللىق، كېيىنچە قىزىللىق يۈگۈرمەكتە ئىدى. بۇلا ئەمەس، بىرخىل ئىستىھزالىق كۈلۈمسىرەشمۇ ئاق پىشماق يۈزىگە يېيىلىپ تارىدى. سۇرەييە كەينىگە شوخشۇپ جايىغا، كرېسلوغا ئولتۇردى. كۆزلىرىدە بىرخاتىرجەملىك ئەكس ئەتكىنىچە ئېرىگە قارىدى. بۇ ھالەت نارىمان ئەپەندىنى سەل تەمتىرەتتى-يۇ، بىراق ئاچچىقىنى باسالمىدى.

—خوش ...؟ — ئۇنىڭ ئاۋازى غەزەپلىك، خىرىلداپراق چىقتى.

سۇرەييە ئەمدى تامامەن بىرخىل خاتىرجەملىك ئىلكىدە نارىمان ئەپەندىگە، ئۆمۈرلۈك سادىق ھەمراھىغا قارىدى، كېيىن

خەت تۇتقان قولىنى سەل كۆتۈردى.
— مۇشۇ خەت تۇپەيلى… شۇنداقمۇ؟
نارىمان ئەپەندى ئايالىغا ھومىيىپ شۇنداقلا ھەيرانلىق بىلەن قارىدى.
— نېمە؟ 26 يىلدىن كېيىن مېنى تونۇيالمايۋاتامسىز؟…
— گەپ قىلمايسىزغۇ شاپتۇل؟
نارىمان ئەپەندى بوگەپنى ئاڭلاش بىلەن تەڭ سەۋەبسىز، تەكتىنى ئويلاپ يەتمەيلا ۋىللىدە بىر قىزاردى، قويۇق قاشلىرى تەئەججۇپتىن يۇقىرىغا كۆتۈرۈلدى. بىراق چىرايىدىكى ئاچچىق تېخىچە يېتمىگەنىدى. كاللىسىدا نەچچە خىل ئوي كەزدى.
— توۋا بۇ ئادەمنى، ئۆزى يازغان خەتنىمۇ تونۇيالمايۋاتىدىغۇ! يادىڭىزدىن چىقتىمۇ، ھېلىقى يازدا، ئاخشىمى «ئىشچىلار» كۈلۈبىدا «ئۈچ دېڭىزغا ساياھەت» دېگەن كىنونى كۆرۈپ قايتقىنىمىزدا مېنى بوزەك قىلمەن دېگەن ئىككى لۈكچەك بىلەن مۇشتلىشىپ ئوڭ قولىڭىزنى داكا بىلەن بوينىڭىزغا ئېسىۋىلىپ، بوۋاقنى پەپىلىگەندەك ئاۋايلاپ كۆتۈرۈپ يۈرگىنىڭىز، مېنىڭ چېقىشىپ، ئاغرىق قولىڭىزنى ئەتەي تارتىپ، مىجىپ، سىزنى زارلىتىپ ئوينىغانلىرىم؟
نارىمان ئەپەندى تولىمۇ ئۇزۇن يىللار ئىلگىرى، قايسىدۇر بىر مۇھەببەت ھېكايىسىدا مۇشۇنداق بىر سەۋەبلەرنى ئوقۇغاندەك ئىدى. قايسى كىتابتا؟… ئۇنىڭ ئىككى ياققا ئايرىلىپ تۇرغان قويۇق قاشلىرى بىرىيەرگە جەم بولدى. سۇرەييە كرېسلودا سەل ئالدىغا ئېڭىشكىنىچە ئولتۇرۇپ، ھەم تەئەددىيلىك كۆ-

لۇمسىرەش، ھەم ئىلتىجا بىلەن ئېرىگە نەزەر سالماقتا ئىدى. قولىدا سارغايغان، چۇرۇكلەشكەن. ئالىقانچىلىك مەكتۇپ، ھەم سۆيۈملۈك، ھەم لەنىتى مەكتۇپ!

— ئەسلىيەلمەيۋاتامسىز؟

26 يىل ئىلگىرىكى يېقىملىق، نازلىق، تىترەڭگۈ ئاۋاز نارىمان ئەپەندىنىڭ قۇلىقى تۈۋىدە يەنە جاراڭلىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن بىرقەۋەت نېپىز تۇمان پەردە كۆتۈرۈلگەندەك بولدى. قولىنى مەيدىسىگە ئېسىپ كۆتۈرۈۋالغان، كانىۋا ياقىلىق قىسقا يەڭ كۆڭلەك كىيگەن تىك، يىرىك چاچلىق بىر يىگىت كۆز ئالدىدا لىپ ئېتىپ ھۆسنىلەندى.

— ئېسىڭىزدىمۇ، قولىڭىز ئېسقلىق تۇرۇپمۇ ئاخشاملىرى بىزنىڭ باغقا ئارقا تامدىن ئاتلاپ كىرگىنىڭىز، تۇكلۇك شاپتۇلنى سويالماستىن، مەن سويۇپ بېرەي دېسەم پوچىلىق قىلىپ ئۇنىماي، ھەممە يېرىڭىزگە سۇۋاپ، ئېڭەك، مەڭزىلىرىڭىزنى شاپتۇل توزىڭى قىچىشتۇرۇپ جېنىڭىزنى ئالغىنى؟ شاڭخو قىلسام، ئەسكىلىك قىلىپ مېنىڭمۇ يۈزلىرىمنى......

سۇرەييە شىرىن ئەسلىمىلەر تۇپەيلىدىن ئۆتمۈش كۈنلىرىگە يانغاندەك ھاياجانلانغانىدى.

— شۇڭلاشقا مەن سىزنى ”شاپتۇل“ دەپ چاقىرىدىغان بولۇۋالغانتىم. شۇنداق دەپ چاقىرسام سىزمۇ گويا ئىسمىڭىزنى چاقىرغاندەك ”ھە“ دەيتتىڭىز، ئاشۇ خېتىڭىزدىمۇ...

نارىمان ئەپەندى ئايالىنىڭ قولىدىكى مەكتۇپقا قارىدى، تەسەۋۋۇرىدىكى جىمجىت بىردۇنيا رەڭگارەڭ مالىمان بولۇپ كەتتى. گۈزەل بىرقىز، پاكار-پاكار بويلۇق شاپتۇل دەرەخلى-

ـرى كۆزىگە كۆرۈندى. يوغلۇق، ناۋاتتەك شېرىن سۆلۈق شاپ-
تۇللارنىڭ تۈكى بويىنى، ئېگەكلىرىنى راستىنلا قىچىشتۇر-
غاندەك بىرقىمدىنىپ، تىنىۋالدى. شۇنداق ئىشلار راستىلا بو-
لۇپ ئۆتكەنمۇ-ھە؟ بولۇپ ئۆتكەندەك! خىيال قوچىقىدا ئېغىر
بەستى ئۆزلۈكىدىن لەسسىدە بىر كۆتۈرۈلۈپ تۆۋەن چۈشتى.
كۆڭلىدە يامراپ كېتىۋاتقان بىر يېنىكچىلىك تۈپەيلى ئەمدى ئۇ
ئۆزىدە بوشىشىش، ھارغىنلىق ھېس قىلماقتا ئىدى.

— بىراق بۇ خەت. . . — بۇ گەپ ئۇنىڭ ئاغزىدىن شۇنچە
تۇيۇقسىز، شۇنچىلىك تەبىئىي چىقىپ كەتتى. ئويلاپمۇ ئۈلگۈر-
مىگەنىدى.

— نېمىشقا سەت دېمەكچىمۇ سىز؟ — سورەييە دەررۇ ئېرى-
نىڭ ھېلىمۇ تەئەججۇپ ئالامەتلىرى ئۆچمىگەن كۆشلۈك يۈزىگە
قارىدى، — سول قولىڭىزدا يازغان خەت ئەمەسمۇ. كېيىن ئۆزى-
ڭىز شۇنداق دېمىگەنمىدىڭىز؟

توغرا، سول قولدا يېزىلغان خەت. نارىمان ئەپەندى ئاشۇ
ۋاقىتتىن كېيىن زادىلا سول قولدا خەت يېزىپ باقمىدى،
لېكىن شۇ تاپتا سول قولدا خەت يازسىمۇ ئىملاسى ئاشۇ مەك-
تۇپتىكى ئىملادىن بۆلجىمايتتى، تامامەن ئوخشاپ چىقاتتى.

نارىمان ئەپەندى ئېغىر بىر تىندى، يۈرىكىنى بېسىپ تۇر-
غان پاراكەندىچىلىك بىرمۇبىر يېشىلىۋاتقان تېپىشماقلار تۈپەيلى
بېسىقىغا چۈشۈۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغانسېرى، جاھان كۆز ئال-
دىدا بارا-بارا يورۇپ بېرىۋاتاتتى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇنىڭ تە-
پەككۇرىدىن تولا قىسىلىپ، يوغان ئېچىلمايدىغان بولۇپ قالغان
كۆزلىرىدە ھېلىھەم خىيال ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇراتتى، سەز-

گۇر ئايال بۇنى بايقاپ قالدى.

—يەنە سورايدىغىنىڭىز بارمىكەن؟ بولسا سوراڭ، كۆڭلىڭىزدە چىگىش قېپقالمىسۇن، بۇ ياشقا يەتكەندە...

—نېمە؟ —نارىمان ئەپەندى چۆچۈگەندەك ئايالغا قارىدى. قولىدىكى كىتاب ۋە مەكتۇپنى يېزىق شىرەسىنىڭ گىرۋىكىگە قويۇپ، ئالدىدا ئۆرە تۇرغان سۇرەييەنىڭ ئاۋازىدىن ئۇ بىرخىل تەئەددى ھەتتا مازاق شەپىسىنى بايقىغانىدى. بىراق كېلىشكەن، تولغان ئايالنىڭ كۆزلىرىدىن ئىللىق نۇر پارلاپ تۇراتتى. نارىمان ئەپەندى ئاخىر كۆڭلىدىكى ئاخىرقى تۈگۈن، ئاخىرقى سوئالنى ئېغىزىدىن چىقىرىۋەتتى:

—ھېلىقى... ھېلىقى ئاچچىقى يامان كىم ئىدى؟

بۇ سوئال، بۇ ئاۋاز شۇنچىلىك ساددا، بالىلارچە چىقتىكى، سۇرەييە چىن كۆڭلىدىن كۈلۈپ كەتتى.

—توۋا خۇدايىم، ھەي نارىمان، ھەي پروفېسسور ئەپەندى، راستلا كىچىك بالىكەنسىز، ياشلىقىڭىزدىكى ساددىلىقىڭىز تېخىچە قالماپتۇ. بىزنىڭ باغقا ئوغرىلىقچە چۈشۈپ، مېنى ساقلىغىنىڭىزدا كىم سىزنى ئوغرى دەپ تۇتۇۋالغانىدى؟ كىم بولغۇسى كۈيئوغلىنى ئەگمەچ ھاسا تاياق بىلەن ساۋىغىلى تاس قالغانىدى؟

توۋا، ئايال كىشىنىڭ خاتىرىسى ئەرلەرنىڭكىدىن كۈچلۈك بولىدۇ دېگەن گەپنى نارىمان ئەپەندى قەيەردە ئاڭلىغان، يا ئوقۇغانمىدۇ؟ ئۇنىڭ ئېسىگە قاشلىرى تىك-تىك ساڭگىلاپ تۇرغان، سەل دومچەك، ئاچچىقى يامان رەھمەتلىك قېيناتىسى كەلدى. بۇمۇ بىر چۆچەككىلا ئوخشايتتى.

ئەر-ئايال خېلىغىچە ئۆز خىياللىرى بىلەن جىم بولۇپ قېلىشتى. نارىمان ئەپەندى ئايالىنىڭ ئالدىدا ھەم خىجىللىقىنى، ھەم خۇرسەندچىلىكىنى ئىپادىلەشكە ئامالسىز قالدى. ئۇ بېشىنى شىرەدىن كۆتۈرمەي تۇرۇپ تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن مەكتۇپنى كىتاب قېتىغا، ئەسلىدىكى جايىغا سالدى. ئارىدىكى ئوڭايسىزلىقنى يەنىلا سۇرەييە ئوڭشىدى.

—تاماق سوۋۇپ كەتتىغۇ دەيمەن، قايتا ئىسسىتىدىغان بولدۇم-دە، يەۋېلىڭ، بولامدۇ؟

نارىمان ئەپەندى يا ھە، يا ياق دەپ ئېغىز ئاچمىدى، پەقەت شاھادەت بارمىقى بىلەن يېزىق شىرەسىنىلا كۆرسەتتى. 26 يىللىق قەدىناس بۇ ئىشلارنىڭ مەنىسىنى چۈشەندى.

# نېرۋىسى ئاجىز كىشى

قىرىق ياشلار چامىسىدىكى تولىمۇ قاتاڭغۇر بۇ ئادەم دوختۇرنىڭ ئالدىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇردى-دە، ”نېمە بولدىڭىز؟“ دېگەن بىرلا سوئالغا جاۋابەن يېرىم سائەتتىن ئارتۇق سۆزلەپ كەتتى. ئەپتىدىن ئۇنچىۋالا ئالدىراقسان ئەمەسلىكى بىلىنىپ تۇرىدىغان تاقىرباش دوختۇرمۇ ئاخىر چىدىيالمىدى-دە، كېسەلنىڭ گېپىنى كەستى:

—توختىڭا، بولدى، چۈشىنىشلىك. سىز دېگەن بۇ ئالامەتلەرنىڭ ھەممىسىنى بىر ئېغىز سۆزگىلا يىغىنچاقلاشقا بولىـ

دۇ: نېرۋا ئاجىزلىق!

— شۇ ئەمەسمۇ، — دېدى كېسەل تولا گەپتىن ھېرىققاندەك ئۆزىنى سەل كەينىگە تاشلاپ، كۆزلىرىنى قىسىيا ئېچىپ تۇرۇپ، — مانا قارىمامسىز، دوختۇرغا قاتىراۋېرىپ، كېسەل تارىخىممۇ توقۇم بولۇپ كەتتى، لۇغەتتەك بولۇپ كەتتى...

كېسەل ئالدىغا تاشلاپ قويغان «لۇغەت»نى قولىغا ئالغان دوختۇر كۆزەينىكىنىڭ تۆپىسىدىن كۆزلىرىنى قىسىشتۇرۇپ، ئۇزاققىچە ۋاراقلاپ كۆردى. ئاخىر «لۇغەت»نى ياپتى-دە، ئۇستەل تۆپىسىگە قويۇپ ئۇستىدىن ئالىقىنى بىلەن «پاققىدە» بىرنى ئۇردى.

— بار دورىلارنىڭ ھەرقاندىقىنى ئىچىپ ئۇلگۇرۇپسىز، سىزچۇ، دورىغىلا، دوختۇرغىلا تايىنىۋالماڭ، نېرۋا ئاجىزلىقىنى داۋالاش ئاساسەن كېسەلنىڭ ئۆزىگىمۇ باغلىق. دورا دېگەن قوشۇمچە...

— بۇ گەپلەرنى تولا ئاڭلاپ زېرىكىپ كەتكەنمەن، — دېدى كېسەل تېرىكىپ، ئۇنىڭ كۆزلىرى ياۋايى مۈشۈكنىڭ كۆزىدەك ۋالىلداپ كەتتى، — مەن ئىچكۈدەك يېڭى دورىلار كەلمىدىمۇ؟ شۇنى دەڭا؟

دوختۇر كۆزەينەك ئۇستىدىن ئۇنىڭغا قارىدى. بۇ قاراشتا «ھەي سېنى... ئامال بارمۇ؟!» دېگەندەك مەنە بار ئىدى.

— دوختۇرنىڭ مەسلىھەتى سىزگە زىيان قىلمايدۇ. ئاۋۋال گەپنى ئاڭلاڭ، — دېدى ئۇ سەۋرچانلىق بىلەن، كېيىن بىردىنلا سوراپ قالدى، — خوش، نەدە ئىشلەيمەن دېدىڭىز؟

— سودا ئىدارىسىدا!

— نېمە ئىش قىلىسىز؟

— 20 يىل بولدى، تىكىپ-سۆكەرلىك قىلىمەن، — كېسەلنىڭ كۆزلىرى يەنە چاقناپ كەتتى، ئۆزى جايىدا ژۇلقۇن-دى، — تۇنۇگۈن خىزمەتكە كىرگەن تولۇق سويمىلار باشلىقىم... بىلدىڭىزما؟ ھىم، تېخى كېسەل ئۆزىنى ئۆزى ساقايتارمىش!

— ئەنە قاراڭ، شۇنداق بىكاردىن-بىكارغا چېچىلىسىڭىز قان-داق ساقىيىسىز؟ سىزچۇ...

— سادىغاڭ كېتەي قېرىنداشىم، سىز دەيدىغان گەپنىڭ ھەممىسىنى ئۆزەم بىلىمەن. ئەسكى مىجەزىمنىمۇ بىلىمەن، شۇ مەسلىھەتلەرگە ئەمەل قىلالمايمەن. ئىچىم كۆچلۈك، ئىچىم! يېڭى دورا كەلگەن بولسا يېزىپ بېرىڭا!

دوختۇر قاتتىق بىر تىندى. ئىككى قولىنى قوشلاپ ئۈس-تەل ئۈستىگە قويۇپ، بېشىنى چەتكە بۇرىدى. شۇ تەرىقىدە خېلىغىچە جىم ئولتۇردى. كېيىن ئاستا ئوڭ قولىنىڭ ئىككى بارمىقى بىلەن قاڭشىرىنى چىمدىدى-دە، بىردىنلا كېسەلگە يۈز-لەندى.

— يېڭىدىن بىرخىل دورا كەلدى.

— ھە، ھە؟ — كېسەل كىشى خۇددى ”مەشۇقىڭىز كەلدى“ دېگەن گەپنى ئاڭلىغان ئاشىقتەك ئالدىغا تاشلاندى، ئاستىدىكى ئورۇندۇق غىچىرلاپ كەتتى، — شۇنىڭدىن، شۇنىڭدىن... شاققىدەملا يېزىۋېتىڭا!

— توختاپ تۇرۇڭ، بۇ دورىنىڭ ئىسمى ”چاڭشۇ بۇجىڭ“، ”چاڭشۇ“ دېگىنى ئۇزۇن ئۆمۈر دېگەن گەپ، ”بۇجىڭ“ دېگەندى-كى ”بۇ“ تولۇقلاش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ، يەنى...

— بولدى-بولدى. غاچچىدىلا يېزىۋېتىڭلا! تۈگەپ كەتمىسۇن يەنە، مەن سىلەرنىڭ دورىچىلىرىڭلارنى بىلمەنچۇ، چىشى قېرىشسىلا بار دورىنىمۇ يوق دەيدۇ، — ئۇ تىتىلداپ سۆزلىدى.

— يوقسۇ، ئۇنداق دېمەيدۇ. سىز باشتا گەپنى ئاڭلاڭ. بۇ دورىنىڭ تەپسىلاتىنى ياخشىراق ئۇقۇۋېلىڭ. سۇيۇق يۆتەل دورىسىنى ئىچكەنمۇسىز؟ ھە، قىيامدەك؟ ھە-ھە، ئۆزى خۇددى شۇنداق قارامتۇل قىيام. ئالامەت تاتلىق!···يەنە···بوتۇلكىنىڭ سىرتىدا ئاپئاق ساقال بوۋاينىڭ سۈرىتى بار.

— ئاپلا، بولدى ئۇقتۇم. ئىچكەن ئادەم شۇ بوۋايدەك قېرىيدۇ، دەپتۇ. قېنى جىقراق يېزىۋېتىڭلا!

— بولىدۇ، — دوختۇر قەلىمىنى قولىغا ئېلىپ، ئالدىدىكى رېتسېپنى يېقىنراق تارتتى. كېيىن يېزىشتىن توختاپ كېسەلگە قارىدى، — ئەمما، دەپ قوياي، قىممەت دورا جۇمۇ بۇ.

— ئاپلا، دېدىمغۇ، پۇلدا كېرەك يوق، جان ساقايسا بولدى دەپ. سىز باشتا يازمامسىز، بولسا 7-8 كوروپكا يېزىپ بېرىڭ!

— بولىدۇ، ئۇنداق يېرى بولسا چاتاق يوق. مانا تۇتۇڭ. بەش قۇتا يېزىپ بەردىم، بولامدۇ؟

— رەھمەت سىزگە قېرىندىشىم، رەھمەت، — كېسەل ئورنىدىن لىككىدە تۇرۇپ، دوختۇرنى سۆيۈۋالىدىغاندەك ئېڭىشتى. كۆزلىرى خۇش خۇيلۇقتىن لامپۇچكىدەك چاقنايتتى، — مانا ئەمدى ساقايغاندەك بولدۇم، دوختۇرنىڭ يازغىنىغا ئاپتىكار غىڭ دېيەلمەيدۇغۇ، نېمىدا، ئاپئاق ساقال بوۋاينىڭ سۈرىتى باردېدىڭىزما؟ — كېسەل سۆزلەپ تۇرۇپ، چۆرگىلىگەن پېتى چىقىپ

كەتتى. دوختۇر ئۇنىڭ ئارقىسىدىن مەنىسىنى بىلىۋالغۇسىز تەبەسسۇم قىلدى-دە، باياتىن نۆۋەت كۈتۈپ ئولتۇرۇشقان باشقا كېسەللەرگە قارىدى... ئۇ تېخى نۆۋەتتىكى بىر كېسەلنى يولغا سالمىغانىدى، بايىقى كىشى قانداق چىقىپ كەتكەن بولسا، شۇن-داق پىرقىراپ ئىشىكتىن سۆزلەپلا كىردى.

—ئوقەتكەندە بۇ، ئاتەش ئوقەتكەندە بۇ...، —دوختۇر كې-سەل كۆرۈشنى توختىتىپ قويۇپ، گەپ قىلغۇچىغا قارىدى. ئاڭغىچە بايىقى كېسەل قولىدىكى رېتسېپنى دوختۇرغا قارىتىپ قارچىغىدەك لەيلىتىپ ئاتتى.

—سىز مېنى نېمە بولسۇن دېۋىدىڭىز؟

—نېمە بولدى؟ —دوختۇر ئۆزى يازغان رېتسېپنى ھاۋادىن تۇتۇۋېلىپ، چۈشىنەلمەي سورىدى، —دورا تۆگەپتىمۇ؟

—تۈگەپتىمۇ؟ !...ۋاگونىسى بىلەن تۇرىدۇ تېخى.

—ئەمىسە نېمە ئىش بولدى؟ ئالمايدىغان بولۇپ قالدىڭىز-مۇ؟

—قانداق ئالالايمەن؟ —كېسەل تېرىكىپ قوللىرىنى شىل-تىپ ئالدىغىراق دېۋەيلەپ كەلدى. كۆزلىرى كۈنگە قارانقان ئەينەكتەك پارقىراپ كەتتى، —قانداق ئالالايمەن، دەپ بېقىڭا؟

—زادى نېمە گەپ؟ —دوختۇر كۆزىدىن ئەينىكىنى ئېلىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. كېسەل سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — قالتىس دورىمىش، داۋالاش كىنىشكىسى ئىشلىمەسمىش، نەق پۇل كېتەرمىش. بەش بوتۇلكىغا قىرىق ئۈچ كوي ئالارمىش... ھەر قايسىڭىزە مېنى بىراقلا كوچىغا چىقىپ كەتسۇن دېيىشىۋا-تىڭما؟ مەن دېگەن دۆلەت كادىرى، كېسىلىمگە دۆلەت ئىگە... دۆلەت!...

# "يۆتكەيمىز"

ھەر دائىم خىزمەت يۆتكەش ھەققىدە پاراڭ بولسا "يۆتكەي-
مىز" دېگەن سۆز دەررۇ يادىمغا كېلىدۇ ۋە ماڭا مۇنداق بىر
ئىشنى ئەسلىتىدۇ.

يېڭىدىن ئۆيلەنگەن يىللىرىم ئىدى. خوتۇنۇمنىڭ خىزمىتى
ناھىيىدە بولغاچقا، ئۆيدە قېرىپ قالغان ئانامنىڭ قولىنى قازان
بېشىدىن بىكار قىلىدىغان ئادەم يوق ئىدى. شۇ ئانامغا بەش كۈن
بولسىمۇ كېلىن راھىتى كۆرسىتىش ئۈچۈن، خوتۇنۇمنىڭ يۆت-
كىلىش ئىشىغا قاترىماي بولمىدى. مەن شۇ چاغلاردا رەسمىيلە-
شىپ قالغان ۋە بارغانسېرى ئەۋجىگە چىقىۋاتقان "مۇناسىۋەتشۇ-
ناسلىق قائىدىلىرى"نى بەجا كەلتۈرۈپ، شەھەردىكى خېلىلا ئوب-
دان ئىدارىلەرنىڭ بىرىگە دەسلەپكى قەدەمدە "قۇلاق چىشلىتىپ"
قويدۇم.

ئەنە شۇنداق ئۈمىدلىنىپ تۇرغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۆلۈم-
دە ئىشلەپ ئولتۇراتتىم. قوشنا بۆلۈمدىكى ئۆزىنى ماڭا تولىمۇ
يېقىن تۇتۇپ يۈرىدىغان بوغالتىر ئىدرىس مەدداھ (كەچۈرۈسى-
لەر، ئۇنى شۇنداق ئاتىمىسا باشقىلار تونۇمايدىكەن) كىرىپ
كەلدى. ئۈكىرگەندىن كېيىن ئەلۋەتتە قەلەم ھاردۇق ئېلىپ
خىزمەت قۇلاققا ئۆتىدۇ-دە، مەن چەتتىكى «قىزىل تاغ» تاماكى-

سى بىلەن سەرەڭگە ياتقان تارتمىنى ئاچتىم. ئىدرىس گەپكە چۈشتى...

— خوتۇنۇڭنى يۆتكەش ئىشى قانداق بولىۋاتىدۇ؟ — دەپ سوراپ قالدى گەپ ئارىسىدا ئىدرىس مەدداھ.

— ئەمدى... — مەن ھەجىلىدىم، — ئەمدى بىرنەرسە قىلار-مىز...

— ھەببەللى، مانا بۇ جايىدا، زادى ئاداش، خوتۇنۇڭنى شەھەرگە يۆتكەيمىز. موماي بايقۇش بىر خۇشال بولسۇن. يولى-نى مېڭىۋاتامسەن؟

— ئانچە-مۇنچە.

— ياخشى قىپسەن، يۆتكەيمىز. نەگە قارماق تاشلاۋاتىسەن؟

— ھېلىقى... ھېلىقى x x ئىدارىسىغا.

— پاھ! پەيزىلىك بارجۇمۇ ئاداش، قالتىس ئىدارە ئۇ، قايسى كەسىپكە ئالىدىكەن؟

— خەنزۇچىنى بىلەمدۇ دېگەنتى، ھەئە دېدىم. ئۇلارغا بىر تەرجىمان كېرەككەن.

— ئاپىرىن! — ئىدرىس مەدداھ ئۇستەل گىرۋىكىگە ئالقىنى بىلەن پاققىدە بىرنى قويدى، — ئۆزەڭ چىلىك نېمە جۇمۇ. مانا بىزنىڭ ئۆيدىكىلەرمۇ x x زاۋۇتتا تەرجىمانلىق قىلىۋاتامدۇ. بىراق ئۇنىڭ زاۋۇتى قاملاشمىغان بىر زاۋۇت، ھەم ئۆيگە يى-راق، ھەم ئىشى ئېغىر. تېخى بەزىدە سېختىمۇ ئىشلەيدىغ-ان گەپ... ئىشقىلىپ ساڭا ئامەت كېلىۋېتىپتۇ. زادى قانداقلا خىزمەت بولسۇن، خوتۇنۇڭنى شەھەرگە يۆتكىۋالغىنىڭ ياخشى، خۇدايىم بۇيرىسا يۆتكەيمىز...

— ئاداش، بۇ گەپلەر باشقا بىر يەردە ئاغزىڭدىن چىقىپ كەتمىسۇن جۇمۇ، — دېدىم مەن ئايالىمنىڭ "باشقىلارغا تولا داۋ-راڭ قىلىپ يۈرمەڭ" دەپ تاپىلىغان پارىڭى يادىمغا چۈشۈپ، — تېخى پىشمىغان ئىش، كېيىن ئەپلەشمەي قالسا سەت بولىدۇ. يەنە بىر يېرى، دۈشمەن ئاڭلىشىپ كەتمىسۇن دەيمەندە.

— ۋاي-ۋۇي، ماڭا ئىشەنمەيۋاتامسەن؟ ھەي... — ئىدرىس مەدداھ ئۇستىلىنى ئىككىنچى قېتىم ئۇردى، — ئەل-ئاغىنىلەرنى دەپ يۈرگەن ئادەم جۇمۇ بىز. ساڭا باياتىن دېمىدىمۇ، ئۇ x ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بىلەن كۆڭۈلمىز يېقىن. بىلدى-سەنغۇ، ھېلىقى سەلەي دارازىنى؟

— ھە، ھەراست، ئۇنىڭ بىلەن خېلى ئۇلپەتچىلىكىڭ بار-غۇ؟ — ئىدرىسنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، كۆڭلۈم گۆھەر تېپىۋالغان-دەك سۆيۈنۈپ كەتتى، — ئېپى كەلگەندە سەنمۇ شۇ ئادەمگە ئىك-كى ئېغىز پاراڭ قىلىپ قويە ئاداش.

— ما گەپنى قىلمامسەن، — دېدى ئىدرىس مەدداھ ئالىقىنى-نى ھاۋادا چەيدوچىلاپ ئوينىتىپ، — ئاغىنىمىزنىڭ ئىشى ئۈ-چۈن ئىككى ئېغىز گەپ ئەمەس، بىرەر قوي سويۇپ مەشرەپ بېرىپ بولسىمۇ، ھەر قاندىقىنى ئىندەككە كەلتۈرىمىز. غەم قىلما ئاداش، نىساگۈلنى جەزمەن يۆتكەيمىز.

مەن تىترەپ تۇرغان قوللىرىم بىلەن ئۇنىڭغا «قىزىل تاغ» دىن يەنە بىرنى تۇتتۇم.

شۇ ئىشتىن بىرەر ھەپتىچە ئۆتۈپ، ئىدارىنىڭ يىللىق خۇلاسىسىنى باشلىقا تەييارلاپ بېرىش ئۈچۈن ئۈچ كۈنگىچە ئۆيدە ئىشلىدىم. ئۈچىنچى كۈنى كەچقۇرۇن تاماق يەۋاتسام،

دەرۋازا ئەنسىز قېقىلدى. دەرۋازىنى ئاچسام، ئىككى قولىنى شىمىنىڭ يانچۇقلىرىغا سېلىپ، ئىدرىس مەدداھ ھىجىيىپ تۇ-رۇپتۇ. ئۇنىڭ قولتۇقىغا بىرنەچچە پارچە خەت ۋە تورتەكلىك ژۇرنال قىستۇرۇقلۇق ئىدى.

—يوقاپ كەتتىڭغۇ؟ پوچتىدىن ما بىرنېمىلىرىڭ كەپتى-كەن، ئالغاچ كەلدىم،—ئۇ ئۆيگە كىرىۋېتىپ، قولتۇقىدىكى نەرسىلەرنى ئېلىپ ماڭا ئۇزاتتى. ھەممە خەتلەرنىڭ ئاغزى دې-گىدەك ئېچىلغانىدى. تېنىم ۋۇژژىدە بوغنۇقتى، بىراق گەپ قىلمىدىم. چۈنكى ھازىر ئۇ ماڭا مېھمان-دە.

چايدىن كېيىن ئاپامغا ئىدرىسنى ”نىساگۈلنىڭ يۈتكىلىشى-گە يول مېڭىۋاتقان ئاغىنەم“دەپ كۆپتۈرۈپ تونۇشتۇردۇم-دە، ئىككى تەخسە سەي قورۇتتۇم. ئادەتتىكى چاغلاردا ئانام هاراق-نىڭ زاكۇسكىسىنى قورۇپ بېرىشكە قەتئىي قارشى ئىدى. ئەمما بۈگۈنكى سەينى نېمىشقىدۇر ئۇنچىقماستىنلا، ھەتتا خېلى قىزغىنلىق بىلەن قورۇپ بەردى. سەي ئۈستەلگە كەلگەندىن كېيىن، «ئىلى ئالىي سورتلۇقى»دىن بىر بوتۇلكا ئىكلەپ قو-يۇپ پاراڭغا چۈشتۇق.

ئىدرىس مەدداھ بىر تەرەپتىن ئىچىپ، بىر تەرەپتىن سۆز-لەپ خېلىلا قىزىدى. مەن بەكمۇ تەسلىكتە بىر ئېغىز گەپكە پۇرسەت تاپتىم.

—راست، ھېلىقى سەلەي باشلىقنى كۆرەلىدىڭمۇ؟—دېدىم ئۈمىدلىك كۆزلىرىمنى ئۇنىڭغا تىكىپ.

—مەنمۇ ئەسلى شۇ ئىش بىلەن كەلگەنتىم ئاداش،—ئىدرىس مەدداھ قىزارغان كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ ھىجايدى،

— كۆرەلىدىغىمۇ دەمسىنا، سەن ئۇچۇن ئۇ دارازىنى ئىزدەپ بارىمىز ئاداش، ئىش كۆڭۈلدىكىدەك بولۇۋاتىدۇ. يۆتكەيمىز!

— ئاغزىڭغا ناۋات، ياق هاراق! — دېدىم مەن چاقچاق قى- لىپ، ئارقىدىنلا بىر رومكىنى بېلىق كۆزى قىلىپ تولدۇر- دۇم، — ئاچچىقىنى ئۆزەم ئىچىمەن ئاداش، تاتلىقى ساڭا خوش كەتتى.

— چاتاق يوق، ئىچىمىز! — ئىدرىس مەدداھ رومكىدا يېرىم قالغان هاراقنى غورتتىدە يۇتۇۋەتتى ۋە چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ، چوكىغا قول ئۇزاتتى.

— بۇ گەپچە بۇگۇن ماڭا سەلەي باشلىقتىن خۇش خەۋەر ئەكەپسەن-دە، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا تەلمۈرۈپ قاراپ.

— شۇنداق دېسەڭمۇ بولۇۋېرىدۇ، — ئىدرىس مەدداھ ئاغزى- دىكى گۆشنى ماچىلدىتىپ چايناپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى، — ئۇ ئادەم باشقا خىزمەتنى تۇتىدىكەن، شۇڭا بەزى ئىشلارنى ئېنىق ئۇقۇپ كەلگىن، مەن سۈرۈشتۈرۈپ باقاي دېگەنتى……

ئىشنى كىمدىن ئۇققانلىقىم، ئاساسىي شەرتلىرى نېمە ئى- كەنلىكى، مېنىڭ كىملەرنى ئىزدەپ يول ماڭغانلىقىم، ئۇلار- نىڭ هازىرچە بەرگەن جاۋابى نېمە بولغانلىقى هەققىدە تەپسىلىي سورىدى. مەن ئىچكۆيەر ئاغىنەمنىڭ ماڭا شۇنچىلىك كۆڭۈل بۆلۈۋاتقانلىقىدىن خۇشاللىنىپ، سورىغانلىرىغا ئەستايىدىل، تولۇق جاۋاب بەردىم.

— ئاز قالدى ئاداش، يۆتكەيمىز، — دېدى ئۇ كېتىش ئالدىدا خۇش خۇيلۇق بىلەن، — خوتۇنۇڭنى يۆتكىۋالساق خاتىرجەم بو- لاتتۇق… زادى يۆتكەيمىز.

مۇشۇنداق ئېسىل ئاغىنەمگە قانچە قىلسامۇ ئازلىق قىلـ
مامدۇ؟ مەن ئۇنى قوندۇرۇپ قالالمىغاندىن كېيىن، كۆزۈم
قىيالماي، مەھەللە دوقمۇشىغىچە ئۇزىتىپ قويدۇم.

ۋاقىت خەقلەرنىڭ دېگىنىدەك سۇدەك ئېقىپ ئۆتۈۋەردى،
بىراق مەن خوتۇنۇمنىڭ خىزمىتىنى يۆتكەش كويىدا بولغاچقا،
ئۇنىڭ تېزرەك ھەل بولۇشىنى كۈتۈپ، كۈن، ھەپتە ساناپ
تولغىناتتىم. تۇيۇقسىز بىر ئايدىن كېيىنكى بىر يەكشەنبە كۈنى
ناھىيىدىن شەنبىلەپ كەلگەن خوتۇنۇم نىساگۇل بازاردىن ئۆڭـ
ىلى يوق ھالدا قايتىپ كەلدى:

— ھۇي، بىر گەپنى ئۇقتىڭىزمۇ؟

— نېمە گەپنى؟

— نېمە دېگەن بىپەرۋا، سىز مېنى يۆتكەيمەن دەپ يۈرگەن
يېرىڭىزگە خەق يۆتكىلىپ بوپتىغۇ؟

يۈرىكىم ”قارت“لا قىلىپ قالدى.

— كىم... كىم يۆتكىلىپتۇ؟

— ھېلىقى، سىلەرنىڭ ئىدارىدىكى ئىدرىس مەدداھ دەمدۇ،
ھە، شۇنىڭ ئايالى...

— نېمە؟ — مەن قاتتىق ۋارقىرىۋەتتىم، خوتۇنۇم چۆچۈپ
كەينىگە داجىدى، — بۇ يالغان گەپ!

— يالغان دەۋاتقىنىنى، ھە، سىز شۇ ”يالغان گەپ“ بىلەن
يۈرىۋېرىڭ!

— سەن نەدىن ئۇقتۇڭ؟ — مەن خوتۇنۇمنىڭ بىلىكىدىن تۇ-
تۇپ سىلكىدىم.

— ئاشۇ ئىدارىدىكى قەمەرچۇ، بىزنىڭ ئىدارىغا بىر تەرجىـ

ـمان ئالىمىز دەپ يۈرىدۇ، يول مېڭىپ بېقىڭلاردەپ مەسلىھەت بەرگەن، كېيىن ئىككىمىزنى ھېلىقى ھىجاق ئىشخانا مۇدىرى-نىڭكىگە باشلاپ بارغان دوستۇم…
بىرسى پىرقىرىتىپ قويۇۋەتكەندەك گاڭگىراپلا قالدىم، تۇيۇقسىز قۇلىقىم تۇۋىدە ”يۈتكەيمىز“ دېگەن سادا جاراڭلىغان-دەك بولدى… نېمىشقىدۇر خوتۇنۇمنىڭ كۆزىگە قاراشتىن ئەي-مىنىپ، ئىتتىك سىرتقا چىقىپ كەتتىم.
شۇ كۈنى كېچە ماڭا ئۇيقۇ ھارام بولدى. ئەتىسى ئىدارىغا بېرىپ، ئىدرىس مەدداھنىڭ بۆلۈمىگە قارىسام، تېخى ئېچىلماپ-تۇ. بەشىنچى قېتىم چىققىنىمدا، ئۇ ئەمدىلا كېلىپ ئۈستەل تۈپىسىدىكى گېزىتلەرنى ئۆرۈپ-چۆرۈۋاتقانىكەن.
— كەل ئاداش، يەكشەنبەنىڭ پەيزى ئۆتتىمۇ، مەست بولۇپ باققانسەن؟ — دېدى ئۇ دەررۇ ھىجايغىنىچە. مەن بولسام غەزەپ-لىنىك تىترىكىمنى كۈچ بىلەن بېسىپ، كۆزلىرىمنى ئۇنىڭغا مىختەك قادىدىم.
— سەلەي جۇجاڭنى كۆردۈڭمۇ، بىزنىڭ ئۆيدىكىلەرنىڭ ئىشى قانداق بولۇۋېتىپتۇ؟
— ئۇ ئىدارىغا… — ئىدرىس مەدداھ سەل تەمتىرىگەندەك قىلدىيۇ، ئۆزىنى تۇتۇۋالدى، — ئۇ يەرگە بىرسى يۆتكىلىپتۇ-دەكقۇ؟ …
— خوتۇنۇڭمۇ؟ — دېدىم مەن بىر قەدەم ئالدىغا مېڭىپ. ئىدرىس مەدداھ چىرايىغا كۈلكىنى ئەلۋەك يۇگۇرتۇپ ئور-نىدىن تۇردى، بىراق كۆزلىرىنى ھەدەپ مەندىن ئەپقاچاتتى.
— خوتۇنۇڭنىڭ ئىشىنى كۆڭۈلدىكىدەك ئەپلەشتۈرۈپ كې-

لىۋىدىم، بىراق،... بىراق... ئولتۇرغىنىا ئاداش، نېمانچە ئالدى-
رايسەن؟ يۆتكەيمىز...يۇرە، ماۋۇ xxx ئىدارىسىنىڭ باشلىقى
نۇردۇنكامنىڭ يېنىغا چىقىپ باقايلى. كاسسىرلىقتا بىر ئادەم
كېرەك دېگەندەك قىلىۋاتاتتى... كاسسىرلىق دېگەن قالتىس
يېنىك ئىش، ئەپلىشىپ قالسا شۇيەرگە گاچچىدە يۆتكەيمىز.
ئادەم ياراپ قالسا، نۇردۇنكام ئۆزى يول ماڭىدۇ. ئاندىن كې-
يىن، شەھەر باشلىقىنىڭ بىزگە شىرەم تۇغقان كېلىدىغانلىقى-
نىمۇ بىلىسەنغۇ؟ يۆتكەيمىز!...

................................

مېنىڭ سىزلەرگە تەقدىم قىلغان يېڭى ھېكايەم مانا شۇ.
ئاچچىقىم تېخىچە يانمىغاچقا، ياخشىراق سۆزلەپ بېرەلمىدىمغۇ
دەيمەن. بىراق ئىشىنىمەنكى، ئاراڭلاردا خوتۇنىنى يۆتكىمەكچى
بولۇپ يۈرگەنلەر بولسا، بۇ ھېكايە ئۇلار ئۈچۈن ئەقىل، سا-
ۋاق، تەجرىبە بولۇپ قالار.

## سۈرەتنى تەقدىم قىلدى

ئۆمرىگە كېلىپ بىر-بىرىنى كۆرۈپ باقمىغان بۇ ئىككى
يىگىت ئۆزئارا تونۇشۇپ بىرەر سائەت ئۆتمەيلا "قىيامەتلىك"
ئاغىنىلەردەك بولۇپ كېتىشتى.

تونۇشۇش جەريانى ناھايىتى ئاددىي بولدى. يىگىت ئا ئىس-
سىقتا تەرلەپ-پىشىپ كېلىپ، دوقمۇشتىكى سالقىن پىۋىخانىغا

ئۆزىنى پەرۋانىدەك ئۇردى. ئۇ زەي پۇراپ تۇرغان، سەل گىـ
رىمسەنرەك پىۋىخانىغا كىرگىنىدە پەقەت بىرلا خىرىدار—ياش
قۇرامى، بوي-تۇرقى ئۆزى بىلەن تەڭ ھەتتا كىيىنىشلىرىگىچە
ئۆزىگە خىلىلا ئوخشاپ كىتىدىغان، نوچى سۇپەت، دوغىلاق
يىگىت ب مۇزدەك پىۋىنى دەممۇدەم يۇتقاچ، زەي يەرگە چىرتىلـ
دىتىپ تۇكۇرۇپ ئولتۇراتتى. يىگىت ئا ئىشىكتىن كىرىپ
پىۋىچىغا ئىككى بوتۇلكا پىۋا كەلتۇرۇشنى بۇيرۇۋەتكەندىن كىـ
يىن، نىرىدىكى ئۇستەلگە جايلاشتى. شۇ ئارىلىقتا ئۇ ئۆزىگە
لەپپىدە قارىغان يىگىت ب بىلەن ئىرەنسىزلا باش ئىرغىتىشىپ
سالاملىشىۋالدى.

—سەرەڭگەڭلار بارمۇ ئاداش؟

يىگىت ئا تىنماي كۆتۇرۇۋەتكەن بىرىنچى ئاپقۇر پىۋىنىڭ
ئاچچىق بۇسىنى ئاغزىدىن ياندۇرۇپ ئولتۇرغىنىدا، قۇلىقىغا
ئىشىتىلگەن بۇ قوپالغىنا ئاۋازغا دەررۇ ئىنكاس قايتۇردى ۋە
يانچۇقىدىن سەرەڭگىنى ئىلىپ، ئۆزىگە سۇنۇلغان. سىرىقداپ
كەتكەن يىرىك بارماقلارغا ئۇزاتتى.

—قالتىس ئىسىدىن جۇمۇ، —دىدى يىگىت ب ئۆزىنى يەلـ
پۇپ ئولتۇرغان يىگىت ئا غا سەرەڭگىنى ئۇزاتقاچ.

—ۋا، بىر دىمەڭلەر، —دىدى يىگىت ئامۇ دەرھاللا، —مانا
ھىلىتىن ئىككىنى قۇرۇقدىۋەتتىم، پەقەتلا قاناي دىمەيمىنا.

—ئۆزىغۇ قالتىس پىۋىكەن ھە، مۇزدەك، ...—دىدى يىـ
گىت ب ئاغزىدىن كۆكۇچ تۇتۇننى پۇرقىرىتىپ تۇرۇپ، —
مۇشۇنداق پىۋا بىلەن ئىككى-تۆت سەر ئاق ئىچسە...

—مەنمۇ شۇنى ئويلىۋىدىم، قارىسام يالغۇز كەنمەن...—

يىگىت ئا سۆھبەتدىشىنىڭ گېپىگە دەررۇ پاس چىقاردى.

كېيىن… كېيىن بەش مىنۇت ئۆتمەيلا "نېمىسچە راسچوت" ئاساسىدا تەييارلانغان ئىككى كىشىلىك هاراق زىياپىتى باشلاندى. ئىككى يىگىت دەم ئاق هاراق ئوتلىشىپ، دەم مۇزدەك پىۋىدىن سۇمۇرۇشۇپ… ئەلۋەتتە شۇلارغا ئۇلاپلا ئۆز ئارا قەلب چۈشەندۈرۈشۈپ، بىر-بىرى بىلەن ئايرىلالمىغىدەك دەرىجىدە ئىجىل بولۇپ كېتىشتى.

— يۇرۇۋاتقىنىڭلار بارمۇ ئاداش؟ — دېدى بىر چاغدا يىگىت ئا يېڭى قەدىناس يىگىت ب گە كەيىپلىك، ئەمما مېهرلىك كۆزلىرىنى تىككىنىچە، — دوقمۇش-دوقمۇشلاردا يولغا سېلىپ يۈرىدىغان ئويۇنلارنى دېمەيمەن. ئاشۇ، چىن كۆڭۈل تارتىدىغان ئوبيېكتنى دەيمەن.

— هە، مۇهەببەتنى دەمسىلەر ئاداش؟ — يىگىت ب يېڭى ئاغىنىسىنىڭ سوئالىغا ئاللىقانداق هۇزۇرلۇق، هەتتا سەل-پەل چوڭچىلىق تەلەپپۇزى بىلەن جاۋاب قايتۇردى، — بولمايزە، ساقال ئەرلوباغا يېتىۋاتىدۇ، يۈرىمىزمۇ شۇ چاقىچە. ئىككى يىللىق مۇهەببەت بار دەڭلار، سۈرىتىمۇ بار يانچۇقتا…

— ئاپىرىن، — دېدى يىگىت ئا هەيران قالغانلىقتەك تەلەپپۇز بىلەن، — سېلىمۇ يانچۇقتا ئوبيېكتىنىڭ سۈرىتىنى ساقلامسىلەر؟

— قانداق دەيسىلەر؟

يىگىت ب نىڭ ئېلىشىپ تۇرغان كۆزلىرىدىكى تەئەججۈپلۈك ئالامەتنى كۆرگەن يىگىت ئا ئۇنى دەررۇ خاتىرجەم قىلدى:

— يا ئەمدى… مېنىڭ يورتىملىمدىمۇ بىزنىڭ ئوبيېكتىنىڭ

سۈرىتى بار ئەمەسمۇ، شۇنىڭغا دەيمەن-دە!

كەلگۈسى مەھبۇبلىرىنىڭ سۈرەتلىرىنى كىچىك باللار بوينىغا ئاسقان تۇماردەك يېنىدىن ئايرىماي يۈرىدىغان ئىككى بەختىيار يىگىت «كونەس ئالىي سورتلۇق ھارىقى» نىڭ ئاخىرقى ئىككى ئىلىك قىسمى تۈگىگەن چاغدا، ئاجايىپ قىزىق ھەم كۆڭۈللۈك كېلىشىمگە كېلىشتى، يەنى ھەر ئىككىسى يانچۇقلى-رىدىن ”مەھبۇب دىدارى“ نى تەڭلا چىقىرىپ، بىر-بىرىگە كۆر-ستىدىغان بولدى…

ئۇلار شۇنداق قىلىشتىيۇ، مىنۇت ئۆتمەستىن توك تەپكەن-دەك ئورۇنلىرىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كېتىشتى. ئەمدى ھىجى-يىشلار قاپاق تۈرۈشكە، شېرىن سۆزلەر تىللىشىشقا، قېرىن-داشلىق دۈشمەنلىككە ئايلاندى…سەۋەبى، يىگىت ئا بىلەن يە-گىت ب ئۆز ئارا تەڭلا ۋاقىتتا سۇنۇشقان ئىككى پارچە سۈرەتتە-كىسى چېچىنى ئالدىغا چۈشۈرۈپ يانتۇ پېتىچە ھىجىيىپ قاراپ تۇرغان ئويناق كۆزلۈك بىرلا قىز ئىدى.

## ئوخشاپ قالغان ھېكايە

ئۈچ كۈندىن بېرى سەلىمجان خىزمەتكە كېلىپلا ئۈستەل تارتمىسىنى ئېچىپ، بىر ژۇرنالنى قولىغا ئالىدىغان بولدى. ژۇرنالغا ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتكە قىزىقىپ يۈرگەن يەتتە يىلدىن بۇيانقى تۇنجى ھېكايىسى بېسىلغانىدى. سەلىمجان ھەر

كۈنى ھېكايىسى بار بەتنى ئېچىپ ئاجايىپ بىر ھوزۇرلۇق ھېس-سىيات ئىلكىدە، ھېكايىسىنىڭ ماۋزۇسى ۋە ئۆزىنىڭ ئىسمىغا خۇددى ئۇنى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك يېنىپ-يېنىپ قاراپ كېتەتتى.

ئۇ بۈگۈنمۇ ئادىتى بويىچە بۆلۈمگە بىرىنچى بولۇپ كەلدى-دە، دەررۇ ئۈستىلىنىڭ تارتمىسىنى ئاچتى ۋە ھېلىقى ژۇرنالنى قولىغا ئالدى. ئۇ ئەمدىلا ژۇرنالنىڭ مۇقاۋىسىنى قايرىپ تۇرۇشىغا ئىشىك چېكىلىپ ئىدارە باشلىقىنىڭ ئىككى چېكىسىگە ئاق سانجىلغان قويۇق چاچلىق بېشى كۆرۈندى.

—سىز ماياقىدا كېلىڭا.

سەلىمجان ئالدىراپ تارتمىسىنى قۇلۇپلىدى. ئۇ باشلىقنىڭ ئىشخانىسىغا كىرگىنىدە، باشلىق بىردەمدىلا سافاغا چۆكۈپ جايلىشىپ، فىلتىرلىق تاماكىدىن بىرنى ئاغزىغا قىستۇرۇپ ئۈلگۈرگەنىدى.

—سىزمۇ ئانچە-مۇنچە بىرنەرسە يازامسىزا؟—باشلىقنىڭ سەلىمجانغا قىلغان بىرىنچى گېپى شۇ بولدى. سەلىمجان سەل ئەجەبلەندى.

—مەسىلەن، قانداق؟...

—بۇنىڭغا مەسىلەن-پەسىلەن كەتمەيدۇ،—شۇ گەپ بىلەن تەڭلا باشلىقنىڭ ئاغزى-بۇرنىدىن قويۇق ئىس پۇرقىراپ چىقتى،—يازسىڭىز گەپ يوق، بىراق ئادەمنى تېپىپ يېزىڭ، بولامدۇ؟

سەلىمجان ئەمدى ئوبدانلا تەمتىرەپ قالدى.

—جۇيجاڭ، گېپىڭىزنى چۈشىنەلمىدىمغۇ؟...

—چۈشەنمەسكە سىلىنىۋاتىمەن دەڭ، «ئىشتانغا چىققان كۆ-
ڭۈلگە تايىن»-ھە!
—ئەزىمرايى... مەن...—سەلىمجان ئالىقىنى بىلەن پېشانە
تەرىنى سىيرىپ ئېرتتى.
—قەسەم ئىچمەڭ، مەسچىتتە ئەمەسسىز... خوش، مېنىڭ
سۆرۈن تەلەتلىكىمنى، بيۇروكراتلىقىمنى نەدىن بىلدىڭىز، مەن
شۇنداق ئادەممۇ؟ ھەرقايسىڭغا ھىجىيىپلا يۇرسەم بولاتتىمۇ؟
تېخى ژۇرنالغا چىقارغىنىنى دېمەيمۇ...
سەلىمجان ئىختىيارسىز ئەندىكىپ كەتتى. چۈنكى ئۇ جۇي-
جاڭنىڭ بۇنچىلىك چېچىلىپ كېتىشىگە ئۆزىنىڭ ھېلىقى ھېكا-
يىسى سەۋەب بولغانلىقىنى ئەمدىلا چۈشەنگەنىدى.
—ئۇ... ئۇ دېگەن ھېكايە جۇيجاڭ، لېكىن ئۇنىڭدا سىزنى
يازغىنىم يوق، ئەزىمرايى...
—مېنى يازماپتىمىش تېخى،—باشلىقنىڭ سۆلەتلىك گەۋ-
دىسى تىترەپ كەتتى،—ئەمىسە نېمىشقا باشقا بىرسى، ئەمەس،
ئاجۇيجاڭ دېيىلدى؟ ئۇ ھېكايىدا يەنە بىر ليۇجۇيجاڭمۇ بار
ئىكەن. سەن بىزنىڭ ئىدارىدا يەنە بىر ليۇجۇيجاڭنىڭمۇ بار
ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتىڭمۇ؟
—جۇيجاڭ سىز... سىز توغرا چۈشىنىڭ، ئۇ ئىسىملار
مۇنداقچىلا ئېلىپ قويۇلغان،—تېخىچىلا ئۆرە تۇرغان ۋە باشلىق
تەرىپىدىن بىردەم «سىز»، بىردەم «سەن»لىنىپ ئىسكەنجىگە
ئېلىنىۋاتقان سەلىمجاننىڭ بەدىنىنى مۇزدەك تەر بېسىپ كەتتى،
—ئەدەبىي ئەسەر دېگەندە...
—بولدى بەس، تولا مايمۇن ئويناتماڭ،—باشلىق زەردە

بىلەن شۇ گەپنى قىلىپ، سەلىمجانغا قاراپ ماڭغانىدى. تۇيۇقسىز تېلېفون جىرىڭلاپ كەتتى. تېلېفوننىڭ ئاۋازى باشلىقنىڭ قەدىمىنىڭ يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىۋەتتى. باشلىق ئۈستەل ئالدىغا بېرىپ تېلېفون تۇرۇپكىسىنى قولىغا ئالدى.

— ۋەي، ھە-ھە، ۋۇي جا شەنجاڭمۇ سىز؟ ئەسسالامۇئەلەيكۇم، تىنچ تۇردىڭىزمۇ جا شەنجاڭ؟... ھە، ۋاقتىم بار. مانا ھازىرلا، ھە يەنە ئون مىنۇتتىن كېيىن ئالدىڭىزدا تەييار بولىمەن.

باشلىق تۇرۇپكىنى خېلىغىچە قۇلىقىغا يېقىپ تۇردى-دە، كېيىن بىردىنلا ئېسىگە كەلگەندەك جايىغا قويدى ۋە تەبەسسۇم ئىزلىرى كەتمىگەن چىرايىنى تېخىچە قېتىپ تۇرغان سەلىمجانغا ئۆرىدى.

— بولدى. سىز چىقىڭ، ئىشىڭىزنى قىلىڭ.

— ماقۇل، — سەلىمجان بوشقىنا شۇنداق دېدىيۇ، لېكىن ئورنىدىن قىمىرلىماي تۇرىۋەردى. پىخىلداپ تۇرۇپ چاپان-چارىسىنى كىيىۋاتقان باشلىق ھەيران بولدى:

— ھە تۇرىسىزغۇ؟

— جۇيجاڭ، ئارىمىزدا ئۇقۇشماسلىق بوپقالمىسا... مەن زادىلا سىزنى...

سەلىمجان يەنىلا شۇ دەككە-دۈككىچىلىكتە باشلىقنىڭ سۈرلۈك كۆزلىرىگە قارىدى.

— ئەستا، مېنى تولا گەپكە تۇتماڭ دەيمەن، ئۇ گەپنى كېيىن دېيىشىمىز، كېيىن...

باشلىق ئاشۇ گەپ بىلەن سەلىمجاننى ئىتتىرگەندەكلا ئىش-

خانىسىدىن چىقىرىۋەتتى ۋە ئۆزىمۇ بىللىلا كارىدورغا چىقىپ، ئىشىكنى قۇلۇپلىدى-دە، پەلەمپەيدىن تاقىلداپ چۈشۈپ كەتتى.

سەلىمجان كارىدورغا چىققاندىن كېيىن، ئۆزىمۇ سەزمىگەن هالدا جايىدا بىر پەس تۇرۇپ قالدى. "ئەستا، ماۋۇ گەپنى قاراڭلار، — دەپ ئويلىدى ئۇ ئىچىنى بىرنەرسە تاتىلاۋاتقاندەك تىتىلداپ، — هېكايە يازدىم دەپلا يازىدىغان نەرسە ئەمەسكەن-دە ..."

ئاشۇنداق خىياللار بىلەن بۇلۇمىگە خامۇش كىرىپ كەلگەن سەلىمجانغا چۈشكىچە هېچقانداق ئىش خۇشياقمىدى. ئىككى سائەت ئىچىدە ئالدىدىكى گېزىتنىڭ بىر قۇرىنىمۇ ئوقۇماي، تىكىلىپ ئولتۇردى. كېيىن شۇ خامۇشلۇقى بىلەن كوچىغا چىقتى-دە، ناھىيە بازىرىنىڭ بىرنەچچە كوچىسىنى مەقسەتسىزلا ئايلاندى. خېلى ۋاقىتتىن كېيىن سەلىمجان ئۆزىگە هاردۇق يەتكەنلىكىنى سەزدىمۇ، ئەيتاۋۇر، ئۆيىگە بېرىپ يالغۇزغىنا يېتىپ ئارام ئېلىۋېلىشنى مەقسەت قىلىپ ئۆيى تەرەپكە قەدەم باستى. لېكىن ئۇ بەش-ئالتە قەدەم ماڭمايلا، كەينىدىن بىرى-نىڭ ئەنسىز توۋلىشى ئاڭلاندى:

— هوي ئاداش، هوي كادىر، توختاڭلار!

سەلىمجان قەدەملىرىنى مېڭىشتىن توختاتماي تەسەللايىلا كەينىگە ئۆرۈلۈپ قارىۋىدى، ئۆزىدىن ئون قەدەمچە نېرىدا مايلا-شقان كۆك خالات كىيگەن، ياش، ئەمما تولىمۇ سېمىز تونۇش قاسساپ لىغىرلاپ كېلىۋېتىپتۇ. سەلىمجان هېچنەرسە ئويلى-ماستىنلا جايىدا توختاپ، قاسساپقا قاراپ تەبەسسۇم قىلدى. ئۇ ئارىلاپ-ئارىلاپ بۇ قاسساپتىن خېلى ياخشى گۆش ئالاتتى.

—ياخشىمۇ سىز ئۇستام، بىر ئىش بارمىدى؟

—تازا يوغان ئىشىم بار،—دېدى قاسساپ سېمىز لىكتىن پۇتۇپ كېتەيلا دەپ قالغان خۇنسىز كۆزلىرىنى بولۇشىغا ئالاي-تىپ ۋە بىر قولىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا جۇنۇپ، سەلىمجاننىڭ يۈرىكى شۇزامان جىغغىدە قىلىپ قالدى. چۈنكى ئۇ قاسساپنىڭ قولىدىكى تۇرتەكلەنگەن، پۈرلىشىپ، يىرتىلىپ كېتەيلا دەپ قالغان ھېلىقى ژۇرنالنى كۆرۈپ قالغانىدى،—مانىڭدىكى نەر-سىنى سىلەر يازغانما، ئېتىڭلار سەلىمغۇ-ھە، ئاۋۇ سالاھىدىن دوكىنىڭ بالىسىغۇ سىلەر؟

—ھە، نېمە بولدى؟—سەلىمجان پەقەت شۇنىلا دېيەلىدى.

—ھەي شوينا بەل ئاداش، ئا جۇيجاڭغا خۇشامەت قىلسام سېلىگە نېمە دەزكەتتى، چىدىيالمىدىڭلارمۇ؟ قانداق قىلىسى-لەر، مەن دائىم ئا جۇيجاڭغا گۆشنىڭ سېمىزىدىن ئېلىپ قويى-مەن، ئۆزى دۇكانغا كېلەلمىسە، ئوغلۇمدىن ئۆيىگە ئەۋەتىپ بېرىمەن، ئۇنىڭ بىلەن مەشرەپ ئوينايمەن، ئۆيۈمگە چاقىرى-مەن. قانداق؟

—مەن، مەن سېنى يازمىدىم...—سەلىمجان ئەتىگەندىن بېرىتى رەللىچىلىكنىڭ ئەلىمىنى پەقەت قاسساپنى "سەن"لەشكە جۈرئەت قىلىش ئارقىلىقلا ئىپادىلىدى.

—مېنى يازمىساڭ كىمنى يازدىڭ ئەمىسە، مېنىڭ خەت-ساۋاتىم، ئەقلىم يوقمىكەن؟ خەقلەرمۇ "سېنى يېزىپتۇ"دېيىشى-ۋاتامدۇ. "ۋاقىتسىز سەمىرىپ كەتكەن..." دېگىنىنى تېخى، سەنمۇ سەمىرىمەمسەن ئاۋاق! "ئىككى تال ئالتۇن چىشى بار..." سانىيالماي قاپسەن، مېنىڭكى ئۈچ تال. ھەممە چىشىمغا

ئالتۇن قاپلىتىمەن. قانداق؟...

قاسساپنىڭ ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي چالۋاقاشلىرى، بىر-دەمدىلا ئەتراپقا يىغىلغان كىشىلەرنىڭ كۆزلىرىدىكى سوئاللىق نەزەرلەر سەلىمجاننىڭ كاللىسىنى تېخىمۇ چىگىشلەشتۈرۈ-ۋەتتى. ئۇ بۇ كۆڭۈلسىزلىكتىن تېزرەك قۇتۇلۇش ئۈچۈن، قاسساپنىڭ ئەزۋەيلەپ كۆپسەشلىرى، نېمىلەرنىدۇر دەپ تىللاش-لىرىنىڭ ھەممىسىنى جاۋابسىز قالدۇرۇپ ئىتتىك ئارقىغا ئۆ-رۈلدى-دە، ئۆيى تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى.

سەلىمجان بۈگۈن ئىككىنچى قېتىم مىخقا ئۇسكەندىن كې-يىن، ئېسىدىن كېتەيلا دەپ، ئۆزىنىڭ كاتەكتەك كىچىككىنە، ئەمما پاكىز ھويلىسىغا كىرگىنىدە ئاق پىشماق، ئىنچىكە كەل-گەن خوتۇنىنىڭ كۈندىكىدەك ئېچىلىپ-يېيىلىپ ئەمەس، بۇت-لىنىپ، غوتۇلداپ ئالدىغا چىقىدىغانلىقىنى ھەرگىز خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى. ئايالى ئادەتتە كەمدىن-كەم كۆرۈلىدىغان بۇت-لىنىش بىلەن ئۇنىڭغا كۆزلىرىنى نەشتەردەك سانجىپ ئامبار ئۆيگە كىرىپ كەتكەندە، ناھايىتى كەيپسىز ھالدا تۇرغان سە-لىمجان ئۆزىگە شۇنچىلىك ئېغىر سېزىلگەن قەدەملىرىنى تەستە يۆتكەپ، ئاشخانا ئۆيگە كىردى... كىردىيۇ، يەنە دىڭگىدە چۆچۈپ كەينىگە داجىدى. مايلىشىپ، قىزىرىپ كەتكەن چاققانغىنە تۆت چاسا جوزا ئۈستىدە تونۇش ژۇرنال ياتاتتى... سەلىمجان بۇ قېتىم تېڭىرقىمىدى. بىراق بىر پەستىن كېيىن ئۇنىڭ يادىغا ئۆز ھېكايىسىدىكى ”ئايالىم تولىمۇ مەنمەنچى، باشقىلار بىلەن ئۆ-زەڭگە سوقۇشتۇرىدىغان خوتۇن ئىدى“ دېگەن قۇرلار لەپپىدە كەلدى-دە، يۈرىكى بىردىنلا ئەنسىز دۈكۈلدەپ كەتتى. ”توۋا،

ئادەتتە بىرەر پارچە گېزىت چاغلىق نەرسىنىمۇ ئوقۇمايدىغان خوتۇن بۇ ژۇرنالنى نەدىن ئالدىكىنە؟...»

## كۆپ ئەرلىك خوتۇن

بازارنىڭ بىر چېتىدىكى ئەزەلدىن غېرىبسىنىپ تۇرغان بۇ بۇلۇڭ بىردىنلا ئاۋاتلىشىپ قالدى.

ئەڭ ئاۋۋال بۇ يەرگە پاكىنەك، كۆلۈمسىرەپلا تۇرىدىغان بىر كىشى كەلدى. ئۇ ئىككى كۈن ئىشلەپ بۇ بۇلۇڭنى ”ئەخلەت-خانا“ دەپ ئاتىلىدىغان ئۇن نەچچە يىللىق نامىدىن خالاس قىلدى. ئاندىن ئىككى ياش بالىنى ياللىۋېلىپ، ئۆزى ئېشەك هارۋىدا خىش، ياغاچ توشۇپ، چاقىقانغىنە بىر دۇكان ياسىدى. بىر ھەپتىدىن كېيىن ئاپئاق ئاقارتىلغان، ”پېشانىسى ئىس-سىق“باققال دۇكىنى خېرىدارلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ كۈلۈمسىرەشكە باشلىدى.

خېرىدارلارمۇ كەلدى. لېكىن ئۇلار بىلەن بىللىلا باققال-نىڭ تارازىسىغا ئەمەس، كۆزىگە تىكىلىپ، ئۇنىڭغا پۇل ئە-مەس، ئالىقان تەڭلەپ ھەرخىل فورمىلىق، ھەرخىل سالاھىيەت-لىك خادىملار يېتىپ كېلىشكە باشلىدى. بىرىنچى بولۇپ باجخا-نىنىڭ ئادەملىرى كەلدى. ئىككىنچى قەدەمدە سودا-سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ خادىمى كەلدى. ئۇنىڭ فور-مىسىمۇ ھەيۋەتلىكلىكتە باج خادىمىنىڭكىدىن قېلىشمايتتى. پا-

كىنەك باققال مەزكۇر خادىمنىڭ مەھكىمىسىگە بالدۇر تاۋاپ قىلمىغانلىقىنىڭ داتاڭ سورىقىنى باشتىن كەچۈرۈشكە باشلى-دى. ئۇچىنچىسىگە شەھەرلىك ئۆي باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ ئادىمى پەيدا بولدى، "كىمنىڭ رۇخسىتى بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ بۇ يېرىگە كاتەك سېلىۋالدىڭىز؟ يۈرۈڭا ئەشەگە بىر بىرىپ كېلەيلى!" تۆتىنچىسىگە "ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەيئىتى ئىشخانىسى"دىن ئاغزى جاپ-جاپ بىرقىز كەلدى. خېرىدارلار-نىڭ تاشلىغان شۆپەكلىرىدىن نەلەردىندۇر بىر چاڭگال يىغىپ كەلدى، غوتۇلداپ يۈرۈپ باققالغىمۇ تەرگۈزدى. ئاندىن تازىلىق پۇلىغا شارتىلدىتىپ تالون كەستى. پۇلنى ساناپ بولۇپ، كېتە-رىدە يەنە بىرمۇنچە ۋاتىلدىدى. بەشىنچى بولۇپ كەلگەن خادىم-نىڭ چۈشلۈقىمۇ ئادەمنى بىر ئاز سۈر باستۇراتتى. مۇھىت ئاسراش ئىدارىسىنىڭ بۇ خادىمغا باققالنىڭ ئۆزىنىڭ بۇ دۇكى-نىنىڭ شەھەر مۇھىتىغا، بولۇپمۇ مۇشۇنداق چوڭ كوچىنىڭ سۈپىتىگە زادىلا زىيىنى تەگمەيدىغانلىقى، ئەكسىچە بۇ يەرنىڭ ئىلگىرىكى مەينەت ھالىتىنىڭ ئۆزگىرىپ قالغانلىقى ھەققىدىكى بەرگەن ئىزاھاتلىرى كالىنى پاشا چاققانچىلىك تەسىر كۆرسەت-مىدى. ئالتىنچى بولۇپ، يەنى ئەڭ ئاخىرىدا كەلگەن كىم بولدى دېمەمسىز! ؟ ئۇ باشقا بىرى ئەمەس، باققال دۇكىنىنىڭ دۇمبىسىگە يۆلەپ سېلىنغان ئالدىنقى كوچىدىكى مەلۇم ئىدارى-نىڭ ئەلچىسى ئىدى: يۈرىكىڭ نېمانچە يوغىناپ كەتتى سېنىڭ؟ نەدە چوڭ بولغان نەرسىسەن؟ ماۋۇ ئارقا غوجىتامنىڭ ئىگىسى بار جۇمۇ، ئۆرۈلۈپ كەتسە سەن تۆلەمسەن؟ يەتتىنچى... مال باھا ئىدارىسىنىڭ كادىرىمۇ كېلىشى مۇمكىن ئىدى، لېكىن ئاڭغىچە

پاكىنەك باققال ئىلگىرىكىدەكلا ئۆندىمەي كۆلۈمسىرەپ تۇرۇپ دۇكىنىنى چۈۋۈشقا باشلىدى. بۇ قېتىم ھېلىقى ئىككى بالا كەلمىدى، باققال ئۆزى يالغۇز ئىشلىدى، چۈنكى مەدىكار ياللىغۇدەك سودا بولمىغانىدى…كۆپ ئۆتمەستىن بازارنىڭ بۇ بۆلۈكى ئىلگىرىكىدەكلا غېرىبچىراي ئەخلەتلىككە ئايلاندى.

## ئىككىنچى نۇتۇق

—يولداشلار! «ئىسلاھاتنىڭ قەدىمگە يېتىشەيلى» دېگەن تېمىدىكى سەپەرۋەرلىك چوڭ يىغىنىمىز ھازىر باشلاندى! —زاۋۇت پارتكومىنىڭ تەشۋىقاتقا مەسئۇل دائىمىي ھەيئىتى بوغۇزىدىن سىقىمداپ تۇتۇۋالغان مىكروفوننى ئاغزىغا يېقىن ئەكەلىپ، تازىمۇ يۇقىرى ئاۋازدا ئېلان قىلدى. زال ئىچى بىردىن ئىمتاسلىققا چۆمدى،—ھازىر زاۋۇتىمىزنىڭ باشلىقى يولداش xx نى سەپەرۋەرلىك دوكلاتى بېرىشكە تەكلىپ قىلايلى!

—يولداشلار!—بوغۇق ۋە ھارغىن ئاۋازلىق زاۋۇت باشلىقى مىكروفون ئالدىغا كېلىپ سۆزىنى باشلىدى،—مەن ئۇزۇن سۆزلىمەيمەن، چۈنكى ھازىر ئىسلاھات ۋاقتى. بىز بۇنىڭدىن كېيىن يىغىنلارغىمۇ ئىسلاھات ئېلىپ بارىمىز. مەخسۇس كۈن ئاجرىتىپ يىغىن ئاچمايمىز، خۇددى بۈگۈنكى يىغىنغا ئوخشاشلا، ئىش ئارىسىدا كۆپ بولسا بىرەر سائەت ۋاقىت ئاجرىتىمىز. خوش، شۇنداق قىلىپ، زاۋۇتىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى پىلانىنىڭ

ئورۇندىلىش ئەھۋالىنى تالادىكى قارا تاختىدىن كۆرگەنسىلەر. ساقلانغان مەسىلىلەر بىر نەچچە خىل. بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ مۇھىمى، يەنىلا سۈپەتكە ئەھمىيەت بەرمەسلىك. بىزنىڭ سۈرئەتنى تەكىتلىشىمىز ھەرگىزمۇ سۈپەت ئۆتكىلىنى بوشاشتۇرۇپ قويۇش ياكى كۆرمەسكە سېلىش ئەمەس. سۈپەت—سۈرئەتنىڭ قېنانىسى. قېنانىنىڭ ھۆرمىتىنى ھەممىمىز بىلىمىز! ھە، ساقلىنىۋاتقان ئىككىنچى مەسىلە—دادىل بولالماسلىق. بەزى يولداشلار پايدىلىق پىكىرلەرنى ئويلىشىۋاتىدۇ، ئوتتۇرىغا قويۇۋاتىدۇ. بىراق بىزنىڭ ئايرىم مەسئۇللىرىمىز، ھەتتا بەزى تېخنىكلىرىمىزمۇ بۇ "ئىشتىن سىرتقى جۇگې لياڭ"لارغا سوغۇق پوزىتسىيە تۇتۇۋاتىدۇ ياكى ئىشەنچ قىلمايۋاتىدۇ. يولداشلار، ئىسلاھاتنى ھەقىقىي ئېلىپ بارىمىز، كۇنىمىزنى ياخشىلايمىز دېسەك، كەڭ قورساق بولايلى، دادىلىراق بولايلى، ئالەمشۇمۇل ئىختىرالار مۇشۇ ئىككى شەرتتىن كېلىدۇ. باشقا مەسىلىلەر توغرىسىدا زاۋۇتىمىزنىڭ بۇدا چىقىرىدىغان قىسقا خەۋەرلىرىدە يېزىلىدۇ. ۋاقىت ئېتىبارى بىلەن مېنىڭ سۆزۈم تۈگىدى.

—يولداشلار، دىققەت! دىققەت!—يىغىن باشقۇرغۇچى ئەۋجىگە كۆتۈرۈلگەن چاۋاكلارنى ئاران تەستە بېسىلدۇرغاندىن كېيىن يەنە تۇمشۇقىنى مىكروفونغا تەگكۈزۈپ ئېلان قىلدى،—ھازىر زاۋۇت پارتكومىنىڭ شۇجىسى يولداش xx نى سۆزگە تەكلىپ قىلايلى!

زالدىكىلەر ئالدىنقى قېتىملىق چاۋاكنى بەك قاتتىق چېلىۋېتىپ ئالىقانلىرىنى قىزارتىۋالغانمۇ، بۇ قېتىم ئانچىلا كۈچەپ

كېتىشمىدى. بۇ چاغدا سۆزگە تەكلىپ قىلىنغان xx بېشىنى كۆتۈرمەي بىر نېمىلەرنى خاتىرىلەپ دەپتىرىگە تىكىلىپ ئولتۇراتتى.

— يولداشلار، — دېدى ئۇ ئاخىر سوكۇتنى بۇزۇپ ئىنچىكىرەك، مۇلايىم ئاۋازدا سۆزىنى باشلاپ، — يۇقىرىدا زاۋۇت باشلىقى بىزگە زاۋۇتىمىزنىڭ ئىسلاھات ئەھۋالى ھەققىدە مۇھىم يولىيورۇق بېرىپ ئۆتتى، ھە، مۇھىم يولىيورۇق بېرىپ ئۆتتى. خۇددى يولداش زاۋۇت باشلىقى ئېيتقاندەك، ھازىر ئىسلاھات ۋاقتى، شۇڭلاشقىمۇ بىز بۇنىڭدىن كېيىن، يولداش زاۋۇت باشلىقى ئېيتقاندەك، يىغىنلارغىمۇ ئىسلاھات ئېلىپ بارىمىز، ھە، ئېلىپ بارىمىز. يەنى مەخسۇس كۆن ئاجرىتىپ يىغىن ئاچمايمىز، خۇددى بۈگۈنكى يىغىنغا ئوخشاشلا ئىش ئارىسىدىن كۆپ بولسا بىرەر سائەت ۋاقىت ئاجرىتىمىز، ھە، ئاجرىتىمىز... خۇددى يولداش زاۋۇت باشلىقى يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك، زاۋۇتىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى ئىشلەپچىقىرىش پىلانىنىڭ ئورۇندىلىش ئەھۋالىنى ئىدارە بىناسى ئالدىدىكى قارا تاختىدىن كۆرۈۋالدىڭلار، ھە، كۆرۈۋالدىڭلار. ساقلانغان مەسىلىلەرگە كەلسەك، ھە، بۇ يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەندەك بىرنەچچە خىل. بۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىمىنى يولداش زاۋۇت باشلىقى يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈپ كەتتى، بۇ يەنىلا سۈپەتكە ئەھمىيەت بەرمەسلىك، ھە، سۈپەتكە ئەھمىيەت بەرمەسلىك. بۇ يەردە بىزنىڭ سۈرئەتنى تەكىتلىشىمىز ھەرگىزمۇ سۈپەت ئۆتكىلىنى ياكى بوشاشتۇرۇپ قويۇش، ياكى بولمىسا كۆرمەسكە سېلىش ئەمەس، ھە، كۆرمەسكە سېلىش ئەمەس. بۇ ھەقتە يولداش

زاۋۇت باشلىقى تولىمۇ ئوبدان ئوخشىتىش قىلدى. يەنى سوپەت سۈرئەتنىڭ قېينانىسى دېدى، ھە، قېينانىسى دېدى. قېينانىنىڭ ھۆرمىتىنى قېرى-ياش ھەممىمىز بىلىمىزغۇ؟ ئەمدى ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنىڭ ئىككىنچىسى ھەققىدىمۇ يولداش زاۋۇت باشلىقى ياخشى دىئاگنوز قويدى. بۇ دادىل بولالماسلىق، ھە، دادىل بولالماسلىق. زاۋۇت باشلىقى ئېيتقاندەك، بەزى يولداشلار بەزەن پايدىلىق پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا تاشلاۋاتىدۇ، ھە، تاشلاۋاتىدۇ، بىراق ئايرىم سېخ مەسئۇللىرى، ھەتتا بەزى تېخنىكلىرىمىزچۇ، خۇددى يولداش زاۋۇت باشلىقى ئېيتىپ ئۆتتۈپ كەتكەندەك، ئۇلار بۇ ”ئىشتىن سىرتقى جۇگى لياڭ“لارغا سوغۇق پوزىتسىيە تۇتۇۋاتىدۇ، ياكى بولمىسا ئىشەنچ قىلالمايۋاتىدۇ، ھە، ئانچە بەك ئىشەنچ قىلالمايۋاتىدۇ. قەدىرلىك يولداشلار، ئەگەر ئىسلاھاتنى ھەقىقىي تۇردە ئېلىپ بارىمىز، ھالئەھۋالىمىزنى تېخىمۇ ياخشىلايمىز دېسەك، كەڭ قورساق بولايلى، دادىلراق بولايلى، ھە، دادىلراق بولايلى. خۇددى يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك، جاھاندىكى نۇرغۇن ئىختىرالار مۇشۇ ئىككى شەرتتىن كەلگەن ئەمەسمۇ؟ ئەلۋەتتە، بۇ يەردە باشقىمۇ ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر يوق ئەمەس، بۇنى خۇددى يولداش زاۋۇت باشلىقى ئېيتىپ ئۆتۈپ كەتكەندەك، زاۋۇت پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى بىلەن ئىشخانا بىرلىكتە باشقۇرۇپ چىقىرىۋاتقان زاۋۇت گېزىتىنىڭ بۇداقى ساندىن كۆرۈۋالالايسىلەر، ھە، كۆرۈۋالالايسىلەر. ۋاقىت ئېتىبارى بىلەن سۆزۈمنى مۇشۇ يەردە ئاياغلاشتۇرىمەن. باشقا رەھبىرىي يولداشلارنىڭ يەنە قانداق پىكىرلىرى باركىن؟

يىغىن باشقۇرغۇچى رەئىس ئۇستىلىنىڭ ئالدىغا ئۇچىنچى قېتىم كەلدى. ئاغزىنى مىكروفونغا يېقىنلاشتۇردى-دە، بىردىن قايرىلىپ، باشلىقلار تەرەپكە قارىدى... دەل شۇ چاغدا ئۇنىڭ نۆۋەتتە سۆزلەيدىغان رەھبەرنى ئىزدەۋاتقان كۆزلىرى تەئەججۇپ-تىن چاقناپ كەتتى. چۈنكى زاۋۇت باشلىقى ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، شەپكىسىنى كىيگىنىچە سىرتقا قاراپ ماڭغانىدى. ئاڭ-غىچە يىغىن باشقۇرغۇچىنىڭ قۇلىقىغا زال تەرەپتىن كەلگەن ھەيۋەتلىك ”دۇر“ قىلغان ئاۋاز ئۇرۇلدى.

## پروتوتىپنىڭ غەزىپى

قايسى بىر ئۇلۇغ زات ”سەن ماڭا يېرىم سائەت پاراڭ قىلىپ بەر، مەن سېنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىڭنى ئېيتىپ بېرىمەن“ دېگەنىكەن. لېكىن مەن ئۆزۈمنىڭ يېڭى قوشنام —جاي ئىگەمنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى ئۇنىڭ بىر ئېغىز سۆزىدىنلا بىلىۋالدىم. كۆچۈپ كەلگەن كۇنىمىز يۇك-تاقلىرى-مىزنى چۇشۇرۇۋاتاتتۇق، جاي ئىگەم ئىككى قولىنى كەينىگە قىلىپ، ساپما كەشىنى شىپىلداتقىنىچە ئالدىرىماي بېسىپ دەر-ۋازا ئالدىغا كەلدى-دە:

—توختاڭ، ئىجارە پۇلىنى بېرىۋېتىپ، ئاندىن يۇك-تاقنى ئۆيگە ئەكىرىڭ! —دېدى.

—مانا... ھازىر... —دەۋەتكىنىمنى ئۆزۈممۇ سەزمەي قاپتى-

مەن. كۆڭلۈمنى بولسا شۇ مىنۇتنىڭ ئۆزىدىلا تاشتەك ئېغىر بىر سېزىم چۇلغىۋالدى. "ھەتتىگىنەي، ئۆيىنى كۆرۈپتىمەنۇ، ئىگىسىنى سۈرۈشتۈرمەپتىمەن-دە!" دەپ ئويلاپ قالدىم. بىراق ئىش ئۆتكەن، ئوق ئېتىلىپ بولغانىدى.

نېمىلا بولمىسۇن، ئىشقىلىپ يېڭى قوشنام بىلەن چىقىشىپ قالدۇق. چىقىشماي نەگە بارسەن؟ ھەركۈنى ئەتىگەن تۇرۇپ قوشنامغا تەبەسسۇملۇق سالام بەرگىنىمدە "بىر قورۇسى بار ئادەم پاڭدۇق، بىر قىزى بار ئادەم جاڭجۇن" دېگەن دانا ماقالنى ئېسىمگە ئالاتتىم. بۇ بەستى-بويى سوقا سەندەلدەك، چىرايى ئاپورت ئالمىنىڭ مەغزىدەك قوشنام ئۆزىنىڭ يايلاقنىڭ يامغۇرىدەك پات-پاتلا ئۇچراپ تۇرىدىغان غەلىتە مىجەزلىرى بىلەن ماڭا گوگولنىڭ پىليوشكىن دېگەن داڭلىق خەسىس پېرسوناژىنى ئەسلىتەتتى.

قوشنامنىڭ 90 ياشقا تاقاشقان ئانىسى ئۆزى بىلەن بىللە تۇراتتى. قۇلىقى سەل ئېغىرلىشىپ قالغاندىن باشقا، تېنى ساغلام، ئىشتەيلىك بۇ ئاقساقالنى دەسلەپتە مەن جاي ئىگەمنىڭ قېيناتىسىمىكىن دەپ ئويلاپ قالغانىكەنمەن. سەۋەبى، خوجايىن ئايالىنىڭ بوۋايغا ئىسسىققىنا، يۇمشاققىنا غىزالارنى ئېرى يوق چاغلاردا ئۆزىتىپ تۇرغانلىقىنى ئايالىم بىر نەچچە قېتىم كۆرۈپتىكەن. مەن ئۆزۈممۇ بىر قېتىم شۇنداق تەسىرلىك مەنزىرىنىڭ تاماشىبىنى بولۇپ قالغانىدىم. لېكىن بۇ تەسىرلىك مەنزىرىنىڭ ئاخىرى كۆڭۈلسىزلىك بىلەن ئاخىرلاشتى. مەن بىلەن تەڭ دېگۈدەكلا دەرۋازىدىن كىرىپ كەلگەن خوجايىن بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ غەزەپلىك چىڭقىلىشتىن تېخىمۇ قىزىرىپ، ئۆزىنىڭ

ئەكسىچە ئورۇق، ۋىجىككىنە كەلگەن ئايالنى ئوتتۇرانچى بار-
مىقى ئارقىلىق ئالدىغا شەرەتلەپ چاقىرىۋالدى.
—ھەي گاس قۇلاق، ئەتىگەن نېمە دېگەنتىم ساڭا-ھە؟
ئەمدى ئەتىلىككە گۆشنىڭ جېدىلىنى قىلىپ باقە قېنى!
بىچارە ئايال ئۆزىگە بېرىلگەن بۇ تەنبىھنى مېنىڭ ئاڭلاپ
قالغىنىمدىن نومۇس قىلدى بولغاي، ئۆزىنىڭ ياۋاش تەبىئىتىگە
قارشى ھالدا ئېرىگە ئاچچىقى بىلەن جاۋاب ياندۇردى:
—نېمانچىلا قىلىپ كېتىسىز؟! قورسىقىم ئېچىپ قالدى
دېۋىدى، ئاش پىشقىچە خېلى بارئىكەن دەپ كىچىككىنە مەمپەر
تاشلاپ بەردىم. ئېتىپ بەرسەم ئۆزۈمنىڭ دادىسىغا ئېتىپ بەر-
گىنىم يوق، سىزنىڭ دادىڭىزغۇ!
—بولدى، بولدى، كاپشىما-ھە!—جاي ئىگەم مەن تەرەپكە
غىلام-غىلام قاراپ قويدى-دە، نېرىدا ئاش ئىچىۋاتقان ئاقساقال
تەرەپكە ماڭدى. شۇ چاغدا ”ئۇ ھازىر دادىسىنىڭ ئەھۋالىنى
سوراش ئۈچۈن ئەمەس، چىنىدىكى گۆشنىڭ مىقدارىنى چاملاپ
بېقىش ئۈچۈن ماڭدىغۇ“ دېگەن خىيال كاللامدىن لىپ قىلىپ
ئۆتتى.

كۆڭلەر ئۆتكەنسېرى قوشنامنىڭ خەسىسلىكى، چۈپەيلىكى
مېنىڭ ئالدىمدا مول-مول نامايان بولىدىغان، مېنى كۆڭۈل-
سىز، ئېغىر ھېسسىياتلارغا چۆمدۈرىدىغان بولدى. ئادەم دېگەن-
نىڭ مىجەزى بىر خىل بولمايدۇ. ئادەمنىڭ ئۆز ئائىلىسىنى ھەر
خىل تەدبىر، ھەرخىل پىلانلار بىلەن باشقۇرۇش ھوقۇقىمۇ
ئۆزىدە ئەلۋەتتە. شۇڭلاشقا قوشنامنىڭ ”سىقىپ يالاپ“ ئائىلە
باشقۇرۇش مىزانى ھەققىدە گاھىدا كۆڭلۈمدە كەچۈرۈش ھېس-

ـسياتىمۇ ئۆرلەپ قالاتتى-يۇ، لېكىن بىرلا ئىشى—ئۆزىنىڭ تاپقان ۋە باققان دادىسىنى ئوشۇقچە يۇك ھېسابىدا كۆرۈشى كاللامدىن زادىلا ئۆتمەيتتى. شۇنداق ھېسسىياتلارنىڭ تۈرتكى- سىدە، كۆڭلەرنىڭ بىرىدە قولۇمغا قەلەم ئالدىم—دە، ئىلھامىم- نىڭ يېڭى مېۋىسى—«ئالىقىنىڭنى ئىچمۇەتكىنە» ناملىق بىر ھېكايىنى ئاپىرىدە قىلدىم. ھېكايە ياخشى يېزىلىپ قالدىمۇ ياكى شۇكۆڭلەردە ئەدەبىي مۇھەررىرنىڭ ئۇستىلى قۇرۇقدىلىپ تۇرۇ- ۋىدىمۇ، ئىشقىلىپ، ھېكايەم ئەۋەتىلىپ ئىككى ھەپتىگە قالمايلا گېزىتكە بېسىلىپ چىقتى.

مەن سىلەرگە قوشنامنىڭ سودىگەر بولسىمۇ، ئەمما گې- زىت-ژۇرناللارغا ھېرىسمەن ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بەرمىگەن- تىمغۇ دەيمەن؟ شۇنداق، ئۇ ئاخشاملىرى تاماقتىن كېيىن ھوي- لىدا بىردەم-يېرىمدەم پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشقان ۋاقىتلىرىمىز- دا ھە دېسىلا خەلقئارا مەسىلىلەردىن گەپ ئاچاتتى. بىر نەچچە كۈن ئىچىدە كەلگەن گېزىتلەرگە بېسىلغان بەزى مۇھىم خەۋەر- لەرنى ئۆزى كۆرگەن ۋەقەلەردەك قىلىپ ھەمدە مەن زادىلا ئۇلارنى گېزىتتىن كۆرمىگەندەك پىشىلدۇرۇپ سۆزلەپ كېتەت- تى. ھەتتا بەزىدە بازارغا، دۇكىنى تەرەپكە ئالدىراش كېتىۋې- تىپمۇ مەندىن سوراپ قوياتتى:

—خوش، شۇنداق قىلىپ ئىراق بىلەن ئىراننىڭ ئىشى نەدىن نەگىچە كېلىپ توختىدا؟

ئەنە شۇ ئاجايىپ قوشنام، يەنى جاي ئىگەم بۇگۈن كەچقۇ- رۇن ئۆيىمىزگە ئالاھىدە قەدەم تەشرىپ قىلىپ قالدى. قولىدا مېنىڭ ھېكايەم بېسىلغان گېزىت تۇراتتى. گېزىتكە كۆزۈم

چۈشتى-يۇ، يۈرىكىم جىغىلداپ كەتتى. ”ئاپلارەي، ئۆزىنى پروتوتىپ قىلىپ يازغىنىمنى بىلىپ قالدىمۇ نېمە؟ تەتۈرلۈكىگە ئالسا ھە!...“ دەپ ئويلاپمۇ ئۈلگۈردۈم.

— مانا-مانا، ھېكايە-پېكايە يازىدىغان مىجەزىمىمۇ بار ئىدى دېسىڭىز بولمامدۇ؟ — قوشنام مېنىڭ كۆتكىنىمنىڭ ئەكسىچە ھىجىيىپ پاراڭ باشلىدى، — بۈگۈن پوچتىكەش ئۈچ-تۆت كۈنلۈك گېزىتنى بىراقلا ئەكىلىپ تاشلاپ بەرگەنتى، شۇنداق قاراپ، سىزنىڭ ئىسمىڭىز. ”ۋاھ، توختاپ تۇرغىنا“ دېدىم-دە، سىيرىپلا ئوقۇپ چىقتىم. ئالامەت يېزىپسىز، ھېلىقى پىخسىقنى... ماخارىغا گاچچىدىلا قويۇپسىز. مانا قارا، بىچارە ئانا سېنى توققۇز ئاي، توققۇز كۈن، توققۇز سائەت قورساق كۆتۈرۈپ تۇغۇپ، مىڭبىر جاپادا بېقىپ قاتارغا قاتسۇن. سەن بولساڭ ئۇنى قېرىغىنىدا خارلا. ھۆي ۋىجدانسىز مۇناپىق! تۇفىي سېنىڭ ئاشۇنداق قىلىپ تاپقان پۇللىرىڭغا! تۇفىي ئابروي-ئاتىقىڭغا! راست گەپنى قىلسام، ئاچچىقىمدا پوكەينى مۇشتلاپ كېتىپتىمەن جۇمۇڭ ئۇكا. راسا قويۇپسىز مۇناپىقنى!...

قوشنامنىڭ غەزەپلىك نۇتقىنى ئاڭلاپ، بايىقى ئەندىشىلىرىم شامالغا سورۇغان پاخالدەك ئۇچۇپ كەتتى.

تەئەججۇپلىنىپ قوشنامنىڭ ئاغزىغا قاراپ تۇرۇپلا قاپتىمەن.

# ئۆزۈم كەتكۈزگەن

ئۆيلەنگىنىڭىزگە پۇشايمان قىلغانمىدىڭىز دەمسىز؟ يوقسۇ، ئۆيلەنگىنىمگە ئەمەس، ئۆيلەنگەندىن كېيىن ئۆزۈم تاپ-قان بىر ئىشقا پۇشايمان يەۋاتىمەن... ئائىلەمنىڭ ئىش ئورنى يوق ئىدى. ئۆزىمىز ئىدارە ئائىلىلىكلەر بىناسىنىڭ تۆتىنچى قەۋ-تىدە ئولتۇراتتۇق. خىزمەتكە بارغىنىمغىمۇ بىر ئايدىن ئېشىپ قالدى. ھەركۈنى ئىدارىدىن قايتىپ ئۆيگە ئالدىرايتتىم، ئايا-لىمنىڭ ئاددىي-ساددا بىساتلىرىمىز بىلەن ئۆيىمىزنى چىرايلىق بىزەپ قويغىنىنى كۆرەتتىم. ئۇنىڭ ئۆيدە يالغۇز ئولتۇرغىنىغا ئىچىم كۆيەتتى. ياش ئەمەسمۇ، ئەڭ بولمىغاندا قولۇم-قوشنى-لارنىڭكىگە چىقىپ، ئۆزىگە ئوخشاش ئۆيلىرىدە ئولتۇرغان ئا-ياللار بىلەن بىردەم-يېرىمدەم مۇڭدىشىپ چىقسىمۇ خىجالەتچى-لىكىم سەل بېسىقاتتى.

بۇ خىيالىمنى ئايالىمغا بىر ئەمەس، بىرنەچچە قېتىم ئېيت-تىم. ئۇنى ئۆيدە سولىنىپ ئولتۇرۇۋەرمەي، قولۇم-قوشنىلار بىلەن ئىزدىشىپ ئۆتۈشكە دەۋەت قىلدىم. ئېيتماقچى، تويدىن كېيىن بەزى قوشنىلار يېڭى ھۇجرىمىزغا پەتلەپ، ئۆيلىرىگە تەكلىپ قىلىشىپ چىقىپ كېتىشكەندى. كىم بىلسۇن، ئايالىم ھە دېمەيلا مېنىڭ ياخشى كۆڭۈل بىلەن بەرگەن مەسلىھەتىمنى

قېقىمۋەتتى.

— قويۇڭا، — دېدى ئۇ، — قوشنىلارنىڭكىگە چىقسا نېمە بولىدۇ؟ شۇ قۇرۇق پاراڭ، ئەپقاچتى غەيۋەت بولىدۇ. ”ئاغرىماس بېشىمغا ئالتە تاياق“ دەپ...

ئۇنچىقمىدىم. بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ سۆزىنى ھەقتەكمۇ سېزەتتىم. شۇنداق قىلىپ، يەنە خېلى كۈنلەر ئۆتۈپ كەتتى.

خىزمىتىم ئالدىراش ئىدى. گاھى كۈنلىرى چۈشتىمۇ ئۆيگە قايتالمايتتىم. تولا چاغلاردا كەچلىكلىرى ۋاقچە قايتاتتىم. شۇڭلاشقىمۇ ئايالىمنى باشقىلاردەك مېھماندارچىلىق ياكى كىنو-تىياتىرلارغا پات-پات ئاپىرالمايتتىم. بۇ ھەقتە ئۇمۇ بىر نەچچە قېتىم كوتۇلداپ، ئاخىر بېسىقىپ قالغانىدى. ئاشۇ كەمچىلىكىمنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش مەقسىتىدە يەنە ئايالىمنى قوشنا ئاياللار بىلەن ئارىلىشىپ يۈرۈشكە سۈيلىدىم.

— سىزمۇ قىزىقكەنسىز، — دېدى ئايالىم ئاخىر چېچىلىپ، — مەن سىزگە ئۆيدە يالغۇز ئولتۇرۇپ قالدىم دېمىدىمغۇ؟ مەن مۇشۇنداق ئاددىي بولسىمۇ تىنچ ئۆيۈمنىڭ بولغىنىغا خۇشالمەن. بۇنى مەن ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ئارزۇ قىلغان، خىجىل بولۇپمۇ يۈرمەڭ. مەنچۇ، ئۆيۈمدە ئۆزۈم بىلەن ئۆزۈم پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇۋېرىمەن.

ئايالىم بۇ گەپلەرنى كۈلمەي تۇرۇپ قىلىۋېدى، ماڭا گويا ئۇ ئاچچىق قىلىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى.

بىر نەچچە كۈنگىچە يەنە مۇشۇ ئىشنى ئويلاپ يۈردۈم. ئاخىر بىر كۈنى كەچلىك تاماق ئۈستىدە خىيالىمغا كەلگەننى توقۇپ، يەنە شۇ ھەقتە گەپ ئاچتىم.

— ئىككىنچى قەۋەتتىكى قوشنىمىز، ھېلىقى ئورۇق ئايال بارغۇ، ھە، شۇ بۈگۈن پەلەمپەيدە دوقۇرۇپ قېلىپ...

پارىڭىمنى ئەتەي توختىتىۋالدىم. تەبىئىيكى، ئايال كىشى دېگەن بۇنداق ئاياغلاشمىغان گەپكە دەررۇ دىققەت قىلىدۇ.

— ھە، ئۇياق نېمە دەيدۇ؟ — ئايالىم تاماق يېيىشتىن چېپ-پىدە توختاپ، بېشىنى كۆتۈردى.

— نېمە دەيتتى، شۇ سېنى ئۆي تەرەپلەرگە چىقمايدىغۇ، ئۆيدە يالغۇز ئولتۇرۇپ زېرىكمەمدۇ، تۇگىمەيدىغان نېمە ئىشى بار ئىكەن دەيدۇ. يەنە تېخى...

گېپىمنى يەنە ئۈزۈپ قويدۇم.

— يەنە نېمە دەيدۇ، ئېيتمامسىز؟ — ئايالىم بەتەر سەگەك-لەشتى.

— ئايالىڭىزنىڭ قولىقى سەل ئېغىرراقمۇ-يا، شۇنىڭغا، باشقىلارنىڭكىگە چىقىشتىن سىز توسۇمسىز؟ دېمەمدا...

نېمىلەرنى دەپ كەتتىمكىنتاڭ! دەسلەپتە ئۇنى بۇ پاراڭنى ئاڭلاپ چىچاڭشىپ كېتەمدىكىن دەپ خاۋاتىرلەنگەنىدىم، كىم بىلسۇن، ئايالىم شۈككىدە ئولتۇرۇۋەردى.

— مۇنداق دەڭ! — دەپ قويدى بىرھازادىن كېيىن. سەل تۇرۇپ يەنە قوشۇپ قويدى، — تېخى باشقا قوشنىلارمۇ شۇنداق ئويلامدىغاندۇر-ھە؟

— شۇنداق بوپقالمىسا، — مەن داۋاملىق قۇتراتقۇلۇق قىل-دىم، — خەقنىڭ ئاغزىغا قۇلۇپ سالغىلى بولامدۇ؟ بولۇپمۇ خو-تۇن خەقنىڭ ئاغزىغا...

ئەتىسى خىزمەتتىن قايتىپ كېلىپ، ئىشىكنى ئۇزاق تا-

قىلداتتىم-دە، ئاخىر تەئەججۇپ ئىلكىدە قۇلۇپقا ئۆزۈم ئاچقۇچ سالدىم. تۈنۈگۈنكى پاراڭلار يادىمدا قىلچە يوق، ئايالىمنىڭ نەگە كەتكەنلىكى توغرىسىدا خىيال سۈرۈپ كېتىپتىمەن. بۇ شەھەردە ئۇنىڭ بىرەر ئىچ كۆيەر قېرىندىشى، ھەتتا شىرەم تۇغقىنىمۇ يوق بولىدىغان، كەچ كىرىپ قالغاندا بازارغىمۇ كەتمىگەندۇ؟

چايداندىكى قايناقسۇدىن پىيالىگە لىقشىتىپ قۇيۇپ، ئۇنىڭغا قۇرۇق ناننى چىلاپ يەي دەپ ئولتۇرسام ئايالىم تاكاسلاپ كىرىپ كەلدى. چىرايىدا بولسا كۈلكە ئەگىيتتى.

— نەگە كەتتىڭلارۋي؟ — دەپ سورىدىم چاقچاق ئارىلاش، — يىغىلىققۇ بۇ؟

— ئۆزىڭىز تاپقان يىغىلىق، — دېدى ئايالىم پىسەنتىگە ئېلىپ قويماي، — مېنى گاسمۇ دەپ سورىغان قوشنىمىزنىڭكىگە چىقىپ ئولتۇرۇپ كىردىم.

ئۈنچىقماي بېشىمنى ئېغىتىپ قويدۇم. ھەر ھالدا ئايالىم ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىپ كەلگەن بولسىلا، مەيلى.

ئەتىسى كەچتە ئىشىكنى يەنە ئاچقۇچ سېلىپ ئاچتىم.

— تۈنۈگۈنكى ئورۇق ئايالنىڭ ئىسمى خاتەمگۈل ئىكەنغۇ، ھە، شۇ ھەدىمىزنىڭ ئۇدۇل قوشنىسىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ ئولتۇرۇپ چىقتىم، — ئايالىم تۇپلىيىنى تاپىسىغا سېلىۋېتىپ سۆزگە كىرىشتى، — قان بېسىمىمكىن، ئىشقىلىپ، تازىمۇ سېمىز ئايالغۇ. ئېرى چوڭ باشلىق ئىمىش. خاتەمگۈل ھەدەمنىڭ دېيىشىچە، ئۆتكەندە شۇ سېمىز خوتۇن مېنى ”كىشىگە ئارىلاشمايدىكەن، قىزغانچۇقمىكىن-يا؟“ دەپتىكەنمىش. چۈشتىن كېيىن

سىز خىزمەتكە كەتكەندىن كېيىنلا كىرىشىپتىم، مانا ئەمىسە دەپ شۇ كەمگىچە ئولتۇردۇم. قىزلىرى تاماق ئەتتى. ئوتتۇندەك ئىككى قىزىنى ئەردىن چىقىرىۋاپتىغۇ، ھە شۇلار ...كىرىپ-چىقىپ يۈرەيلى دەيدۇ، شۇنداق قىلمامدىغان دېدىم. شۇ خوتۇن ئۆيىمىزگە كىرىپ قالسا، مەن قىزغانچۇقمۇ-ئە-مەسمۇ، بىر كۆرسىتىپ قوياي ئۆزۈمنى، راستلا، توڭلاتقۇنى قاچان ئالىمىز؟

—تاماق-پاماق يوقمىدۇ؟—ئىچىمنى قاپلاپ كېلىۋاتقان ئە-لەملىك ھېسسىياتىمنى بېسىپ تۇرۇپ، ئۇقمىغانغا سېلىپ سو-رىدىم،—ئاچچىق ئۇچەيلەر غىجەك چېلىپ كەتتىغۇ؟

—راستلا ھە، مېنىڭغۇ قورسىقىم توق. مەستۇرە ھەدەم-نىڭ قىزلىرى تازىمۇ ئوخشىتىپ بولاق مانتا ئېتىپتىكەن، ئىچى ساپلا گۆش. ۋىييەي، سىزگە شۇنچىلىك قىسىنىپ كەت-تىمكىن، ئۇچ-تۆت تال ئېلىۋالايمىكىن دەپ، تارتىنىدىم. سەل توختاپ تۇرۇڭا، گازژىدە تۇخۇم قورۇپ بېرەي.

شۇنداق قىلىپ ئاستا ئايغى چىققان بوۋاق بىر كۈنلىرى ئادەمنى ھەيران قالدۇرۇپ يۈگۈرۈپ كەتكەندەك، ئايالىمنىڭ ئايغى پات ئارىدىلا "كىچىك موك[1]"تىنىمۇ ئۆتەر تېزلىشىپ كەتتى. بەش قەۋەتلىك ئائىلىلىكلەر بىناسىدىكى كىرىشكە بولى-دىغانلا قولۇم-قوشنىلارنىڭ ئىشىكى بىر چەتتىن چېكىلىپ ماڭدى، بەزى ئۆيلەر ئىككى-ئۈچ قېتىمدىن پەتلىنىپ بولدى.

—گېپىڭىز توغرىكەن،—دېدى ئايالىم بىر قېتىم چۈشلۈك

---

[1] شۇ ناملىق كىنودىكى يۈگۈرۈك.

تاماق ۋاقتىدا، ئۇ ئەمدى تاماقنى چۇشكىلا ئۇلگۇرتىدىغان بولغا-
ندى، — قولۇم-قوشنىدارچىلىق دېگەن ياخشى ئىشكەن ئەمەس-
مۇ، گۇڭۇر-مۇڭۇر... مەسلىھەتىڭىزگە بالدۇرراق كىرسەمچۇ.

يەۋاتقان لوقمام بىلەن قوشۇپ تىلىمنى چىشلىدىم. پەيغەم-
بىرىمىز بىكارغا ئاغزىغا قارا تاش سېلىۋالماپتىكەن[1]. دەر
ھەقىقەت، بۇ ياخشى ئىشنى ئۆزۈم تاپقان ئەمەسمىدىم!

بۈگۈن كەچمۇ ئادەمسىز ئۆينى يېنىمدىكى ئاچقۇچ بىلەن
ئۆزۈم ئېچىپ، ئاچ قورساق ھالدا تىكەندەك يالغۇز ئولتۇرد-
مەن، قايناقسۇ قاينىتىشتىن بۆلەك ”ھۇنەر“نى ئۆگىنىپ قوي-
مىغىنىمچۇ تېخى. ئايالىم بولسا مۇشۇ بىنادا، قايسى قەۋەت،
قايسى ئۆيدىكىن، ئىشقىلىپ خۇدا قوشقان بىر قوشنىنىڭكىدە
ئۆزىنىڭ قۇلىقى ئېغىر، قىزغانچۇق ياكى سەل ئاقساقلاپ ماڭى-
دىغان ئايال ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلاپ ئولتۇرىدۇ. مەن بولسام
ئۆز گۆشۈمنى ئۆزۈم يېگۈدەك بولۇپ ئاچ قورساقتا ئاچچىق
تاماكىنى پۇرقىرىتىپ چەككىنىمچە ئايالىمنى ئۆيدە مىختەك
ئولتۇرغۇزىدىغان ئامالنى، ئىككىنچى بىرخىل ئامالنى ئويلاپ
ئولتۇرىمەن.

---

[1] رىۋايەت قىلىنىشىچە، مۇھەممەد پەيغەمبەر كۆپ گەپ قى-
لىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئاغزىغا قارا تاش سېلىپ يۈرۈي-
دىكەن.

# دەسسەش گىرەك

كەچلىك تاماقتىن كېيىن تۇرسۇن شەماخۇن يېرىم تال سەرەڭگە ياغىچىدا چىشىنى كولاپ ئولتۇراتتى، يېڭى قوشنا يىگىت ئابلاجان سالامىنىڭ چوڭىنى قىلىپ كىرىپ كەلدى.

—ھە…ماڭا مەيەرلىرىڭىز قاملىشىدۇ بالا، قولۇم-قوشنا دېگەن—…تۇرسۇن شەماخۇن ئۆزىدىن ئالاھازەل ئوتتۇز ياشچە كىچىك قوشنىسىنى "قايناقچىراي" قارشى ئېلىپ، سارايغا باشلىدى.

ئابلاجان مودىدىن قالغان كېلەڭسىز كرېسلوغا چۆكۈپ ئولتۇرۇپ، بۇدۇر چاچلىق بېشىنى ئىچىگە تىققىنىچە خېلى ئۆزۈن زۇۋان سۈرمىدى.

—سىڭىل بىلەن…؟—يىللاردىن ئەقىل يىغقان ساھىبخانا قوشنا يىگىتنىڭ ئوزايىدىن ئاخىر بىر نېمىنى پەملەپ قالدى،

—ھۆرۈ-پۆرۈ دېيىشىپ قالمىغانسىز؟

ئابلاجان جاۋاب ئورنىدا چاچلىرىنى لەپشىتتى. ئاڭغىچە سېمىزلىككە باقماي چاققان ئۆي ئىگىسى ئايال كرېسلونىڭ ئالدىدىكى چاي شىرەسىنى راسلاپ ئۈلگۈرگەنىدى. كەچقۇرۇندىن بېرى گېلى قىمىشىپ تۇرغان تۇرسۇن شەماخۇن ئىشەنچلىكلا بېرىپ ئىشكاپتىن يېرىم شىشە «قارامۇدەن» بىلەن كىچىك

پىيالىدىن قېلىشمايدىغان سارغۇچ رومكىنى ئالدى.

— كىچىك ئىشلار ئۇكا، كىچىك ئىشلار، — ساھىبخانا ئۆرە تۇرغىنىچىلا تۇنجى رومكىنى گېلىغا ئۇرۇۋېتىپ، تېخى سىنچايدىن دەم تارتمىغان قوشنىسىغا ئىككىنچى رومكا ھاراقنى تەڭلەپ ئولگۇردى، — خوتۇن كىشى دېگەن بىر بوران، بىر پەس گۇركىرەپ ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئېلىۋېتىڭە غاچچىدە...

پەرىشان قوشنا يىگىت ئۆزۈن نېزىقاپ ئولتۇرمىدى. بەجايىكى جاڭجالنىڭ دورىسىدەك، رومكىدىكىنى گېلىگە گۇپلا قىلىپ ئۆڭتۈردى. شۇ تەرىقىدە رومكا يەنە ئىككى ئايلاندى. ئابلاجاننىڭ رومكىنى ئاغزىغا ئۇرۇشى ھەقىقەتەن بىر كارامەت ئىدى.

— بارىكاللا، قەبىھە ئىچىۋېتىدىكەنسىز! ياشلىق دېگەن-ھە؟ ...خوتۇن كىشى دېگەننىچۇ ئۇكا، باشقۇرۇشنى بىلىش كېرەك. ھە، بىز دەك... مانا سىزگە دېسەم، خۇددى بوگۇنكىدەك دەسلىۋانى ھۆرۈ-پۆرۈدىلا كانىيىغىمۇ ياكى يېتىم قوۋۇرغىسىغىمۇ ئايىماي دەسسەش كېرەك...

دەل شۇ چاغدا ئاشخانا ئۆيدىن تاكاسلاپ چىققان ئاۋاز ساراي ياققا يېقىنلاپ كەلدى. تۇرسۇن شەماخۇننىڭ ئەمدىلەتىن چىڭقالغىلى باشلىغان ئاۋازى بىردىن كېسىلدى، كۆزلىرى سەل بىريانغا غىلايلىدى. تاكاسلىغان ئاۋاز تاق ئۇنىڭ ئارقىسىدا، دۇمبىسىنىڭ يېنىدىلا توختاپ قالغانىدى.

— شۇنداق ئۇكا، — دېدى ئەر ساھىبخانا ئۆزۈلگەن گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — دەسسەش كېرەك. خوتۇن كىشى دېگەنچۇ، ئەتىدىن-كەچكىچە سىز بىلەن مەندەكلا خىزمەت قىلىپ، كەچتە

يەنە مۇنۇ گۈرنىڭ كاكۇنچىلىقىنى قىلىدۇ. نەدىكى ئارام ئۇلارغا؟ شۇڭلاشقا يەل چىرماپ كېتىدۇ دەڭا بايقۇشلارنى… ئۇلارنى سىز بىلەن بىز ئايىمىساق، كىم ئايايدۇ؟ ئاخشاملىرى ”مەيكىلىڭا گۇلى بەر-بەر“ دەپ گىلەمگە چىقىرىپ، قوش تەكىينى بېشىغا قويۇپ بېرىپ، بەل، غول، دۇمبىلىرىگە ئاستاغىنە ئاۋايلاپ دەسسەش كېرەك.

تۇرسۇن شەماخۇننىڭ ئارقىسىدىلا توختاپ قالغان ئاۋاز يەنە قايتا ئاڭلاندى، هايال ئۆتمەي ئوخشىتىپ قورۇلغان بىر تەخسە قازان كاۋىپى ئىككى جۈپ چوكىنىڭ ھەمراھلىقىدا چاي شىرەسىگە يېنىككىنە قويۇلدى. ئاياغ ئاۋازى قايتا ئاشخانا تەرەپكە ئۆزىدى.

—ئىسسىقىدا ئېلىڭا ئۇكا، بىزنىڭ خوتۇن كەلتۇرۇۋېتىدۇ،—تۇرسۇن شەماخۇن ياش قوشنىسىنى تەۋرىنىپ تۇرغان چوكىسى ئارقىلىق زاكۇسكىغا تەكلىپ قىلىۋېتىپ، ئابلاجان تەرەپكە ئېڭىشكىنىچە گېپىنى يەنە ئۇلىدى:

—شۇنداق، راست دەيمەن، دەسسەش كېرەك! جۇ دېگەندىلا تومۇر تۇتقۇزماي، ئاچ بېقىنىغا كەلتۇرۇپ دەسسەش كېرەك. ئۆلمەيدۇ… ئۇقتىڭىزمۇ؟

تۇرسۇن شەماخۇننىڭ ئاۋازى بوغۇلۇپ، قەھرىلىك چىقتى. ئاشخانا ئۆيدە بولسا دۇشە بىلەن چەيدو ھەدەپ بىر يېقىملىق مۇزىكىنى ئورۇنداۋاتاتتى.

# ھېكايىدىن... ھېكايە

تۇرمۇشتىكى گاھىبىر ئىشلارنى بەزىدە مەشھۇر كومېدىيىلەردىنمۇ ئىزدەپ تاپالمايسەن، مانا مەن سىلەرگە شۇنداق ۋەقەدىن بىرنى سۆزلەپ بېرەي.

مېنىڭ ئارىلاپ ھېكايە ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقىمنى ۋە يازماقچى بولغان ھېكايەمنىڭ سۇژىت قۇرۇلمىسى ھەققىدە ئالدى بىلەن بىرەر قەلەمداش ئۇستازغا مەسلىھەت سالىدىغانلىقىمنى بىلىسىلەر. يېقىندا مەن ئەنە شۇ مەقسەت بىلەن يېڭىدىن تونۇشقان ۋە تونۇشقانلىقىم ئۇچۇن نەچچە كۆڭگچە خۇشاللىقىمنى باسالمىغان خ ئەپەندىنىڭ ئالدىغا باردىم. نېپىز-رەك بولسىمۇ بىر ھېكايىلار توپلىمىنى نەشىر قىلدۇرغان بۇ سالاپەتلىك ئەپەندى مەن بارغىنىمدا مۇشتىكىنى قىڭغىر چىشلەپ، ئۇستەلگە چاپلاشقىنىچە قانداقتۇر بىر ئەسىرنى كاپىرروپ-كا قويۇلغان ئىش قەغىزىگە كۆچۈرۈۋاتقانىكەن.

سالام-سائەتلەردىن كېيىن مەن خ ئەپەندىگە ئۆزۈمنىڭ كېلىش مەقسىتىمنى ئېيتتىم. دۇنيادا كەمتەر بىلىمدانلار ئاز ئەمەستە. ساھىبخان مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلاپ، بىرلا جۈملە سۆز بىلەن كۆڭلۈمنى خاتىرجەم قىلدى.

—بەك ياخشى بوپتۇ، قېنى قۇلىقىم سىزدە ئىنىم!

مەن ئۈچ كىشىلىك كرېسلونىڭ بىر تەرىپىگە قىستىلىپ ئولتۇرۇپ پارىڭىمنى باشلىدىم. تەبىئىيكى، ئالدى بىلەن ئۆ-زۈمنىڭ خ ئەپەندىگە ناتونۇش بولغان ئادىتىم ھەققىدە چۈشەنچە بەردىم. ساھىبخانىغا بۇ ئادىتىم تولىمۇ ماقۇل كەلدى، مەلۇم بولدىكى، بۇ ئۇنىڭمۇ ئادەتلەنگەن مىجەزى ئىكەن.

كېيىن مەن نۆۋەتتىكى پىلانلىغان ھېكايەمنىڭ قۇرۇلمىسى ھەققىدە سۆزلەشكە باشلىدىم. ھېكايەمدە، سۆلەتكە بېرىلگەن بىر يىگىتنىڭ ئاخىر ھەممە نەرسىدىن قۇرۇق قالىدىغانلىقى يېزىلماقچى ئىدى.

—ياخشى تېما،—دېدى ساھىبخانا بېشىنى سالماقلىق لىڭ-شىتىپ،—ئاكتۇئال… سىزگە راستىمنى ئېيتسام، مەنمۇ نەق مۇشۇنداق بىر ھېكايىنى مولجاللاپ يۈرگەن… قېنى، قولىقىم سىزدە!

مەن بىر باشتىن سۆزلەشكە باشلىدىم، ئىككى مىنۇتتىن كېيىن گېپىم يەنە ئۈزۈلدى.

—مانا قاراڭ، مېڭىلىرىمىز شەرتلىك رېفلېكىس قانۇنىيە-تى بويىچە تۇتىشىپ قالغان ئوخشايدۇ. ھېكايىلىرىمىزنىڭ باش-لىنىشىمۇ ئوخشاش ئىكەنا! قېنى، قولىقىم سىزدە!

سەل جىددىيلەشكەن ھالدا سۆزۈمنى داۋاملاشتۇردۇم. ھە دېمەستىن خەقنىڭ قازىنىدىكى ئاشنى ئۇسۇپ قېلىۋاتىمەنمۇ قانداق؟…

ئەمدى سۆز داۋامىدا گاھىبىر تەپسىلاتلارنى ئۆزگىچىرەك قىلىپ بايان قىلىشقا تىرىشتىم. نېمىلا بولمىسۇن خ ئەپەندى ئۈزۈن ئۆتمەستىنلا يەنە بىر دورەم سۆز نۆۋىتىنى ئالدى.

— ئەستاغپۇرۇللا، كېيىن ئۇ قىز تېلېفوندا يىگىتنى سۆ-
كىدۇ دەڭ؟ مېنىڭكىدىمۇ شۇنداق بىر دېتال بار، لېكىن تېلې-
فوندا ئەمەس، بىرلا گەپ بىلەن تىللاپ تېلېگرام ئەۋەتىدۇ.
قېنى، قولىقىم سىزدە!

كەيپىم ئۇچقىلى تۇردى. مىخقا ئۇستى دېگەندەك ئىش
بولۇۋاتامدۇ نېمە؟ يەنە كېلىپ باشقا بىرىنىڭ ئەمەس، بىر
توپلىمى چىققان، ئۆزۈمدىن يىگىرمە ياشچە چوڭ، ھۆرمەتلىك
بىر قەلەمكەشنىڭ مىخىغا ھە؟ ئۇنىڭ ئۇستىگە تېخى ئەمدىلا
تونۇشقان... ساداقىنىڭ كىرىچىنى تارتقاندىن كېيىن، ئوقنى ئات-
ماي نېمە ئىلاج، خالاي-خالىماي، خ ئەپەندىنىڭ «ھە، قولىقىم
سىزدە!» دەپ قىزغىن مۇراجىئەت قىلىشى نەتىجىسىدە، دوملە
باسقان ھېكايەمنىڭ پىلانىنى سۆزلەشنى داۋاملاشتۇردۇم. سۆز-
لەيتتىمۇ، كېپىم يەنە ئۆزۈلمىسىدى دەپ خاۋاتىرلىنەتتىم.
دۇنيادا نېمىدىن قاچساڭ، شۇ تېز قوغلاپ يېتىشىدۇ.

— مانا، مانا، مانى قاراڭ! — خ ئەپەندى گېپىمنى يەنە
بۆلۈپ، تىزىغا پاققىدە ئۇردى. چىشلىۋالغان مۇشتىكى تېخىمۇ
قىڭغىيىپ كەتتى، سۆزى كۇشۇلداپ چىقاتتى، — سىزمۇ يىگىت-
نى ئاخىرىدا قىزدىن ئەپۇ سورايدىغان قىلىپ ئاياغلاشتۇرۇپ-
سىزدە؟ مەن دېگەن يىگىتنى قىزنىڭ ئالدىدا ھۆر-ھۆر يىغلىتى-
ۋەتتىم دەڭا! تويە ئەسكىلىكىڭگە دېدىمغۇ! خوش، ھېكايىڭىز
ياخشى ئويلىنىلغانىكەن. ۋەقەلىك دېگەندە چوڭ مەسىلە يوققۇ،
گەپ تىلىدا، قانداق دېدىم، تىلىدا... يېزىپ بېقىڭ ئىنىم.
پۈتكەندىن كېيىن يەنە بامەسلىھەت ئىش قىلمايمىزمۇ-ھە؟

گېپىمنى سەل قىسقارتايمىكىن... بىر ئايغا يەتمەستىنلا گې-

زىتته خ ئەپەندىنىڭ يېڭى بىر ھېكايىسى بېسىلىپ چىقتى، ئاڭغىچە ئۇنىڭ ئۆزى ھەققىدىمۇ خېلى نۇرغۇن ھېكايىلارنى ئاڭلاپ ئۈلگۈرگەنىدىم. دېمەككى، بىردىن زىيان تارتقان بىلەن بىردىن پايدا كۆردۇم. مانا، سىلەر مەزكۇر ھېكايەمنى كۈلۈپ-كۈلۈپ ئوقۇۋاتىسىلەر.

## ئادەم يولۋاس ۋە يولۋاس ئادەم

ئىككى كۈننىڭ ئالدىدا ئۆيدە بىكار بولۇپ قاپتىكەنمەن، تورۇپلا ئىشكاپىمغا پاتماي قالغان گېزىت-ژۇرناللارنى رەتلەپ قويغۇم كېلىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئىككى سائەتچە ھەپىلەشكەنىدىم. كۆن ئارىلاپ مەھەللىگە كېلىپ قالىدىغان شارا-باراچىغا سېتىۋېتىدىغان بىر دۆۋە ئوقەت چىقىپ قالدى.

مۇقاۋىسىنى كىملەردۇر سۆكۈۋالغان نېپىز غىنا ژۇرنالنى دۆۋىگە قېتىۋېتىشتىن ئاۋۋال ئادىتىم بويىچە ئۇنىڭ سەل سارغايغان بەتلىرىنى ۋاراقلىدىم. توساتتىن ژۇرنالنىڭ پۈتۈن بىر بېتىگە لىققىدە رامكىلاپ بېرىلگەن بىر ماقالىگە دىققىتىم ئاغدۇرۇلۇپ قالدى.

ماقالىنىڭ ماۋزۇسى «يولۋاس بىلەن ئۇچرىشىش» ئىدى.

—"يىگىرمە ئىككى ياش مەزگىلىم بولسا كېرەك، —دەپ ھېكايە قىلغانىدى سەكسەن ياشلىق بوۋاي ماقالىسىنىڭ ئاپتورىغا، —مەھەللىمىزنىڭ ئۇدۇلىغا توغرا كېلىدىغان قېلىن ئورمان-

لىق بىلەن قاپلانغان «سەكسەن بەل» دەيدىغان تاغقا چىل ئوۋلى-غىلى باردىم. ئادەتتە بۇ ئەتراپلاردا چىل بىلەن تولكە تولا بولىدىغان. ئارىلاپ بۆرىلەرنىڭ ھوۋلىغان ئاۋازىمۇ قۇلاققا كى-رىپ قالاتتى. ئەمما بىرەر كىشىنىڭ بۆرە ياكى باشقا بىر يىرتقۇچ ھايۋان تۇپەيلى خېيىم-خەتەرگە ئۇچرىغىنىنى زادىلا ئاڭلاپ باقمىغاندۇق.

شۇ كۈنى سول يېنىمدىن تۇرۇپ قالدىممۇ، زاۋال چۈشەي دېگەن چاغدا چىلدىن ئۈمىدىمنى ئۈزۈپ، قۇرۇق قول مەھەللىگە قايتىش تەرەددۇتىغا چۈشتۈم.

بىردىنلا ئەزەلدىن ياۋاش چىپار تورۇقۇم قاتتىق چۆچۈپ، چاپچىپ-كىشنەپ كەتتى. ئات ئۈستىدىن مۆدۈرۈلۈپ تىك مول-لاق چۈشكىلى تاس قالدىم. ئاڭغىچە قۇلىقىمغا ئاجايىپ بىر دەھشەتلىك، توغرىسى ئېچىنىشلىق ھۆركىرىگەن ئاۋاز ئاڭلان-دى. ئۆزۈمنى چاقماق تېزلىكىدە ئوڭلاپ ئالدىمغا شۇنداقلا قارىدىم-يۇ، تىترەپ كەتتىم. ئون مېتىر بېرىدا، قېلىن ئور-مانلىقنىڭ چېتىدىكى بىر ئۇچى زەمبىرەكنىڭ نورىدەك چوقچاي-غان سۇررەڭ خاداتاشنىڭ ئۈستىدە تازىمۇ يوغان بىر يولۋاس ئالدى ئوڭ پۇتىنى ئېگىز كۆتۈرگىنىچە پەرياد كۆتۈرۈپ زوڭ ئولتۇراتتى. كۆزۈم ئاڭغىچە ئۇنىڭ پۇتىغا قادىلىپ قالغان بىر غېرىچتەك ياغاچقا چۈشتى. بىلدىمكى، ئۇنىڭ پۇتىغا ئېھتىيات-سىزلىقتىن قاغدال تىكەن كىرىپ كەتكەنىدى. يولۋاسنىڭ كۆز-لىرىدىن مۆلدۈرلەپ ياش ئېقىپ تۇراتتى. ئۇ ياشلىق كۆزلىرىنى ماڭا مىختەك سانجىپ، يەنە بىر ھۆركىرىدى. يۈرەكنى تىترەت-كۈدەك نىدالىق ھۆركىرەشنىڭ ئارقىسىدىن بوش نالە-يېلىنىش

ئاۋازى ئۈزۈلمەيتتى. شۇچاغدا مەن دەرھال ئۆزۈمنىڭ نېمە قىلىشىم كېرەكلىكىنى چۈشەندىم. ئاتتىن ئاستاغىنە، ئەيمەنىپ، ئەمما ھەرھالدا جۈرئەتمىگە ئېلىپ چۈشتۈم. پۇتلىرىم قانچە قىلسامۇ ئەركىمگە بويسۇنمايتتى. ئاخىر، يولۋاسنىڭ ئالدىغا بارىدىغان گەپتە! بىر پۇس ئەندىشىلىك خىيال ئىلكىدە تەۋرەندىم-دە، كېيىن كۆزۈمنى يۇمۇپلا ئالدىمغا ماڭدىم. يىرتقۇچ پادىشاھنىڭ ئالدىغىمۇ باردىم. يولۋاسنىڭ ماڭا تەگلەپ تۇرغان پۇتىنى قانداق تۇتقىنىمنى، قاغدال تىكەننى يۇلۇپ قازداق ئالغىنىمنى يېرىم-يارتا ئەسلىيەلەيمەن.

تىكەننى كۈچ بىلەن سۇغۇرۇپ ئېلىۋاتقىنىمدا يولۋاس شۇنچىلىك دەھشەت ھۆركىرەپ نالە قىلدىكى، مەن ئۆلدۈم، دېگەندىن باشقىنى ئويلىيالمىدىم. بەدىنىمدىن تەر قاپاق چۈمۈچتە سۇ قۇيغاندەك شۇرقىراپ تۆكۈلدى. بىر چاغدا ئۆزۈمنى ئېتىمنىڭ يېنىدا كۆردۈم. ئۇستىبېشىمدىن قۇيۇلۇۋاتقان تەر توختىمايتتى. ئاتقا قانداق مىندىم، جان-جەھلىم بىلەن ئىككى، بېقىنىغا قانداق دېۋىتتىم، بىلمەيمەن. ئاتمۇ جايىغىلا سىيۋەتكەنىكەن. مىنىشىمگىلا ئۇچۇپ كەتتى. بىر قولۇمدا مالخىيىمەنى بېسىپ تۇرۇپ ئارقامغا ئۆرۈلسەم، يولۋاس ئورنىدا مىخلىغاندەك ئولتۇرۇپتۇ. شۇ كېچىسى قارا بېسىپ ئۇخلىيالمىدىم. توختىماي جۆيلۈيتتىم، سۇ-سۇ تەرلەيتتىم. پۈتۈن بەدىنىمگە مودۇر-چوقۇر نەرسىلەر چىققىپ كەتتى. ئەتىسى كالپۇكلىرىم ئۇچۇقتىن دارىدىيىپ كەتكەنىدى. سەھەردە چالا ئويقۇلۇق ھالەتتە تۈنۈگۈنكى قاباھەتلىك ئۇچرىشىشنى يۈزىنچى قېتىممىكىن، ئويلاپ ياتسام، ئۆيدە تۇيۇقسىز پەرياد كۆتۈرۈلدى. ئىرغىپ

تۇرۇپ قارىسام دادام بىلەن ئاپام غالىلداپ تىترىشىپ دېرىزە يېنىدا تۇرۇپتۇ. دادام تىنماي ”ئايەتالكۇرسى“نى ئوقۇۋېتىپتۇ، ئاپام بولسا يىغلىغىنىچە ئاللىنىمىلەرنىدۇر دەيتتى. ئىككى سەكرەپلا دېرىزە تۈۋىگە كەلدىم. تۇيۇقسىز ئۆرتۈپچىلىكتىن، ئۇنىڭسىزمۇ چۈچۈگەن ۋۇجۇدۇمدا ماجال قالمىغانىدى. قايسى كۆزۈم بىلەن كۆرەي، ھويلىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا چوڭلۇقى ئۆ-زىگە يېتىپ-قوپار ئارقارنى چىشلەپ دۇمبىسىگە ئارتىۋالغان بىر يولۋاس، نەق تۇنۇگۇنكى يولۋاس تۇرۇپتۇ. ئۇ قاتايتقان بېشىنى قىمىرلاتماستىن، كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ دېرىزىگە تىكىلگىنىچە تۇراتتى. شۇ ئەلپازىدىن ئۇ بىرىنى كۈتمەكتە ئىدى. شۇئان مەن ئۇنىڭ كىمنى كۈتۈۋاتقانلىقىنى ئاڭقاردىم، نېمە قىلىشىم كېرەكلىكىنى چۈشەندىم. يۈرىكىمنى تەستە توختىتىپ، تەۋەك-كۈل دەپ ئىشىكنى ئاچتىم-دە، پېشايۋانغا چىقتىم. مېنىڭ چىقىشىمغا يولۋاس ئاغزىدىكى ئولجىسىنى يەرگە گۈپپىدە تاشلى-دى-دە، كەينىگە قايرىلىپ، ھويلىدىن لەسسىدە دەسسەپ چىقىپ كەتتى...“

ماقالىنىڭ ئاخىرىنى ئوقۇغانسېرى مېنىڭمۇ بەدىنىمگە تىت-رەك ئولاشتى. ئاللىقانداق ھېس-تۇيغۇلار ۋۇجۇدۇمنى جۇغۇل-دىتىۋەتتى. شۇ جۇغۇلداش داۋامىدا كاللامدا لەپپىدە بەش يىل بۇرۇنقى بىر ئىش ئەكس ئەتتى. شۇكۈنى كەچقۇرۇنلۇقى مەھەل-لىمىزنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى ”شاھاجىنىڭ بېغى“دەپ ئاتىلىدىغان سازلىق يېقىن يول بىلەن تۈگمەنگە ئۇگۇت ئېلىپ ماڭغانىدىم. ۋېلىسىپىتىمنىڭ كەينىگە كاناپ تاغاردىكى ئوتتۇرا يېرىم بۇغداي-نى ماتاپ باغلىۋەتكەن بولساممۇ، ھە دېسىلا بىر ياققا قىيسىيىپ

يول بويى مېنى رەللە قىلىپ باردى. داقاق-دۇقۇق يولدا، ئۇنىڭ ئۇستىگە كۆز باغلىنىشقا ئاز قالغان چاغ بولغاچقا ۋېلىسى-پىت بىردەم ئېگىزگە چىقىپ، بىردەم پەسكە چۈشۈپ ئىچى--قارنىمنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋەتتى. ئاخىر ئامال بولماس-تىن، قالغان يولدا ۋېلىسىپىتىمنى يېتىلەپ مېڭىشقا مەجبۇر بولدۇم. ئوڭ تەرىپى كۆكتاتلىق، سول تەرىپى مازارغا تۇتاشقان خىلۋەت، سۈرلۈك هارۋا يولىدا كېتىۋاتقىنىمدا توساتتىن يېقىن-لا بىر يەردە كىمنىڭدۇر ئاچچىق ئېڭرىغان ئاۋازى يۈرىكىمنى جىغىلدىتىۋەتتى. خىيالىمغا يەتمىگەن ئويلار يېتىپ، تىلىم دەررۇ ياغاچتەك قېتىپ قالدى، بەدىنىم مۇزلىدى. شۇ هالەتتە داڭ قاتقىنىمچە جايىمغا مىخلىنىپ تۇرۇپ قالدىم. ئانچە ئۆتمەي بايىقى ئاۋاز يەنە قايتىلاندى، ئۇ ئەمدى مېنىڭدىن ئالتە-يەتتە قەدەمچە نېرىدىلا، يولنىڭ ئۇستىدە كۆتۈرۈلۈۋاتاتتى. خىرە-شىرە يورۇققا تازا سىنچىلاپ قارىسام، بىر ئادەم كوكاتلىرىنى يولۇچىلارنىڭ تاپىنى ۋە هارۋا چاقلىرى تاقىر قىلىۋەتكەن يول-نىڭ قاپ ئۇستىدە هەدەپ يۇمۇلاپ، نالە قىلىۋېتىپتۇ. جەزمەن يول ئۇستىدە ئۇشتۇمتۇت كېسىلى قوزغاپ قالغان، نېرۋا كې-سەلىمدۇر ياكى سوقۇر ئۇچەي...خىيالىمدىن شۇلارنى ئۆتكۈز-گەنچە دەرهال ۋېلىسىپىتىمنىڭ تەگلىكىنى يەرگە تىرىدىم. شۇ تاپتا كۆڭلۈمدە ئېچىنىش، خەيرىخاھلىقتىن بۆلەك هېسسىيات قالمىغانىدى. شۇ هېسسىياتنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئىككى چامداپ هېلىقى بىچارە يولۇچىنىڭ يېنىغا يېتىپ باردىم ۋە ياردەم قو-لۇمنى سوزغىنىمچە، قاراڭغۇدا ئۇنىڭغا قاراپ ئېڭىشتىم...

ژۇرنالنى مەھكەم سىقىمداپ، ئۆرتىنىپ ئۇھ تارتتىم. شۇ

قېتىم…شۇ قېتىم ۋېلىسىپىتىمدىن، يېرىم مىشكاپ بۇغداي-دىن، يېنىمدىكى بار-يوقى ئازغىنە پۇلۇمدىن ۋە يۈرىكىمگە قارىتىپ تەڭلەنگەن ئۆتكۈر پىچاقنى قاماللاپ چىلىك تۇتۇۋالغان ئوڭ قولۇمنىڭ قىممەتلىك ئىككى بارمىقىدىن ئايرىلدىم. ئەڭ مۇھىمى، ئىنسانلارغا بولغان پاك، سەمىمىي ھېسسىياتىم، ئە-شەنچىمدىن ئايرىلدىم. بەلكىم مەن توغرا ئېيتمايۋاتىمدى-غاندۇرمەن. ئەمما مۇنۇ ژۇرنال، ماۋۇ ئەسلىمە ۋە ئۇنىڭدا تەسۋىرلەنگەن يولۋاس، مېنىڭ ئەسلىمەمدىكى قورقۇنچلۇق زا-ۋال، ئېغىرىغان ئادەم…بىر-بىرىگە ئاجايىپ سىلىشتۇرما بو-لۇپ، شۇ تاپتا قەلبىمنى، روھىي دۇنيايىمنى لەرزىگە سالماقتا.

## سىنايمەن

ھەر ئادەمدە بىر ئادەت. مانا بىزنىڭ خۇدۇكباي گومانوپنىڭ ھاياتىدا ئەڭ سۆيىدىغان ئادىتى— گۇمانلىنىش، ئەڭ كۆپ تەك-رارلايدىغان سۆزى—”سىنايمەن!“

تۆت مىسال كەلتۈرەيمۇ؟

بىرىنچى مىسال، بۇنىڭدىن توپتوغرا 20 يىل ئىلگىرىكى ئىش. ئۇچاغلاردا خۇدۇكباي بۇرادىرىمىزنىڭ تازا قىران، يە-گىتلىك مەزگىلى ۋە سودا تېخنىكومىنى پۈتتۈرۈپ بىر ئىدارىغا يېڭىلا ئورۇنلاشقان ھەم شۇ ئىدارىدىكى ماشىنىست قىز بىلەن ئەمدىلەتىن ئىچپەش تارتىشىپ يۈرۈشكەن ۋاقتى ئىدى.

كۆنلەرنىڭ بىرىدە خۇدۇكباي كۆك موخۇركىنى چەككىنىچە ياتقىدىكى ياغاچ كارىۋاتتا چالقىسىغا چۈشۈپ يېتىپ، نېمىلەر-نىدۇر ئويلىنىپ قالدى...

— ئوبيېكتىمنى سىنايمەن! — دېدى ئۇ بىرچاغدا ئورنىدىن ئىرغىپ تۇرۇپ.

ئۇ سىنىدى، سىنىغاندىمۇ راسا كېلىشتۇرۇپ سىنىدى. ماقۇللۇق جاۋابىنى بەرگىنىگە ئەمدىلا ئالتە كۈن بولغان ھاياتلىق مەھبۇبىسىنىڭ ئۆزىگە بولغان مۇھەببىتىنى "چېكىپ كۆرۈش" يۈزىسىدىن ئۆزىنىڭ ناسكىسى بىلەن تامبىلىنى يۇيغۇزماقچى بولدى. ناسكىغۇ مەيلى، ئەمما... غەزەپلەنگەن قىز خۇدۇكباينىڭ ياتقىدىن ئىشىكنى چېقىلغۇدەك يېپىپ چىقىپ كەتكىنىچە ئىك-كىنچى دارىمىدى.

ئىككىنچى مىسال، "تامبال پاجىئەسى"دىن نەقمۇنەق بەش يىلدىن كېيىن يۈز بەرگەن ئىش. ئېھتىياج تۇپەيلى تۇغۇلغان يۇرتىغا يۆتكىلىپ كېلىپ ئوخشاشلا سودا ئىدارىسىدە ئىشلەۋات-قان خۇدۇكباي گۇمانوپىنىڭ ئاتا-ئانىسى ئېلىپ بەرگەن ياۋاش خوتۇنىدىن بىر ئوغۇل پەرزەنت كۆرگەن ۋە ئوغۇل يېشىغا تې-گىپ قالغان ۋاقىتلار ئىدى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە خۇدۇكباي ئاغى-نىمىز ئاشخانىدىكى كىگىز ئۈستىدە تاماكىسىنى پۇرقىرىتىپ چالقىسىغا چۈشكىنىچە نېمىلەرنىدۇر ئويلىنىپ قالدى...

— ئايالىمنى سىنايمەن! — دېدى ئۇ بىرچاغدا ئورنىدىن ئىرغىپ تۇرۇپ.

ئۇ سىنىدى، سىنىغاندىمۇ تازا كېلىشتۇرۇپ سىنىدى. يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، زۆرۈرىيەتتىن ئارتۇق بىر ئېغىزمۇ

پاراڭ قىلمايدىغان ياۋاش-يۇمشاق ئايالىنىڭ ئۆزىگە بولغان سا-
دىقلىقىنى ”چېكىپ كۆرۈش“ ئۈچۈن ئۇ ”كىنوغا كەتتىم“دەپ
قويىدۇ. ئەمما ئىشكاپتىن ئوغرىلىقچە ئالغان ئايالىنىڭ كۆڭلە-
كىنى كىيىپ، ياغلىقنى ئېڭەكلەپ چېگىپ، ئۆگزىگە چىقىپ
دۇم ياتقىنىچە ئۇدا ئىككى ئاخشام تالانى پايلىدى. ئەسلىدە
ئايالچە كىيىملەرسىزمۇ ”تالادىن كىرىدىغان ئەر“نى پايلاۋەرسە
بولاتتى. بۇنى تا هازىرغىچە قەھرىمانىمىزنىڭ ئۆزىمۇ چۈشەندۈ-
رۈپ بېرەلمەيدۇ. ناھايەت، ئاخىرقى ئاخشىمى ئۆگزىنىڭ گۆر-
سۈلدىگىنىدىن ئەھۋالنى سېزىپ قالغان ئايالى هايۋانات باغچە-
سىدىكى غەزىپى تۇتقان شىردەك هالەتكە كەلدى: ئاتا-ئانىسى-
نىڭ ئۆيىگە يامانلاپ كېتىپ يېرىم يىلغىچە يېتىۋالدى.

ئۈچىنچى مىسال، خۇدۇكباي گۇمانوپىنىڭ هېلىقى ئوغلى
ئەمدىگىنە ئىككىنچى سىنىپقا ئاتلىغان مەزگىل ئىدى. كۈنلەر-
نىڭ بىرىدە خۇدۇكباي دوستىمىز ساراي ئۆيىدىكى سىم كارىۋاتتا
ئاغزىدىن ئىس پۇرقىراتقىنىچە چالقىسىغا چۈشۈپ يېتىپ نېمە-
لەرنىدۇر ئويلاپ قالدى...

—ئوغلۇمنى سىنايمەن! —دېدى بىرچاغدا ئۇ ئورنىدىن
ئىرغىپ تۇرۇپ.

ئۇ سىنىدى، سىنىغاندىمۇ راسا كېلىشتۈرۈپ سىنىدى.
مۇشتۇمدەك ئوغلىنىڭ دەرس نەتىجىلىرى بىلەن ئۆزىنى ئالدا-
ۋاتقان-ئالدىمايۋاتقانلىقىنى ”چېكىپ كۆرۈش“ ئۈچۈن، ئوغلى
ئەمدىلا ئىشلەپ بولغان ھېساب تاپشۇرۇق دەپتىرىنى ئەپلەپ
تۇرۇپ جىلتىدىن ئېلىۋالدى-دە، تىقىۋالدى. ئەتىسى ئۇ ئۆزى
تاپشۇرۇقتا قىزىل قەلەمدە ”30“ نومۇر قويۇپ، ئوغلى چۈشتە

قايتقاندا يەنە ئەپلەپ جىلتىسىغا سېلىپ قويدى. ئاخشىمى ”ئەز-
زە“پاش بولغاندا بىچارە بالىنىڭ ھالىنى بىر كۆرسىڭىز ئىدى،
چىدىيالمايتتىڭىز. ئۆزى قويۇپ قويغان نومۇرغا ئۆزى ئىشە-
نىپ، بالىنى، بالىغا بولۇشقان ئانىسىنمۇ داد-پەرياد دېگۈزگەن
خۇدۇكباينىڭ كېيىنكى ئۈچ كۈنى قورقىنىدىن ئۆيدىن قېچىپ
كەتكەن بالىنى دەريابويى، توقايلىقلاردىن ئىزدەش ۋە بالا دەردىدە
بىھوش بولغان ئانىنى دوختۇرغا ئاپىرىش بىلەن ئۆتتى.

تۆتىنچى مىسال، تېخى بىر ھەپتە ئىلگىرىلا بولۇپ ئۆتكەن
ئىش. بۇ خۇدۇكباي گومانوپىنىڭ توپتوغرا تۆت ئىدارىغا يۆتكە-
لىپ بولغان ۋاقىتلىرى ئىدى. بىر كۈنى چۈشلۈكى ئۆيىگە
قايتمايلا ياندىكى ئاشخانىدىن قورسىقىنى پوملاپ كىرىپ، ئىش-
خانىسىدىكى ئۈزۈن، قاتتىق ئورۇندۇقتا چالقىسىغا چۈشكىنىچە
پاپىروس چېكىپ ياتقان خۇدۇكباي ئۆلپىتىمىز نېمىلەرنىدۇر
ئويلىنىپ قالدى...

—رەھبەرنى سىنايمەن! —دېدى بىر چاغدا ئۇ ئورنىدىن
ئىرغىپ تۇرۇپ.

ئۇ سىنىدى، سىنىغاندىمۇ كېلىشتۈرۈپ سىنىدى. ئىدارە
باشلىقىنىڭ ئۆزىگە نىسبەتەن ئىللىق ياكى سوغۇقلۇقىنى، ئۆزد-
نى ئەتىۋارلايدىغان-ئەتىۋارلىمايدىغانلىقىنى، ھەتتا كۈنلەرنىڭ
بىرىدە ”كالتە قوشۇقنىڭ سېپى“نى تۇتقۇزىدىغان-
تۇتقۇزمايدىغانلىقىنى ”چېكىپ كۆرۈش“ ئۈچۈن، شۇ كۈنى
چۈشتىن كېيىنلا ”پالانى ئىدارە مېنى ئالماقچى ھەم ئۆستۈر-
مەكچى بولدى. رۇخسەت بەرسىلە!“ دېگەن مەزمۇندا ”ئىستېپا-
نامە“ يېزىپ باشلىقنىڭ بۆلمىسىگە كىردى...

ھېكايىنى سوزمايمىز. بۇ بىر ھەپتىنىڭياقى خۇدۇكباي گومانوپ ”ئۆزىنى ئالىدىغان، ئۆستۈرىدىغان“ ھېلىقى ئىدارىنى ئىزدەپ يۈرىدۇ. بىر يەرمۇ تېپىلار؛ لېكىن، ئۆمۈر تېخى ئۇزۇن، ھۆرمەتلىك خۇدۇكباي گومانوپ يەنە نەچچە قېتىم چال-قىسىغا چۈشۈپ يېتىپ، تاماكا چەككىنىچە بىر نېمىلەرنى ئوي-لاركىن؟!...

## تەدبىر

باشقارما رەھبەرلىكىگە نامزات كۆرسىتىدىغان راي سىناش ئانكىتىنى پۈكلەپ تۇتۇۋالغان نىزامەت ئىشخانىسىدىن ئالدىراپ چىقتى. ئۇنىڭ سۇس چېچەك ئىزى قاپلىغان چىرايىدا كۈلكى-نىڭ كۆلەڭگىسى تەۋرىنىپ تۇراتتى.

نىزامەت شۇ كۈلۈمسىرىگىنىچە مېڭىپ ئوڭ قولدىكى بى-رىنچى ئوچۇق ئىشىككە قايرىلدى. كۆزەينەك تاقىغان ئاۋاق بىرەيلەن يېزىق ئەينىكىنىڭ ئۈستىدە ياتقان ئانكىتقا مىختەك قادىلىپ ئولتۇراتتى. شۇ تۇرقىدا ئۇ بۆلۈمگە بىرىنىڭ كىرىپ كەلگىنىنىمۇ تۇيمىدى.

نىزامەت ئۈنلۈك يۆتەلدى.

— ھە... كېلىڭ، — كۆزەينەكلىك كىشى نىزامەتنى كۆرد-يۇ، ئوڭايسىزلانغاندەك ئانكىتنىڭ تۆپىسىگە گېزىت تاشلىدى، — ئالدىراشمۇ؟

—بىرنېمىنى ئۇقۇۋالاي دەپ...—نىزامەت داۋاملىق كۆ-لۈمسىرىگىنىچە كۆزەينەكلىكنىڭ كۆكۈچ كۆزىگە قارىدى، —يېشىڭىزنى نەچچە دەپ يازىمىز! ؟

كۆزەينەكلىكنىڭ كۆزلىرىگە دەررۇ ھاياجان تەپتى. ئۇ ئورنىدىن تۇردى.

—ئو...ئولتۇرۇڭا، نى كېچاڭ، ھە...ئوتتۇز سەككىز دەپ قويسىڭىز بولار.

نىزامەت چىرايىدىكى تەبەسسۇمنى ساقلىغان ھالدا كەينىگە ئۆرۈلدى. كۆزەينەكلىك ئۇنى بوسۇغىغىچە ئۇزاتتى-دە، كېيىن دەررۇ جايىغا يېنىپ كەلدى-يۇ، ئانكېتىنىڭ ئۈستىدىكى گېزىت-نى ئېلىۋەتتى ۋە ئانكېتىنىڭ نامزاتلار ئىسىملىكىنىڭ بىرىنچى-سىگە "نىزامەت" دەپ يازدى.

بۇ چاغدا نىزامەت كۆزەينەكلىكنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئىشخانىغا كىرىپ بولغانىدى. ئۆزۈنىغىمۇ، توغرىسىغىمۇ تەن قويغان، قاڭشارلىق ئادەم قولىدىكى ئانكېتىنى كۆزلىرىگە تازىمۇ يېقىن ئەكىلىپ، پۈشۈلداپ ئولتۇراتتى. قەدەم تىۋىشىنى ئاڭلاپ ئۇ بېشىنى يانغا بۇرىدى-يۇ، كىرگۈچىگە قاراپ سەل ئۆڭگەندەك بولۇپ ئۇن قاتتى.

—ھىم......

خۇددى مۇشۇنداق كۈتۈۋېلىشنىڭ بولىدىغانلىقىنى ئالدىنئا-لا بىلگەندەك نىزامەت قىلچە ئوڭايسىزلانماستىن قاڭشارلىقنىڭ تۇمشۇقىغا يېقىن كەلدى.

—سىزنى ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇم سەي جۇرېن، —دېدى ئۇ قولىدىكى ئانكېتىنى ئىشارەت قىلىپ، —ئۆزىڭىزنى ئالىي

تېخنىكۇمنى پۈتتۈرگەن دەپ يازمىسىمۇ يا بولمىسا ئوتتۇرا… !

نىزامەتتىنىڭ گېپى تۈگەر-تۈگىمەستىنلا، خۇددى قارا بۇ-لۇتنى يېرىپ قۇياش چىققاندەك، قاڭشارلىقنىڭ قىڭراقتەك بۇر-نىغا كۆلكە يامرىدى.

— رەھمەت، رەھمەت، — دېدى ئۇ خىرىلدىغان ئاۋازدا ۋە نىزامەتتىنىڭ چېچىدىن-تاپىنىغىچە غەمخور ئاتىلاردەك سەپسال-دى، -ئالىي تېخنىكۇم دەۋرىلىك. مانى قاراڭ، كۆڭلىڭىزدە بار-كەنمىزدە، نىزامەتجان؟

— بۇ باشقارمىغا سىزدەك ئاكىمىز رەھبەرلىك قىلمىسا، كىم ئىش ئەپلەشتۈرەلەيدۇ؟ — نىزامەت بېشىنى ئۇزمەي يېنىك تەۋرەتكىنىچە ئىككىنچى بېكەتتىنمۇ ئايرىلىشقا تەمشەلدى. بۇ چاغدا خىرىلداق بولسىمۇ يېقىملىق ئاۋاز يەنە ئاڭلىنىپ قالدى.

— ئۆزىڭىزدىن سورايلى، نىزامەتجان، يېشىڭىزنىڭ نەق يېرى نەچچىدە؟

— سورىغانغا قىرىق بىر دەۋردۇققۇ، — نىزامەتتىنىڭ جاۋابى-نىڭ ئاخىرى سەل بوغنۇقتى. ئۇنىڭ ئۇزاپ چىقىشىغا ئىككىن-چى ئانكىتىنىڭ باش قۇرىغا زاتى-شەرىپى تىركىلىپ بولغانىدى.

شۇ تەرىقىدە نىزامەت چۈشلۈك دەم ئېلىش بولغىچە يەنە تۆت ئادەمنى يوقلىدى. سورىغىنى پەقەتلا ئاشۇ ئىككى سوئال، يا ئۇنىسى، يا بۇنىسى…… شۇنداق قىلىپ نۆۋىتىدە ئۇنىڭ مۇبا-رەك نامى-ئەمالىمۇ يەنە تۆت ئانكىتتىن رازىمەنلىك، خۇشاللىق ئىلكىدە قاتىرىسىغا ئورۇن ئالدى.

چۈشتىن كېيىن خىزمەتكە كېلىپ نىزامەتتىنىڭ قىلغان بى-

-رىنچى ئىشى ئانكىت تولدۇرۇش بولدى. ئۇ چېچەك ئىزى قاپلىغان يۈزىگە چۈشتىن بۇرۇنقى تەبەسسۇمنى تېرىقچىلىكمۇ يولاتماي خىزمەتدىشىنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئۇستەلدە تاشلىنىپ ياتقان سېپى سۇنۇق ماي قەلەمنى ئالدى-دە، سول قولى بىلەن ئاپئاق پېتى تۇرغان ئانكىتقا قىڭغىر-قىيسىق قىلىپ "نىزامەت"دەپ يازدى ۋە ئانكىتنىڭ تۆۋەندىكى ئاق قىسمىغا باشتىن-بوي ئۇزۇن سىزىق سىزدى.

## هاياتلىق كېرەك

مۇشۇ ئاي، مۇشۇ كۈنلەردە بىر ئىشنى قىلماق تولىمۇ تەس بولۇپ كەتتى، ساقىيلىقمۇ شۇنىڭ ئىچىدە، ئەلۋەتتە!

تۆت-بەش ئاغىنە بىر يەردە بولۇپ قېلىپ، بىرەر بوتۇلكىنىڭ ئاغزىنى ئېچىش توغرا كەلسىلا، ئۇقمايمەن، بوتۇلكا بىلەن رومكا مېنىڭ ئالدىمغا كېلىپ قالىدۇ. بەزىدە نېزىقاپمۇ باقىمەن، لېكىن ئاغىنىلەر تۇشمۇتۇشتىن چۇرقىرىشىپ "بولدى ئاداش، سەنلا قۇيە، سېنىڭ قولۇڭدىن ئىچەيلى!" "سەن دېگەن ئۇنۋانلىق ساقىي ئەمەسمۇ" دېيىشىپ كېتىدۇ. بۇمۇ بىر هۆرمەتتە، رەهمەت!

ئون كۈنچە ئىلگىرى بىزبەش ئاغىنە يەنە چۆپقەت ئاشخانىغا يىغىلىپ قالدۇق. زاكۇسكا كەلگەندىن كېيىن بوتۇلكىنى قولغا ئېلىپ يەنە خىزمەتنى باشلىۋەتتىم. بىرىنچى ئايلىنىش ئەڭ

ئاخىرقى بىكەتكە — سول يېنىمدا ئولتۇرغان شاشىدىنغا كەلگەندە ئۇ بىردىن قاپىقىنى تۈردى ـ دە، رومكىنى مېنىڭ ئالدىمغا سۈ- رۈپ قويدى.

— ئىچمەيمەن، ئۆتكۈزۈۋەت!

— ئىچسەڭچۇ ئاداش، — دېدىم يېرىم جىددىي، يېرىم چاقچاق تەلەپپۇزدا، — كىچىككىنە كەتتى دەپ رەنجىۋاتامسەن — يا؟!

باشقىلارمۇ تەرەپ ـ تەرەپتىن سالا قىلىشتى. لېكىن شاشى- دىن قاملاشتۇرالمىغان چۈسلۈقنى بۇزماستىن "ئىچمەيمەن" دەپ چىڭ تۇردى. توۋا، تېخى ئۆتكەن شەنبىدىلا مۇشۇ جوزىدا چى- لاشقىچە ئىچىشكەندۇق.

— نېمىشقا ئىچمەس بوپقالدىڭ ئەمدى؟ — دېدىم شاشىدىنغا مىختەك قادىلىپ. ئۆزەمنىڭمىغۇ چىڭگىز بىرمىجەزىم بار.

— ئىچمەيمەن دېگەندىن كېيىن بولمىدىمۇ ئاداش، — شاشىدىن ئەمدى رەسمىي تېرىكتى، — ماڭا ھاياتلىق كېرەك.

— مىجەزىڭ يوقمۇ نېمە؟ — باللار تۇشمۇتۇشتىن سوراش- تى. شاشىدىن پات ـ پاتلا قىلىپ قويىدىغان ئادىتى بويىچە سول مەيدە يانچۇقىنىڭ ئۈستىگە قولىنى قويدى.

— ھاراق ئىچكەن كۈنۈم يۈرىكىم ئەنسىز سېلىپ، زادىلا بولالماي قالىمەن. گاھىدا يۈرىكىم سوقۇشتىن توختاپ قالىدى- غاندەكلا سېزىلىدۇ. بۇندىن كېيىن زادى مۇشۇ كاساپەتنى ئىچ- مەي دېدىمغۇ!

گەپ شۇيەرگە يەتكەندىن كېيىن شاشىدىننى ئارتۇقچە زور- لىمىدىم. مىجەزى ئۆڭمەس تاۋاردەك بۇ ئاغىنىمىز راستتىنلا كۆڭلىنىڭ كەينىگە كىرىپ، بەزىدە قىينىلىپ قالاتتى.

شۇ كۈنكى ئولتۇرۇشنىڭ ئەڭ ئاخىرقى رومكىسىنى قويـ-دۇم-دە، (چىنىگەندەك ئەڭ ئاخىرقىسى ئۆزەمگە كېلىپ توختىدى) ئويۇندىن خۇلاسە چىقىرىپ بولۇپ، كۆلۈمسىرىگىنىمچە شاشىدىنغا قارىدىم:

—بابا مەندىن رەنجىپ قالمىغانسەن ئاداش، زورلىماي دېسەم كۆڭۈل ئۇنىمايدىكەن، بولمىسا...

—نەدىكى گەپنى قىلىسەن،—دېدى شاشىدىنمۇ دەررۇ،— زىبىز رەنجىمىدىم، بۇندىن كېيىن ماڭا هاراق زورلىمىساڭلار، هەرقانچە چاقچاق قىلساڭمۇ رەنجىمەيمەن. زادى ماڭا كەلگەندە-چۇ، تەڭلىمەستىنلا ئۆتكۈزۈۋەت، هاياتلىق كېرەك-دە، ئاداش!

—مەيلى ئەمىسە، بىزگە هاياتلىق كېرەك بولمىغاندىن كېيىن، ئىچتۇق!—مەن چاقچاق بىلەن ئاخىرقى رومكىنى كارنىيىمغا ئۆڭتۈرۈۋەتتىم. بىز تارقىلىشتۇق.

ئارىدىن هەپتە ئۆتەر-ئۆتمەيلا شاشىدىن تېلېفون بېرىپ ئىدارىغا يېڭى باشلىقنىڭ كەلگەنلىكىنى، ئادەمگەرچىلىك يۈزىسىدىن ئاشپۇزۇلغا باشلىۋالماقچى بولغانلىقىنى، بىزنىڭمۇ هەمداستىخان بولۇپ بېرىشىمىزنى ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن هېلىقى قەدىردان ئاشخانىدا ئويۇن قۇراشتۇرۇلۇپ قالدى.

زىياپەت خېلى كاتتا بولدى. بېلىق دەمىسىز، داڭقان شورپىسى دەمىسىز، تونۇر كاۋىپى دەمىسىز، هەممىسى بارئىدى. قورساقلارنى بىرقۇر چىڭدىۋالغاندىن كېيىن، ئادەت بويىچە رومكىنى سەپەرگە ئاتلاندۇرۇشقا كىرىشتىم.

ئىككى قېتىم ئايلاندۇرۇپ بولۇپ، نۆۋەت شاشىدىنغا كەلگەندە هاراق تولدۇرۇلغان رومكىنى قولۇمغا ئېلىپ، ئاغىنەمگە

قارىغۇدىم، شاشىدىن مىھماننىڭ قولىقىغا قىزغىن پىچىرلاش بىلەن بەند بولۇپ قاپتۇ، مەن ئۇنىڭ ئۆتكەنكى گېپىنى ئېسىمگە ئېلىپ، رومكىنى يەنە ئۇنىڭ يېنىدىكى ئاغىنىمىزگە تەڭلىدىم.

—نېمىشقا ئۆتكۈزۈۋېتىسەنوي! — خېلىلا چىڭ ئاۋاز مېنىلا ئەمەس، ئولتۇرغان ھەممەيلەننى چۆچۈتىۋەتتى. جىمى تەئەج-جۇپلۇق كۆزلەر شاشىدىنغا تىكىلدى.

—نى…نېمە دېدىڭ؟ — سورىدىم قولىقىمغا ئىشەنمەستىن، شاشىدىن گېپىنى تەكرارلىدى:

—قانداق قىلاركىن دەپ ئولتۇرسام، ئەڭ بولمىغاندا ئىد-چەمسەن دەپ سوراپمۇ قويماستىن رومكىنى غىپ-غىپ ئۆتكۈ-زۈۋېتىۋېرىسىنا! ھەرقايسىڭلارلا ئوينايدىغان جاھانمىكەن بۇ؟ بىزگىمۇ ھاياتلىق كېرەك!

تازا جىمىپ تۇرۇپ كەتتۇق-دە، تەڭلا پاراقلىشىپ كۈلۈش-تۇق. كۈلكە، چاقچاقلار بىر ھازاغىچە ئۆكسۈمىدى. رومكىنى تەڭلىگەن ئادىمىمدىن شۇ پېتى ياندۇرۇۋالدىم-دە، تۆپىسىگە ھاراق لىقلاپ، بېلىق كۆزى رومكىنى ئورنۇمدىن تۇرغىنىمچە ئىككى قوللاپ شاشىدىنغا سۇندۇم.

—ھاراق سەندىن ئايلانسۇن ئاداش، بولدى-بەس، دېگىنىڭ-چە قويۇۋېرىمەن. ياشاپ كەت!

شاشىدىن كۈلۈۋەتتى.

بۇ ھاراق دېگەنمۇ ئاجايىپ نەرسە. ئىچسەڭ يۈرەك بولمى-غان، ئىچمىسەڭ يۈرەك ئۇنىمىغان. ئاغىنىلەر، ئەڭ ياخشىسى بۇندىن كېيىن ئىختىيارنى يۈرەكنىڭ ئۆزىگە بېرەيلى. خالىسا ئۇنى قىلسۇن، خالىمىسا بۇنى. چۈنكى ھەممىمىزگە ھايات كېرەك-تە، ھاياتلىق دېگەن بۇ ناھايىتى كەڭ ئۇقۇمغۇ!

# مايمۇن يىلى

ئىدارىغا يېڭى باشلىق كېلىۋىدى، ھەممە ئادەم پاتىپاراق بولۇپ كەتتى. ھەركىمنىڭ بۇ يېڭى خوجايىن بىلەن بالدۇرراق تونۇشۇۋالغۇسى، پاراڭلاشقۇسى، ئىشقىلىپ، ئۇنىڭ ئالدىدىن بىر ئۆتۈۋالغۇسى كېلەتتى.

لېكىن ئىدارىدا بىرلا ئادەم بۇ ئىشلاردىن خەۋەرسىزدەك بۇرۇنقىدەكلا مېيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ، سالاپەتلىك قىياپەتتە ساناپ دەسسەپ يۈرمەكتە ئىدى.

— لېتىپ بوغالتىر، جاھانغا ئوت كەتسىمۇ پەرۋايىڭىز پەلەك-ھە، — دەپ چاقچاق قىلدى ئىشخانا مۇدىرى ئۆزى بىلەن تەڭ دېمەتلىك، ئوتتۇز ئىككى يىللىق ستاژغا ئىگە بۇ خىزمەتدىشىغا زوقلانغاندەك قاراپ، — سىز بىلەن بىز نېمىلەرنى كۆرمىگەن-ھە؟

شۇ تاپتا ئۇ ئۆزىنىڭ يېڭى باشلىقنىڭ ئالدىغا ھەممەيلەندىن جىق كىرىپ چىققىنىنى، تېخى بەش مىنۇت ئاۋۋال يەنە بىر قېتىم كىرگەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالغاندەك ئىدى.

— شۇ ئەمەسمۇ، — دەپ ئاۋازىنى سوزۇپ جاۋاب بەردى بوغالتىرلېتىپ، — بۇ باشلىقلاردىن كىملەر كېلىپ، كىملەر كەتمىدى؟ ”سۇ كېتىدۇ، تاش قالىدۇ. ئوسما كېتىدۇ، قاش

قالدۇ"دەپ، يەنە شۇ سىز بىلەن بىز ئامان قالساقلا بولدى.
ئىشخانا مۇدىرىنىڭ بۆلۈمىدە بولۇۋاتقان بۇ پاراڭلارغا قۇلاق سېلىپ تۇرغان بىرنەچچەيلەن ئۆزئارا كۆز بىقىشىۋالدى. ئۇلار-نىڭ نېمە ئويلاپ، كۆزلىرى ئارقىلىق نېمىلەرنى دېيىشكەنلىكى-نى خۇدا ئۆزى بىلىدۇ. ئىشتىن چۇشۇش ئالدىدا ئىشخانا مۇدى-رىنىڭ بۆلۈمىگە لېتىپ بوغالتىر كىرىپ كەلدى. شۇ تاپتا بۆ-لۈمدىلا ئەمەس. پۈتۈن خىزمەت بىناسىدا پەقەت مۇشۇ ئىككەي-لەنلا قېپقالغاندى.
—يېڭىلىقلاردىن خەۋىرىڭىز بولۇۋاتامدۇ؟—ئىشخانا مۇدى-رى يەنە ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالەتتە پېشقەدەم كەسىپدىشىغا ئۇچۇر يەتكۈزدى. ئۇنىڭ ئاۋازى سىلىق ۋە پەس ئىدى،—يېڭى باشلىق-نىڭ ئۆيىگىچە بېرىپ ئۇلگۇرگەنلەر بار ئىكەن، يائاللا، خەق جىم ياتمايدۇ جۇمۇ. سىز بىلەن بىزنىڭلا ھېچنېمە بىلەن كارى-مىز يوق-تە، ئابدۇلېتىپ...
—شۇ ئەمەسمۇ،—بوغالتىر غاراڭ-غۇرۇڭ ئاۋازدا جاۋاب قايتۇردى،—پالاقشىۋالسۇن جانىۋارلار. يېڭى كېلىنىڭمۇ ئۇچ كۇنگىچە ئەتىۋارى بار.
ئىشخانا مۇدىرى پېشقەدەم كەسىپدىشىنىڭ ئۆتكۈر تىلىغا يەنە بىر قېتىم قايىل بولغاندەك ئۇنىڭ كىچىككىنە كۆزلىرىگە ئەيمىنىپرەك قاراپ قويدى. كۆكۈچكىنە كەلگەن بۇ كۆزلەرنىڭ ئېقى سېرىقداپ كەتكەنىدى.
—راستىنلا...—بوغالتىر ئىشىك تەرەپكە بىر چامدام مې-ڭىپ توختاپ قالدى-دە، پېشقەدەم خىزمەتدىشىغا مۇراجىئەت قىلدى،—يېڭى باشلىقنىڭ يېشى قانچىدىرەك ئىكەن؟ ئۇققاد-

سىز؟

— بۇنى سوراپ قالدىڭىزغۇ؟

— ياق، ھېچگەپ يوق، مۇنداقچىلا... ھازىرغۇ خەقلەر ياشـ ـنى يوشۇرىدىغان بولۇپ كەتتى.

ئىشخانا مۇدىرى بىرنېمىنى يادىغا ئالغاندەك كۆلۈمسىرىدى ۋە ئادىتى بويىچە تورۇسقا تىكىلدى. ئۇ يادىغا ئالالمىغان ئىشلارـ نى تورۇستىن تېپىۋالاتتى، — ئۇقۇشۇمچە، قىرىق... قىرىق تۆـ تىنچى يىلنىڭ ئىكەنغۇ.

— شۇنداقمىكەن، — لېتىپ بوغالتىر غاراڭ — غۇرۇڭ ئاۋاـ زىنى يەنە بىر قېتىم نامايىش قىلدى-دە، ئارتۇق گەپ-سۆزمۇ قىلماي ئىشىك تەرەپكە ماڭدى، ئىشىك قانىتىنىڭ كېشەككە يەڭگىل تەگكەن ئاۋازى ئاڭلاندى. ئىشخانا مۇدىرى بېشىنى چايقىغىنىچە قالدى.

ئارىدىن بىرەر ھەپتە ئۆتۈپ ئىدارىدا ”يېڭى باشلىق لېتىپ بوغالتىرغا ئۆچ بولۇپ قاپتۇدەك“ دېگەن مىش-مىش گەپ تارقالـ ـدى.

بەزىلەر بۇ گەپلەرنى شار پۇدىگەندەك تېخىمۇ چوڭايتىپ ”يېڭى باشلىق بوغالتىرنىڭ ئارخىپىنى كۆرۈپتىمىش، ئۇنىڭ تېگى — تەكتىنى ئىنقىلاپ يۇرگىدەكمىش“ دەپ يۇرۇشتى.

بۇ گەپلەرنىڭ راست-يالغانلىقىنى مۇئەللىپ بىلمەيدۇ، بىـ ـراق ئۇ مۇنۇلارنى بىلىدۇ: بوغالتىر لېتىپ مۇشۇ كەمگىچە ئىداـ رىگە كېلىپ-كەتكەن ھېچقانداق باشلىقنىڭ كۆزىگە يامان كۆرۈـ نۈپ قالمىغان، ئەكسىچە ماختىشىغا، ئىشەنچىگە ئېرىشىپ كەلـ گەنىدى. ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلاردا ھەيكەلتىراشلىق بىلەن

شۇغۇللىنىپ قويىدىغان بۇئادەم ھەربىر باشلىقنىڭ مۆچىلى نېمە بولسا، شۇ ھايۋاننىڭ چوڭايتىلغان ھەيكىلىنى گەجدە قاتۇرۇپ، ھەل بىلەن پارقىرىتىپ، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ياخشى كۆڭلىنى قوشۇپ، يېڭى رەھبەرگە تەقدىم قىلاتتى.

بىراق ئۇ بۇ قېتىم بىر نەرسىنى يەنى يېڭى باشلىقنىڭ مۆچىلى بىلەن بىللە لەقىمىنىڭمۇ مايمۇن ئىكەنلىكىنى ئەسلا ئاڭلىمىغان، ئويلاپمۇ كۆرمىگەنىدى.

## ئەتىگەندە

ئىدارە باشلىقىنىڭ ھەركۈنى ئەتىگەن سائەت ئالتە يېرىمدا كىچىككىنە سۇلياۋ تۇڭنى كۆتۈرۈپ ئۆيدىن چىقىپ، بىر كىلو-مېتىر نېرىدىكى سۇت دۇكىنىدىن سۇت ئەكىلىدىغان ئۆزگەر-مەس ئادىتى بارلىقىنى ھەممەيلەن بىلەتتى.

ئىككى كۈندىن بۇيان ئۇ بۇ ئادىتىنى سەل-پەل ئۆزگەرت-تى. يەنى ئىلگىرىكىدەك سەيلە قىلىۋاتقاندەك بەھۇزۇر، ئالدى-رىماي مېڭىپ بېرىپ سۇت ئەكىلىشنى يۈگۈرۈپ بېرىپ سۇت ئەكىلىشكە ئۆزگەرتتى. ئىدارە ئائىلىلىكلەر بىناسىدىكى ئەر-ئايال، قېرى-ياش ھەممەيلەن سۆلەتلىك ئىدارە باشلىقىدىكى بۇ يېڭىلىققا دەررۇ قىزىقىپ دىققەت قىلىشتى. ”ۋاھ، باشلىقۋاي ياشانغىنىغا قارىماي چېنىقىشنى باشلاپتۇ-دە! ...“ شۇنىڭ بىلەن باشلىقتىن ئىلھاملىنىش، ئۆگىنىش ھەرىكىتى مەيدانغا كەلدى.

ئازلىقتىن كۆپلۈككە، ئىككىلىنىشتىن قەتئىيلىككە، دوراشتىن تەسىرلىنىشكە تەرەققىي قىلغان ئەتىگەنلىك چىنىققۇچىلار قو-شۇنى ئەزەلدىن جىمجىت بۇ ئائىلىلىكلەر بىناسىنىڭ مەنزىرىسى-گە يېڭى ھۆسن قوشتى.

شۇ تەرىقىدە ئىككى ئايدەك ۋاقىت ئۆتتى. ئىدارە ئىشخانى-سىدىكى كۈلۈمسىرەشكە ماھىر لاۋزىماتچى بىركۈنى ئەتىگەنلى-كى بىر قولىدا سۈت قاچىلانغان سۇلياۋ تۇڭنى كۆتۈرگىنىچە لەسىلدەپ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان ئىدارە باشلىقىنىڭ شەرىپىگە قەدەملىرىنى ئاستىلىتىپ تۇرۇپ سالام بەجا كەلتۈردى-دە، غەم-خورانە كۈلۈمسىرەش بىلەن سورىدى:

—باشلىق، بۇ ئىككى ئايدىن بېرى چېنىقىش پىلانىڭىزنىڭ نەتىجىسى قانداقراق بولدى؟ كەيپىياتىڭىزدا كۆرۈنەرلىك ياخ-شىلىنىش بولغاندۇر دەيمىنا؟

—قانداق چېنىقىش پىلانى؟—باشلىق تەبىئىي ھەيرانلىق بىلەن لاۋزىماتچىنىڭ چىرايىغا تىكىلدى.

—يا ئەمدى دەيمىنا، ھەركۈنى ئەتىگەندە يۈگۈرۈشنى ئادەت قىلدىڭىز ئەمەسمۇ؟!

—ھە، مۇنداق دەڭ،—باشلىق قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى، —مەن چېنىقاي دەپ يۈگۈرگىنىم يوق. يېقىندىن بېرى دۇكان-دىكىلەر سۈتنى ئىلگىرىكىدىن ئاز ئەپكېلىدىغان بولۇۋېلىشتى. شۇڭلاشقا يۈگۈرۈپ بارمىسا سۈت تەگمەي قالىدۇ-دە!·

بۇ چاغدا لاۋزىماتچى ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا بېشىنى ھە-دەپ لىڭشىتىۋاتاتتى.

# كىچىككىنە ئىزاھات

يەر خېتىنى يېگىلاش بۆلۈمىنىڭ تۆرىدە ئولتۇرغان ئوتتۇرا بوي، ئوتتۇرا ياشلىق، سول قولىقىنىڭ يۇمشىقىدا قوناقچىلىك سۆگىلى بار ئابلىز كوچاڭ ئالدىدا ئۆرە تۇرغان ئوغلى قۇراملىق يىگىتكە چېچىلىپ سۆزلەۋاتاتتى.

— زادى قايسى ياجۇيجاڭ، ئوقتۇرۇپ ئېيتامسىز؟

— ھېلىقى سېمىز ياجۇيجاڭچۇ، بىزنىڭ يان قوشنا، ئۇ پاسىل تېمىنى بىز تەرەپكە بىر غولاچ كىرگۈزۈپ سوقۇۋالدى ئەمەسمۇ؟!

— ئەستا، ئۇنى ئۇقتۇم، كېيىن تەكشۈرۈپ باقىمىز، ھازىرقى گەپ ياجۇيجاڭ دېگەننىڭ كىملىكىنى بىلىشتە.

— شۇ، مەنمۇ دەۋاتىمەنغۇ، بىزنىڭ مەھەللىگە كۆچۈپ كەلگىنىگە بىر-ئىككى يىل بولۇپ قالغان ھېلىقى ياجۇيجاڭچۇ؟ خەقنىڭ ھەممىسى ئۇنى "ياجۇيجاڭ، ياجۇيجاڭ" دەپ ئاتىشىدىكەن، بىزمۇ خەقلەرگە ئوخشاش ياجۇيجاڭ دەپ يۈرىمىز. نېمە، سىلەر ئۇنى تونۇمامسىلەر؟

— ھوي يىگىت، گەپنى چۈشىنىۋاتامسىز؟ سىز دەۋاتقان ياجۇيجاڭنىڭ ئاتىسى ئەزان قىچقىرىپ قويغان ئىېتى نېمىكەن دەۋاتىمەن.

— دېدىمغۇ، خەقلەر ياجۇيجاڭ، ياجۇيجاڭ دەپ چاقىرىشى-دىكەن دەپ، ئۇنىڭ ئىتىنى مەن نەدە يۈرۈپ بىلەي.

سۆھبەت شۇ يەرگە كەلگەندە، ئابلىز كوجاڭ ئوڭ قولىنىڭ ئىككى بارمىقى ئارىسىدىكى قەلىمىنى سىرىكچىلەردەك پىرقىرى-تىپ ئويناپ ئولتۇرۇپ يىگىتتىن سورىدى:

— ئىتىڭ نىمە سىنىڭ؟

— نۇرەخمەت، — دېدى يىگىت ئابلىز كوجاڭنىڭ ئالدىغا راق چامداپ.

— بولدى شۇ يەردە تۇرىۋەر، — ئابلىز كوجاڭ ئەمدى سەن-لەشكە ئۆتتى، — مەن ساڭا بىر گەپنى چۈشەندۈرۈپ قويىماقچى، يەنى ئىسىم دېگەن ئىسىم، ئەمەل دېگەن ئەمەل جۇمۇ، بۇنى ئۇقۇپ قوي!

— ئۇنىغۇ بىلىمەن، — يىگىت ئالدىغا يەنە بىر قەدەم چام-دىدى.

— بولدى شۇ يەردە تۇرىۋەر. بىلگەن دېگەن بىلگەن، گەپ ئۇنى ئىشلىتىشتە. بەزى ئادەملەر بار، خۇددى دادىسى كىچىكىدە ئەمىلىنى قوشۇپ ئىسىم ياساپ قويغاندەك، شۇندىقىسىغا ئەزان قىچقارغاندەك، كالتە قوشۇقنىڭ سىپىنى تۇتىمۇ، بولدى، يېڭىدىن ئىسىم ياسىۋالىدىكەن. قىلىقمۇ شۇ…

— شۇنى دەڭا، ئاشۇ ياجۇيجاڭ…

— بولدى شۇ يەردە تۇرىۋەر، مەن بۇ گەپنى مۇنداقلا قىس-تۇرۇپ قويىماقچى، ياجۇيجاڭ، ياجۇيجاڭ، نىمە ياجۇيجاڭ ئۇ؟ ياسىنمۇ، ياقۇپمۇ، ياگورمۇ…دېمەمسەن؟ قانداق دېدىم، يا خاتامۇ؟ — ئا كوجاڭ ئەمدى بۆلۈ... تۆت-بەشكە يېتىپ قالغان

ھاجەتمەنلەرگە قاراپ ئىككى قېشىنى تەڭلا يۇقىرى كۆتۈردى.

—توغرا، شۇنداق، شۇنداق بولمايزە، —مۇنۇ دەردىسە سۆھبەتنىڭ تېزرەك تۈگىشىنى كۈتۈپ تۇرغان ھاجەتمەنلەر تۈشمۈتۈشتىن ئابلىز كوجاڭنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەشتى.

—شۇ-دە، —ئابلىز كوجاڭ مەنىسىز بىر ھالەتتە تۇرۇپ قالغان يىگىتكە قاراپ گېپىنى داۋام قىلدى، —مانا، مېنى ئالساڭ، ئىسمىم ئابلىز، يەنى مەزىناخۇنۇم ئەزان قىچقىرىپ قويغان ئىسمىم ئابدۇلئەزىز، لېكىن خەقلەر ئابلىز، ئابلىز دەپ يۈرۈپ، ئابلىز ئاتىلىپ قالدىم. تېخى بەزىلەر بۇ چىرايلىق ئىسمىمنى ياقتۇرمىغاندەك، ئەتەي ھابلىز دەپ چاقىرىدۇ. ئابلىزجان، ئابلىزخان، ئابلىزاخۇن دەپ چاقىرىدىغانلارمۇ ئاز ئەمەس. شۇنداق، ھەممىسى بولىۋېرىدۇ. ئەمدى، خىزمەتتىكى ئەمەلىمنى دېسەڭ، بۆلۈم باشلىقىمەن...

شۇ گەپلەر بولىۋاتقاندا، بىتاقەت ھاجەتمەنلەرنىڭ ئارىسىدا گۇدۇڭ-گۇدۇڭ پاراڭ قوزغىلىپ قالدى. بەزىلەر دەررۇ قەددىنى رۇسلاشتى، قايسى بىرلىرى چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتتى، كىمدۇ بىرى قەغەزلىرىنى شالدىرلىتىپ، رەتلەپ، سۇنۇشقا ئۈمتۈلدى.

—مانا شۇنداق گەپ ئۇكا، —ئابلىز كوجاڭ بارماقلىرى ئارىسىدىكى قەلىمىنى بۇ نۆۋەت ئۈستەل ئۈستىدىكى يېزىق ئەيىنىكىگە ئىشچان مىسكەرلەردەك تېز-تېز توكۇلدىتىپ ئۇرۇپ قويدى ۋە ئۆزىگە مەنىلىك كۈلۈپ شىپقاپ كېلىۋاتقان يىگىتكە سالاپەتلىك كۈلۈمسىرەپ قاراپ بېشىنى ئېغاڭشىتتى، — خىزمەت ئورنىدا ئا كوجاڭمەن؛ ھە، كوچىدا، ئۆيدە، ئەل

جامائەت ئارىسىدا ئابلىزمەن. دېمەكچى سىنىڭ ئاۋۇ ياجۇيجاڭ دېگىنىڭمۇ ئىدارىسىدا جۇيجاڭ ئۇ! مەيەردە سىنىڭ بىلەن ئۇ داۋاگەر ھەم جاۋابكار سىلەر، شۇڭا بىز سىلەرنىڭ ئەزان قىچقىرىپ قويغان ئىبتىڭلارنىلا تونۇيمىز، مەن شۇنى ئىزاھلاپ قويماقچى...

شۇئاردا بىر بۆلۈم خىزمەتچىسى كىرىپ ئابلىز كوجاڭنىڭ ئالدىغا بىر پارچە قەغەزنى سۇندى. ئابلىز كوجاڭ ئۈستەلگە ئېڭىشىپ نېمىلەرنىدۇ يازدى-دە، ئاخىرىغا "ئاكوجاڭ"دەپ قول قويدى.

## ھەيرانلىقتا ھەيرانلىق

ماڭا ئەزەلدىن ئانچە يېقىنلاشمايدىغان بىر خىزمەتدىشىم يېقىندىن بېرى تۇيۇقسىزدىنلا مېنى كۆرسە يېقىملىق كۈلۈپ سالاملىشىدىغان بولۇپ قالدى. ئىشنىڭ ئالدىراشچىلىقىدا بۇ تاسادىپىي ئىللىقلىقنىڭ سەۋەبىنىڭ ئارقا-ئالدىنى ئويلىماستىنلا، تەبەسسۇملۇق سالىمىغا جاۋابەن تەبەسسۇملۇق سالام قايتۇرۇپ يۈرۈۋەردىم.

بۈگۈن بۆلۈمدە يالغۇز قالغانىكەنمەن. كەمدىن-كەم كۆرۈلىدىغان بۇ جىمجىتلىقتىن پايدىلىنىپ ئۆتكەندە چالىسى قالغان بىر ئىلمىي ماقالەمنى يېزىۋاتاتتىم. ئىشىك بوشقىنا تاكىلدىدى.

— كىرىڭ! — دېدىم.

ئىشىك سىلىق غىچىلداپ ئېچىلدى. بىر كىشى شىپىرلاپ بۆلۈمگە كىردى. بىراق خېلىغىچە ھېچبىر ئاۋاز ئاڭلانمىدى. ئاخىر قەلىمىمنى توختىتىپ، بېشىمنى كۆتۈردۈم. بوسۇغىدا ھېلىقى خىزمەتدىشىم مۆلايىم كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى.

— كېلىڭ، كېلىڭ! — دېدىم دەررۇ ئورنۇمدىن تۇرۇپ. نېمىشقىدۇر سەل ھودۇققاندەكمۇ بولدۇم.

— دىققىتىڭىزنى بۆلۈۋەتتىم-ھە؟ — دېدى خىزمەتدىشىم سىپايىلىق بىلەن ئۈدۈلۈمغا — كاماندىروپكىغا كەتكەن بۆلۈمدىشىمنىڭ ئورنىغا ئولتۇرۇۋېتىپ.

— ياقەي! — دېدىم تەكەللۇپ كۆرسىتىپ، — قېنى تاماكا چېكىڭ!

خىزمەتدىشىم مەن تۇتقان تاماكىنى تۇزۇت قىلماستىنلا ئېلىپ چەكتى-دە، خېلىغىچە كۆزلىرىمگە مۆلايىم كۈلۈمسىرەش بىلەن تىكىلىپ، گويا بىرنەرسە دېمەكچى بولۇۋاتقاندەك ئاغزىنى سۆزگە ئۆمەللەپ ئولتۇرۇپ كەتتى. "خوش، نېمە گەپ؟» دېيىشكە ماڭا ئەپسىز ئىدى. شۇڭا مەنمۇ ئارىلاپ ئۇنىڭ كۆزلىرىگە سوئاللىق تىكىلىپ قويۇپ، تاماكامنى چېكىپ ئولتۇردۇم. ناھايەت خىزمەتدىشىم گەپكە ئېغىز ئاچتى.

— سىزنى ... ئاۋارە قىلىپ ... بىر ئىشنى سورىماقچىدىم، بىلمىدىم، ئەدەپسىزلىك بولارمۇ؟

— ھېچقىسى يوق، سوراۋېرىڭ، — دېدىم دەررۇ ئىپادە بىلدۈرۈپ ۋە خىزمەتدىشىمنىڭ سوئالىنى ئەستايىدىل ئاڭلىماقچى بولغانلىقىمنى بىلدۈرگەندەك، ئورۇندۇقتا بىر ئوڭشىلىپ قويۇ-

دۇم.

— ئاددىيلا بىر ئەرزىمەس پاراڭ ئىدى، — دېدى خىزمەتدە-شىم گويا سوراشتىن خىجىل بولۇپ، قىينىلىۋاتقاندەك مەڭزىد-لىرىنى تىرماشتۇرۇپ، — هازىر رەھبەرلىكنىڭ سىزگە بولغان كۆز قارىشى ناھايىتى ياخشى، ھە؟ دېمەكچى بولغىنىم، بايقى-شىمچە سىز قىسقا مۇددەت ئارىلىقىدا ئاشۇنداق ئىناۋەتكە ئىگە بولدىڭىز...

— نەدىكىنى... — دەپ ئېتىراز بىلدۈرمەكچى بولۇپ گەپ باشلىۋېدىم، بىراق خىزمەتدىشىم گېپىمنى داۋاملاشتۇرۇشۇمغا يول قويمىدى.

— كىچىككىنە، كىچىككىنە تەخىر قىلىسىڭىز، — دېدى ئۇ ئىككى قولىنى تەڭلا كۆتۈرۈپ، — ئەلۋەتتە، سىز بۇ جەھەتتە كىچىك پېئىللىق كۆرسىتىسىز، مېنىڭ سىزدىن سورىماقچى بولىدىغىنىم شۇكى... قانداق قىلغاندا باشلىقلار بىلەن ئاشۇنداق كۆڭۈلدىكىدەك مۇناسىۋەت قىلغىلى بولىدۇ؟

مەن تېڭىرقاپ قالدىم. توغرىسى بۇنداق سوئالنى زادىلا كۈتمىگەنىدىم. شۇ تاپتا زور ئۈمىد بىلەن كۆزلىرىمگە خۇش خۇي تىكىلىپ، جاۋابىمنى كۈتۈپ تۇرغان خىزمەتدىشىمغا گاڭ-گىرىغان قىياپەتتە قارىدىم.

— بۇ... مېنىڭچە...

— سوئالىمدا كىچىككىنە چۈشىنىكسىزلىك بارمىكەن-يا؟ — دېدى ئۇ سەل سۈكۈتتىن كېيىن يەنە گەپكە ئېغىز ئېچىپ، — مەسىلەن... يەنى... يەنى ئوچۇقراق ئېيتىۋېرىدىغان بولدۇم-دە ... يەنى باشلىقلارنىڭ كۆڭلىگە يېقىش، ئۇلارنىڭ دىققىتىنى

قوزغايدىغان ئادەم بولۇش ئۈچۈن نېمىلەرنى قىلىش كېرەك دېمەكچىمەن؟

خېلى سوئاللارغا پەمىم، خېلى مەسىلىلەرگە ئەقلىم يېتىدىغان ئادەم شەرھلەش خاراكتېرىدىكى ئىككىنچى سوئالىنىمۇ تازا ئاڭقىرالمىدىم. ئەمما خىزمەتدىشىمنىڭ خۇش خۇي كۆزلىرىگە تازا دىققەت قىلىپ قاراپ، ئۇنىڭ مېنى ئەخمەق قىلمايۋاتقانلىقىنى، ئەكسىچە جىددىي ھالەتتە سوراپ ئۇمتۇلۇپ جاۋاب كۈتۈۋاتقانلىقىنى سەزدىم. شۇنداقتىمۇ دەيدىغان، توغرىراقى دېيىش كېرەك بولغان جاۋابنى تاپالمىدىم.

—سوئالىڭىزنى. . . يەنىمۇ كونكرېتراق قىلىپ سورىسىڭىز.

—بولىدۇ،—دېدى خىزمەتدىشىم،—مەسىلەن، ئىدارىمىزنىڭ باشلىقلىرى، بولۇپمۇ بىرىنچى قول…سىزنى ياخشى كۆرىدۇ. ھەتتا خېلىلا ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىۋاتىدۇ. بۇنى ئۆزىڭىز بايقامسىز؟

—بە… بەلكىم…

—ھەببەللى!—خىزمەتدىشىم قىيىن بىر تېپىشماقنى ئەڭ بالدۇر تاپقان باللاردەك خۇشاللىنىپ ئىككى يېنىغا قىمىدالدى،—ئەمدى سىزدىن سورايدىغان كونكرېت سوئالىم شۇكى، باشلىقلارنى زىياپەتكە تەكلىپ قىلىپ تۇرۇش ئىشەنچلىك ئۇسۇلمۇ؟ مەسىلەن، قانچىلىك ۋاقىتتا بىر قېتىم؟

—بۇنى ئۇقمايدىكەنمەن.

—ھە، بەك ئاشكارا بولۇپ كېتىدۇ دېمەكچىكەنسىز-دە،—خىزمەتدىشىم مەنىلىك كۈلۈمسىرەپ، بېشىنى

لىڭشىتتى، — ئەمسە، پەيتىنى كەلتۈرۈپ بىرنەرسە سوڭگۇ-
تۇشچۇ؟ مەسىلەن… ئۆيىگە ئاپىرىۋېتىدىغان گەپمۇ ياكى كوز-
ۋېرتقا سېلىپ يانچۇقىغا؟…

— بۇمۇ مەن ئانچە بىلمەيدىغان ئىش ئىكەن، — دېدىم سەل
جىددىيلىشىپ. خىزمەتدىشىمنىڭ بۇ گەپلەر ئارقىلىق نېمە دې-
مەكچى بولغانلىقىنى بىلەلمەيۋاتقىنىم جىددىيلىشىشىمنىڭ سەۋەبى
ئىدى.

— نېمە؟ بۇمۇ… — خىزمەتدىشىم كۆزلىرىمنىڭ ئىچىگە با-
يقىدىنمۇ ئۆتكۈر قادىلىپ قارىدى-دە، بىر پەستىن كېيىن كۇ-
لۇپ كەتتى، — ھە… چىقىمسىز، ھەشەمسىز يول دەڭ؟ يىغىنلا-
ردا، باشقىلارنىڭ ئالدىدا، ئەلۋەتتە ئۆزىنىڭ ئالدىدىمۇ پات-پاتلا
… باشلىقنىڭ ياخشى گېپىنى، تەرىپىنى، مەسىلەن، قابىلى-
يەت، ئىقتىدارىنى ماختاپ تۇرىدىغان گەپكەن-دە؟

— كەچۈرىسىز، راستىنى ئېيتسام، سوئاللىرىڭىزنى تازا
چۈشىنەلمەي قېلىۋاتىمەن. ئاخىرقى سوئالىڭىزغا نىسبەتەنمۇ
قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بېرەلمەيمەنغۇ دەيمەن.

خىزمەتدىشىمنىڭ كۆزلىرى ھەيرانلىق ئۇچقۇنلىرىنى چاچ-
رىتىپ، يوغان ئېچىلدى.

— سىزمۇ كەچۈرىسىز، — دېدى ئۇ ئەمدى ھەيرانلىقىنى ئا-
ۋازىدا ئەكس ئەتتۈرۈپ، — سوئاللىرىمنىڭ بىرىگىمۇ قانائەتلى-
نەرلىك جاۋاب بەرمىگىنىڭىز راست گەپ. بىراق… بىراق سىز-
دىن شۇنى تەئەججۇپ بىلەن سورىماقچىمەنكى، ئۇنداقتا سىز
ھازىرقى ئىناۋەتكە قانداق قىلىپ ئېرىشتىڭىز؟ يەنە مەسىلەن،
ئاسانلىقچە ئادەم ياراتمايدىغان ”بىرىنچى قول“غا نېمە چارە-تەدـ

بىر بىلەن يېقىپ قالدىڭىز؟ قىزغانچۇقلۇق قىلماڭ ئىنىم، ”ئەلدىن-ئەلگە نەپ“ دېگەن سۆز بار، ھە!

ھەيرانلىق ئەمدى تولۇقى بىلەن ماڭا ئۆتكەندى. بۇ ھەيرانلىق خىزمەتدىشىمنىڭ نېمە ئۈچۈن ماڭا بىردىنلا ئىللىق مۇئامىلە قىلىپ قالغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەنگىنىمدىن كېيىن پەيدا بولغانىدى. كاللامدا ھەرخىل پىكىرلەر كەزدى. تىلىمنىڭ ئۇچىغا نەچچە خىل سۆزلەر كەلدى. بىراق خىزمەتدىشىمغا ھېچنەرسە دېمىدىم. ھەيرانلىق ئىلكىدە تۇرۇپ، تۇيۇقسىزدىن ”باشلىق“ ئۇنۋانلىقلارنىڭ ئارىسىدىكى ساپ پەزىلەت، ھەقىقىي تالانت، ھالال ئەمگەكنى قەدىرلەيدىغانلىرىغا ئىچىم ئاغرىپ كەتتى.

1988-يىل سېنتەبىر

## ھەتتەڭەي…

بۆلۈمدىن چىقسام بىر نەچچە كىشى ئوپۇر-توپۇر بولۇپ، زالنىڭ بۇلۇڭ تەرىپىگە يوگۇرۇشۇپ كېتىشىۋېتىپتۇ، قىزىقتىم.

—نېمە گەپكەن هوي بۇ؟—دەپ سورىدىم كەينىدىرەك قالغان ئىدارە كاتىپىمىزنىڭ يېڭىدىن ئارانلا تۇتۇۋېلىپ.

— تۇتماڭ! —دېدى كاتىپ ھاسىراپ، —ھاكىم… ئۇرۇمچىدىن قا…قايتىپ كەپتۇ.

—ھە! ھاكىم قايتىپ كەپتۇ دېدىڭىزما؟—دەپ سورىدىم مەن ھودۇقۇپ. ھاكىم بۇندىن بىر ھەپتە ئىلگىرى ئۇرۇمچىگە

يىغىنغا كەتكەنىدى. ھازىر ئۇنىڭ قايتىپ كەلگىنىنى ئاڭلاپ گويا مەككىدىن يېقىن تۇغقىنىم كەلگەندەك ھاياجانلىنىپ كەت-تىم.

قانداقتۇر بىر كۈچ مېنى ھاكىمنىڭ ئىشخانىسىغا ئىتتىر-مەكتە ئىدى. ”ھاكىم كەپتىكەن-دە! باراي، بالدۇرراق كۆرۈ-شۈپ قوياي“دېدىم مەن شۇياققا يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ ئۆز-ئۆ-زەمگە.

زالنىڭ ئەڭ بۇلۇڭىدىكى ئىشىك ھاكىم بۆلۈمىنىڭ ئىشى-كى ئىدى. بارسام ئىشىك داغدام ئوچۇق تۇرۇپتۇ، بايىقى يۈ-گۈرگەكلەر ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۆرە تۇرغان بىرسىنى ئورىشى-ۋاپتۇ. ئۇ تۇرقىدىن ھېلىلا سەپەردىن كەلگەنلىكى چىقىپ تۇر-غان ھاكىم ئىدى. تېنىمگە غايىۋانە بىر غەيرەت كىردى. خەق-لەرنى ئىتتىرىپ يۇرۇپ ھاكىمنىڭ ئالدىغا باردىم.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم! — دېدىم تەنلىرىم ئەيمىنىشتىن تىت-رىگەن ھالدا، قولۇمنى كۆكسۈمگە ئېلىپ تۇرۇپ.

— ھە، ياخشىمۇ سىز؟ — دېدى ھاكىم كۈلۈمسىرەپ ۋە تۇكلۇك قولىنى ماڭا ئۇزاتتى. تەردىن نەملەنگەن دىخماق قولغا قوش قوللاپ يېپىشتىم. ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە ئىشلەپ تۇرۇپ تۆت يىلنىڭياقى ھاكىمنىڭ مۇبارەك قولىنى تۇتقىنىم مۇشۇ ئىدى، قولىنى تۇتۇش بىلەن ئىش پۈتمەيدۇ، بىرەر نەرسە دېيىش كېرەكتە! باشتا تەمتىرىدىم، كېيىن ئۆزۈمنى زورىغا تۇتۇپ:

— ئامان-ئېسەن ياندىڭىزمۇ ھاكىم؟ — دېدىم. شۇگەپنى دە-ۋاتقاندا قاتتىق بىر نەرسە بوغۇزۇمغا قاپلىشىپ قالغاندەك ئاۋازىم

بىر قىسما تىترەپ چىقتى.

— ھە… ! — ھاكىم قىزارغان بويۇنلىرىنى قولياغلىقى بىلەن سۈرتكەچ جاۋاب ياندۇردى.

ئىپتىخارلىق نەزىرىم بىلەن ئەتراپقا قارىسام، ئوھوي، ئىشلار باشقىچە، بايىقى يۈگۈرگەكلەر تامام خىزمەتكە چۈشۈپ كېتىپتۇ، بىرسى باسما چايداندىن ئىستاكانغا قايناقسۇ قۇيۇۋاتىدۇ، بىرسى جاۋۇرغا لۆڭگىنى تاشلاپ زالغا يۈگۈردى، بىرسى ھاكىمنىڭ ئۈستىلىنى تازىلاشقا چۈشۈپتۇ، يەنە بىرسى…

مەن ئامەتتىن قۇرۇق قالغان بىتەلەيدەك بوينۇمنى قىسىپ ھاكىمغا تەلمۈردۇم. شۇ تاپتا ھاكىم ئېغىز بىلەن ئەمەس، كۆزى بىلەن ئىشارەت قىلسىلا نى-نى ئىشلىرىنى بەجا كەلتۈرۈشكە تەييار ئىدىم. ئەقىللىق ئادەملەر دېگەن باشقا بولىدىكەن، ھاكىم ئويۇمنى بىلىپ قالدىمۇ:

— سىز… دىككىدە تۆۋەنگە چۈشۈپ چىقامسىز؟ — دەپ قالدى.

”ماقۇل“ دەپلا سىرتقا مېڭىپ، ئىشىك تۆۋەنگە بارغاندا توختىدىم، ”تۆۋەنگە نېمە ئىشقا يۈگۈرەيمەن؟“ تۇرغان ئورنۇمدا ھاكىمغا يەنە تەلمۈردۈم.

— نۆۋەتچى بۆلۈمدە…

ماڭا شۇلا كۇپايە ئىدى، قۇيۇندەك يۈگۈردۈم:

ھاكىم ئۇرۇمچىگە يىغىنغا ئەمەس، تويلۇق مال ئېلىشقا بارغان بولسا كېرەك، بىر چامادان، بىر چاماداندىن قېلىشمىغىدەك ئىككى سومكا… ئىنجىقلاپ يۈرۈپ، ئىككىنچى قەۋەتكە ئېلىپ چىقتىم. ھاكىمنىڭ ماڭا قىلغان شاپائىتىدىن قىزغانغاندەك

نۆۋەتچى بوۋاي بىر سومكىنى كۆتۈرۈشۈپ چىقاي دېۋىدى، قاپاق ئەمەسمەن-دە، ئۇنىمىدىم.

ھاكىمنىڭ ئىشىكىگە يېقىن بارغاندا يۈك-تاقلارنى يەرگە قويۇپ، سەل دېمىمنى ئالدىم، تەرلىرىمنى سۈرتتىم، ھاكىم مېنىڭ تەرلەپ-قىزارغىنىمنى كۆرمىسۇن دېدىم. بولمىسا يەنە ئىش-كۈشلىرى بولسا بۇيرىماي قالىدۇ-دە.

—ئاۋارە قىلدىم، رەھمەت سىزگە!—دېدى ھاكىم چاما-دان، سومكىلارنى بۇلۇڭغا قويغىنىمدا ماڭا قاراپ كۈلۈمسى-رەپ. شادلىقتىن قىن-قىنىمغا سىغماي قالدىم…بەختلىكمەن، بەختلىكمەن، ھاكىمدىن رەھمەت ئېلىش ئوڭاي ئىشمۇ!

يۈگۈرگەكلەرنىڭ ھەممىسى ئۆز ھەممەتلىرىنى بەجا كەلتۈ-رۈپ بولۇپ، بىر-بىرلەپ ھاكىمخانىدىن چىققىلى باشلىدى، مەنمۇ ئۆزۈمنى سوراپ، ئىشىك تەرەپكە ئالدىمنى قىلدىم.

—سىز توختاڭا!—دېدى ھاكىم، بوسۇغىغا ئاياغ قويغى-نىمدا…

قانداقلارچىدۇر ئەيتاۋۇر، دەل ھاكىم بىر نېمە دېيىش ئۈچۈن ئاغزىنى ئۆمەللەۋاتقاندا ئويغىنىپ كەتتىم، قارىسام كا-رىۋاتتا يېتىپتىمەن، تاڭ ئېتىپ قاپتۇ، بايىقىلار چۈشۈم ئە-كەن. ئورنۇمدىن يېرىم قوپۇپ ئولتۇردۇم: ”ھەتتەڭەي!… ھاكىم نېمە دېمەكچى بولغىيتتىكىن؟ ئىشقا بۇيراتتىمىكىن ياكى كۆزىگە ئىسسىق كۆرۈنۈپ قالغان بولسام بىرەر ئەمەلنىڭ…“

## ئۇنتۇپتىمەن...

— يولداشلار دىققەت، ئەمدى ئاتاقلىق چارۋىچىلىق مۇتە-
خەسسىسى ئەكرەموپ سۆزلەيدۇ.

يىغىن باشقۇرغۇچىنىڭ خىتابى زالنى جىمجىتلىققا ئە-
مەس، ئەكسىچە ۋاراڭ-چۇرۇڭغا بۆلىدى. "مۇنبەردە مۇلايىم
تەبەسسۇم بىلەن سۆز باشلىغان ئاۋۇ تاقىرباش، ئاۋارە قېرى
بىردەم ئۆز-ئۆزىگە كاسىلداپ تۇرسۇن ئەمدى. باياتىن ئىككى
باشلىقنىڭ سۆزىنى مەكتەپ بالىسىدەك قىمىر قىلماي تىڭشىغى-
نىمىزمۇ يېتەر. ئەمدى كىچىككىنە بولسىمۇ ئۆزگەپلىرىمىزنى
قىلىشىپ، ئۇچۇر ئالماشتۇرۇۋالايلى..." ھەممەيلەن شۇنداق
ئويلايتتى. شۇنىڭ بىلەن مۇنبەردىكى تاقىر باشنىڭ ئىشلەپچىقى-
رىش بىلەن ئىستېمالنىڭ تەڭپۇڭلۇقى ھەققىدە ئېيتقان جاراڭ-
لىق گەپلىرى بىلەن چۈشتە يېگەن ۋە كەچتە يېمەكچى بولىۋاتقان
تاماقلار ھەققىدىكى سانسىز كۇسۇر-كۇسۇرلار بىرلىكتە زال
بوشلۇقىنى كېزىشكە باشلىدى. بىرلا ئادەم بۇ ھالەتتىن تەشۋىش-
لەنگەندەك ئورنىدا ھەدەپ مىدىرلاۋاتاتتى. ئۇ گاھ ناتىققا ئۆزىر-
لىك، گاھ يىغىن ئەھلىگە نارازىلىق نەزەرى بىلەن قارايتتى.
ئارىلىقتا ئىككى قېتىم مۇنبەرگە كېلىپ زالنى تەرتىپكە، جىم-
جىتلىققا چاقىردى. لېكىن ئۇنىڭ بۇ ھالەت-ھەرىكەتلىرى زۇ-

كامغا لىتپلىن[①] ئىچكەندەك ئىش بولدى. جىلىچىلىكتە ئولتۇ-رالماي قالغان يىغىن باشقۇرغۇچى ئاخىر چىرايىغا لاپپىدە مەنە-لىك بىرتۇس بېرىپ، ئۇچىنچى قېتىم مۇنبەرگە يېقىن كەلدى. ئۇ ناتىققا يەنە بىر قېتىم ئۆزىرلىك قارىتۋېلىپ مىكروفونغا ئاغزىنى يېقىن ئەكەلدى-دە:

—يولداشلار، يەنە بىر نەرسىنى ئۇنتۇپتىمەن، يولداش ئەكرەموپ ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ دائىمىي ھەيئىتى، —دېدى.

زال بىردىنلا چىۋىن ئۇچسا ئاڭلانغۇدەك تىمتاسلىنىقـقـا چۆمدى.

## ئۇنتۇلغان قەرز

يېقىندا كىچىككىنە بىر ئىش بولۇپ ئۆتتى. بۇ ئىش مېنى ھايات يولۇمدا ئىككىنچىلەپ بىپەرۋالىق قىلماسلىققا ئۆگەتتى.

خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن x ناھىيىسىگە بارغانىدىم. ئىشلىرىمنى بىر-ئىككى كۈن ئىچىدە تۈگەتتىم-دە، شەھەرگە ماڭىدىغان ئاپتوبۇسنىڭ بېلىتىنى ئېلىپ قويۇپ، بۇ تاغلىق ناھىيە بازىرىنىڭ ماگىزىنلىرىنى بىر قۇر ئايلىنىپ باقماقچى، مۇھىمى، ئەركە كەنجى ئوغلۇمغا بىرەر ئويۇنچۇق ئېلىۋالماقچى بولدۇم.

---

① لىتپلىن—قورساق ئاغرىقى دورىسى.

بىرنەچچە چوڭ-كىچىك دۇكاننى ئايلىنىپ بولۇپ، ناھە-يىتىنىڭ ئەڭ چوڭ سودا بىناسى— يېڭىدىن سېلىنغان ئۈچ قەۋەت-لىك تۇرلۇك ماللار ماگىزىنىغا قاراپ ماڭدىم. بىرىنچى قەۋەتنى تەپسىلىي كۆرۈپ بولۇپ، ئىككىنچى قەۋەتكە چىقتىم-دە، ئېگىز-شىپ ئەينەك پوكەي ئىچىدىكى ماللارغا بىر باشتىن سىنچىلاپ قارىغاچ ماڭغىلى تۇردۇم...

بىر چاغدا ئويۇنچۇقلار ئارىسىدا تۇرغان يېشىل رەڭلىك سۇ چاچىدىغان سۇلياۋ تاپانچىغا كۆزۈم چۈشتى. ھەببەللى، كەنجەم نەچچە قېتىم شۇنداق ئويۇنچۇق تاپانچىنىڭ غەلۋىسىنى قىلغان، ”ماڭا شۇنداق تاپانچىدىن بىرنى ئېلىپ بەرگىنە، دادا“ دەپ يې-لىنغانىدى.

ئېگىشىپ تۇرغىنىمچە بېشىمنى سەللا كۆتۈرۈۋىدىم، پو-كەي ئىچىدە تۇرغان پىرىكازچىكنىڭ سوكنا چاپىنىنىڭ يوغان تۈگمىلىرىگە كۆزۈم چۈشتى. ئۇنىڭ چىرايىغا قارىماي تېخىمۇ ئېگىشىپرەك، بارمىقىم بىلەن پوكەي ئىچىنى كۆرسىتىپ:

— ئاۋۇ ئويۇنچۇق تاپانچىدىن بىرنى بېرىڭا، — دېدىم.

— يەتمىش سەككىز پۇڭ، — پىرىكازچىكنىڭ بوغۇق ئاۋازى ئاڭلاندى، ئالدىمغا يېشىل تاپانچىمۇ تەڭلا قويۇلدى، قويۇن يانچۇقۇمغا قول ئۇزاتقان پېتى قەددىمنى تىكلىدىم، رۇسلاندىم-يۇ، ھەيران قالدىم. پىرىكازچىكنىڭ ماڭا قارىغان كۆزلىرىمۇ يوغان ئېچىلدى، بۇ كۆزلەر ماڭا شۇنچىلىك تونۇش ئىدى.

— ھوي، ھىساميدىنكامغۇ سىز؟

— سىز... مۇتەللىپقۇ؟ ماڭا قاراڭ، بىزنىڭ بۇياقلارغا قا-چانراق چىقىپ قالدىڭىز؟

— ئۇلۇشكۇن چىققانىدىم. ھە، ئۆزىڭىز مەشەگە كېلىۋاپ-تىكەنسىز-دە!

— شۇنداق ئۇكام، تەقدىرنىڭ شاملى ئۇچۇرۇپ مەشەگە ئەكىلىپ تاشلىۋەتتى، ئون بەش يىلچە بولدى.

— ھىسامىدىنكا، كۆرۈشمىگىنىمىزگىمۇ ھەش-پەش دېگىچە ئون بەش يىلدىن ئېشىپتۇ-ھە! سىز ئوبدان تۇرۇپسىز.

— سىز كىچىككىنىلا بالا ئىدىڭىز، توۋا، يوغانلا يىگىت بولۇپ كېتىپسىز.

ئون سەككىز يىلنىڭ ئالدىدا شەھەرلىك سودا ئىدارىسىدا بىر مەزگىل بىللە ئىشلىگەن ھىسامىدىنكام بىلەن ئەنە شۇنداق ئۇچرىشىپ قالدىم. بۇ كونا تونۇشۇم بىلەن ئۇزاقراق پاراڭلاشماقچى ئىدىم، بىراق، پارىڭىمىزنى خېرىدارلار ئۈزۈپ قويدى.

— ئۆيگە باشلاپ باراي ئۇكام، — دېدى ھىسامىدىنكام سۇ تاپانچىسىغا تۆلىگەن پۇلنىڭ ئارتۇقىنى قايتۇرۇۋېتىپ، — ناھىيىلىك ھۆكۈمەت مېھمانخانىسىدا دېدىڭىزما؟ نەچچىنچى ئۆيدە؟

— ھازىرلا شەھەرگە ماڭىمەن ھىسامىدىنكا، — دېدىم ئارتۇق پۇلنى ۋە ئويۇنچۇقنى يانچۇقۇمغا سېلىۋېتىپ، — نېسىپ بولسا، كېيىنكى دورەم بارارمەن.

شۇ گەپلەرنى قىلىۋاتقىنىمدا توساتتىن بىرنەرسە يادىمغا كەلدى. باياتىن ھىسامىدىنكام بىلەن پاراڭلىشىۋېتىپ كۆڭلۈمدە كىچىككىنە بىرغەشلىك، بىئاراملىق پەيدا بولغانىدى. مەن بۇنىڭ سەۋەبىنى ئاڭقىرالمىغانىدىم. مانا ھازىر ”لىپ“قىلىپ يادىمغا كەلگەن بىر ئىشتىن كېيىن كۆڭلۈمدىكى ھېلىقى غەش-

لىكىنلىك لەپپىدە كۆتۈرۈلگەنلىكىنى سەزدىم.

بۇندىن ئون يەتتە يىل بۇرۇن قايسىدۇر بىر كۈنى، نېمىدۇر بىر نەرسىگە ھاجەتمەن بولۇپ، ھىسامىدىنكامدىن بىر يۈەن پۇل ئالغانىدىم. دەل شۇ قەرز، يەنى مەن ئېگىسىگە تاكى ھازىرغىچە قايتۇرمىغان قەرز شۇ تاپتا يادىمغا چۈشۈپ قالدى. مەن ھىسامىدىنكامغا قارىدىم، بەلكى ئۇ بۇ قەرزنى ئاللىبۇرۇن ئۇنتۇپ كەتكەندۇر. بىراق مەن خەقتىن ئالغان قەرزنى ئۇنتۇماسلىقىم، ئۆز ۋاقتىدا قايتۇرۇۋېتىشىم لازىم ئىدى. ھەي مېنىڭ بىپەرۋالىقىم. شۇلارنى ئويلىدىم-دە، قويۇن يانچۇقۇمدىن بىر يۈەن پۇلنى چىقىرىپ، ئەينەك پوكەي ئۈستىگە قويدۇم ۋە ئۇنى ئەمدىلا بىر خېرىدارنى يولغا سېلىپ، كۆلۈمسىرىگىنىچە ماڭا يەنە گەپ قىلىشقا تەمشەلگەن ھىسامىدىنكامنىڭ ئالدىغا ئاستا ئىتتىرىپ:

—ھىسامىدىنكا، بىرچاغدا سىزدىن بىر يۈەن پۇل ئېلىپ تۇرغانىدىم، شۇ تاپتا يادىمغا يەتتى. شۇنى…، —دېدىم پەس ئاۋازدا.

"نېمە قىلىپ يۈرىسىز ئۇكا هوي، سەتلەشمەڭا!" دەمدىكىن دېگەنىدىم، لېكىن ئۇ گەپ قىلماستىن پۇلنى ئالدى-دە، يانچۇقىنى كولاشتۇرۇپ، بىرمۇنچە مېتال پۇلنى چىقاردى ۋە ئىككى پۇڭلۇقتىن تۆتنى ئايرىۋېلىپ، ماڭا ئۇزاتتى. مەن ئۇنىڭ كۆلۈمسىرەپ تۇرغان كۆزلىرىگە قارىدىم.

—مۇتەللىپ ئۇكام، خاتالاشمىسام، مەندىن ئېلىپ تۇرغىنىڭىز توقسان ئىككى پۇڭ ئىدى، —دېدى ھىسامىدىنكام پۇلنى ماڭا تەڭلىگىنىچە كۆلۈمسىرەپ، —يادىڭىزدىمۇ، ئۇ چاغلاردا

بىركىلو قوي گۆشى توقسان ئىككى پۇڭ بولىدىغان...

يۈزۈم لاپپىدە ئۆت ئالغاندەك بولدى. مەن ھىسامىدىنكامغا تىكىلىپ تۇرۇپ قالدىم. ئۇنىڭ كۆزلىرى ئون سەككىز يىلنىڭ ئالدىدىكىدەكلا بىرخىل ئىللىق چاقناپ تۇراتتى.

بىراق مەن بۇ كۆزلەرنىڭ تەبەسسۇمىغا بەرداشلىق بېرەلمەستىن يەرگە قارىۋالدىم.

## نەشپۈت

كەچلىك تاماقتىن كېيىن، ئېرى ئايالى يۇيغان قاچا-قومۇچلارنى جاۋەنگە تىزىشىپ بەردى-دە، ھۇجرىسىغا چىقىپ، سافاغا چۆككىنىچە گېزىت كۆرۈشكە باشلىدى. ئارىدىن سەل ئۆتمەي ئايالىمۇ قالدى-قاتتى ئىشلارنى تۈگىتىپ، ئېرىنىڭ يېنىغا چىقتى-دە، توقۇۋاتقان پوپايكىسىنى قولىغا ئېلىپ، يانداش سافاغا ئولتۇردى.

—مەن دېگەننى ئالغاچ كەلدىڭىزمۇ؟—دېدى خېلى ئۇزاق جىمجىتلىقتىن كېيىن ئايالى.

ئېرى گېزىتتىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، سوئال نەزىرىدە ئايالىغا تىكىلىپ بىردىنلا ئورنىدىن قاڭقىپ تۇرۇپ كەتتى.

—ھە، نەشپۈتنى دەمسىزا؟ ئەپكەلدىم، ئەپكەلدىم...

ئۇ سۆزلىگەچ دەررۇ ئىشىك تۈۋىگە بېرىپ، تامدا ئېسىقلىق تۇرغان قارا سومكىسىنى ئالدى-دە، سىيرىتمىسىنى ئې-

چىپ، ھەر بىرى مۇشتۇمدەك كېلىدىغان سۇپسۇزۇك نەشپۇت-تىن تۆتنى ئالدى. ئىككى دانىسىنى چۆگۈندىكى سوغۇق سۇدا يۇيۇپ، ساپىغىدىن ئاۋايلاپ كۆتۈرۈپ ئايالىنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— تالالاڭ!

ئايال ئېرىگە كۈلۈمسىرەپ قىيا باققىنىچە نەشپۇتتىن بىرنى تاللىدى ۋە نازاكەت بىلەن ئاغزىغا ئاپاردى.

— سىزمۇ يەڭ! — دېدى ئۇ ئېرىگە نەشپۇت چايناۋېتىپ.

ئېرى بولسا ھېلىمۇ ئۆرە تۇرغىنىچە قولىدىكى نەشپۇتكە قاراپ نېمىنىدۇر ئويلاۋاتاتتى.

— نېمىشقا يېمەيسىز؟ يېمىسىڭىز رەنجىيمەن!

ئېرى كۈلۈمسىرەپ قولىدىكى نەشپۇتنى ۋاسسىدە بىر چىشلىدى-دە، جايىغا كېلىپ ئولتۇردى. كېيىن ئۆزىگە ئۆزى سۆزلىگەندەك:

— ئاپامنىڭ مىجەزى يوق بولۇپ قاپتۇ، تومۇ تەگكەن ئوخ-شايدۇ. نەشپۇت يەپ باقسا بولاتتىمىكىن-ھە؟!...— دېدى.

ئارىنى سەل جىمجىتلىق باستى.

— ئاشۇ ئالغان نەشپۇتىڭىز نەچچە پۇلغا كەلدى؟ — دەپ سورىدى ئايال خېلىدىن كېيىن، پوپايكىسىنى توقۇۋېتىپ.

— بىر كوي يىگىرمە پۇڭغا.

— ۋىيەي، ئوغىدەك قىممەت-ھە!

— قىش ئەمەسمۇ، — دېدى ئېرى تەستىقلاپ، — تومۇغا نەش-پۇت پايدا قىلاتتىغۇ دەيمەن، ھە، خالبۇۋى؟...

ئايالى پوپايكىنى يېنىدىكى بەندىڭگە قويدى. شۇ يەرگە قويۇقلۇق يېرىم نەشپۇتنى ئېلىپ، چوڭ-چوڭ قاساپ يەپ تو-

گەتتى-دە، ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىشىك تۈۋىدىكى تومپۇچكا ئۇس-تىدىن ئىككى تال نەشپۈتنى ئېلىپ، تومپۇچكا تارتمىسىغا سې-لىپ قويدى.

— ئەتىمۇ خۇدايىمنىڭ كۈنى بار.

خالبۇۋى جايىغا كېلىپ يوپايكىسىنى قولىغا ئالدى. ئېرى نەشپۈت چاينىغاچ گېزىتكە قاراپ ئولتۇرۇپ قالدى. تۇيۇقسىز، ئىشىك ئاستا چېكىلدى، كەينىدىن ئاۋازمۇ ئاڭلاندى.

—سابىرجان، ھەي سابىرجان بالام!

— مانا ئاپا، مەن...

سابىرجان گېزىتنى سافاغا تاشلىدى-دە، ئىتتىك بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى. بوسۇغىدا پوكۇاي ياغلىقلىقا باش-كۆزىنى چۈڭ-كىۋالغان ئاق باش ئانا قولىدا نەشپۈت تۇتۇپ تۇراتتى.

—يېتىپ قالمىغانسىلەر بالام؟ قوشنىمىز ھۆرىخان ”مىجە-زى يوق بولۇپ قاپتۇ“دەپ ئاڭلاپ، يوقلاپ كىرىپتىكەن. ئىككى تال نەشپۈتنى قىسىنىپ سىلەرگە ئەپكىردىم. خالبۇۋى ئىككىڭ-لار يەپ بېقىڭلار.

## سالام يەتكۈزۈش

بۇ شەھەرگە كېلىپ قىلغان بىرىنچى ئىشىم خىزمەتداشلى-رىم تاپشۇرغان سالامنى ئىگىسىگە يەتكۈزۈش بولدى. ئېيتىپ بېرىلگەن ئادرېس بويىچە ئىزدە-سورا بىر يېرىم سائەت ئاۋارە

بولۇپ، ئاخىر بەش قەۋەتلىك بىنانىڭ ئەڭ ئۈستۈنكى قەۋىتىگە چىقىپ، غايىبانە تونۇش ئىشىكنى تاقىلداتتىم.

ئۇزاق ئۆتمەيلا ئىشىك ”تاراق“ قىلىپ ئېچىلدى ۋە ئالدىغا پەشتاما تارتقان، يېشىل ساپما كەش كىيگەن، 35 ياشلاردىكى كېلىشكەن بىر ئايال بوسۇغىدا تۇرۇپ ماڭا سەل تەبەسسۇملۇق، لېكىن سوئاللىق نەزەردە تىكىلدى.

”شۇ ئىكەن-دە، — دەپ ئويلىدىم خىزمەتداشلىرىمنىڭ ئېيتىپ بەرگەن بەلگىلىرىنى ئېسىمگە ئېلىپ، — ئەنە، توشقاننىڭكىدەك دۈگىلەك كۆز، ئەنە قاڭشىرىنىڭ يېنىدىكى خال...“

— خاتالاشمىسام، سىز نۇرىيە مەۋلانغۇ دېيمەن؟ — دەپ سورىدىم سىپايىلىق بىلەن.

— ھەئە، ئۆيگە... كىرىڭ...

ئۇشۇقچە تارتىنىپ تۇرمايلا ئىچكىرىگە قاراپ ئاياغ باستىم. ئايال بولسا ئىشىكنى يايماي تۇرۇپ توۋلىدى:

— ئىدرىس، مېھمان كەلدى!

يان تەرەپتىكى ئىشىكتىن بىر قولىدا كۆزەينەك، بىر قولىدا گېزىت تۇتۇپ، 40 ياشتىن ھالقىغان، قارىمۇتۇق، كوسىراق بىر ئەركىشى چىقىپ كەلدى. ئۇ سوئاللىق نەزەرىنى بىر ماڭا، بىر ئايالىغا تىكتى-دە، ئاندىن كۆزلىرىنى يەنە ماڭا يۆتكەپ، بېشىنى قىمىرلاتتى:

— قېنى ئۆيگە كىرىڭ، ئۆيگە!

ئۇ باشلىغان ئۆيگە كىردىم-دە، يان تامغا يۆلەپ قويۇلغان كارىۋات سافاغا چۆكۈپ ئولتۇردۇم. ئەر ئۇدۇلۇمدا نېكىلىلىق قىزىل ئورۇندۇققا ئولتۇردى. ئايال بوسۇغىدا قوللىرىنى پەش-

تامىسىغا يۆگەپ، بىر ئېرىگە، بىر ماڭا قاراپ تۇرۇپ قالدى. ئۆي ئىچىنى بىر مىنۇتقا سۈكۈت باستى.

— مەن x شەھىرىدىن كەلدىم، — دېدىم ئايالغا قاراپ گەپ ئېچىپ. ئايال پۈتلىرىنى يۆتكەپ ”ھە…“دەپ قويدى. مەن گېپىمنى ئۇلىدىم:

— 4-ئوتتۇرا مەكتەپتە ئىشلەيمەن.

— قاچان كەلدىڭىز؟

— بۈگۈن چۈشتە كېلىشىم، كېلىپلا…

— يىغىنغا كەلدىڭىزمۇ؟ — ئەر مۇنداقلا سوراپ قويدى.

— ھەئە! — مەن نەزىرىمنى يەنە ئايالغا يۆتكىدىم، — بىزنىڭ مەكتەپتە بىر نەچچە ساۋاقدىشىڭىز بار ئىكەن، سالام ئېيتىشۇدى، شۇنىڭغا.

— ئوبدان بوپتۇ، — دېدى ئايال ۋە ئاشخانا تەرەپكە ئۇمتۇلدى.

— سىز ئاۋارە بولماڭ، مەن ھېلىلا كېتىمەن. ئابدۇسالام خەت يېزىپ بەرمەكچى بولغانتى، ئۇلگۈرەلمىدى…

ئايال نېمىشقىدۇر بىنەملىكتە كېتىۋېتىپ كېلەگە يولۇقۇپ قالغان كىشىدەك قاتتىق بىر ئەندىكىپ كەتتى-دە، دەررۇ ئېرىگە قارىدى. ئەر بولسا بويىنىنى غازدەك بىر سوزدى، ئۇنىڭ كۆزلىرى ئادەم ئەيمەنگۈدەك دەرىجىدە چەكچىيىپ، ئايالىغا قادالدى.

— قايسى … ئابدۇسالامكىنە؟ — ئايال تېڭىرقىغاندەك سورىدى.

— بىزنىڭ مەكتەپنىڭ مۇدىرى، سىز بىلەن داشۆنى بىللە پۈتتۈرۈپتىكەنغۇ؟

ئايالنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى، چىرايى سارغايدى، قوللىرى پەشتامىغا تېخىمۇ يۆگەلدى. مەن بۇ ئەھۋالدىن بىر قىسما بولۇپ، ئەرگە قارىدىم، ئۇ گېزىتنى ئېچىپ تۇتقان پېتى كۆزەينەك ئۈستىدىن ئايالىغا قادىلىپ تۇراتتى.

— تونۇمايدىكەنمەن…، — دېدى ئايال.

— ھە؟ — مەن ھەيران بولدۇم، سافادىن قوزغىلىپ كەتتىم، — سىز بىلەن بىر يۇرتلۇقكەنغۇ؟

— ئېسىمگە ئالالمىدىمغۇ…

— ھوي، بۇ قانداق بولغىنى، — مەن يانچۇقۇمنى ئاختۇردۇم، — بۇ يەرگە كېلىشىمنىڭ سەۋەبىمۇ شۇنىڭ ئىشى تۈپەيلى ئىدى. ئۇ سىزدىن مانا مۇنۇ كىتابنى سورىۋىدى.

ئايال مەن ئۇزاتقان باغاقچىنى ئوتنى تۇتقاندەك مۇشكۇلچىلىكتە ئالدى-دە، ئېرى تەرەپكە يەنە غىلام-غىلام قارىدى.

— ۋايتاڭ… ئەزىبىرايى تونۇمايمەن.

تەرلەپ كەتتىم، ئۆيدە ھاۋا يېتىشمەيۋاتقاندەك بىلىندى.

— ئەستا… ! — دېدىم مەن قول ياغلىقىمنى ئېلىپ پېشانە، بويۇنلىرىمنى سۈرتكىنىمچە، — ئەمىسە… قاسىم نەزەرنى تونۇيدىغانسىز؟

— ياق تونۇمايدىكەنمەن، — دېدى ئايال ئاستاغىنە.

— كېرىمجان ئىسلامىنچۇ؟

— ياق، ياق…

— تىلىۋالدىمۇ سىزنى ساۋاقدىشىم دېۋىدى…

— ۋايتاڭ، كىمكىن ئۇ، — پىچىرلىدى ئايال.

مەن ئورنۇمدىن تۇردۇم.

— رەنجىمەيسىز، ئەمىسە مەن خاتا كىرىپ قالغان ئوخشاي-مەن!

— ئولتۇرمامسىز، چاي-پاي ئىچىپ ھە…؟! — ئەر ئۇ-چىنچى قېتىم زۇۋانىغا كەلدى.

— رەھمەت! — دېدىم مەن ۋە ئىشىك تەرەپكە ئۆزۈمنى ئاتتىم، — رەنجىمەيسىلەر، ئۇقۇشماسلىق بوپتۇ، ئاۋارە قىلدىم.

— ھېچقىسى يوق، — دېدى ئەر، — قايتامسىزا، ماقۇل ئەمىسە!

ئىشىك تۇتقۇچىنى شۇنداق تېز بۇرۇدۇم-دە، ئۆزۈمنى زالدا كۆردۇم. پېشانە تەرىمنى ئېرتقىنىمچە، پەلەمپەيلەردىن تۆۋەنلەشكە باشلىدىم، مەن پەلەمپەي ئايلانمىسىغا كەلگەندە بىردىنلا:

”توختاڭ!“ دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. ئارقامغا ئۆرۈلدۈم. قارىسام بايىقى ئايال تاتارغان ھالدا ئىشىككە يۆلىنىپ تۇرۇپتۇ.

— رەنجىمەڭ، سىز دېگەن ئاشۇلار ھەممىسى مېنىڭ ساۋاقداشلىرىم. مەندىن سالام ئېيتىڭ… ئابدۇسالامغا ئېيتىپ قويۇڭ، دېگەن كىتابىنى جەزمەن ئەۋەتىپ بېرىمەن… خۇدا ھەققى رەنجىمەڭ…، — ئۇ شۇنداق دېدى-دە، كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقىچە غايىب بولدى…

مەن سەل تېڭىرقاپ قالدىم. كېيىن بىردىنلا ئېسىمگە كەلدىم-دە، بۇ زامانىۋى بىنانىڭ ئايلانما پەلەمپەيلىرىدىن ئوقتەك تېز چۈشۈپ كەتتىم…

1987-يىل

# باش كىيىم ھەققىدە پاراڭ

باش كىيىم ھەققىدە پاراڭ بولسىلا بىر دوستۇم يادىمغا كېلىدۇ. مەن ئۇنىڭ بىلەن 50-يىللارنىڭ ئاخىرىدا تونۇشقانىدىم، ئۇ چاغلاردا دوستۇم بېشىغا تولىمۇ سىپتا تىكىلگەن كەپكە كىيىپ يۈرەتتى.

بىر كۈنى ئۇ مېنىڭ بېشىمدىكى چىمەن دوپپىغا ئىستىھزالىق نەزىرىنى تاشلاپ:

—ياپياش تۇرۇپ دوپپا كىيىۋالغىنىڭىزنى قارىڭا، تانسىلارغىمۇ دوپپا كىيىپ بارامسىز؟—دېدى.

—مەن تانسا ئوينىمايمەن،—دېدىم سەل قىسىنىپراق.

—ئوينىمىسىڭىزمۇ…،—دېدى دوستۇم ۋە بېشىدىكى كۆلرەڭ كەپكىسىنى سىلىق بىر ھەرىكەت بىلەن ئوڭشاپ قويدى.

—سىزمۇ دوپپا كىيسىڭىز بولىدۇ،—دېدىم ئۇنىڭغا مۇنداقچىلا ۋە بېشىمدىكى دوپپىنى ئېلىپ تەڭلىدىم،—مۇنۇنى كىيىپ بېقىڭا، سىزنىڭ چىرايىڭىز ئاق سېرىق، تازىمۇ يارىشىدۇ.

—ۋاي، قويۇڭا،—دېدى دوستۇم قولۇمنى توسۇپ،—ھېلىتىن دوپپا كىيىۋالسىمىزمۇ، قېرىغاندا بىرگەپ بولار…

ئارىدىن خېلى يىللار ئۆتۈپ كەتتى. زامان ئۆزگەردى. كەپكە كىيگەنلەر سازايى قىلىنىدىغان بولدى. مېنىڭ دوپپامۇ

قىزىل بەلگىلىكلەرنىڭ مۇسادىرىسىغا ئۇچرىدى. دوستۇم چاق-قانلىق قىلىپ بىشىدىكى كەپكىنى نەگىدۇر يوقاتقان، ئۇنىڭ ئورنىغا ئاددىيغىنە بىر سېرىق شەپكە كىيىۋالغانىدى.

—مەخسۇم مىجەزلىكتىن مەدەنىيەتلىككە ئۆتۈۋاپسىزغۇ، — دەپ شاخو قىلدى بىر قېتىم ئۇ مېنى، —دوپپىنى بالدۇر-راق تەنقىد قىلغان بولسا بوپتىكەن.

مەن ئۈنچىقمىدىم.

—ماڭا قاراڭ، —دېدى ئۇ يەنە چوڭ سۆپەتلىك بىلەن گې-پىنى داۋاملاشتۇرۇپ، —سىزنىڭ چېچىڭىز ئاز، يالاڭباشتاق يۈرسىڭىز ياراشمايدىكەن. ياخشىسى مۇنۇ مېنىڭكىدەك شەپكە-دىن بىرنى ئېلىپ كىيىۋېلىڭ، ئۇنىڭ ئۈستىگە زامانغىمۇ يارد-شىمىراق...

—مەسلىھەتىڭىزگە رەھمەت! —دېدىم ئەدەپ بىلەن، — دوپپا كىيگىلى بولىدىغان زامانلار كەلگۈچە سىز دېگەندەك "مە-دەنىي" يۈرۈپ تۇراي...

يەنە خېلى يىللار ئۆتۈپ كەتتى. چېكە چاچلىرىممۇ ئاقار-دى. مەن ئەمدى بېشىمغا چوڭلارغا يارىشىملىق قىزىل مانچېس-تېر دوپپا كىيىۋالغانىدىم.

—پاھ، ئامرىقىڭىز بىلەن تېپىشىپسىز-دە! —دېدى دوس-تۇم بېشىمدىكى دوپپىنى كۆرۈپ خىرقىراپ كۈلگىنىچە، —ۋاي سىزنىڭ دوپپا خۇمارلىقىڭىزەي بۇرادىرىم.

دوستۇم ئەمدى يالاڭباشتاق يۈرۈشكە باشلىغانىدى.

—ھېلىقى چاغدا مېنى "مەدەنىي" دەپ شاخو قىلىۋېدىڭىز، —دېدىم ئۇنىڭ مايلانغان چېچىغا قاراپ، —ئۇ چاغدىغۇ سىز

بىلەن بىز خېلى ياش ئىدۇق، ئەمدىزە، قىرغاندا ئۆزىڭىز مەدەنىيلىكنى ياقتۇرۇپ قاپسىزغۇ؟ مانچېستېر دوپپا سىزگىمۇ يارىشاتتى.

—ۋا قويۇڭا شۇ دوپپىڭىزنى! —دېدى دوستۇم چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ، —قېرىپ قالغان بىلەن كۆڭلىمىز ياش-دە بىز-نىڭ.

—كۆڭلىڭىزغۇ ياش… بىراق دوپپا…

—دوپپا، دوپپا دەۋېرىدىكەنسىز، —دوستۇم تېرىككەندەك قولىنى بىر سىلكىدى-دە نېرى كەتتى.

يېقىندا پېشقەدەم كادىرلار ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكى تەشكىل-لىنىپ، ئىچكىرى ئۆلكىلەرنى ئېكسكۇرسىيە قىلىش تەلىپىگە مەنمۇ، ئۆز ئىدارىسىدىن ھېلىقى دوستۇممۇ مۇيەسسەر بولۇپ قالدۇق.

بېيجىڭغا يېتىپ كېلىپ ئۈچىنچى كۈنى مەملىكەتنىڭ ھەر-قايسى جايلىرىدىن كەلگەن ئاز سانلىق مىللەتلەر ئېكسكۇرسىيە-چىلىرى ھەشەمەتلىك بىر چوڭ زالغا يىغىلدۇق. بىز ئىسمىنى ئاڭلاپ يۈرگەن كاتتا رەھبەرلەردىنمۇ كەلدى. تېلېۋىزىيە ئوپې-راتورلىرى، مۇخبىرلار ئەتراپنى گۈلزاردىكى كېپىنەكلەردەك قاپلاپ كەتتى. يېنىمغا قارىسام… پاھ-ھاي، ماۋۇ كارامەتنى كۆرۈڭ: دوستۇم كاستۇمىنىڭ يانچۇقىدىن تۆت قاتلانغان چە-رايلىق بادام دوپپىنى ئېلىپ بېشىغا كىيىۋېتىپتۇ.

—مۇبارەك بولسۇن، قالتىس يېڭىلىققۇ بۇ؟ —دېدىم مەن ھەيرانلىقىمنى يوشۇرالماي.

دوستۇم ماڭا قاراپ سىرلىق ھىجايدى ۋە دوپپا ياراشقان

بېشىنى مەن تەرەپكە سەل ئەگدى:

— نادانكەنسىز بۇرادەر! دوپپىنىڭ پايدىسىنى هازىر كۆردى-
ڭىز، مۇخبىرنىڭ ھەممىسى مەشەگە ئاقىدۇ ئەمدى...

داڭقېتىپ تۇرۇپلا قاپتىمەن، خىلىغىچە ئېسىمگە كېلەلمىدىم. دېگەندەكلا، بىردەمدىن كېيىن يان-يېنىمىزدا ئاپپاراتلار چاراسلاپ، چىراغلار لاپىلدىغىلى باشلىدى. بەلكىم، دوستۇمنىڭ شاراپىتى بىلەن چۈشكەن ئاشۇ فوتو سۈرەت ۋە تېلېۋىزور لېنتىلىرىدىمۇ قىياپىتىم ئەنە شۇنداق تەئەججۇپلۇك ھالەتنى ئەكس ئەتتۈرۈپ قالغان بولسا كېرەك!

## كۆپۈك

كەسكىنوۋ بوراندەك تېزلىك بىلەن ئۆيىگە يېتىپ كەلدى.

ئۇ نە ئەمدىلا تۆت تال چىشى چىققان ئوماق قىزىنىڭ ئەركىلىشىگە، نە كىر يۇغىلى تۇتۇنغان ئايالىنىڭ نازلىق كايىشىغا پەرۋا قىلماي، دەررۇ يېزىق ئۈستىلى ئالدىغا چۆكتى-دە، ئۆزىنى ئۇنتۇدى. بىر سائەت ئىلگىرىكى كۆڭۈلسىز ۋەقەنىڭ گۇۋاھلىقىدىن كېيىن ئۇنىڭغا "ۋاژژىدە" ئىلهام كەلگەنىدى. شۇ تاپتا ئۇ ئاشۇ قايناق ئىلهامنىڭ كۈچى بىلەن بىر نادىر ھېكايە يازماقچىدى... ۋە يازدى. يەنە كېلىپ ھەجمى بەك چوڭ بولمىسىمۇ، تىلى ئۆتكۈر، دەللىكى جايىدا بىر ھەجۋىي ھېكايىنى ئىككى سائەت باش كۆتۈرمەستىن بىراقلا يېزىپ پۈتتۈردى. ھېكا-

يىدا بايىقى بيۇروكرات باشلىق، ئۇنىڭ يالغانچى گۇۋاھچىسى— كولگونچەك بوغالتىر، خوشامەتگوي سىمىز توختامچى…لار تازا قامچىلانغانىدى. ھېكايىنى يېزىپ بولغىنىدا، ئۆزىدە گويا مۇردىسىدىن بىر تاغنى غولىتىۋەتكەندەك يەڭگىل، بىر مەيدان ۋالىسىقا پىرقىراپ بولغاندەك كۆڭۈللۈك كەيپىياتنى سەزدى. ئۇ ئورگىنال قەغەزلىرىنى رەتلەپ تارتمىغا سالدى-دە، ئورنىدىن دەس تۇرۇپ سەيىلەردەك كېرىلدى، شۇندىلا، ئۇنىڭ كۆزى ئايىغى چۆرىسىدە يۆگىلىشىپ يۈرگەن قىزىغا، ئاپئاق نازۇك قوللىرى كۆپۈكلۈك ماغزاپقا مىلەنگەن ئايالىغا چۈشتى. ئۇ قىزىنى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈردى ۋە پومپىلاق مەڭزىلىرىدىن بېسىپ-بېسىپ سۆيدى. ئايالىغا بىر نەچچە ئېغىز چاقچاق قىلىپ، ئۇنى كۆلدۈردى ۋە ئىشىغا ئانچە-مۇنچە قارىشىپمۇ بەردى. كېيىن تاماكىدىن بىرنى تۇتاشتۇردى-دە، ئايالىنىڭ ئۇدۇلىدىكى ياغاچ كارىۋاتقا يانپاشلىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كەيپى تولىمۇ خوش ئىدى.

تاماكا چەككەچ ئايالىنىڭ چاققان ھەرىكەتلىرىگە، داستىكى تاشقىلىغان سوپۇن كۆپۈكلىرىنىڭ بىر-بىرلەپ ئېتىلىپ، ئازدىيىپ يوقىلىشىغا…قاراپ ئولتۇرغان كەسكىنوۋ يېزىلىپ پۈتكەن يېڭى ھېكايىسى ھەققىدە ئىختىيارسىزلا ئويلىنىشقا باشلىدى. ئەتە ئۇ ھېكايىنى يەنە بىر قۇر تۈزىتىدۇ-دە، ئاققا چىرايلىق كۆچۈرۈپ، ژۇرنالغا بېرىدۇ. ھېكايە بېسىلغاندىن كېيىن (جەزمەن بېسىلىدۇ، ئەلۋەتتە!) ھېلىقىدەك يارىماس ئىللەتلەرنىڭ ئىگىلىرى كېلىشتۇرۇپ تەستەك يەيدۇ، ئەڭ بولمىغاندا، دەردى ئىچىدە قېلىپ چىچاڭشىيدۇ…شۇلارنى ئويلاۋېتىپ كەسكىنوۋنىڭ يۈرىكى ئۇشتۇمتۇت ”جىغغىدە“ قىلىپ قالدى.

خوش، بۇ ھېكايىنىغۇ يازدى، مەتبەئەگىمۇ بېرىدۇ، باستۇرىدۇ، بىراق، ھېلىقى... ھېلىقى بيۇروكرات باشلىقنىڭ ئوبرازىنى ئۇنىڭ ھازىرقى باشلىقى ئۆزىگە ئېلىپ كەتسە قانداق قىلغۇلۇق؟ كەسكىنوۋغۇ ئۇنى يازمىدى، بىراق ھازىر بەزى ئادەملەر تولىمۇ خۇدۇكچان بولۇپ كەتتى ئەمەسمۇ! ... باشلىقى ئۆزى دىققەت قىلمىغان ھالەتتىمۇ بەزىبىر پۇرسەتپەرەس قىتىغۇرلار ئۇنىڭ قۇلىقىغا بىرگە ئوننى قوشۇپ شىۋىرلىمايدۇ دېگىلى بولامدۇ؟...

كەسكىنوۋ ئويلاپ شۇ يەرگە كەلگەندە كونۇپكىلىق قونچاقتەك، ياتقان يېرىدىن دىككىدە تۇرۇپ ئولتۇردى. ئۆزىنى بىردىنلا ئىسسىپ كەتكەندەك ھېس قىلدى. ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ ئىشىنىڭ سەل ئەپلەشمىگىنىنى ھېس قىلىشقا باشلىدى. بولمايدۇ، ھېلىقى بيۇروكرات باشلىقنى ھېكايىدىن چىقىرىۋېتىش كېرەك. قاراپ تۇرۇپ باشلىقنىڭ كۆڭلىدە غۇم پەيدا بولۇپ قالمىسۇن.

كەسكىنوۋ كارىۋاتتىن ئىرغىپ تۇردى-دە، يېزىق ئۈستىلىنىڭ ئالدىغا يۈگۈردى، تارتمىنى ئېچىپ، بايىقى ئورگىنال قەغەزلىرىنى شالدىرلىتىپ ئالدى. چارەك سائەت ھەپىلەشكەندىن كېيىن، ھېكايىدە ئاساسلىق ساۋالغىنى بوغالتىر بولۇپ قالدى. كەسكىنوۋنىڭ كۆڭلى ئەمدى سەل ئارامىغا چۈشكەندەك بولدى ۋە قەغەزلەرنى رەتلەپ، جايىغا سېلىشقا تەمشەلدى. دەل شۇ ئەسنادا ئۇنىڭ كۆزى پۈتۈن زېھنى بىلەن كىر يۇيۇۋاتقان ئايالىغا چۈشتى-دە، يەنە تۇرۇپلا قالدى. ئايالىنىڭ دادىسى، يەنى كەسكىنوۋنىڭ قېيناتىسى سودا ئىدارىسىنىڭ پېشقەدەم بو-

غالتىرى ئىدى. شۈبھىسىزكى، ئائىلە تىنچلىقى ئۇچۇن ھېكايە-دىكى بوغالتىر ھەققىدە ئويلىنىش كېرەك...ۋە ئويلىنىلدى.
ئەمدى ھېكايىدە ئاساسەن خۇشامەتگۇي سېمىز توختامچى قامچى-لىناتتى. قامچىلانسۇن، ئۇچ ئىللەتخورنىڭ يېيىشىگە تېگىش-لىك قامچىسى بىراقلا بۇ «ئادىمىي شەيتان»نىڭ يەلكى-سىدە ئوينىسۇن...
كەسكىنوۋ شۇلارنى ئويلاۋاتقاندا، تۇيۇقسىز قۇلىقىغا ئايا-لىنىڭ ئاۋازى كىرىپ قالدى.
— راستلا، توختامچى ئاغىنىڭىز ھېلىقى گىلەمنى قاچان ئەكىلىپ بېرىدىغان بولدى؟
— نېمە؟ ... — كەسكىنوۋ ئۇشتۇمتۇت ھاۋا گۈلدۈرلەپ، چاقماق چېقىلغاندەك چۆچۈپ ئايالى تەرەپكە قايرىلدىيۇ، بىراق ئايالىنىڭ سوئالىنى جاۋابسىز قالدۇرۇپ، قولىدىكى ھېكايە ئورگىنالىغا قارىدى. كېيىن بىردىنلا ئەسەبىيلىشىپ ھېكايە ئورگىناللىرىنى مىجىقلىدى، ئاندىن مىجىقلانغان قەغەز يومىلا-قىنى ئايالىنىڭ يېنىدىكى يوندا دېسىغا ئاتتى. يوندا ئۈستىدە لەيلەپ يۈرگەن سوپۇن كۆپۈكچىلىرى بىر-بىرلەپ، ئارقا-ئار-قىدىن يېرىلماقتا، ...يوقالماقتا ئىدى.
كەسكىنوۋ ھەسرەتلەنگەن ھالدا ئۆز-ئۆزىگە ئاستا پىچىرلى-دى:
— كۆپۈك...

# غەم

ئەتىگەندە خىزمەتكە كېلىپ بۆلۈمىمىزنىڭ قۇلۇپىنى ئېچىۋا-
تاتتىم. ئۇدۇلدىكى بۆلۈمنىڭ قىيا ئوچۇق ئىشىكىدىن بىر ئايال-
نىڭ ۋايساپ سۆزلىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ئەستاغپۇرۇللا، تازا يامان ۋاقتىدا ئاغرىپ يېتىپ قال-
دى-دە، قانداقمۇ قىلارمىز. ئەمدى ئائىلىنىڭ ئىشلىرى كەينى-
گە تارتىلىدىغان بولدى. "ئۆزىڭىزنى ئاياڭ، ئاياڭ"دەپ نەچچە
قېتىم ئېيتتىم، ئاڭلىمىدى. مانا قان بېسىمى شۇنچىلىك...

خېلى دىققەت قىلىپ ئاڭلاپ تونۇدۇمكى، سۆزلەۋاتقىنى
بىزنىڭ ئىشخانا مەسئۇلىمىز ئىدى. بۇ ئىدارىگە يېڭىدىن يۆتكى-
لىپ كەلگەنلىكىم ئۈچۈن، ئادەملىرى بىلەن ئانچە بەك ئېچەكى-
شىپ كېتەلمىگەنىدىم. شۇ تاپتا نېمىلا بولمىسۇن ئىدارە ئىشلى-
رىنىڭ يېپىدىن-يىڭنىسىغىچە ئارىلىشىدىغان ۋە ئارىلىشىشى
كېرەك بولغان ئىشخانا مەسئۇلىغا تەسەللىي بېرىپ قوياي دېگەن
نىيەتتە ئۇدۇلدىكى بۆلۈمنىڭ ئىشىكىنى ئىتتەردىم. ئىشخانىدا
پەرىشان قىياپەتتە توختىماي سۆزلەۋاتقان ئىشخانا مەسئۇلى بى-
لەن يەنە ئىككى كىشى بار ئىدى.

— ئادەم يېشى چوڭ بوپقالغاندا، ئۆزىنى ئۆزى ئايىمىسا
بولمايدىكەن، بۇياق زادىلا ئۆزىنى ئاياشنى بىلمەيدۇ. ھەي، قاد-

داق قىلارمىزكىن دەڭلار!...

ئۇ گەپ ئارىلىقىدا ماڭا مۇنداقلا بىرقاراپ قويۇش بىلەن چەكلەندى-دە، توختىماي سۆزلەۋەردى. ئۇنىڭ گېپىنى ھېلىقى ئىككەيلەننىڭ بىرى بېشىنى يەرگە ساڭگىلاتقىنىچە جىم ئولتۇ-رۇپ تىڭشاۋاتاتتى. ئىككىنچى بىرى، يەنى قىر بۇرۇنلۇق، خۇشپىچىم ماشىنىست قىز بولسا، ياشىنىپ قالغان ئىشخانا مەسئۇلىنىڭ يېڭىلا بۇدۇر قىلىنغان، ئەمما ئۇنىڭغا ئوبدانلا سالاپەت ئاتا قىلغان چاچلىرىغا قادالغىنىچە ھېلىدىن-ھېلىغا كۈلۈمسىرەپ، بېشىنى لىڭشىتقىنىچە گەپكە قۇلاق سالماقتا ئىدى. مەنمۇ ئۇستەل يېنىغىراق كېلىپ ئۆرە تۇرغان پېتىمچە ئىشخانا مەسئۇلىنىڭ گېپىنى تىڭشىدىم. بىراق بىر-ئىككى لوقما سۆز قىستۇرۇپ نېمە ئەھۋاللىقىنى سوراشقا ياكى ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىشكە ئەپلىك پۇرسەت تاپالمىدىم-دە، بىردەمدىن كېيىن بۆلۈمىمگە چىقىپ كەتتىم. چۈشكە يېقىن بۆلۈمدە ماتې-رىيال يېزىپ ئولتۇراتتىم، ئىشخانىدىكى ماشىنىست قىز "سىزگە تېلېفون"دەپ قالدى. ئىشىمنى دەررۇ تاشلاپ ئىشخا-نىغا كىرگىنىمدە ئىشخانا مەسئۇلى ئېگىزرەك، قۇلاقچىچان بىر كىشىگە پاراڭ قىلىشىۋاتاتتى.

—سىز يوقلاپ بارامسىز؟ ياخشىسى بارمايلا قويۇڭ. كەي-نىڭىزدىن يەنە بىرسى بارسا، يوقىلاڭ گەپلەرنى ئاڭلاپ تېخىمۇ بىئارام بولۇپ كېتىدۇ...

—ئېيتتىمغۇ يوقلاپ بارىمەن دەپ. يېڭى كېسەلخانىنىڭ قانچىنچى قەۋەت قانچىنچى ئۆيىدە، شۇنى دەپ بېرىڭا،—دېدى قۇلاقچىچان كىشى كىچىك بالىدەك قورۇنۇپ قىزارغىنىچە.

—يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلار ياتىدىغان كېسەلخانا ئۇ-چىنچى قەۋەتتىغۇ، ھە، شۇنىڭ 33-ئۆيىدە. پەلەمپەيدىن چى-قىپ ئوڭغا بۇرۇلىسىز... ماڭا قارىڭا، — ئۇ ئەنسىز ئەلپازدا ئاس-تا پىچىرلىدى، — بايام بارسام كۆزلىرى سەل ئولتۇرۇشۇپ كەت-كەندەك قىلىدۇ، قانداقمۇ قىلارمىز.

تېلېفون تۇرۇپكىسىنى جايىغا قويغىنىمدا قولاقچىچان كى-شى چىقىپ كەتكەنىدى. پەرىشان ھالدا ئالدىدىكى ماتېرىياللارنى ئۆرۈپ-چۆرۈۋاتقان ئىشخانا مەسئۇلىغا بىر-ئىككى ئېغىز تە-سەللى سۆز ئېيتاي دەپ، ئاغزىمنى ئەمدىلا گەپكە ئۆمەللەپ تۇراتتىم، ئۇ يەنە چېچىلىپ قالدى:

—ھەي...ي، بۇ ئەزمىدە ئىشەنچ يوق. ئۇ چوقۇم يوقلىدىم دەپ بېرىپ، ئۇياقنىڭ قان بېسىمىنى يەنە ئۆرلىتىدۇ...ھەي فۇجىڭلى، فۇجىڭلى!

ئىشخانا مەسئۇلى گېپىنىڭ ئاخىرىنى ھېلىلا چىقىپ كەت-كەن قولاقچىچان كىشىنى چاقىرىش بىلەن تۈگىتىپ، ئۆزىمۇ پايپاسلاپ زالغا چىقىپ كەتتى. مەن باياتىن بېرى ماشىنىسىنىڭ ئالدىدا ئېڭىكىنى تۇتۇپ، كۇلۇمسىرەپ ئولتۇرغان ماشىنىست قىزغا قارىدىم-دە:

ئىشخانا مەسئۇلىنىڭ يولدىشى نېمە ئاغرىقكەن؟ — دەپ سو-رىدىم ھېسداشلىق ئاھاڭدا.

ماشىنىست قىزنىڭ تېرىلگەن ئەگىم قاشلىرى لەپپىدە يۇ-قىرى كۆتۈرۈلدى، بۇلاقتەك كۆزلىرىدە تېڭىرقاش ئەكس ئەتتى.

—يولدىشى؟ ئۇياقنىڭ يولدىشى نېمە بوپتۇ؟ — دەپ ياندۇ-

روۋپ سورىدى ئۇ مەندىن.

— ئەتىگەنىنىڭياقى ۋايساۋاتقىنىنى دەيمىنا؟ . . . — دېدىم ئالدىراپ.

ئادەمنى چۆچۈتكۈدەك قاقاقلىغان كۈلكە ئاۋازى قۇلاق-مې-ڭەمنى خېلىغىچە زىڭىلدىتىۋەتتى. قىزنىڭ كۈلكىسى توختىغى-چە نەچچە ياڭزا ئۆزگىرىپ، نەچچە قېتىم تۇزەلدىم. ناھايەت ماشىنىست قىز كۈلكىسىنى توختىتىپ، كۆزلىرىنىڭ يېشىنى نازاكەت بىلەن سۈرتكىنىچە ئارانلا شۇنى دېيەلىدى.

— ئۇ دېگىنى … بىزنىڭ باشلىق ئەمەسمۇ، ئاغرىپ … تۈنۈگۈن بالىنىستقا كىرىپ قاپتىكەن…

ئورنۇمدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتىم:

— نېمە دەيسىز؟ ئۇنىڭ ئەتىگەنىنىڭياقى دەۋاتقان كىشىسى بىزنىڭ باشلىقما؟

قىز ئۇندىمەستىن بېشىنى لىڭشىتىپ مەنىلىك كۈلۈپ قوي-دى. بىرئازدىن كېيىن ئۆزىگە-ئۆزى گەپ قىلغاندەك:

— بىچارە تۈنۈگۈندىن بېرى غەمدىلا قالدى. ئۆزىنىڭمۇ يۈرىكى ئاجىز بولىدىغان، ئاغرىپ قالمىسىلا بولاتتىغۇ، — دېدى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ مەنمۇ غەمگە چۆكۈپ قالدىم. بىراق غەمگە چۆكۈشۈمنىڭ سەۋەبى باشلىقىمنىڭ كېسەلخانىغا كىرىپ قالغان-لىقىدىن ئەمەس ئىدى.

# ئاھ، گۈزەللىك

بىزنىڭ بۇ كىچىك ناھىيە بازىرىمىزدىمۇ بىر كۆرگەن كى-
شىنى قايتا ئۇچرىتىش ئانچە ئاسان ئەمەس ئىدى. بولۇپمۇ مەن
ئوڭ مەڭزىدە پۇرچاقچىلىك خالى بار، تولىمۇ سۇمباتلىق ئاشۇ
قىزنى كۆرگىنىمدىن بۇيان شۇنى ھېس قىلىدىغان بولۇپ قال-
دىم.

مەن ئۇنى بىرىنچى قېتىم تۇرلۇك ماللار ماگىزىنىنىڭ
2 ـ قەۋىتىدىكى تەييار كىيىم ساتىدىغان پوكەينىڭ ئالدىدا ئۇچ-
راتقانىدىم. ئۇ ئۈستىدىكى 50 ياشلار چامىسىدىكى، چېچىنى ۋا-
قىتسىز ئاق باسقان، جۇدەڭگۈ ئايالغا قارا سوكنا پەلتو كىيدۈ-
رۈپ كۆرۈۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئايالغا تۇتقان پوزىتسىيىسىدىن، قى-
لىۋاتقان سۆزلىرىدىن بىر قاراپلا بۇ ئايالنىڭ ئۇنىڭ ئانىسى
ئىكەنلىكىنى جەزم قىلدىم. ئۇدۇلدىكى پوكەيدە ئۆزۈمگە تاللا-
ۋاتقان شىمنىمۇ، مېنىڭ تاللىۋېلىشىمنى كۈتۈپ تۇرغان پىرى-
كازچىك ئايالنىمۇ، ھەتتا ئۆزۈمنىمۇ ئۇنتۇپ، قىزغا تەلمۈرۈپ
قاراپ قاپتىمەن... قىزنىڭ رەڭگارەڭ گۈللەرگە تولغان باغدىكى
ئەڭ نەپىس، ئەڭ چىرايلىق، ئادەمنى ئۆزىگە ئەڭ تارتىدىغان
گۈلنى ئەسلىتىدىغان غۇبارسىز، مەسۇمانە چىرايى، بۇلاقتەك
تىنىق، كېيىكنىڭكىدەك شەھلا كۆزلىرى ئىچىمنى بىر رومكا

ئىسپىرتلىق ئىچىملىك يۇتۇۋەتكەندەك ۋىژژىدە كۆيدۈرۈپ، تېـ-
نىمنى جۇغۇلدىتىۋەتتى. يۈرىكىم ئۆمرۈمدە كۆرۈلمىگەن بىر-
خىل تەكشىسىز، ئەنسىز رىتىمدا دۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى.

شۇندىن كېيىن مەن ئاشۇ گۈزەلنى يەنە بىر قېتىم كۆرۈش ئىستىكىدە كوچىلارنى كېزىدىغان، ماگىزىنلارنى ئارىلايدىغان بولدۇم. كېيىن ئۇنى يەنە بىر ئۇچراتتىم. ئۇ كىنوخانىدا ئاپىـ-سى بىلەن يانمۇيان ئولتۇرۇپ پاراڭلىشىۋاتقانىكەن. كۆلۈبتا يېقىن ئولتۇرۇشۇپ، بەختلىك هالدا سىردىشىۋاتقان جۈپلەر ئاز ئەمەس ئىدى. پەقەت مەنلا يالغۇز...يەنە مېنىڭدىن سەل نېرىدا —هازىر مەن ھەممىنى ئۇنتۇپ تەلمۈرۈپ ئولتۇرغان تەرەپتە ھېلىقى سۇمباتلىق گۈزەل ئانىسى بىلەن پىچىرلىشىپ ئولتۇراتـ-تى. مەن ئىختىيارسىز ئۆزۈمنى ئۇنىڭ قېشىدىكى ئاق باش ئايالنىڭ ئورنىغا خىيالەن ئولتۇرغۇزدۇم. شۇ مىنۇتتا مەن شۇنداق بولۇشنى پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن تىلەيتتىم...يەنە بىر قېتىم ئۇنىڭ بىلەن ئۇشتۇمتۇت ئۇچرىشىپ قالدىم. باش-كۆ-زىنى پوكۋاي ياغلىق بىلەن چۈمكىگەن بەختلىك ئانا مېھرىبان قىزىنىڭ ئاۋايلاپ يۆلىشى بىلەن ئاستا مېڭىپ ئامبولاتورىيە زالىدا كېلىۋاتاتتى. مەن دوختۇرخانىدىن ئۆز بۆلۈمىمگە— تاشقى كېسەللەر بۆلۈمىگە چىقىپ كېتىۋېتىپ ھەيران بولۇپ ئىزىمدا تۇرۇپلا قالدىم. مېنىڭ قەلبىمنى تەلتۆكۈس ئەسىر قىلىۋالغان ئۇ گۈزەل ئاپىسىنى قولتۇقلىغان پېتى يېنىمدىن ئۆتۈپ ئىچكى كېسەللەر بۆلۈمىگە كىرىپ كەتتى. ئاھ، نېمىشـ-قىمۇ مەن ئىچكى كېسەللەر بۆلۈمىدە ئىشلەپ قالمىغاندىمەن!

ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن بىر ئايغىچە مەن نە كوچىدا، نە

دوختۇرخانىدا، نە كىنوخانىدا ۋە نە باشقا جايدا ئۇ دىلبەرنى، ئۇ ۋاپادارنى ئۇچرىتالمىدىم، قىينالدىم، جۇدەپ كەتتىم. شۇن-داق ئىنتىزارلىق ۋە ئازابلىق كۈنلەرنىڭ بىرىدە مەن دوختۇرخا-نا كادىرلار بۆلۈمىگە بىر ئىش بىلەن كىرىپ، توساتتىنلا بىر مۆجىزىنى—يۆتكىلىپ كېلىش رەسمىيتىنى بېجىرىۋاتقان بىر قىزنى، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئوڭ مەڭزىدىكى پۇرچاقچىلىك قاپ-قارا خالىنى كۆرۈپ قالدىم. تارغىنە كادىرلار بۆلۈمى ماڭا ھۆرلەر باغچىسىدەك كۆرۈندى. بىر نەچچە كۈننى تولىمۇ قىيىن-دا ئۆتكۈزۈپ، يېڭى خىزمەتدىشىم، مالىيە بۆلۈمىگە ئورۇنلاش-قان يېڭى كاسسىر بىلەن تونۇشۇۋېلىشقا، ھەتتا گەپلىشىشكە مۇيەسسەر بولدۇم. شۇ كۈنى مەن ئۆزۈم نەچچە كۈندىن بېرى ئەگىپ يۈرگەن مالىيە بۆلۈمىگە كىرىپ، ھېچقانداق ھاجىتى بولمىسىمۇ 20 كوي قەرز ئالدىم-دە، يۈرىكىم دۈپۈلدەپ ئاغزىم-غا تىقىلغان ھالدا ئۇنىڭدىن سورىدىم:

—تونۇشۇۋالايلى، ئىسمىڭىز نېمە؟

—گۈزەلنۇر،—دېدى يېڭى كاسسىر ماڭا لەپپىدە بىر قا-راپ قويۇپ. ئۇنىڭ قارىشى يۈرىكىمنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلى-ۋەتكەندەك تۇيۇلدى. ”گۈزەلنۇر… ئاھ، نېمىدېگەن ماسلاشقان ئىسىم…“دەپ ئويلىدىم مەن تىترەپ، ”ئىسمىمۇ، ئۆزىمۇ گۈ-زەل…“

—ئۆيىڭىز نەدە؟

—يېڭى مەھەللىدە.

—بىزگە قوشنا مەھەللىدىكەنسىزغۇ…مەن سىزنى بۇندىن بۇرۇن بىر نەچچە قېتىم كۆرگەن!

—شۇنداقمۇ؟ — قىز ئاجايىپ نازاكەت بىلەن جىلمايدى، — قەيەردە كۆرگەنىدىڭىز؟

— ماگىزىندا، كىنوخانىدا، دوختۇرخانىدا... ھەممىلا قې-تىم ئاپىڭىز بىلەن بىللە، سىز ئاپىڭىزغا ئاجايىپ مېھرىبان ئوخشايسىز، ئانىنى ھۆرمەت قىلىشنى سىزدىن ئۆگەنسەك بول-غۇدەك، ... — ئۆزەمچە سۆزلەپ كېتىپتىمەن.

— ئۇ مېنىڭ قېينانام!

بۇ گەپنى ئاڭلاپ چەكچىيىپ تۇرۇپلا قالدىم.

— قې ... قېينانام؟

— ھەئە، يولدىشىم بۇلتۇر ماشىنا ھادىسىسىگە ئۇچراپ ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن قېينانامنىڭ سالامەتلىكى ناچارلىشىپ كەتتى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۆزى يالغۇز... شۇڭلاشقا ئۇنىڭ بىلەن بىللە تۇرماقچى بولۇپ شەھەردىكى خىزمىتىمنى يۆتكەپ كەل-دىم.

مەن بۇكەمگىچە باشقىچە ئويلاپ كەلگەن بۇ گۈزەلنىڭ ئاغ-زىغا تەلمۈرۈپ ئۆزەمنى يوقىتىپ خىلىغىچە ھەيكەلدەك قېتىپ ئولتۇرۇپلا قالدىم. خەيرىيەت، ئاخىر ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىپ سو-رىدىم:

— ئۆز ئاتا-ئانىڭىزچۇ؟

— شەھەردە، ئۇلارنىڭ يېنىدا ئىنى-سىڭىللىرىم بار.

ئاھ گۈزەللىك! سەن شۇ گۈزەلنىڭ قەلبىدىكى گۈزەللىك بىلەن تېخىمۇ كامالەتكە يېتىپسەن ئەمەسمۇ! بۇگۈنكى بۇ تاسادى-پىيلىق، ياق، بۇ تاسادىپىي گۈزەللىك ماڭا مۇھەببەتتىن ھا-سىل بولغان ۋاپادارلىقنى نامايان قىلدى. شۇ مىنۇتتىن باشلاپ

مەن گۈزەللىكنى تېخىمۇ سۆيىدىغان بولۇپ كەتتىم. بۇ سۆيگۈ-نىڭ ئىچىدە ھېلىقى دىلبەر، ۋاپادار كېلىن، مېنىڭ قەلبىمدىكى پىنھان مەشۇقۇممۇ بار.

## خورلۇق

بۇنىڭدىن ئىككى ھەپتە ئىلگىرىلا ئاپتوبۇستىكى شوپۇرلۇق-تىن پېنسىيىگە چىققان خالۋاي تەرسا بۈگۈن ئايالىنىڭ كۆڭۈل قويۇپ ياساندۇرۇشىدىن كېيىن، كۈن نەيزە بويى ئۆرلىگەندە ھويلىسىدىن چىقتى. ئۇنىڭ قولىدا پومپايغان قارا سومكا بو-لۇپ، قىزىرىپ قان تەپچىگىچە قىرىلغان ئېڭەكلىرى يالتىراپ تۇراتتى.

—توختىسىلا ھۇي!—دېگىنىچە كالىچىنى شاپىلدىتىپ يۇ-گۈرۈپ چىقىپ مەھەللە دوقمۇشىدا توختىتىۋالدى ئۇنى چېقىر كۆز ئايالى رانىخان،—يېڭى نەۋرىگە تىكىپ قويغان چىپچىق تاماس ئۇنتۇلۇپ قالاتتىكىنە، يا سىلىمۇ مۆرىمەيلا...

خالۋاي تەرسا ئادىتى بويىچە ئايالىغا بىر ھومىيىپ قارى-دى-دە، ئۇ قۇراق لاتىلاردىن كېچىچە ئەپلەپ تىككەن "كۆزتەگ-مىسۇن" چىپچىقىنى ئەكىلىپ تۇتقۇزغىچە ئۈنسىز كۈتۈپ تۇر-دى.

ئايالى يەنە كالىچىنى ناخشا ئېيتقۇزۇپ كىرىپ كەتكەندىن كېيىن خالۋاي تەرسا ناھىيە بازىرىغا قاراپ ماڭدى. ئۇ يەردە

بۈگۈن ئۇ بىرىنچى قېتىم ئاپتوبۇسقا يولۇچى قاتارىدا ئولتۇردى. تونۇش-بىلىش كەسىپداشلىرىدىن بىرەرسىنىڭ ئاپتوبۇسى دۈچ كەلسە بىلەتسىز چىقىۋېلىشى مۇمكىن، ئەمما يەنىلا يولۇچى بولىدۇ، شوپۇر ئەمەس.

خالۋاي تەرسا نېمىشقىدۇر بىر ئېغىر ئۇھسىنىدى-دە، قاپاقلىرىنى سالغان پېتى ”بازار نەدىسەن؟“ دەپ ماڭدى. يولدا تونۇش-بىلىشلەر پات-پات ئۇچرىشاتتى. بەزىلىرى ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ سالام-سائەتمۇ قىلىشاتتى. لېكىن خالۋاي تەرسا رول تۇتۇپ يۈرگەن چاغلىرىدىكى مىجەزى بويىچە ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكىگە قارىماي ئۆتۈپ كېتەتتى. قارىغانلىرىغا بولسا ”ھۇم ...“ دەپلا سىلىق قاپاق پېتى باش ئىرغىتاتتى، خالاس!

ئاندا-ساندا قەۋەتلىك بىنالار چۈشۈشكە باشلىغان ناھىيە بازىرىنىڭ شەھەرگە قاتنايدىغان ئاپتوبۇسلار توختايدىغان، يەنى خالۋاي تەرسا ئىككى ھەپتە ئىلگىرىكى ۋاقىتقىچىلا ھەركۈنى كابىنكىدا ھومىيىپ ئولتۇرغىنىچە يولۇچىلارنىڭ ئاپتوبۇسقا تولۇشىنى كۈتۈپ كەلگەن، يەنە كېلىپ ئۆپكە-ھېسسىپ تىققاندەك دەرىجىدە ئادەم توشمىغىچە قوزغالمايدىغان دوقمۇشتا شۇتاپتا پەقەت بىرلا ئاپتوبۇس تۇراتتى. ئاپتوبۇسقا يىراقتىن لاپپىدە بىر قارىغان خالۋاينىڭ يۈرىكى توساتتىن جىغغىدە قىلىپ قالدى، پۇتلىرى خۇددى بىراۋ ئىشكەل سالغاندەك ھەرىكەتتىن چىپپىدە توختىدى. سەۋەبى، دوقمۇش بېكەتتە تۇرغان ئاپتوبۇس باشقا ئەمەس، دەل ئىككى ھەپتە مۇقەددەم ئۇنىڭ ئۆزى كالونغا يۈردكى ئېچىشىپ تاپشۇرۇۋەتكەن ھېلىقى...كونا ھەمراھى ئىدى. خالۋاي تەرسا بۇ ئاپتوبۇسنى، ئانا كۆرمىڭ بالا ئارىسىدىن ئۆز

جىگەرىنى ھەدلاپ تاپقاندەك، تونۇغاندەك تونۇيتتى.

خالۋاي تەرسا دىلىغۇللۇق كوچىسىدا بىرپەس كەزگەندىن كېيىن خالار-خالىماس قەدەم بېسىپ، ئاپتوبۇسقا يېقىنلاشتى. بۇنىڭغا سەۋەب بولغىنى، ئۇ تۇنۇگۈن بىرسىدىن ئاڭلىغان، كالوننىڭ ئۆزىنىڭ قەدىناس ئاپتوبۇسنى بۆلەك ناھىيىدىن يۆت-كىلىپ كەلگەن ناتونۇش قوپالغىنا بىرىگىتكە بەرگەنلىكى ئە-مەس ئىدى. لېكىن نېمىشقىدۇر... بۇنداق كەيپىياتنىڭ ھەقىقىي سەۋەبى ھەرقانداق ئەقىل ئىگىسىگە چۈشەندۈرۈشىزمۇ چۈشە-نىشلىك بولسا كېرەك... ! نېمىلا بولمىسۇن، خالۋاي تەرسا ئاپتوبۇسقا چۈشمىسە، دۇنيالىقتا بىر تاللا، ئۆزى تولىمۇ ئامراق قىزىنىڭ يېڭى تۇغۇتىنى مۇبارەكلەپ، ئىككىنچى نەۋرىسىنى قوپالغىنا ھەرىكەت ۋە سۆزلەر بىلەن ئەركىلىتىپ چىقمىسا بول-مايتتى. يەنە بىر ئاپتوبۇسنى كۈتسىچۇ؟ كەچكۈزنىڭ نەشتەر-دەك سانجىلىپ تۇرغان سوغۇقىدا ئۇ كونا بەل ئاغرىقى بىلەن كوچىدا قاچان كېلىشى نامەلۇم بولغان يەنە بىر ئاپتوبۇسنى ساقلاپ تۇرالمايتتى.

خالۋاي تەرسا بويىىدىن باغلىغان ئىتتەك، قەدىناس ھەمرا-ھىغا يېقىنلىشىپ، كابىنكىنىڭ، ئۆزى شوپۇرلۇق ھاياتىدا بەل-كى مىڭلارچە قېتىم سۈرتكەن ئالدى ئەينىكىدىن، رولدا ئول-تۇرغان قاپقارا كۆتمەك بۇرۇتلۇق، ئالدى تەرىپى تامام مايلى-شىپ كەتكەن كەپكىسىنى قويۇق قاشلىرىغىچە باستۇرۇپ كىي-گەن دوغىلاق، مەنمەنچىراي شوپۇر يىگىتكە كۆزى چۈشتى-دە، يۈرىكى ئىككىنچى قېتىم جىغىلداپ كەتتى. سەۋەبى، ئۇ ياش شوپۇرنىڭ يەنى ئۆزىنىڭ قەدىناس ھەمراھىنىڭ يېڭى خوجايىنى-

ـنىڭ ئاشۇ تۇرقى ـ ھالىتىدىن ئۆزىنىڭ يىگىرمە نەچچە يىل ئىلـ
گىرىكى ئەينى سۈرىتىنى كۆرگەندەك بولغانىدى.
خالۋاي تەرسا ئۆز يۇرتىدا ئۆزى قىسىلىپ يۇرىدىغان گاپىـ
بىر ئادەملىرىمىزدە بولىدىغان كۆڭۈلسىز ھېسسىيات بىلەن
ئاپتوبۇسقا چىقتى. ئاپتوبۇس ئىچى ئادەمگە لىق تولغان، ھەتتا
نەچچە ئادەم ئۆرە تۇرۇشاتتى. يولۇچىلاردىن كۆپچىلىكى ئۇنى
تونۇيتتى. بەزىلىرى ئۇنىڭغا مۇسۇلمانلىق سالامىنى ئىزھار
قىلدى. لېكىن بىرەرسىمۇ ئىسسىق ئورۇننى بوشىتىپ، ئۇنى
تەكلىپ قىلمىدى. بۇ ئادەملەرنىڭ ھەممىسى دېگىدەك ئۆزۋاقتىـ
ـدا ئۇنىڭ ئاپتوبۇسىنىڭ يولۇچىلىرى ئىدى.
خالۋاي تەرسا تۇرۇكلۈك قاپاقلىرى ئاستىدىن قىسىق كۆزـ
لىرىنى يۈگۈرتىپ، بوش ئورۇن ئىزلەپ نېرى ـ بېرى ئەلەڭلەـ
ـدى، پەقەت كابىنكا ئىچىدە بىركىشىلىك ئورۇن بار بولۇپ،
خالۋاينىڭ كەينىدىن چىققان يولۇچىلارنىڭ بىرى ھەدەپ شۇ
ئورۇننى كۆزلەپ، ئۇنى دومبىسىدىن ئىتتىرىپ شىپقىماقتا
ئىدى. خالۋاي تەرسا شۇ ئەسنادا ئۆزىنىڭ كەسپىي كېسىلى —
قارغىش تەگكۈر بەل ئاغرىقىنى ۋە يىگىرمە ئۈچ كىلومېتىر
يولنى ئەسلىدى ـ دە، دەررۇ كابىنكا ئىچىگە كىردى. ھېلىقى
بىركىشىلىك سىيرىلاڭغۇ، قاتتىقتىن ـ قاتتىق ئورۇنغا ئامانەتكىـ
لا جايلاشتى.
يېڭى خوجايىنىنىڭ يەنە بىر ئىشى خالۋاي تەرسانىڭ يۈرىكىـ
نى ئۈچىنچى قېتىم جىغىلداتتى. يەنى، شوپۇر يىگىت قىرىق
نەچچە كىشىلىك ئاپتوبۇستىكى يولۇچى يەتمىشكە يېقىنلاي دې-
گەندىمۇ ماشىنىنى قوزغىتىشنى ئويلاپ قويمىدى. نارازىلىق

خىتابلىرىغا پەقەت خالۋاي تەرسالا قېتىلماي، تاغ ھاۋاسىدەك تۇتۇلۇپ ئولتۇراتتى.

ئۆزۋاقتىدا ئۇمۇ يولۇچىنى ئارىسىغا يىڭنە چۇشسە ئۆتمەي-گىدەك لىقشىتىپ قاچىلىمىسا ماڭغىلى ئۇنىمايتتى ۋە شۇ سە-ۋەبلىك «تەرسا» لەقىمىنى ئالغانىدى. يولۇچىلارنىڭ نارازىلىق خىتابلىرى ئەۋجىگە چىققاندىلا شوپۇر يىگىت يەنە تۆت-بەش يولۇچىنى قاچىلىۋېلىپ ئاندىن ئاپتوبۇسنى كۇچەپ غوڭۇلدىتىپ ئورنىدىن قوزغاتتى. بىراق ئاپتوبۇس قوزغىلىپ ئون مېتىرمۇ ماڭماستىن يەنە ئېغىر سىلكىنىپ توختىدى. شوپۇر يىگىت ئىشىك تۈۋىدىكى، ھېلىلا خالۋاي تەرسانىڭ سەككىز موچىنىنى ئالغان بېلەتچى قىزغا ئىشىكنى ئېچىپ، نېرىدا قول كۆتۈرۈپ تۇرغان ئىككى ئايال يولۇچىنى ئاپتوبۇسقا چىقىرىۋېلىشنى بۇي-رۇدى. ئاپتوبۇس يەنى خالۋاي تەرسانىڭ قەدىناس ھەمراھى يېرىم سائەتكە يەتمەيدىغان «چۇمۇلە قەدەم» مۇساپىدا يەنە ئۈچ قېتىم توختاپ، يەتتە-سەككىز يولۇچىنى يۇتىۋەتكەندىن كې-يىن، شەھەرنىڭ ئەڭ چېتىدىكى كىچىك بازارغا يەتتى. يانتۇ، سىلىق ۋە قىزىپ كەتكەن كاپوت ياپقۇچى ئۈستىدە ئازاب بىلەن ئولتۇرۇپ كەلگەن خالۋاي تەرسا بىلەتتىكى، مۇشۇ يەردە...

—كابىنكىدىكىلەر، ئالدىمىزدىكى تەكشۈرۈش پونكىتىدىن ئۆتۈپ كەتكىچە سىرتقا چىقىپ تۇرۇڭلار،—شوپۇر يىگىت كۆ-زىنى يولدىن ئۈزمەي تۇرۇپلا تورۇڭ-تورۇڭ سۆزلىدى. رول-دىن بوشىغان ئوڭ قولى بولسا كەينىگە سوزۇلۇپ، ھەدەپ ھەرە قوغلىغاندەك، كابىنكىدىكىلەرنى كىچىك قىستاڭدىن چوڭ قىس-تاڭغا ھەيدەشكە باشلىدى. مۇنداق ئىشقا ئەسكەر مارشقا كۆنۈپ

قالغاندەك كۆنۈپ كەتكەن يولۇچىلار دەررۇ ئاپتوبۇستىن ئىككە-گە بۆلۈنۈپ تۇرغان ھەم پاكار، ھەم تار ئىشىكتىن قىستىلى-شىپ سىرتقا ئېقىشقا باشلىدى. پەقەت يۈرىكى تۆتىنچى قېتىم جىغىلداپ كەتكەن خالۋاي تەرسالا ئۆمرىدە قىلىپ كۆرمىگەن بۇئىشنى خالىمايمۇ، ياكى كۆنەلمەيمۇ، ئىشقىلىپ كابىنكا ئىد-چىدە، شوپۇرنىڭ ئارقىسىدىلا چوقچىيىپ تۇرىۋەردى. ئاڭغىچە ئاپتوبۇس تەكشۈرۈش پونكىتىنىڭ دەرۋازىسىنىڭ ئۇدۇلىغىلا كېلىپ قالغانىدى. دەرۋازا ئالدىدا بولسا قوللىرىغا قىزىل، يېشىل بايراقچىلارنى تۇتقان ئىككى ساقچى تۇراتتى.

—بولدۇڭلارما؟—شوپۇر يىگىت شۇگەپ بىلەن تەڭلا كەي-نىگە قايرىلىپ كابىنكىدىكىلەرنىڭ ھەربىكىتىنى تەكشۈردى ۋە جەھلى بىلەن ۋارقىرىدى،—ئېڭىشە، ھەي قېرى ئېڭىشە دەي-مەن!

خالۋاي تەرسا بۇيرۇقنى بەجا قىلماي تۇرۇۋېلا شوپۇر يىگىت-نىڭ ئىلىكى تولغان، بەقۇۋۋەت قولى ئۇنىڭ ياقىسىغا ئېسى-لىپ، خالۋاي تەرسانى تۆۋەنگە تارتتى. ھەش-پەش دېگىچە بۇ تولىمۇ قاتتىق ۋە قوپال قول ئۇنىڭ مانچېستېر دوپپىلىق بېشىغا چىقىپ قالدى. خالۋاي تەرسا دېمىنىمۇ چىقىرالماي قالدى-دە، تۆت پۈتلاندى.

ساقچىلار نېرىدىنلا بويلىشىپ، ئالدىلىرىدا توختىغان ئاپ-توبۇسنىڭ كابىنكىسىنى نەزىرىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئاندىن بايراق-لىق قولىنى شىلتىپ، قوزغىلىشقا ئەمىر بەردى. لېكىن شوپۇر يىگىت جەھلى تېخىچە يانمىغاندەك ئاپتوبۇسنى خېلى يەرگىچە جالاقشىتىپ، ئۇنىسىز ھەيدەپ باردى. خالۋاي تەرسا شوپۇرنىڭ

ئارقىسىدىلا تۆت پۇتلۇق بولۇپ تۇرماقتا ئىدى. ئىككى ھەپتە ئىلگىرىلا ئۇنىڭ ئۆزىمۇ ھەركۈنى دەل مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ئۆزى سەككىز موچەننىڭ كەينىگە كىرىپ، نورمىدىن ئارتۇق سېلىنۇالغان يولۇچىلارنىڭ كابىنكا ئىچىدىكىلىرىنى نەق مۇشۇنداق قىستىلىپ، دوڭغىيىپ تۇرۇشقا مەجبۇر قىلاتتى. بىراق ئۇ بۈگۈنلا، يەنە كېلىپ ئۆزى ئۇنىڭدىنمۇ بەتتەر ھالەتتە ھايۋانچىلاپ تۇرۇپ قېلىپ، بەل-پۇتلىرى چىدىغۇسىز سىرقىراپ ئاغرىغاندىلا مۇنداق تۇرۇشنىڭ نەقەدەر خورلۇق بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى، چۈشەندى، ئىچىدە ھە دەپ "خورلۇق، خورلۇق" دەپ توختىماي پىچىرلاشقا باشلىدى.

1989-يىل 17-يانۋار

## ياماشقاننىڭ نېمىسى يامان؟

تاشقىنلاپ تۇرغان غەزەپلىك ھېسسىياتىم بىلەن ھېكايەمنىڭ توققۇزىنچى بېتىنى يېزىۋاتاتتىم. ئىشىكنىڭ توساتتىن تاقىلدىشى پىكرىمنى بۆلدى، ئاۋاز كەلگەن تەرەپكە پەرىشانلىق بىلەن ھومىيىپ قارىدىم-دە، خېلىلا توڭلۇق بىلەن "كىرىڭ" دېدىم.

بىراق، ئىشىكتىن كىرگەن كىشى نارازىلىق كەيپىياتىمنى دەررۇ يوقاتتى، ئۇ دەل مېنىڭ يېقىن ئاغىنەم ئىلىيار ئىدى.

—كەل-كەل، بارمۇ سەن، تىرىكمۇ سەن؟—ئورنۇمدىن

ئىرغىپ تۇرۇپ، قەدىناس ئاغىنەمنى كونا ئادىتىم بويىچە مۇشت-لاپ كەتتىم، بىردەمدىن كېيىن ئىككىمىز ئۇلتۇرۇشتۇق، تاما-كا تۇتاشتۇرۇشتۇق.

—ھە، يازغۇچى ئەپەندىم، يەنە كىمنى ساۋاۋاتىسەن؟ —دېدى ئىلىيار ئۇستەلدە چېچىلىپ ياتقان ھېكايە ئورگىناللىرىغا تىكىلگىنىچە چاقچاق قىلىپ.

—تاپتىڭ، —دېدىم ئۇنىڭ زېرەكلىكىگە قايىل بولۇپ، — بۇ دورەم مەنسەپ تاماسىدا يۇقىرىغا يامىشىپ يۈرگەن بىرخۇشا-مەتچىنىڭ چاۋىسىنى چىتقا يېيىۋاتىمەن.

—پروتوتىپىڭ بارمۇ؟

—بولمىغاندا، —دېدىم كۆزۈمگە مىختەك قادالغان كۇشەن-دەم، ھېكايەمنىڭ پروتوتىپى— ئەسلى مەن ئىلىشقا تېگىشلىك ئۆينى ئۆزىنىڭ ”بىرىنچى قول غوجام“غا كۆرسەتكەن مايلامچى-لىقلىرى ئارقىلىق تارتىۋالغان خىزمەتدىشىم يادىمغا كېلىپ غەزەپ بىلەن، كېيىن ئاغىنەمگە ھېلىقى مەنسەپپەرەس خۇشامەت-چىنىڭ ئىسمىنى ئاشكارىلىمىغان ھالدا، ئۇنىڭ بارلىق شەرمەن-دىلىكلىرىنى سۆزلەپ بەردىم ۋە گەپنىڭ ئاخىرىنى مۇنۇسۆزلەر بىلەن تۈگەتتىم:

—مەنسەپكە ئېرىشىش يولىدا خۇشامەتچىلىك قىلىدىغانلار، ھەدەپ يۇقىرىغا يامىشىدىغانلارنىمىدېگەن ئەخمەق، نىمىدېگەن رەزىل ئادەملەر-ھە؟ ئەلۋەتتە ئۇلار پاك ۋىجدانى، غۇرۇرى بى-لەن ياشىسا، ئاخىرەتكىمۇ شۇخىسلىتى بىلەن كەتسە بولمامدۇ؟ ! ئەجەبا، دۇنيادا مەنسەپدار بولماستىن ياشىغىلى بولماسمۇ؟ ھەممە ئادەم مەنسەپدار بولۇپ كەتسە، باشقۇرۇلىدىغانغا كىم

قالىدۇ؟ مەنسەپ تۇتمىغانلىق سەۋەبىدىنلا ئۆلۈپ كەتكەن بىر ئادەمنى سەن كۆردۇڭمۇ، مەن كۆردۈممۇ، كىم كۆردى زادى؟ مانا مەن بۇ ھېكايىدە ئاشۇنداق مەنسەپدار بولۇش مۇددىئاسىدا ئىنسانىي خىسلىتىنى يوقاتقان ھاماقەتلەردىن بىرىنى راسا قام- چىلىماقچىمەن، رەسۋا قىلماقچىمەن، ئاخىرىدا ئۇلارغا تەنتەنە بىلەن خىتاب قىلىپ شۇنى دېمەكچىمەن: ھەي مەنسەپ مەستانى- لىرى، جاھاننىڭ ئەڭ ئېسىل گۈلتاجى مەنسەپلا ئەمەس. ئۆ- زەڭلارنى بۇلغىماڭلار، مەغرۇر ياشاڭلار. مەنسەپدار بولمايمۇ ياشىغىلى، يەنە كېلىپ ئاجايىپ خاتىرجەم، خۇشال، ئەركىن ياشىغىلى بولىدۇ!

گېپىمنىڭ ئاخىرى راستتىنلا تەنتەنىلىك چىقىپ كەتتى. ئۆزۈمنى ئۇنتۇدۇم، تەپەككۇر قۇشلىرىم ئالىيجاناپلىقنىڭ غۇ- بارسىز، ئاپئاق بۇلۇتلىرى لەيلەپ يۈرگەن رومانتىكا ئاسمىنىدا پەرۋاز قىلىشقا باشلىدى. بەلكىم خېلىغىچە ئېسىمگە كېلەلمەس- لىكىممۇ مۇمكىن ئىدى، بىراق ئاغىنەمنىڭ خېلىلا قاتتىق ئاۋازى خىيالىمنى، خىتابىمنى بۆلۈپ قويدى...

— سۆزۈڭ تۈگىدىمۇ؟

— ئېسىمگە كېلىپ، ئاغىنەمنىڭ خېلىلا جىددىيلەشكەن چىرايىغا ھەيران بولۇپ قارىدىم:

— تۈگىدى، قانداق؟

— ئۇنداقتا مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلا! — ئىلىيار جىددىيلىكى تېخىمۇ ئۆرلىگەندەك چىڭ ئاۋاز بىلەن گەپكە ئېغىز ئاچتى، — خوش، شۇ تاپتا سەن قالتىس بىر ئىش قىلغۇېتىپسەن، يەنى مەنسەپ تاماسىدا يۈرگەن بىر بەندىنى راسا قامچىلاۋېتىپسەن،

ھېكايەڭ پۈتسە ھەرقانداق ژۇرنال نۇۋەتتىكى سانىغا باسىدۇ. بۇ ساتىرىك ھېكايەڭ پۈتسە ھەرقانداق ژۇرنال نۇۋەتتىكى سانىغا باسىدۇ. بۇ ساتىرىك ھېكايەڭ جەزمەن بىرمۇنچە كىشىلەرنى تەربىيىلەشنىڭ جانلىق دەرسلىكى بولىدۇ. لېكىن سەندىن بىر نەرسىنى سوراپ باقاي: ياماشقاننىڭ زادى نېمىسى يامان؟

يەتتە ئۇخلىساممۇ بىر قېتىم چۈشۈمگە كىرمەيدىغان، ئاددىيسى، زادىلا كۈتۈلمىگەن بۇ سوئال مېنى تاسادىپىي تېڭىرقىتىپ قويدى.

— نېمە...؟ نې... نېمىسى يامان دەمسەن؟ — دېيەلىدىم خېلىدىن كېيىن.

— توغرا! — دېدى دوستۇم تەمكىنلىك بىلەن كۆزۈمنىڭ ئىچىگە قادىلىپ. — مەنسەپدار بولۇشنى تاما قىلىشنىڭ يامان يېرى بارمۇ زادى؟ ئۆزۈڭ ئۆپكەڭنى بېسىۋېلىپ ياخشىراق ئويلاپ باق. مەنسەپدار بولمىغىچە ھالاۋەتلىك تۇرمۇش كەچۈرەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەنلەر ئۈچۈن بۇنداق ئارزۇنىڭ يامان يېرى بارمۇ؟ مېنىڭچە يوق.

— مەسىلەن؟ — دېدىم ئاڭسىزلا بىرھالەتتە. راستىمنى ئېيتسام، ئاغىنەمنىڭ گېپىنىڭ ئورامىنى تېخىچە پەملەپ يېتەلمەيۋاتاتتىم.

— مەسىلەن، — ئاغىنەم ئىستېھزالىق كۈلۈمسىرىدى، — مەنسەپدار بولساڭ ھەممە ئىشتا خىجالەتچىلىك تارتمايسەن، پىيادە ماڭمايسەن، ئاستىڭدا پىكاپىڭ بولىدۇ. سەن بولساڭ غىچىرلاپ تۇرغان ئەسكى ۋېلسىپىتىڭگە قەدەممۇ قەدەم بىر ناسۇس ئىزدەپ يۈرسەن. مەنسەپدار بولساڭ خەققە سارغايمايسەن، ئەكسىچە

خەقلەر ساڭا خۇشامەتلىك كۈلۈمسىرەپ سالام قىلىدۇ. ھەتتا دۈشمەنلىرىڭمۇ ھېجايماي ئالدىڭدىن توغرا ئۆتمەيدۇ. مەنسەپدار بولساڭ كىيسەلدىنمۇ ئانچە ئەندىشە قىلىپ كەتمەيسەن. خەققە پىنسىلىن ئوكۇلى تېپىلمىسا، ساڭا سىرتىرا ئۆزى ئەكىلىپ ئاغرىتماي سېلىپ قويىدۇ. مەنسەپدار بولساڭ چىشىڭنىڭ كىرد-نى شۇمۇپ يۈرمەيسەن. زىياپەتلىك يىغىن، خۇشامەتلىك مېھ-ماندارچىلىقلار سەن ئۈچۈن ھەركۈنى ئۆكسىمەيدۇ. ھەتتا بې-رىپ ئۈلگۈرەلمەيسەن. مەنسەپدار بولساڭ يوقنىڭ غېمىنى يې-مەيسەن. ئۆيۈڭگە توخۇ سۈتىدىن باشقىسى ”سوۋغات“ چاپىنىنى كىيىپ پات-پات كېلىپ تۇرىدۇ. يەنە كېلىپ مەنسىپىڭ قانچە يۇقىرى بولسا، كېلىدىغان سوۋغىنىڭمۇ قىممىتى يۇقىرى، قې-تىم سانى شۇنچە كۆپ بولىدۇ. ئۆتكەندە سەن ئايالىڭغا دورىلىق ئۈچۈن بىركىلو سارماي تاپالماي كەتتىڭغۇ، شۇ چاغلاردا بىز-نىڭ يەرلىك ماللار شىركىتىنىڭ ئىسكىلاتىدىكى نوچى سارمايلار قېرىن-قېرىنى بىلەن سەن يازغان ئاشۇ مەنسەپدارلارنىڭ ئۆيىگە ”خۇشامەت سوۋغىسى“بولۇپ كېتىپ قالغانىكەن. خوش، مەن-سەپدار بولۇشنىڭ خاسىيەتلىرىنى تەپسىلىي بايان قىلىپ كەل-سەك، بۇگۈننى كەچ قىلىۋېتەرمىز. ئەڭ ئاخىرىدا بىرلا پايدى-سىنى مىسال كەلتۈرەي: مەنسەپدار بولساڭ بارغۇ، ۋاقتانى-ۋاق كېلىپ ئۆلۈپ كەتسەڭ «قارادۆڭ» گە 40-50 پىكاپ، ماشىنى-لار بىلەن ئۇزۇتۇپ ئاچىقىپ قويىدۇ. يادىڭدىمۇ، بۇلتۇر داداڭ ۋاپات بولغاندا، بىر قارا ماشىنا ئىزدەپ، نەچچىمىز پالاقلاپ، ئامال يوق تاۋۇتنى شۇنچە يىراق زاراتگاھلىققا كۆتۈرۈپ ئاچىق-مىدۇقمۇ؟ ئەمدى ئېيتقىنا، مەنسەپكە يامىشىشنىڭ نېمىسى

يامان؟

ئاغىنەمنىڭ گېپى تەنتەنىلىك سوراق، خىتابلىق ئاھاڭ بىلەن ئاخىرلاشتى. ئەمدى بۇ خىتابنى ئاڭلاش نۆۋىتى ماڭا كەلگەندى. خىلىغىچە جىممىدە ئولتۇرۇپ كەتتىم، كۆڭلۈمدە نەچچە خىل ئوي-ھېس كېزەتتى. كۆزۈم ئۈستەل تۆپىسىدە چېچىلىپ ياتقان ئورگىناللارغا—ئاياغلاشمىغان ھېكايىغا چۈشتى. ئۇنى قانداق داۋاملاشتۇرۇپ، قانداق ئاياغلاشتۇرۇش كېرەك؟ زادى قانداق؟...

پىكىرلىرىم تېرىقتەك چېچىلىپلا كەتتى. توساتتىن بىر نەرسە يادىمغا كەلدى:

—قۇرۇق گەپ بىلەنلا بولۇپ كېتىپتىمىز. مېنى بىرەر ئىش بىلەن ئىزدەپ كەلگەنمىدىڭ؟ كەلمىگىنىڭگىمۇ ئۇزاق بولۇۋېدى دەيمىنا؟

سوئالىمنى ئاڭلىغان ئىليار ئىككىنچى قېتىم ئىستىھزالىق كۈلدى:

—راست-راست، سېنى بىرمۇھىم ئىش بىلەن ئىزدەپ كېلىۋىدىم. تۈنۈگۈن باشلىقىڭ بىلەن بىر تويدا تاسادىپىي ھەمتاۋاق بوپقالدىم دېگىنە. تاماق ئۈستىدە ئامانلىقىڭنى سورىسام، ”سىز راخمانىنىڭ نېمىسى بولىسىز“دېدى. مەن ئىككىمىزنىڭ يېقىن ئاغىنىلەردىن ئىكەنلىكىمىزنى ئېيتتىم، تويدىن ئۇزاپ تالاغا چىققاندا باشلىقىڭ مېنى چەتكە تارتىپ، سەن توغرىلىق بەزى گەپلەرنى قىلدى.

—نېمىلەرنى دېدى؟—دەپ سورىدىم يۈرىكىم سەل ئاغقاندەك بولۇپ ئالدىراپ.

— سېنى رەھبەرلىكنى كۆزگە ئىلمايدۇ، ئۆزەمچىل، باشـ
لىق ئىسمىلىككە ئۆچ دەيدۇ. مېنىڭچە ئۇنچىلىكمۇ ئەمەستۇر
دېدىم. بىراق سەل دىققەت قىلغىنىڭ ياخشى. سۇنىڭ ئېقىشىغا
بېقىپ...
— ئەمىسە، مۇنۇ ھېكايىدا ئۆزەم قامچىلىغان ياماشقاقنىڭ
قىلىقىنى دورايمەنكەن ـ دە، — دېدىم قايناپ.
ئىليار ئورنىدىن تۇرۇپ ئالىقىنى بىلەن ئوڭ يەلكەمنى
باستى ـ دە، كۆزۈمگە قاراپ تۇرۇپ دېدى:
— ئاغىنە، قايناپ كەتمىگىن. زېھنىڭنى قويۇپ ئويلاپ
باققىن. ياماشقاننىڭ نېمىسى يامان؟ ئادەم دۇنياغا راھەتلىك
تۇرمۇش كەچۈرۈش ئۈچۈن كەلگەنغۇ؟ بۇ مەقسەت يولىدا ئىنتىـ
لىش يامان ئىشمۇ؟ ”ئىنتىلىش“ دېگەن بۇ چىرايلىق ئەدەبىي
تىل بەزىدە ”يامىشىش“ دەپمۇ ئىشلىتىلىپ قالىدۇ. جۈملىدىن
سېنىڭ مۇنۇ ھېكايەڭدە...بىراق، شۇنى بىلەمسەن، سەن بۇ
ھېكايەڭنى رېئال كەچۈرمىشلىرىڭنىڭ تۈرتكىسى، موھتاجلىـ
قىڭنىڭ ئەلىمى بىلەن يېزىۋاتىسەن. باشلىقنىڭ ئېيتتىغۇ، ئۇ
سېنىڭ بىر يىلدا تۆت قېتىم ئۆي كۆچكەنلىكىڭنىمۇ بىلىدىـ
كەن، بۇ ئىدارىگە پېشقەدەم كادىر ئىكەنلىكىڭگىمۇ ئىقرارمەن.
ئەمما يۇقىرىدا مەن ئېيتقاندەك سەۋەبلەر تۈپەيلى، بۇ قېتىمقى
ئۆي تەقسىم قىلىشتا ساڭا بېرىشكە تېگىشلىك ئۆينى ئىدارەڭـ
لەرگە تېخى يېقىندىلا يۆتكەلگەن، بىراق باشلىقلارنى ھۆرمەت
قىلىشنى بىلىدىغان ھېلىقى خىزمەتدىشىڭغا يەنى سەن مۇشۇ
ھېكايەڭدە ساۋاۋاتقان سەلبىي پېرسوناژغا بېرىپتۇ...
ئاغىنەم ئىليارنىڭ ئاخىرقى گەپلىرىدىن كېيىن مەن ھەم

ھەيران بولدۇم، ھەم تېڭىرقىدىم. ھەيران بولۇشۇم ئىلىيارنىڭ زېرەكلىكى، ھېكايەمدىكى ياماشقاقنىڭ پروتوتىپىنى پەملىۋالغى-نى، تېڭىرقىغىنىم ئۆزۈمنىڭ ئەمدى قانداق قىلىشىم كېرەك-لىكىنى بىلەلمەي قالغانلىقىم ئىدى. ئەقىللىق كىتابخانلىرىم، ياردەم قولۇڭلارنى سۇنۇپ بىر مەسلىھەت بېرىڭلارچۇ. يېڭى ھېكايەمنىڭ توققۇزىنچى بېتىنى داۋاملاشتۇرۇپ يازايمۇ؟ ياكى…

# كارىۋات ئاستىدىكى ئەر

"چىرايلىقتا ۋاپا يوق"دېگەن راست گەپ. ئابدۇمۆمىن كۆ-يۈپ-پىشىپ ئالغان ئايالى بۇخەلچەم بىلەن بىر يىل ئۆي تۇتار-تۇتماي ئاجرىشىپ كەتتى.

ئاجرىشىپ كەتتى دەيمىزمۇ، ئايرىلىپ قالدى دەيمىزمۇ؟ ئوغۇل بالىچىلىقتا يومىزساق، راست گەپنى دېيىش قىيىن، ھەتتا سەت. بىراق ئۆزى دېمىگەن، دېيەلمىگەن بىلەن خەق دەيدۇ، بىلگەنلەر دەيدۇ-دە! ئابدۇمۆمىن ئايالىنىڭ خېتىنى خالىماي، مەجبۇرەن بەردى، ھەتتا نائىلاج بېرىۋەتتى. بۇخەل-چەمنىڭ قەدەم ئىلىشلىرى تېخى ھېلىغىچە ئۇنىڭ يۈرىكىنى يېڭى تونۇشقان چاغلىرىدىكىدەك تىترىتەتتى.

سوت مەھكىمىسىگە بېرىپ سېرىق قەغەز كەستۈرىدىغانلار-نىڭ ئوندىن يەتتىسى ئېرى مەجبۇرلاپ، ئايالى نائىلاج ئاجراش-

قانلار، قالغان ئۈچىنىڭ ئىچىدىنمۇ بۇخەلچەمدەك كەسكىن تۇ-رۇپ، ھېچنېمىنى ئويلاشماي ۋە تالاشماي ”خېتىمنى ئالىمەن“ دېگۈچىلەر كەمدىن-كەم ئۇچرايدۇ. ئايالىنىڭ قويغان دەلىلى ”ھازىرغىچە بالا بولمىدى“دېيىش بولدى. بۇمۇ تازا ئەقىلگە مۇۋاپىق باھانە ئەمەس ئىدى. بىرىنچىدىن، توي قىلغىلى ئەمدىلا بىر يىل بولدى. ئىككىنچىدىن، سەۋەب-سەۋەن كىمدە؟ زادى كىم تۇغماس؟ بۇمۇ بىر مەسىلە ئىدى. بىراق بۇ سوئالغا بۇخەل-چەم كەسكىنلىك بىلەن ”كارىم يوق، ئىشقىلىپ ئەيىب مەندە ئەمەس، دىلىم يورۇق“دېدى. مېدىتسىنا ئىلمى دىلنى ئېتىراپ قىلامدۇ؟ تۇغۇت بۆلۈم دوختۇرلىرىچۇ؟

ھەقىقەتەن، بەرگۈسى كەلمىگەندە غەلۋىرگە ئۇن بېسىپ قويۇپتىمەن دېسە بولىۋەرگەندەك ئىشتە! بۇ يېرىگە كەلگەندە بۇخەلچەم بىرگەپنى مەڭگۈ ئاغزىدىن چىقىرىشنى خالىمايتتى. ئابدۇمۆمىن كەمبەغەل يىگىت ئىدى، بىركىشىلىك مائاش بىلەن ئالتە جاننى باقاتتى.

ئىشقىلىپ، ئىش بۇخەلچەمنىڭ رايى بويىچە ئاخىرلاشتى. سوت خادىمىنىڭ بەزەن كەسكىن، ئۆزىگە پايدىلىق گەپلىرىنى ئابدۇمۆمىن باشلامچىلىق بىلەن يۇمشىتىۋەتتى. كاتىپ قىز نەچچە قېتىم خەتتىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، بۇ ”تۇترۇقسىز ئەر“گە مىيىقىدا كۈلۈپ قارىدى. مۇھەببەتنىڭ كۈچ-قۇدرىتىنى، ئۇ-نىڭ نەچچە مىڭ خىل غول-شاخلىرىنى بېشىغا كەلمىگەنلەر نەدىن چۈشەنسۇن! ؟

نىكاھتىن ئاجرىشىپ ئۇزۇن ئۆتمەي بۇخەلچەم ئاتا-ئانىسى-نىڭ زورى بىلەن ئىككىنچى قېتىم توي قىلدى. ئابدۇمۆمىن

بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان كۈنى يېرىم كېچىگىچە ئۆزى يالغۇز هاراق ئىچىپ، ئەتىسى كېسەلخانىغا كىرىپ قالدى، ئاشقازاندىن ئاققان قان بىر ھەپتىگىچە توختىمىدى.

يېڭى تويىنىڭ كېيىنكى بىر-ئىككى ئېيى خېلى خاتىرجەم، ئىسسىق بېسىپ ئۆتتى. ئىلگىرى ئىككى قېتىم توي قىلغان تىجارەتچى ئەر بۇخەلچەمنىڭ ئېرى بولۇپ قالغىنىدىن چۈشىدە شاھزادە بولۇپ، قاناتلىق ئاتقا مىنگەندەك خۇشال ئىدى. ئۇ سودىدا تاپقان-تەرگىنىنى بۇخەلچەمنىڭ ئالىقىنىغا تۆكتى. ئۆيدە "توخۇ سۈتىدىن باشقىسى تەل" ئىدى. ئەمما ۋاقىت ئۆتكەنسېرى بۇخەلچەم ئىچىنىڭ بارغانسېرى سىقىلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشقا باشلىدى. ئۇ سائەتلەپ، كۈنلەپ ئۆزىنى تىڭشايدىغان، خىيالى نەلەرگىدۇر چېپىپ، مۆكۈدىغان بولۇپ قالدى.

ئابدۇمۆمىن ساقىيىپ، كېسەلخانىدىن چىققاندىن كېيىنمۇ هاراقنى تاشلىۋېتەلمىدى، قايتا ئۆيلىنىش ھەققىدىكى تەكلىپلەرگە بولسا قۇلاق سالمايتتى. ئۇ ئىچمىگەندە غەمكىن ئىدى، ئىچكەندىن كېيىن بولسا تېخىمۇ غەمكىن بولۇپ كېتەتتى.

كۈنلەر ئاۋاللىرى ئايروپىلاندەك غارقىراپ ئۆتسە، بۇخەلچەمگە ئەمدىلىكتە كۆتەك هارۋىدەك غىچىلداپ، ئاستا ماڭغاندەك سېزىلمەكتە ئىدى. ئەرمۇ ئۇنىڭ سوغۇقلۇقى، تۇگىمەس باش ئاغرىقى، ۋايساشلىرىدىن زېرىكىشكە باشلىغانىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىرمەزگىل قاتلاپ قويغان تىجارىتىنى قايتا قولىغا ئېلىپ، سىرتقا چىقىپ كېتىدىغان، ھەپتىلەپ سودا-سېتىق بىلەن يۈرىدىغان، ھەتتا ئايلاپ ئۆيگە قايتمايدىغان بولىۋالدى.

كۆڭۈلسىزلىك ئاخىر يۈز بەردى. بىر قېتىم تىجارەت

سەپىرىدىن تۇيۇقسىز ئۈيگە يانغان ئەر ئايالىنى ھۇجرىسىدا بى-رەيلەن بىلەن تۇتۇۋالدى، توغرىسى، ئۈستىلەپ چۇشۇپ قالدى. ئىلگىرى، يېقىنقى كۈنلەردىن بېرى بۇ ھەقتە ئۇنىڭ كۆڭلى ئارامسىز مۇشۇنداق گۇمان تۇپەيلىدىن ئۇيۇپ يۇرەتتى. قەھر-غەزىپى تاشقىنلىغان بەستلىك، تىرتەك ئەر دۇنيانى ئاس-تىن-ئۈستۈن قىلىۋېتىدىغاندەك ئەلپازدا كارىۋات ياپقۇچنى شىددەتلىك قايرىپ بىۋاپا ئايالى ئالدىراشچىلىقتا ئۇ يەرگە، كارىۋات ئاستىغا مۆكتۈرۈپ قويغان رەقىبىنى گەجگىسىدىن قا-مالالاپ تارتىپ چىقتى، ژۇلقۇشلاپ ئۆرە قىلدى. قان تولغان كۆزلىرى بىلەن كارىۋات ئاستىدىن چىققان ئەرنىڭ چىرايىغا بىرلا قارىدىيۇ، ھەيرانۇ ھەسلىكتە ئامبۇردەك كىرىشكەن بار-ماقلىرى ئۇ ئارسىزنىڭ، خوتۇنى بۇخەلچەمنىڭ ئاشنىسىنىڭ ياقىسىدىن بوشاپ كەتتى. بۇ ئەرنى ئۇ ئىلگىرىدىن تارتىپلا تونۇيتتى. كارىۋات ئاستىدىكى ئەر باشقا بىرى ئەمەس، دەل ئابدۇمۆمىن ئىدى.

## ھازىدىن كېيىنكى ھازا

سەكسەن ياشلىق نىزام قارىم نامازشامغا تاھارەت ئېلىۋې-تىپ يىقىلغان باھانە بىلەن سەھەرلىكتە ئالەمدىن ئۆتتى. ئەس-لىدە مۇنچىلا ياشاپ ئۆلگەنلىكى ئۈچۈن قارىمنىڭ ھايات ۋاقتىدا ئېيتقىنىدەك ”تويى بولدى“ دېسە بولاتتى. بىراق ”تويىنىڭ يارد-

شىقى كۆلكە، ئۆلۈمنىڭ يارىشىقى يىغا“دېگەندەك، قارىمىنىڭ بالا-چاقا، تۇغقانلىرى ئاچقان ھازا سەھەردە مەھەللىنى بىر ئالدى.

قارىمنىڭ ئۈچ پەرزەنتى بولۇپ، شەھەردە ئولتۇراقلىق ئىككى ئوغلى دادىسىنىڭ ئېغىركىنى چاتتى، ئايال ۋە بالا-چاقىلىرى بىلەن يىغلاپ جامائەتنىڭ ئالدىغا چىقىپ بالىدارچىلىققا يەتكۈزدى. كەنجى پەرزەنتى رىزۋانئاي ناھىيىدە يەرلىشىپ قالغان بولۇپ، قارىم جان ئۈزگەن ھامانلا يان قوشنىسى ”پوت-پوت“ بىلەن ناھىيىگە چىقىپ، رىزۋانئاينى چۈشكە يېقىن يەتكۈزۈپ كەلدى. رىزۋانئاي خەقنىڭ يۈرىكى تىتىلغىدەك بوزلاپ ھازىدار ئاكىلىرىنىڭ باغرىغا ئۆزىنى ئاتتى. ھازا رەسمىيىتى بولۇپ قالغان بىلىنى تۇتۇپ، قوشاق قېتىپ يىغلاش، تالادا مېڭىپ يۈرۈپ يىغلاش سەل بېسىلىپ، رىزۋانئاينىڭ يۈزى شور-لۇق كۆزيېشى بىلەن يۇيۇلۇپ، بارا-بارا سەل-پەل سىلىكتى، شۇ چاغدىلا ئۇ ھويلىدىكى ئادەملەرگە ئېنىقراق كۆزسالدى. ئۇنى ئەجەپلەندۈرگەن نەرسە شۇ بولدىكى، ئۆيدە، ھويلىدا بىلە-گە ئاق باغلىغان ئەرلەر، بېشىغا ئاق سالغان ئاياللار قىم-قىملا يۈرەتتى. ئۇزۇن پېشايۋاننىڭ چېتىدىكى ئۆيدە بىرئەر، بىر ئايال تىنمايلا جارتىلدىتىپ ئاق لاتىنى يىرتاتتى-دە، ئېلىپ چىقىپ، يېڭى پەتنچىلەرنىڭ بېشىغا سالاتتى، بېلىگە باغلايتتى.

رىزۋانئاي پېشايۋاندا يىغلىغاچ ھېلىقى ئۆينىڭ ئالدىغا كې-لىپ توختىدى. ئاڭغىچە تۆۋەتتىكى پەتنچىگە ئاق باغلاپ يانغان ئادەم، ئۇلارنىڭ ئۇدۇل قوشنىسى باقىھاجى رىزۋانئاينىڭ يېنىغا كەلدى.

— هاجىكا، ئاق لاتىنى نېمانچە جىق يىرتىۋاتىسە-
لەر؟ — دەپ سورىدى رىزۋانئاي بوغۇق ئاۋازدا.
— ئەتىگەن مەنمۇ شۇگەپنى دېۋىدىم، — دېدى باقىهاجى قول
باغلاپ تۇرۇپ، — ئاكىلىرىڭىز، يەڭگىلىرىڭىز زېيىنىز ئۇناشمە-
دى. دادىڭىز يۇرتنىڭ ئىچىدە ئۇنىڭ ئالدى بولسا، ئۇنىڭ
كەينى، يۈز-ئابرويى بار، يېقىنلا ئادەمنىڭ ھەممىسىگە ئاق
باغلايمىز، دەپ تۇرۇۋېلىشۋالدى، مەيلى دېيىشتۇق.
— ئاق دېگەن ھازىدارنى ئايرىيدىغان بەلگە، — دېدى رىزۋان-
ئاي تېخىچىلا ئۆكسۈشتىن توختىماي، — دادامغۇ بۇنداق بولمى-
غۇر بۇزدى-چاچتىغا يول قويمايتتى... قاراپ باقارسىز.
باقىهاجى قول باغلىغان ھالەتتە «راست-راست» دېگىنىچە
پېشايۋاندىن چۈشۈپ نېرى كەتتى. بەش مىنۇت ئۆتە-ئۆتمەيلا
ئۇ يەنە رىزۋانئاينىڭ يېنىغا قايتىپ كەلدى:
— ئۇناشمايۋاتىدۇ، پۇلدا كېرەك يوق دەيدۇ قىزىم، يەڭ-
گىلىرىڭىز ئەرلىرىدىن چىڭ چىقىشىۋاتىدۇ، يەنە بىر نېمە دې-
سەك سىزدىن خاپا بولۇپ قېلىشىدىغاندەك.
رىزۋانئاي ئۈنچىقمىدى. پەقەت يىغىسىنى يەنىمۇ كۆچەيت-
كىنىچە پېشايۋاننىڭ كۈن چىقىش تەرىپىگە ماڭدى...
قارىمىنىڭ يەتتە نەزىرىمۇ ئۆتتى. سەككىزىنچى كۈنى قې-
رىنداشلار بىر يەرگە جەم بولۇپ، ھازىنىڭ دەسلەپكى چىقىمىنى
ئوتتۇرىغا سالدى. كونا سودىگەر باقىهاجى ئۆيدىن ئېلىپ چىققان
رۇس چوتىنى شاراقشىتىپ قولىدىكى ئىسچوتلارنى جەملەپ چىق-
تى-دە، ئېلان قىلدى:
— يالغۇز ئاق ئۈچۈنلا كېتىپتۇ، ...قېنى، ھە... كېتىپتۇ

بىرمىڭ يەتمىش ئىككى سوم يەتمىش ئىككى تىيىن…
ئوتتۇرىنى شۈكچىلىك باستى. باشقا خىراجەتنىڭ گېپى بولمىدى، بولغان بولسىزە…
— قېنى ھاجىكا، بۇ پۇلنى قانداق بىرتەرەپ قىلىمىز؟ — رىزۋانئاي بىرىنچى بولۇپ ئېغىز ئاچتى.
— ئەمدى، قارىمدىن قالغان ئۈچ پەرزەنت ئۇلتۇرۇپسىلەر، ھەممىڭلار قارىمغا باراۋەر باللار… يۈكنى تەڭ كۆتۈرۈسىلەر-دە …
— بىزنىڭغۇ كۆنىمىز ئۆزىمىز بىلەن ئارانلا! — دەپ چوڭ يەڭگە ھاجىنىڭ گېپىنى بۆلدى.
— راست-راست! — دېدى ئېرى دەررۇلا.
— بۇ قانداق گەپ؟ — دېدى رىزۋانئاي تۇغقانلىرىغا، — ئۇنداق ئادەم باشتىلا ھەشەمەتچىلىكنى ئويلىشىپ قىلىدىغان ئىش ئەمەسمۇ؟ ئەمدى سورىنى ئۈچ قېرىنداش تەڭ تارتمىساق بولامدۇ!
— راست دەيسەن سىڭلىم، — دېيىشتى ئىككى ئاكا تەڭلا پوكاندەك قىزىرىشىپ.
— نېمە دەيدۇ مۇنۇ! — چوڭ يەڭگە ئېرىنىڭ يېڭىنى يۇل-قۇشلىدى، ئىككىنچى يەڭگە ئېرىنىڭ بىقىنىغا بىرنى نوقىدى. ئىككى ئايالنىڭ نالە-پەريادى مۇسىبەتنىڭ شىمى ئۈچمىگەن بۇ ئۆينى قايتا مۇسىبەتكە تولدۇردى:
— نېمىسىنى تۆلەيدىكىنە، ۋاي خۇدايىمەي… ۋاي قانداق قىلارمىز! بۇ ئۆيگە تۇڭلۇكتىنمۇ، ئىشىكتىنمۇ كىرىۋاتقاندەك، ۋاي خۇدايىمەي!

ئۆينى سۆرۈنچىلىك باستى. باقىهاجى ئېتىكاپتا ئولتۇرغان-دەك بېشىنى ساڭگىلىتىپ، بۇ قېرىنداشلارغا يەرئاستىدىن كۆز سالاتتى. ئىككى يەڭگىنىڭ يىغىسىدىن بىئارام بولغان ئىككى ئەر سىڭلىسىنىڭ ئالدىدا خىجالەتچىلىكتە يەر بولدى.

—بولدى پەسلەڭلار هەدە! — دېدى رىزۋانئاي ئاخىر يەڭگە-لىرىگە مۇلايىم ئاۋازدا، — مەنمۇ سىلەرنىڭ كۆڭلۈڭلارنى چۈ-شىنىمەن. بىراق بىز ئاتامنىڭ ۋەسىيىتىنى ئادا قىلالمىدۇق. بىزنىڭ مۇشۇ هەشەمەتچىلىكىمىز نە ئۆرپ-ئادىتىمىزگە، نە هۆكۈمەتنىڭ چاقىرىقىغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. بولدى باقىهاجىكا، دادامنىڭ هازىسىغا كەتكەن چىقىمنىڭ هەممىسى ماڭا تەن بول-سۇن. دادامنىڭ ئەمدىكى ”مەرىكە“لىرىنى چىرايلىقراق ئۆتكۈ-زەيلى، يەنە هازىدىن كېيىن هازا بولمىسۇن!

## ياشايمىزمۇ-ياشىمايمىزمۇ

سەهەرلىك چېنىقىشتىن قايتىپ كېلىپ، بىنانىڭ بېنىدە-كى ناۋايخانىدىن نان ئېلىپ كىرىپ كېتەي دەپ تۇرۇشۇمغا پېنسىيىگە چىققان بوغالتىر قوشنام شىلەپىسىنى يانتۇ كىيىپ، ئۆردەكتەك دەسسەپ دەرۋازىسىدىن چىقىپ كەلدى.

—نانغا كەلدىڭىز؟ —سالىمىمنىڭ جاۋابى ئورنىدا قوشنام شۇ مۇراجىئەت بىلەن جىلمايغىنىچە تونۇر بېشىغا يېقىنلاشتى، —نان دېگەن سۇدەك كېتىۋاتىدۇ-هە مۇشۇ كۈندە؟

— ئۇششاق باللار ناننىڭ قېپىنى يارىدىكەنغۇ-تاڭ، ھېلىلا تاماق يەپ...

— ئۇنىڭ ئۈستىگە، ناننىڭ باھاسى تىڭ سىزىق بويىچە ئۆرلەپ كېتىۋاتقىنىنى دېمەمسىز. خۇددى ھۆكۈمەت باھانى ئۆستۈرۈش توغرىلىق ئالدى بىلەن ناۋايلارغا ئۇقتۇرۇش تارقاتقاندەك؛ بۇنداق كېتىۋەرسە قانداق ياشايمىزكىن-تاڭ!

— ئۇنىڭ باھاسىمغۇ ئۆرلەپ كەتتى، — ئۇنچىقماي تۇرغىچە دەپ قوشۇمچە قىلدىم.

— ھوي... گەپنىڭ تۈگۈنى مەشەدە ئەمەسمۇ، — قوشنام سىڭايان شىلەپىسىنى تېخىمۇ قىيسايتىپ بېشىنى گىلدىڭشىتىپ كەتتى، — ھەپتە ئىچىدە ئۇنىڭ باھاسىنى بىرھەسسە قاتلىۋالمىدىمۇ. زادى ياشايمىزمۇ-ياشىمايمىزمۇ؟

ئۇنىڭ گېپى شاخلاپ بېرىپ مايغىمۇ چېتىلدى. قوشنام سان-سىپىرلار ۋە ئۆزى پىششىق بىلىدىغان مالىيە ئىبارىلىرى ئارقىلىق يەنە بىر ھازاغىچە سۆزلىدى. ئاڭغىچە تونۇر بېشىغا بىر مۇنچە ئادەم ئولاشقانىدى. سائىتىمگە قاراپ، ئىتتىك ئۆيگە كىرىپ كەتتىم.

ئەتىسى يەنە تونۇر بېشىدا قوشنام بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. بۇ چاغدا ئۇ ناننى ئەمدىلا قىزىق تونۇرغا چاپلاپ بولۇپ، پەشتامىسى بىلەن تەرىنى سۈرتۈۋاتقان كۆلۈمچان ناۋايغا سۆزلەۋاتاتتى.

— مانا ئۆزىڭىز دەۋاتىسىز، كۆمۈرنىڭ باھاسىمۇ ھەش-پەش دېگۈچە بىرقاتلىنىپ، ھەتتا بىر يېرىمغىچە باردى. ئۇنداق بولغاندىكىن ناننىڭ تەننەرخىمۇ ئۆسىدىغان گەپتە. ئامال قانچە؟

كېلىڭ ھەكىمجان، مانا بۈگۈن ساۋۇتاخۇن ئۇستام نانغا يەنە بىر موچەن چاپلايمەن دەيدۇ. كۆمۈر باھاسى ئۆرلەرمىش. بايقىدىڭىزمىكىن، ئالدىنقى ھەپتە ھەممىلا خەق خاڭلارغا قۇلۇپ سېلىنىپ كېتىدىغاندەك كۆمۈر توشۇش بىلەنلا بوپكەتكەنىدى، بىرنېمە بىلىشىپتىكەن-دە، ھەي…بىزلا شۇ كۈرۈك توخۇدەك ئۆيدە يېتىپتىمىز. قانداق ياشايمىزكىن-تاڭ! بىر قىشقا ئوتۇندەك ئىككى ماشىنا كۆمۈر كېتىدۇ دەڭا بىزگە…، — ئۇنىڭ بۈگۈن مانچېستېر دوپپا ئالماشقان چارلىشاڭغۇ بېشى توكۇلاڭدەك تىترەپ كەتتى.

— ياپىرىم، مانا سەككىز موچەنلىك نان چىقتى، — ئاڭغىچە ساۋۇتاخۇن ناۋاي تۈنۈگۈنكى يەتتە موچەنلىك ناندىن پەرقلەنمەيدىغان ناننى ئىلمەك بىلەن تونۇردىن چىقىرىپلا تونۇر بېشىدىكى پەشخۇنغا تاشلىدى.

ئىككى كۈنگىچە بوغالتىر قوشنام كۆرۈنمىدى. بىركۈنى تونۇر بېشىدا ئۇنى ئېغىز-بۇرنى شارپىدا ئوراقلىق ھالەتتە ئۇچراتتىم.

— كۈزمۇ كەلدى، بىزنىڭ چىگويەن بوزەك قىلىمەن دەپ قوپىدۇ، — قوشنام پۈتۈپ كەتكەن ئاۋازىنى دەزكەتكەن ساپالدەك جىغىلدىتىپ سالام-سورىقىمغا جاۋاب قايتۇردى، — ئىسسىق زۇكام دېگەن مۇشۇ دەڭا ھەكىمجان ئۇكا، تۈنۈگۈن دوختۇرغا بېرىۋىدىم، كىنىشكىدىكى پۇل تۈگىگىلى نەۋاق، نەق پۇلغا دورا يەۋاتىمىز ئەمەسمۇ، يائاللا، بىز تونۇر بېشىدا ساۋۇتاخۇن ئۇستامنىڭ نېنىدىنلا رەنجىپ يۈرۈۋېرىپتىمىز، باھا ئۆسۈك دېگەن دوختۇرخانىدىكەن ئەمەسمۇ، دائىم ئېلىپ ئىچىپ يۈرگەن قىيام

دورا، يۈتەلىنگچۇ، ئىككى كوي ئون پۇڭدىن بەش كوي يەتتە پۇڭغا چىقىپ كېتىپتۇ، ئوكۇللىرىنى دېمەيسىز تېخى، ئىككى خىل دورا بىلەن ئۈچ كۈنلۈك ئوكۇلغا قىرىق بىر كوي سەكسەن سەككىز پۇڭنى چىرقىرىتىپ تۇرۇپ ئېلىۋىدى، تەرلەپ كېتىپتىمەن. نېمە گەپلەروي بۇ، زادى ياشىسۇن دەمدۇ بىزنى، ياشىمىسۇنمۇ؟... بولۇۋاتقان باھا ئۆسۈشلەردىن ئۇدۇللۇق خەۋەرىم بولغاچقىمۇ ياكى قوشنامنىڭ ۋايساشلىرىنى كۈندە ئاڭلاپ كۆنۈپ كەتكەچكىمۇ، ئۇنىڭ شىكايەتلىرىگە ھە-ھە بىلەنلا ئىنكاس قايتۇرۇپ تۇرىۋەردىم. ئىچىمدە بولسا ”سەن ھەرقانچە ۋايىساڭمۇ ئۆسىدىغان باھا ساقالدەك ئۆسۈۋېرىدىكەن تاغا، كوتۇلداپ نېمە قىلاتتىڭا!“ دەپ ئويلاپمۇ ئۇلگۇردۇم.

بەش مىنۇتتىن كېيىن بوغالتىر قوشنامنىڭ جۇدۇنلۇق ئاۋازى تونۇر بېشىدا ياڭراپ كەتتى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ چاقماق شارپىسى قولىدا ئىدى.

—ھە ساۋۇتاخۇن، ھەرئىش بولسا ئىنساپ بىلەن بولمامدۇ؟، سىلە بۇ مەھەللىنىڭ دۇكىنىنى ئىجارىگە ئېلىپ، باھا ئۆستۈرىدىغانغا كەلگەنمۇ؟ لەگلەكمۇ ئۇنداق تېز ئۆرلەۋەرمەيدۇ. بىر كوي دېگەنگىچۇ، ئۆز ۋاقتىدا بىركىلو قوي گۆشى كېلىدىغان. بىر ناننى بىركوي دەۋاتقىنىنى.

—ئۇ دېگەن بۇرۇنقى گەپلەر موللىكا، بىزمۇ پەيزاۋاتتا...

—ئاي...ي قويۇڭلار ئاقمايدىغان گەپنى. ”ئىنساپ بىلەن ئوغرىكا، ئىنساپ بىلەن“دەپتىكەن بىرى. يا نېنىڭىز سەل سەمرىگەن بولسىدى...ھوي ھەكىمجان، ھجىيىپلا تۇرىسىزغۇ ئۇكام، يانچۇقتا پۇلىڭىز تېشىپ كېتىۋاتامدۇ يا؟ ئەستاغپۇرۇللا،

هوي، نان يېمىسە زادى ياشىغىلى بولمامدۇ بۇ جاھاندا؟
—نان يېمىسلە ئۆيدە قاسقانغا موما سالدۇرۇپ يېسلە، ھە، يۇمشاق...—ناۋاي ئۇستامىۇ ئەمدى زەھەرلىكىنى باشلىغانىدى. دەررۇ ئوتتۇرىغا چۈشتۇم-دە، ئىككىلا تەرەپكە هاي بەردىم.

شۇ كۈنى كەچكە يېقىن بازاردىن بوغۇلۇپ، چېچىلىپ قايتىپ كەلدىم. ۋېلىسىپىتنىڭ قولۇپىنى ئالدىنقى كۈنى تاش بىلەن ئۇرۇپ چېقىۋېتىشكە مەجبۇر بولغاچقا، يېڭى قولۇپ ئالاي دەپ بەش خىل مېتال ماگىزىنىغا كىرگەنىدىم. تېخى تۆت ئاينىڭ ئالدىدا ئالغان ئىلگىرىكى قولۇپ بىلەن ئوخشاش ماركىدىكى قولۇپنىڭ باھاسى ھازىر نەقمۇنەق ئىككى ھەسسە ئۆرلەپ كېتىپتۇ، نېمىشقىدۇر تۇرۇپلا غۇژژىدە ئاچچىقىم كېلىپ قالدى.

—يېگىلى بولىدىغان نەرسىلەرنىڭ باھاسىغۇ ئۆرلىسۇن مەقۇل، ئەمدى بۇ ئۈچ-تۆت يىلدا بىر ئالىدىغان تۆمۈر-تەرسەكىنىمۇ شۇنچە ئۆرلىتىۋەتكەن بارمۇ؟—ئالدىمدىكى سېرىق چاچلىق، قىر بۇرۇن چوكانغا زەردە بىلەن ئىچىمدىكىنى تۆكتۇم.

—ۋېيىش، خەق ئۆرلەتسە بولىدىكەن، بىز ئۆرلەتسەك بولمامدىكەن؟ پىرىكازچىك چوكان ئاۋازىدىن زەھەر تامدۇرۇپ بېشىنى گىلدىڭشىتتى،—قانداق ئادەم ماۋۇ، چىقىش قىلىسىڭىز ئېلىڭ، بولمىسا ئىشىك ئوچۇق ئەنە!

قولۇپنىغۇ ئالدىم، بىراق زەھەر تىللىق چوكان بىلەن خېلى بىر نېمىلەرنى دېيىشىپ كېتىپتىمەن، گويا كى باھانى ئۆستۈرگەن خوجايىن شۇدەك، ئادەممۇ ئولاشتى، گەپمۇ كۆپەي-

دى.

بىر چاغدا شەيتىنىمغا هاي بېرىپ ماگىزىندىن چىقىپ كەتتىم. كىچىچە ئاچچىق يۇتۇپ ياتالامدىغان. شۇ ئاچچىقتىن ئەتىسى سەھەرلىك چېنىقىشىمۇ خۇش ياقمىدى. كوچىدا نېرى-بېرى لەلەڭشىپ مېڭىپ، بىرچاغدا ناۋايخانىغا كەلدىم. يېڭى پىشقان ئىسسىق ناندىن ئىككىنى ئېلىپ، پۇل تۆلەيدىغان چاغدا بىردىن يەنە جۇدۇنۇم تۇتتى.

—سىلەرمۇ تازا... ئۇستام، كۈندىلا ئۆرلىتىۋېرەمدۇق بۇ نانىڭ باھاسىنى؟ لەگلەكمۇ ئانداق ئۆرلىمەيدۇ...

—ئەپەندىم، نېمە بولدىلا؟ —مەڭزىلىرى ئانار دەك قىزىرىپ، تەرلىگەن ناۋاي كۆزۈمگە گۆلىيىپ قارىدى، —ئۆزلىرى تۈنۈگۈن غىلىڭ قىلماي كويچەن سانىغان باھا شۇ، بۈگۈن ئۆرلەتمىدۇق.

—ھەرقانچە بولسىمۇ، —خاتا قىلغىنىمنى سەزگەن بولسام-مۇ، سىر بەرگۈم كەلمىدى، —مۇشۇ كۈندە بارغۇ، كاسىپلارمۇ بوپلىۋالدى. كۆزۈمچىلىك تارشا ناننى بىر كويدىن يېسەك، زادى ياشامدۇق-ياشىمامدۇق بۇ دۇنيادا؟

—قانداق قوشنام، ئاخىر مەن دېگەن يەرگە كېلىپ-سىز-ھە؟ —تاپىنىمنىڭ تېگىدىن چىققاندەك ئاڭلانغان ئاۋازدىن چۆچۈپ ئۆپچۆرەمگە، ئاندىن يېنىمغا قارىغىدەك بولسام، بوغالتىر قوشنام تاخ پۇتۇمنىڭ تۇۋىدە دېگۈدەكلا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇۋېلىپ، بېشىنى ھەدەپ چايقاپ كۈلۈۋېتىپتۇ. —مالىيىدە قىزىل رەقەم كۆرۈلگەن ئوخشىمامدا؟

ھازىر نانىڭ باھاسى بىركوي يىگىرمە پۇڭغا چىقتى. بۇ-

غالتىر قوشنام ئىككىمىز كۈندە بىر قېتىمدىن كوتۇلدىشۇپ-
لىپ، ھەرھالدا ئۆلمەي ياشاپ يۈرۈۋاتىمىز.

## تەتۈر باشلىق

پاكىز قىرىنىپ ئەتىر سەپكەن قىر بۇرۇن، ياداڭغۇ ئادەم شەپكىسىنى گاھ ئېلىپ مىجىقلاپ، گاھ كىيىپ، مۇئاۋىن شۇ-جى ئىشخانىسىنىڭ بوسۇغىسىدا ئىككى سائەتتەك تۇردى. ئارىدا قىيا ئېچىلغان ئىشىكتىن ئۆزىگە كۆزى چۈشكەن ھارغىن چىراي شۇجىغا سالام بېرىپمۇ ئۈلگۈردى ۋە ئۇنىڭ ئۆزىگە تىكىلىپ "كىرمەمسىز" دېگەندەك ئىشارەت بەرگەن كۆزلىرىگە كۆلۈم-سىرەپ قاراپ، "سەل تۇرۇپ"دېگەن ئىپادىنىمۇ بىلدۈرۈپ ئۈل-گۈردى. سائەت ئونغا چارەك قالغاندا، ناھايەت شۇجىنىڭ ئىش-خانىسى ھەرخىل ھاجەتمەنلەردىن بوشاپ، باشلىق ئۆزىلا قېپقال-دى، پەقەت شۇ چاغدىلا ياداڭغۇ كىشى ئېھتىيات بىلەن دەسسەپ ئىچكىرىگە كىردى-دە، رەسمىي سالام بەجا كەلتۈردى.

—ساقلاپ قالدىڭىز-ھە؟ خوش...—شۇجى ئەمدىلەتىن تۇ-تاشتۇرغان تاماكىسىنى ئاستا يۇۋۇلەپ، مېھماننى ياندىكى يالغۇز كىشىلىك سافاغا تەكلىپ قىلدى ۋە تاماكا قۇتىسىنى ئۇنىڭ ئالدىغىراق سۇرۇپ قويدى. بۇ ئۇنىڭ "چېكەمسىز؟" دېگىنى ئىدى.

ياداڭغۇ ئادەم ئىشىكتىن كىرىۋاتقىنىدا قولىدا مىجىقلاقلىق

شەپكىسىنى بېشىغا ئەپلەپ كىيدى-دە، گەپنى نېمىدىن باشلى-
سام بولار دېگەندەك ئەلپازدا بىر پەس تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى.
ئەمما كۆپ تېڭىرقاشقا بولمايتتى.
ئىشخانىغا ھېلىدىن-ھېلى بىرەر ئادەم كىرىپ قېلىش ئېھ-
تىمالى بار ئىدى.
—ئۆزۈم...سىزگە سالام بېرىپ ئۆتەي دەپ مۇنداقلا...
—ياخشى بوپتۇ، ھە، ئەھۋاللار ياخشىمدۇ؟
—ياخشى، رەھمەت، ئاندىن كېيىن، ئاندىن كېيىن بىر
ئىشقا ئىچىم پۇشۇپ...
—نېمە ئىشقا؟—شۇجى كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ، ياداڭغۇ
چىرايىغا تىكىلدى. ئۇزايىدىن سەل سەۋرسىزلىنىۋاتقىنى بىلى-
نىپ تۇراتتى.
—شۇ...بىزنىڭ كى جۇيجاڭنىڭ ئىشى بولمامدۇ، تۈنۈگۈن
سىز مۇھىم بىرئىش توغرىلىق تېلېفون بەرگەنىمىدىڭىز كىن،
ئاخىرىغىراق كىرىپ قاپتىمەن، تېلېفوننى قويۇپلا بىرمۇنچە
ۋايساپلا كەتتى دېسە، توۋاخۇدايىم، رەھبەرلىكنى ھۆرمەتلەشنى
قاچانمۇ ئۆگىنىمىز كىن-تاڭ!
—ھە، نېمە دەيدۇ ئۇ؟—شۇجى سەل ئالدىغا ئېڭىشكىنىچە
قىزىقسىپ سورىدى. كۆزلىرى مېھمانغا تېخىمۇ ئىنچىكىلەپ قا-
دالدى.
—شۇ...”ئۇ نېمىنى بىلىدۇ، تۆۋەنگە چۈشمەيلا بۇيرۇقنى
سوقۇۋېرىدىكەن، بىزدە بىرمۇنچە قىيىنچىلىقلار تۇرسا“ دەپ...
—ھە، دېسە دېگەندۇر، سىزگە نېمە ئەمدى؟ راست، گا-
ھىدا بىزمۇ ئالدىراپ قالىمىز.

ياداڭغۇ مېھماننىڭ كېكىردىكىنى بىرى تۇيۇقسىز بوغقاندەك ئۆزىمۇ سەزمەستىن غىق قىلغان ئاۋاز چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭسىزمۇ قورۇنۇپ ئولتۇرغان جىسمى توك تاياق تەگكەندەك جىغ قىلدى-دە، ئەزايىغا بىرجىغىلداش، تىترەك، سوغۇق سىزىم يۈگۈردى، بىرپەس شۇنداق ئولتۇرۇپ قالدى.

—خوش، باشقا ئىش بارمۇ؟ بولمىسا مەن ۋالىي مەھكىمىسىگە يىغىنغا بارماقچىدىم، —شۇجى ئورنىدىن قوزغالغاچ ئۈستەل ئۈستىنى يىغىشتۇرغىلى تۇردى. بۇ ئەلۋەتتە ئۈنسىز بۇيرۇق ئىدى. ياداڭغۇ مېھمان ئورنىدىن دىككىدە تۇرۇپ كەتتى.

—يا ئەمدى مەن ياخشى كۆڭلۈم بىلەن...زادىلا چىدىيالمايدىكەنمەن. سىزگە ھۆرمەت...

—ھۆرمىتىڭىزگە رەھمەت، كۆڭلىڭىزنى چۈشەندىم. خوش ئەمىسە، يەنە كۆرۈشەرمىز-ھە!

بىرمىنۇتتىن كېيىن ياداڭغۇ ئادەم زالدا، سەل ئۆتۈپ بولسا پارتكوم قورۇسىدىكى ۋېلىسىپىتلەر سانجاق تۇرۇپ كەتكەن لاپاسىنىڭ ئاستىدا خېلىغىچە ۋېلىسىپىتىنى تاپالماي تۇردى.

ئەتىسى ئەتىگەندە ساقاللىرى بىركېچىدىلا ئۆسۈپ كەتكەن، ئۆزىگە ئەتىرمۇ سەپمىگەن ياداڭغۇ ئادەم مۇئاۋىن شۇجى ئىشخانىسىنىڭ بوسۇغىسىدا تامغا يۆلىنىپ ئالاھازەل تۆت سائەت تۇردى.

ئەتىگەندىن بېرى ئىشىكى ئېچىلمىغان ئىشخانىنىڭ ئالدىغا نۇرغۇن ئادەملەر كېلىپ كېتىشتى. پەقەت ئۇلا جايىدىن قىمىرلىمىدى.

# ئەمەل دەرىخى

مەلۇم شەھەرنىڭ ئالىي ھوقۇقلۇق ئورگىنى بىناسىنىڭ
كەڭرى ھويلىسى تۇتاش يېشىلچىلىققا چۈمكەلگەن بولۇپ، كى-
چىك بالىنىڭ قۇچىقى يەتمەيدىغان ئاقتېرەكلەر پاسىل رېشاتكى-
سىنى بويلاپ ھەيۋەتلىك قەد كۆتۈرگەنىدى.

رەڭگارەڭ گۈللۈكنىڭ ئارا-ئارىسىدا بولۇق مېۋىگە كىر-
گەن ئالما، شاپتۇل، قوتۇر ئامۇت دېگەندەك مېۋىلىك دەرەخلەر-
مۇ شاخلىرىغا سانسىزلىغان كۈمۈش قوڭغۇراقلارنى ئېسىپ جى-
رىڭلىتىپ، سالماق بېسىپ تۇرۇشاتتى.

پەقەت بىرلا نەرسە بۇ ھەيۋەتلىك، پاكىز ھويلىنىڭ سىيا-
قىغا ئانچە ياراشماي، ئايرىمچە كۆزگە تاشلىناتتى. ئۇ بولسىمۇ
بەش قەۋەتلىك ئىمارەتنىڭ ئالدىدا كەڭ-كەڭرى ئېلىنغان سې-
مونت پەلەمپەينىڭ ئىككى بۇرجىكىدە تۇرغان ئىككى تۈپ ياش
سېرىن دەرىخى بولۇپ، ھازىر ياز ئايلىرىنىڭ ئوتتۇرىسى بولۇپ
قالغاچقا، ئاللىقاچان گۈللىرىنى توزۇتۇپ بولغان شاخلار شالاڭ
يوپۇرماقلىرىنى باغرىغا مەھكەم بېسىپ تىمتاس تۇراتتى. بىلەك-
چىلىك تومىلۇقتىكى سېرىن غولى بىر غۇلاچتىن ئارتۇق ئېگىز-
لىككىچە سىپسىدام، نە شاخ-پۇتاق، نە يوپۇرماقتىن خالىي
بولۇپ، خۇددى يامغۇردا كۆنلۈك كۆتۈرۈۋالغان باشلانغۇچ مەك-

تەپنىڭ ئورۇق، ئېگىز بويلۇق قىز ئوقۇتقۇچىسىغا ئوخشاپ قالغانىدى. شۇ تۇرقى بىلەن بۇ ئىككى توپ سېرىن دەرىخى ھويلىدىكى يېشىلچىلىقتا، بۇ كىچىككىنە، جۇملىدىن كۆك بە- لەن بوي تالىشىپ، ئۆرىدىشىپ تۇرغان ئاقتېرەكلەرگە، بولۇق مېۋىگە كىرىپ قانات-قۇيرۇقلىرىنى كەرگەن مېۋىلىك دەرەخ- لەرگە روشەن سېلىشتۇرما بولغان، يېگىياچە مېھماندەك چېنىپ- لا قالغانىدى.

بۇنىڭدىن 13 يىل ئىلگىرى مۇشۇ بىنانىڭ گەۋدىسى بۇ ئەتراپتا قەد كۆتۈرۈشى بىلەنلا، ھازىرقى ھەيۋەت يېشىلچىلىق- نىڭ باشلانمىسى بولغان ئەۋرىشىم نوتا-جىرىملار چىلان تۇپراق يەرگە ئولتۇرغۇزۇلغانىدى. بۇ يېڭى بىنانىڭ ئەينى چاغدىكى ئەڭ ئالىي رەھبىرى ئىنتايىن پۇختا ئىش قىلىدىغان ئادەم بولۇپ، ھەرقانچە مۇشكۇل ئالدىدا ئېگىلمەس، ياناس روھقا ئىگە، قەيسەر ئىرادىلىك رەھبىري كادىر ئىكەنلىكى بىلەن ئەل ئارىسىدا شۆھرەتلىك ئىدى. ئورگان بىناسى ئالدىغا دەل شۇ كىشى ئۆزى بۇيرۇتۇپ، مىجەزىگە ماس كېلىدىغان دەرەخنى، ئىككى توپ ياپپېشىل قارىغاينى ئالاھىدە تىكتۇرگەنىدى. ئارى- دىن بىرنەچچە يىل ئۆتتى. يەرلىك ئورۇننىڭ تۇرلۇك خىزمەت- لىرى قابىل رەھبەرنىڭ باشلامچىلىقىدا كۇنسايىن روناق تېپىپ باردى. ھېلىقى ئىككى توپ قارىغايمۇ بارغانسېرى چوڭىيىپ، باغجانلىنىپ، ئۆرلەپ ئۆسۈۋەردى. كۇنلەرنىڭ بىرىدە يۇقىرى- نىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ھېلىقى رەھبەر تېخىمۇ جاپالىق بولغان ئىككىنچى بىر ئورۇنغا يۆتكىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا بىر رەھبەر كەلدى. ئارىدىن بىر ئاز ئۆتمەي، رەھبىري ئورگان

بىناسىغا ئىش بېجىرىش ئۈچۈن كېلىپ-كېتىپ تۇرىدىغانلار بىر يېغىلىقنى—بىنا ئالدىدىكى قارىغايلارنىڭ نەگىدۇر غايىب بولغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئورنىنى بولسا ئىككى تۈپ دۇپ دەرىخى كۆچىتىنىڭ ئالغانلىقىنى كۆرۈشتى. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، يېڭى كەلگەن رەھبەر ياش ۋاقتىدا چەت ئەلدە ئىلىم تەھسىل قىلغان كىشى بولۇپ، چەت ئەلنىڭ ھەممە نېمىسىگە ئالاھىدە ھەۋەس قىلىدىكەن. دۇپ دەرىخى كۆچەتلىرى توختىماي سوقۇۋاتقان ھايات شامالىرىدا ئالدىرىماي، تېنىمەي، تەۋرىنە-تەۋرىنە يىلتىز تۇتۇپ قالدى، سۆلەتكىمۇ كىردى. ئەپسۇس ئۇنىڭ يوپۇرماقلىرى ئۈچ قېتىم ئالمىشىپ ئۈلگۈرمەيلا يىلتىزىدىن قومۇرۇۋېتىلدى. سەۋەبى خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن بۇ ئورۇنغا ئالمىشىپ كەلگەن يېڭى رەھبەرنىڭ كۆزىگە ئۈچ يىلدا غولى گۈرجەككە ساپ بولغۇدەكمۇ چوڭايمىغان دۇپ كۆچەتلىرى سىغماي قالغانىدى. بۇيرۇققا بىنائەن ئورگان قورۇسىنىڭ كۆكەرتىش ئىشچىلىرى بوشاپ قالغان ئىككى ئورەككە ئالاھىدە زاكاز بىلەن ئەپكەلدۈرۈلگەن ئىككى تۈپ ئانار دەرىخىنى ئولتۇرغۇزدى ۋە ئالدىنقى مەزگىللەردىكىدەكلا يېڭى كۆچەتلەرنى ئەستايىدىل ئاسراپ، پەرۋىش قىلىشقا كىرىشتى. ئىلگىرى جەنۇبىي شىنجاڭدا ئۇزۇن مۇددەت خىزمەت قىلغان ئەمدىكى يېڭى رەھبەر بىناغا كىرىپ-چىقىش ئارىلىقلىرىدا پات-پات كۈندىن-كۈنگە ئايىنىش تېپىۋاتقان ئانار دەرەخلىرىگە زوقى بىلەن قاراپ تۇرۇپ كېتەتتى ۋە كۆكەرتىش خادىملىرىغا ئېرىنمەي تۇرۇپ ئانارنى ياخشى پەرۋىش قىلىشنى تاپىلاپ تۇراتتى. شۇ تەرىقىدە بىرنەچچە يىل گاھ يېشىل، گاھ قىزىل، گاھ ئالتۇن رەڭ بولۇپ جۇلالى-

نىپ تۇرىدىغان ئاتار دەرەخلىرى كىشىلەرنىڭ كۆزلىرىگە، دە-
لىغا سىڭىپمۇ قالدى. بىراق بۇ كۈنلەرمۇ ئانچە ئۇزۇن داۋام-
لاشمىدى. يەرلىك ئورگاننىڭ نۆۋەتتىكى رەھبەر ئالمىشىشىدا،
يېڭىدىن كەلگەن رەھبەرنىڭ تەلەپچان مىجەزىگە يارىشا ھەرقايسى
ئىدارە-كومىتېتلارنى بۆلەكتىن بىر قۇر رەتلەپ، رەھبەرلىكلە-
رىنى باشقىدىن سەپلەپ چىقىشىغا ئەگىشىپ، ئىككى تۈپ ئاتار
دەرىخىنىڭ تەقدىرىمۇ ئالاھىدە ھەل قىلىندى. بۇ ئىككى ”جان-
ۋار“مۇ ئىلگىرىكى سەپداشلىرىغا ئوخشاشلا بۆلەك جايغا يۆتكە-
ۋېتىلىپ ئۆلارنىڭ ئورنىغا نۇرغۇن ئادەملەر كۆرۈپ باقمىغان،
كەسىپ ئەھلىلىرىدىن باشقىلار ئىسمىنىمۇ بىلمەيدىغان بىر
جۈپ كۆچەت تىكىلدى، قۇياش يەنە شەرقتىن چىقىپ غەربكە
پېتىۋەردى. ئىسمى نامەلۇم بولغان ھېلىقى ئىككى تۈپ ياش
يۇمران كۆچەت ئۆز خۇسۇسىيەت-ئالاھىدىلىكىنىڭ خاسىيىتى-
دىنمۇ، ئىشقىلىپ، تېزلا تۇتۇپ، ئەي بولۇپ، باراقسانلىشىپ،
كۆرگەن ئادەمنىڭ زوقىنى تارتىپ، ئادەم ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغان
بۇ ئالىي ئورگاننىڭ كەڭ-كەڭرى ھويلىسىغا سىڭىشىپ كەتتى.
بۇ ئارىلىقتا جاھاندا، جۈملىدىن مۇشۇ رايوندا ئۆزگىرىشلەر
بىرىنىڭ ئورنىنى بىرى بېسىپ، ھەممە نەرسە يېڭىلىنىپ،
ئۆسۈپ، قېرىپ، يەنە تۇغۇلۇپ، ئىز بېسىشنى داۋام ئەتكۈز-
مەكتە ئىدى. ئىسمىنى كۆپ كىشىلەر بىلمەيدىغان ھېلىقى ئىك-
كى تۈپ كۆچەتمۇ ھەش-پەش دېگۈچىلا دەرەخ قىياسىغا كىرىپ
ئۈلگۈردى. ئەمدى كىشىلەر ئاشۇ رەھبىرىي ئورگان قورۇسىنى
تىلغا ئالغاندا گۈللىرى ئۈششاق، ئۇرۇقىنىڭ تەڭدىن تولىسى
پىشىپ ئۈلگۈرگىچە يەرگە تۆكۈلۈپ كېتىدىغان دەرەخلەرنى تە-

بىغىي سۈرەتتە تىلغا ئېلىنشاتتى. گويا ئۇلار ئەزەلدىن مۇشۇ يەردە باردەك، بەش قەۋەتلىك بىنا بىلەن بىللىلا ئۇ ئەتراپقا ئاپىرىدە بولغاندەك تۇيغۇ بىلەن ھېلىقى ئىككى تۈپ دەرەخنى سۆھبەتلىرى ئارىسىغا قىستۇراتتى، ئەمما...

ئەمما بىر كۈنلەر كېلىپ، قارىغاي، دۇپ، ئانار دەرەخلىرىنىڭ بېشىغا كەلگەن قىسمەت ئىسمىنى كۆپ كىشىلەر بىلمەيدىغان ھېلىقى ئىككى تۈپ نەۋقىران دەرەخنىڭمۇ بېشىغا چۈشتى. بۇچاغدا ئاشۇ دەرەخلەرنىڭ كۆچىتىنى ئولتۇرغۇزۇشقا بۇيرۇق چۈشۈرگەن رەھبەرنىڭ دەرىجىسى ئۆسۈپ، مەركىزىي شەھەرگە يۆتكەلگەن، ئۇنىڭ ئورنىنى بولسا ئۆزىدىن خېلىلا ياش، ئىككى يىلدىن بېرى ئۆزى ئالاھىدە تەربىيىلەۋاتقان مۇئاۋىن ئىگىلىگەنىدى. رەھبەر يۆتكىلىپ كەتكەن كۈنلەرنىڭ ئالدى-ئارقىسىدا كۆپ كىشىلەر يەرلىك ئورۇننىڭ بۇندىن كېيىنكى خىزمەتلىرى توغرىسىدا مۇلاھىزە، قىياس، غۇلغۇلا قىلىشتىن خالىي بولالمىدى. بەزىلەر ئارىلىقتا ھېلىقى ئىككى تۈپ دەرەخنىڭ تەقدىرىنىمۇ چاقچاق ئارىلاش تىلغا ئېلىشقان بولدى. ھېسسىياتلىق، ئەۋرىشىم بويلۇق، سىلىق-سىپايە يېڭى رەھبەر چوڭ يىغىنلاردا ئالدىنقى نۆۋەتلىك رەھبەرنىڭ خىزمەتلىرىنى مەدھىيىلەپ، ئۇتۇقلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ تەسىرلىك نۇتۇقلار سۆزلىدى. ئۇ باشلىغان، ئورۇنلاشتۇرغان بىرمۇنچە ئاساسىي قۇرۇلۇش، سىناق، تەجرىبە خىزمەتلىرىنى چوقۇم داۋاملاشتۇرىدىغانلىقى توغرىسىدا تەسىرلىك ۋەدىلەر بەردى. دەل ئۇ ئاشۇنداق ھاياجانلىق نۇتۇقلىرىنىڭ نۆۋەتتىكى بىرىنى سۆزلەۋاتقان بىر ئەتىگەنلىكى ئورگان قورۇسىدا كۆكەرتىش خادىملىرى

ئۈنسىز، داغدۇغىسىزلا بىر ئاددىي ئىشنى بەجا كەلتۈرۈشتى. ئاللىقاچان بىكارلىنىپ، قايتىدىن تۈجۈپىلەپ راسلاپ قويۇلغان ئىككى ئورەككە ئىككى تۈپ سېرىن تىكىلدى.

يېڭى بىر باھار كەلدى. ئورگان قورۇسىدىكى بارلىق دەل-دەرەخلەر قاتارىدا، ئالدىنقى يىلى كۈزدە كېلىپ قونغان ئىككى تۈپ ياش سېرىن ئەستايىدىل پەرۋىشتىن يايراپ، كۆكلەپ-ياشناپ كەتتى. ئۈزۈن ئۆتمەي دەسلەپكى سۆسۈن رەڭلىك، غۇژمەك-غۇژمەك ساپاقلار خۇش پۇراق تارقىتىپ، ئۆزلىرىگە كاتتا ئىناۋەت بەرگەن يېڭى رەھبەرنىڭ دىل بەھرىدەك ئېچىلىشتى ۋە ئورگان قورۇسىنى بىر رومانتىك تۈسكە بۆلەپ قويدى. بۇ تۈپراق، بۇ تۈس كىشىلەرگە نۆۋەتتىكى رەھبەرنىڭ يېقىملىق، سىپايە ئوبرازىنىمۇ، ئۇنىڭ رەھبەرلىكىدە بارلىققا كېلىۋاتقان يېڭىدىن-يېڭى ئىشلارنىڭ ھاياتىي كۈچىنىمۇ بىلدۈرۈپ تۇرغاندەك تۇيغۇ ئاتا قىلاتتى، بۇ شەھەردىكى كىشىلەر بولسا ئادەتلىنىپ كەتكەن سەزگۈلىرىگە ئاساسەن پات-پات ”بۇ سېرىن گۈللەر بۇ يەردە قاچانغىچە تۇراركىن؟“ دېيىشىپ قوياتتى.

## يېقىملىق چاقچاق

تۇرمۇشتا بىر-بىرىگە يېقىملىق چاقچاقلارنى قىلىشىپ، تەڭ كۈلۈشۈپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئادەملەر ئاز ئەمەس، ئۆزۈمنى

ئالسام، ئاشۇنداق تەلەيلىك ئادەملەرنىڭ بىرىمەن. بۇنىڭدىن ئالتە يىل ئىلگىرى بىزنىڭ تارماق بانكا تىجارەت پونكىتىمىزغا ئاپتونوم رايونلۇق بانكا مەكتىپىنى پۈتتۈرگەن ئاق سېرىق، دومىلاق، ئۆزىگە يارىشا خېلىلا ھۆسنى بار بىر قىز ھېساباتچى بولۇپ ئورۇنلاشتى. چاقچاقچىلىقىم تۇتۇپ قېلىپ، نەئىمە ئىسىملىك بۇ قىز بىلەن بىرنەچچە كۈن ئىچىدىلا يېقىنلىشىپ، چىقىشىپ كەتتىم. نەئىمەمۇ غۇلجا قىزلىرىغا خاس ئوچۇق-يورۇق مىجەزىنى ئۆزىدە ئوبدانلا يېتىشتۈرگەنلىكىدىن بولسا كېرەك، چاقچاقلىرىمغا لايىقىدا، ئەلۋەتتە ئەدەبلىك جاۋاب قايتۇرۇپ تۇراتتى. نەئىمە پونكىتىمىزغا كېلىپ تېز ئارىدىلا كىشى بايقىغىدەك دەرىجىدە سەمرىپ، تولۇپ قالدى. بەلكىم ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىدە دەرسلەرنىڭ كۆپلۈكى، كوللېكتىپ تاماق سۈپىتىنىڭ تۆۋەنلىكى تۇپەيلى ئورۇقلاپ كەتكەن بولسا كېرەك، خىزمەتكە چىققاندىن كېيىن، مېنىڭ چاقچىقىم بويىچە ئېيتقاندا ئۇنىڭغا "كادىرلىق ياراشتى". بىراق پونكىتىمىزدىكى ئىككى بەسخور چوكاننىڭ سەمىمىي ھالدا "نەئىمە، سەمرىپ قالدىڭىز جۇمۇڭ!" دېگەنلىرىنىڭ نەئىمەگە ياقماي قالغىنىنى بىر ئەمەس، بىر نەچچە قېتىم سېزىپ قالدىم. 20 ياشلاردىكى قىزلار ئۇچۇن زىلۋالىقنىڭ ئۇۋچىغا ياخشى قورال لازىم بولغاندىنمۇ مۇھىم ئىكەنلىكىنى ھېلىقى چوكانلار ئۇنتۇپ قېلىشقان بولسا كېرەك، لېكىن مەن بۇنى نەئىمەنىڭ ئاشۇنداق تەبرىكلەرنى ئاڭلىغان ۋاقتىدىكى دومسىيىپ قالغان سۆزۈك چىرايىغا قاراپ ھېس قىلىپ بولدۇم. بىركۈنى ئىش ئارىلىقىدىكى قىسقا دەم ئېلىشتا مەن نەئىمەگە چاقچاق تەلەپپۇزىدا شۇنداق دېدىم:

— نەئىمە، يېقىندىن بېرى سەل ئورۇقلاپ قېلىۋاتامسىز قانداق؟ خىزمەت ئېغىر كەلمەيۋاتقاندۇ؟
— ۋىيەي، راستما يوسۇپكا؟ — بۇ گەپنى ئاڭلاپ نەئىمەنىڭ چىرايىغا بەكمۇ چىرايلىق كۈلكە يوگۈردى. غۇبارسىز چىرايلىق كۆزلىرى مىننەتدارلىق ئالامەتلىرى تاشقىلىغان هالدا ماڭا تىكىلدى.
ئىش ۋاقتىدا مەن چاندۇرماستىن بايقاپ نەئىمەنىڭ بىرنەچچە قېتىم قول سومكىسىدىن كىچىك ئەينەكنى ئېلىپ قارىغانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم. بۇ چاغدا ئۇنىڭ تولغان قىزغۇچ مەڭزىلىرىدە ئاجايىپ بەختلىك بىر تۇردە جىلمىيىش ئويناپ تۇراتتى.
شۇ چاقچىقىمدىن كېيىن نەئىمە ماڭا تېخىمۇ قىزغىن مۇئامىلە قىلىدىغان بولدى. مېنى كۆرگەن يەردە مىننەتدارلىق كۆلكىسى بىلەن ئەھۋال سورايدىغان، خىزمەتتە ئاڭقىرالمىغان يەرلىرىنى گەرچە بىر نەچچە ئۇستەل نېرىدا ئولتۇرغان بولسامۇ، يېنىدىكى چوكانلارنى ئاربلاپ، مېنىڭدىن سورايدىغان بولدى. مەن بولسام پات-پاتلا ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىغان، ئەمما نەئىمەنى خۇشال قىلىۋېتىدىغان هېلىقى چاقچىقىمنى تەكرارلاپ قوياتتىم. تەبىئىيكى، هەرقېتىم مەن ئۇ چاقچاقنى قىلغىنىمدا نەئىمە ئوخشاشلا هەتتا ئىلگىرىكىلەردىنمۇ زىيادىرەك يايراپ كۈلۈپ كېتەتتى. ماڭا بولغان يېقىنچىلىقى تېخىمۇ ئاشاتتى.
مېنىڭ بۇ چاقچاقلىرىم تاكى نەئىمە شۇ شەھەردىكى يورۇۋاتقان يىگىتى بىلەن توي قىلىپ، خىزمىتىنى ۋىلايەتلىك بانكىغا يۆتكەپ كەتكىچە داۋاملاشتى. شۇندىن بۇيان نەئىمەنى زادىلا كۆرمىدىم. ئالدىمدىكى چوتنىڭ تىنىمسىز شاراقلاشلىرى، ئۆ-

زۇمگە تەۋە بولمىغان نۇرغۇن-نۇرغۇن سىپىرلىق سومىلارنىڭ تەكرار يېزىلىشلىرى داۋامىدا ھېلىقى چاقچاقلىرىمنىمۇ ئۇنتۇپ كەتتىم.

شۇ چاغلاردا ئورۇقلاشنى بەخت دەپ ئىنتىلىدىغان قىز نەئىمە بىلەن بۈگۈن توساتتىنلا شەھەرنىڭ چوڭ ماگىزىنلىرىنىڭ بىرىدە ئۇچرىشىپ قالدىم. يەكشەنبىلىك سودىلىقلارغا كىرگەنلىكىم ئۈچۈن قوللىرىمدىكى بىرنەچچە سومكا ئىككى تەرەپكە "قانات كېرىپ" تۇراتتى. قاچا-قۇچا ساتىدىغان پوكەينىڭ يېنىغا قىمىلدىغان ئادەملەر توپىنى تەسلىكتە يېرىپ ئالدىراپ كېتىپ بارغىنىمدا كېلەڭسىز سومكىلىرىمنىڭ بىرسى ياندىكى پوكەي ئالدىدا ئېمىزەك خىللاۋاتقان زىلۋاغىنا بىر ئايالنى تۇرتۇۋەتتى. ئايال ئىتتىك كەينىگە قايرىلدى. شۇ ئەسنادا ئۇمۇ، مەنمۇ تەڭلا كۈلۈۋەتتۇق.

— ۋېيەي، يۇسۇپكامغۇ بۇ! ئەھۋالىڭىز ياخشىمۇ، سىزنىمۇ كۆرىدىكەن-ھە كىشى، پونكىتتىكىلەر ھەممىسى تىنچلىقمۇ؟ — ماڭا بۇ قىزغىن پاراڭلارنى ئۈزۈلدۈرمەي قىلىۋاتقان كىشى دەل سىلەر پەرەز قىلىۋاتقاندەك نەئىمە ئىدى. ئۇ ئاجايىپ پۇزۇر ياسانغان، بىراق ئىلگىرىكىدىن خېلىلا (ھەمدە راستتىنلا) ئورۇقلاپ قالغانىدى.

— بارمۇ سىز ئۇكام بۇ دۇنيادا!؟ — دەپ مەنمۇ خۇددى ئۇزۇن يىل كۆرۈشمىگەن يېقىن تۇغقىنىنى كۆرگەن كىشىدەك خۇشاللىنىپ، قىزغىن تىنچلىق سورىشىپ كەتتىم.

تۇيۇقسىز، بىر يىل ئىلگىرىلا نەئىمەگە دائىم قىلىدىغان چاقچىقىم يادىمغا چۈشۈپ قالدى. لېكىن ھازىر بۇ پاراڭنى

قىلسام ھەرگىز چاقچاق بولمايتتى. چۈنكى نەئىمە بۇ بىر يىل ۋاقىت ئىچىدە كۆرۈنەرلىك ئورۇقلىغان يەنى "مۇرادىغا يەتكەن" ئىدى... مەن شۇلارنى خىيال ئەگلىكىمدىن ئۆتكۈزۈۋېتىپ، كۆڭلۈمدىكى پاراڭنى يەنىلا ئىلگىرىكىدەك چاقچاق تەلەپپۇزى بىلەن ئېيتتىم:

— ئۆكاموي، ئوبدانلا ئورۇقلىۋاپسىز؟

توساتتىن نەئىمەنىڭ چىرايىدا مەن ئىلگىرى ئاشۇ چاقچىقىمدىن كېيىن كۆرۈپ ئۆگەنگەن ۋە ھازىرمۇ ئىشەنچلىك كۈتكەن ئىپادىدىن كەسكىن پەرقلىنىدىغان ئالامەت لاپپىدا پەيدا بولدى، يەنى ئۇ ئاچچىقى بىلەن قاشلىرىنى ھىمىرىپ، كالپۇكلىرىنى ئۈچلاپ، ماڭا تىكىلدى:

—نېمە دېگىنىڭىز بۇ يۇسۇپكا؟ مەنمۇ خەقلەر دەك توق-توق يەپ ئۆزۈمنى كۈتۈپ يۈرىۋاتىمەن. كۆزىڭىزگە شۇنداق كۆرۈنۈپ كەتكەن ئوخشايدۇ...

ئۆمرۈمدە ئايال كىشىنىڭ ئالدىدا مۇنداق ئوڭايسىزلانغان ئەمەس ئىدىم. نەئىمە بىلەن قانداق ۋە قايسى ھالەتتە خوشلاشقىنىمنى ھازىرغىچە ئەسلىيەلمەيمەن. پەقەت بىر چاغدا ئۆزۈمنى بايا كېتىپ بارغان يېرىمدىن تامامەنلا باشقا جايدا— بۇ ئۇچ قەۋەتلىك زامانىۋى، يېڭى سودا سارىيىنىڭ تاشقىرىسىدا كۆردۈم.

1988-يىل ئۆكتەبىر

# كۆپ گەپنىڭ پايدىسى

يېڭىلا قاراماي ياتقۇزۇلغان، تومۇز ئىسسىقىدا ئېرىپ، مىدىرلاپ كەتكەن يول كۆنچىقىش تەرەپكە ئەگىلىپ، تاپ-تاقىر تاغ تىزمىسىنىڭ ئارقىسىغا غايىب بولۇپ كېتىدىغان جايدا، خام كېسەك ۋە قوپال رام-كېشەكلەر بىلەن قولىنىڭ ئۇچىدىلا ئۆرە قىلىنغان ئۆتەڭ ئۆي ئالدىدا توق كۆك رەڭلىك، دۇمبىسىدە چاڭ باسقان قىزىل چىرىغى بار ساقچى ماشىنىسى توختىتىلىپ قويۇلغانىدى. ئاپتاپتا قىزىپ كەتكەن ماشىنا ئىشىكى ئەينىكىگە دۇمبىسىنى يېقىپ تۇرغان 30 ياشلاردىكى قاتناش ساقچىسى قولىدىكى ”توختاڭ!“ دېگەن خېتى بار ئۇزۇن ساپلىق تاختاينى بېشىدىن ئاشۇرۇپ كۆتۈرۈپ، يېپىشقان ماي يولىدا ۋىژىلداپ ئاۋازچىقىرىپ كېلىۋاتقان مىنىبۇسنى توختاتتى. ماشىنىدا ئىككىلا كىشى—شوپۇر بىلەن باشلىق سۈپەت بىر ئادەم ئولتۇراتتى.

—نېمە دەيدىكىنە، بېرىپ باققىنا،—باشلىق سۈپەت ئادەم ھەم ئېرەنسىز ھەرىكەت ھەم سەل جىلى بولغان تەلەپپۇزدا شوپۇرغا مۇراجىئەت قىلدى. ئاڭغىچە ئاسما مايكىلىق، بوينىغا تەردىن ھۆل بولغان لۆڭگىنى ئارتىۋالغان شوپۇر باش ئۈستىدىكى قىستۇرغۇچتىن رەسمىيەت قەغەزلىرىنى ئېلىپ، ماشىنى-

ـدىن چۇشۇشكە تەرەددۇتلەنگەنىدى، باشلىق سۇپەت ئادەم ئۆز تەرىپىدىكى ئىشىكنى سەل قىيا ئاچقىنىچە ھەم شامالدىغاچ، ھەم ساقچى بىلەن شوپۇرنىڭ پارىڭىنى تىڭشاشقا تەييارلانغاچ كۆزلىـرىنى ساقچىنىڭ قولىدىكى ئۆزى ئىلگىرى كۆرمىگەن خۇددى تىكتاك توپ پالىقىغا ئوخشايدىغان نەرسىگە قىزىقسىنىپ تىكتى.

مىنىبۇس بىلەن ساقچى ماشىنىسىنىڭ ئارىلىقى تەخمىنەن يىگىرمە قەدەمچە كېلەتتى. تىنجىق ئىسسىقتا ئىككىيلەننىڭ قىلىۋاتقان پارىڭى خۇددى گەپمۇ ئىسسىقتىن ئېرىپ كېتىۋاتـقان، يا بولمىسا مۇنۇ ئېرىگەن تاڭگادەك مىلىچلاپ تۇرغان يەرگە سىڭىپ كەتكەندەك مىنىبۇس ئىچىدە ئولتۇرغان ئادەمگە تولىمۇ بوش ۋە ئۈزۈلۈپ-ئۈزۈلۈپ ئاڭلىناتتى. قاتناش ساقچىسى شوـپۇر ئۇزاتقان ھۆججەتلەرنى كۆرگەچ بىر تەرەپتىن ”نەدىن كېلىـۋاتىسىلەر؟“، ”ماشىنىنىڭ تورمۇز، سىگنال، چىراغلىرى تۈـگەل ئىشلەمدۇ؟“ دېگەندەك سوئاللارنى تۆپە-تۆپىلەپ سورىماقتا ئىدى. ئاخىر ئۇ شوپۇرنى ئەگەشتۈرۈپ مىنىبۇسنىڭ يېنىغا كەلدى. ئىسسىقتىنمۇ ياكى خىزمەت ئېھتىياجىدىنمۇ، تۇرۇلـگەن چىرايىنى، سۇرلۇك سالاپىتىنى نامايىش قىلغان ھالدا شوپۇرنى رولغا ئۆتتۈپ، دېگىنىنى قىلىشقا بۇيرىدى. ماتورنى ھەرىكەتلەندۈرۈش، ئالدى-ئارقا چىراغلارنى ياندۇرۇپ-ئۆچۈـرۈش، سىگنال بېرىش، ئەينەك سۈرتكۈچنى ھەرىكەتلەندۈرۈش دېگەندەك ئەقەللىي مەشغۇلاتلارنى بىر-بىردىن كۆزدىن كەچۈرـدى. ئاندىن شوپۇر ئولتۇرغان تەرەپتىن مىنىبۇس ئىچىگە بويۇنـداپ قاراپمۇ قويدى. باشلىق سۇپەت ئادەم بۇ يول پادىشاھىغا ئىللىققىنە بىر جىلمىيىۋېتىش تەرەددۇتى بىلەن ساقچىنىڭ كۆـ

زىگە چېكىتتەك قادالغانىدى، ئەمما ساقچى ئۇنىڭغا نەزەر كۆزد-
نى سېلىپمۇ قويمىدى.

قاتناش ساقچىسى شۇ ئىشلارنى تۈگەتكەندىن كېيىن،
گەپ-سۆزمۇ قىلماي ئۆزى ئىلگىرى تۇرغان ئورۇنغا، ساقچى
ماشىنىسىنىڭ يېنىغا يۈرۈپ كەتتى. شوپۇرمۇ تاپ باستۇرماي
ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ ماڭدى. ساقچى كۆك ماشىنىنىڭ
يېنىغا بېرىپ، يول تەرەپتىكى ئىشىكنى ئاچتى. بېشىنى ماشى-
نىنىڭ ئىچىگە تىقىپ، خېلىغىچە جىم بولۇپ كەتتى. قارىغاندا
ماشىنا ئىچىدە ئۇنىڭ يەنە بىر ھەمراھى (ئېھتىمال باشلى-
قىدۇر) باردەك قىلاتتى. ئالاھازەل ئىككى مىنۇتلاردىن كېيىن
قولىدا مىنىبۇسنىڭ ”جان تومۇر“لىرىنى تۇتۇۋالغان ساقچى
ماشىنا ئىشىكىنى ياپتى-دە، ئۆزىدىن جاۋاب كۈتۈپ تۇرغان
شوپۇرغا يۈزلەندى.

—50 كوي جەرىمانە تۆلەيسەن، —دېدى ئۇ سۆزى بىلەن
تەڭ بېشىنى گىلدىڭشىتىپ شوپۇرغا.

—نېمە سەۋەبتىن... تۆ... تۆلەيمەن؟ نېمىشقا؟ —شوپۇرنىڭ
بوغۇلۇپ چىققان ۋە ئەندىككەن ئاۋازى مىنىبۇستىكى ئادەمگە
ھەتتا ئاۋۇ ساقچىنىڭ ئاۋازىدىنمۇ چىگراق كېلىپ يەتتى.

—نېمىشقا بولاتتى، ماشىناڭغا ئىدارە نامى يېزىلماپتۇ.

—يېزىلماپتۇ؟ كۆرمەي قاپسىز، xx ۋىلايىتى دېگەن ئىك-
كى خىل يېزىقتىكى خەت يوغان يېزىقلىق تۇرمامدۇ ئەنە. يۈرۈ-
ڭە...

—كۆزۈم بار، كۆردۈم، —ساقچى تەئەددىي قىلغاندەك،
شوپۇرغا تىكىلىپ قارىدى، —ئۇنىمۇ يازمىساڭ بولاتتىمۇ ئەمد-

سە؟ مېنىڭ دېگىنىم، ئۆزۈڭنىڭ ئىدارەڭنىڭ ئىسمى قې-
نى؟ — شوپۇرنىڭ ئۇنى چىڭقىلىپ كەتتى.

— نەدە شۇنداق قائىدە بارئىكەن؟

— تېخى شۇنداق قائىدىنىمۇ بىلمەيدىكەنسەن-دە؟ ماشىنا
ھەيدىگىنىڭگە قانچە يىل بولدى؟

— ئالتە... ئالتە يىل.

— ھىم، — قاتناش ساقچىسى قاسقان شەپكىلىك، ئۆسكە-
لەڭ چاچ بېشىنى تازىمۇ كۆچەپ لىڭشىتتى، — ئالتە يىلغىچە
قائىدە بىلمەي يۈرگىنىڭ ئۈچۈن 70 كوي تۆلەيسەن!

— سىز نېمە دەۋاتىسىز ئاكا؟ ئالتە يىلدىن بېرى يولدا
يۈرۈۋاتىمەن، مۇشۇنداق... ھېچكىم مېنى ئىدارەڭنىڭ ئىسمىنى
يازماپسەن دەپ توسۇۋالمىغان.

— ئەمىسە سەن قاتناش قائىدىسىنى بىلمەيدىغان ساقچىلارغا
ئۇچراپسەن.

— ئوھوي، ھېچكىم بىلمىگەن قائىدىنى سىزلا بىلىدىكەن-
سىز؟ «ئىم، يەنە چالغىپ كېتىۋاتىدۇ، سىلىقراق گەپ قىلسا
بولامدۇ ماۋۇ ئالىجوقا.» مىنىبۇس ئىچىدىكى ئادەم ئەندىشى-
دىن جايىدا ئولتۇرالماي قالدى. بىراق يەرگە چۈشۈپ ئاۋۇ
ئىككىسىنى كېلىشتۈرۈپ قويۇشنى بولسا خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ
قويمىدى.

باشلىق سۇپەت ئادەمنىڭ ئەندىشە قىلغىنىدەك ئىش بۇياقتا
يۈز بېرىۋاتاتتى.

— نېمە دېدىڭ؟ بىلمەن، قانداق؟ 90 كوي تۆلەيسەن. يەنە
گېپىڭ بارمۇ؟

—تۆلىسەم تۆلىدىم، ھۆكۈمەتنىڭ پۇلىنى تۆلەيمەن شۇ، بىراق سىزنىڭ ماۋۇ قىلىقىڭىز يولسىزلىق جۇمۇڭ.

—يولسىزلىق؟ تېخى قاتناش ساقچىلىرىغا ھاقارەت قىلـ ماقچىمۇ سەن؟ 100 كوي پۇتۇن تۆلەيسەن، بىر تىيىنى كەم بولسا بولمايدۇ، يەنە گېپىڭ بارمۇ؟

—گېپىم يوق،—شوپۇر قاتناش ساقچىسىنىڭ بىر قولىدىـ كى ماشىنا رەسمىيەتلىرىنى يەنە بىر قولىنىڭ ئالىقىنىغا ئەتەي، رىتىملىق ئۇرۇپ، كۆز-كۆز قىلىپ تۇرغان ھەرىكىتىگە ئەلەمـ لىك كۆزلىرىدە تىكىلگىنىچە شۇنداق دېدى،—گېپىم يوق، سىلەرگە گەپ ئىشلەمدۇ؟ مېنىڭ دېگىنىم، بىزنىڭ ۋىلايەتتە ھازىرغىچە مەيلى قاتناش چوڭ ئەترىتى بولسۇن، مەيلى باشقا ئىدارىلەر بولسۇن، بىزگە مۇنداق تەلەپنى قويمىغان. جەرىمانە تۆلەيدىغان ئىش بولسا ئاشۇ بىزگە گەپ قىلمىغانلار تۆلىمەمدۇ!

"مۇنۇ گېپىڭ سەل جىڭ باستى، لېكىن ئاۋازىڭنى..." مىنىبۇستىكى ئادەم ئىسسىقىنىمۇ، ھەتتا نەدە ئولتۇرغىنىنىمۇ ئۇنتۇپ غودۇڭشىدى.

—ئۇنىڭ بىلەن مېنىڭ كارىم يوق، ۋىلايىتىڭ دېمىگەن بولسا، ئۇنىڭ سورىقىنى ئاپتونوم رايون پۇتتۇرۇۋالىدۇ.

گېپىنىڭ ئاخىرى چۇشە-چۇشمەي، قاتناش ساقچىسى قوـ لىدىكى پالاقنى ئېگىز كۆتۈردى-دە، يەنە بىر ماشىنىنى جايىغا مىخلاپ قويدى. بۇ چاغدا ئۆتەڭ ئالدىدا توختاپ قالغان ھەر تۈرلۈك ماشىنىلار بەش-ئالتىگە يېتىپ قالغانىدى.

—خوش، قېنى، جەرىمانىنى تۆلەپ، يولۇڭغا ماڭمامسەن. ئاۋۇ يەردە بىر توقاي ئىش ساقلاپ تۇرىدۇ مېنى،—قاتناش

ساقچىسى خېلىدىن بېرى ئۆزىگە قاراپ باش لىڭشىتىپ تۇرغان 50 ياشلاردىكى، يۈزىدىكى ھەربىر قورۇقتىن كۆلكە تەپچىگەن شوپۇرنىڭ قولىدىكى ھۆججەتلىرىنى ئالدى، —تالاشقىنىڭ بىلەن بىكار، مېنىڭ گېپىمگە ئىشەنمىسەڭ قايتىپ بېرىپ، قاتناش قائىدىسىنى تازا ئوبدان ئوقۇپ باق.

—بۇ قېتىم بىزنى قويۇۋېتىڭ، قايتىپ بارغاندا ئىدارە ئىسمىنى يازدۇرساق يازدۇرۇۋالايلى.

—بولمايدۇ، ساڭا ئوخشاش ئۇستاتلاردىن تالاينى كۆرگەن بىز بۇ يولدا.

—سىز…سىز تازىمۇ…

—نېمە تازىمۇ، قانداقكەنمەن؟—ئەمدى قاتناش ساقچىسىمۇ شوپۇردەكلا ھۆپپىدە قىزاردى، —پوزىتسىيەڭ ياخشى بولمىغانلىقى ئۈچۈن 120 كوي تۆلەيسەن.

مىنىبۇسنىڭ ئىشكى چوڭ ئېچىلىپ، بىر جۈپ پۇت يەرگە ئىرغىپ چۈشتى.

—سىز…سېنىڭ نەرىڭ قاتناش ساقچىسى؟

—130 كوي!

—خەجلەيدىغان پۇلۇڭ تۈگىسە يول توسۇپ پۇل يىغىشاتتىڭمۇ؟

—140 كوي!

—يولسىز!

—نېمە؟ ئادەم تىللاۋاتامسەن تېخى؟ 150 كوي! بىر تىيىن كەم بولسا بولمايدۇ. قېنى، تۆلىمەي بۇ يەردىن كېتەلىگىنىڭنى بىر كۆرەي.

قاتناش ساقچىسى راستىنلا ھەممە گېپىنى توگەتكەندەك، مىنىبۇسنىڭ ھۆججەتلىرىنى يانچۇقىغا دەرغەزەپتە سالدى ۋە يېنىدىكى كۇلكە چىراي شوپۇرغا قارىماي، نېرىدىكى يوك ماشىنىسى تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

— ھەي، شياۋۋاڭ! — كېيىنكى پاراڭلارنى مىنىبۇسنىڭ سىرتىدا تۇرۇپ ئاڭلىغان باشلىق سۇپەت ئادەم قاتناش ساقچىسىنىڭ كەينىدىن ماڭغان شوپۇر يىگىتنى كەسكىن ئاھاڭ بىلەن چاقىردى، — بۇ ياققا قارا، بولدى ئۇكا، كۆپ گەپنىڭ پايدىسى يوق، دېگىنىنى تۆلەپ، يولغا ماڭايلى.

شوپۇر يىگىت ئورنىدا چىپپىدە توختىدى-دە، تېخى غەزىپى ئۆچمىگەن كۆزلىرىنى باشلىق سۇپەت ئادەمگە تىكتى.

— تالون ئېلىۋال-ھە!

ئۆتەڭ ئالدىدا توختاپ، يېرىم سائەتتىن كېيىن مىنىبۇس كونىنىڭ بارغانچە قاتتىق قىزدۇرۇشى بىلەن تېخىمۇ مىچىلداپ كەتكەن پارقىراق قارامايلىق يولدا غايەت زور يىلاندەك ۋىشىلدىغىنىچە ئاۋاز چىقىرىپ يولغا راۋان بولدى. شوپۇرنىڭ باش ئۇستىدىكى قىستۇرغۇچقا 150 كوي جەرىمانە پۇلىنى تۆلىگەنلىكىنىڭ ئىسپاتى ئۇچۇن كېسىلگەن تالوندىن باشقا يەنە ئاللىقانداق بىر نەچچە پارچە جەدۋەلدەك نېمىلەر ھەممە باشلىق سۇپەت ئادەم غەزەپتىن تاشتەك قېتىۋالغان قاتناش ساقچىسىنى يۇمشىتىش ئۇچۇن جەرىمانىغا ئۇستەكلەپ يېلىنىپ-يالۋۇرۇپ يۇرۇپ ئاران تەستە ياندۇرۇۋالغان مىنىبۇسنىڭ ھۆججەتلىرى قىستۇرۇقلۇق تۇراتتى.

## دوكلات

سۆسۆن رەڭلىك كۆزەينەكنىڭ ئاستىدىنمۇ كۆزلىرىدىكى قەتئىيلىك ۋە ھاياجانىنىڭ نۇرلىرى ئەكس ئېتىپ تۇرغان ئوتتۇرا ياشلىق، سۇرلۇك رەھبەرنىڭ ئاۋازى ھەربىر يىغىن قاتناشقۇ-چىسىنىڭ يۈرىكىگە ئىز ئويۇپ جاراڭلايتتى:

— يولداشلار، يەرلىك ئورنىمىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدىكى قى-يىنچىلىق ۋە جاپالىق شارائىتى بىزنى خەلق ئالدىدا ئەڭ زور دەرىجىدە جاۋابكار بولۇش، ئىسراپخورلۇق، ھەشەمەتچىلىك، شەكىلۋازلىقتىن قەتئىي ساقلىنىپ، ئىسلاھاتچىلارغا خاس سە-گەكلىك بىلەن، ئەقىل-پاراستىمىزنى جۇغلاپ خىزمەت قى-لىشقا، مەڭگۈ خەلقنىڭ ئاددىي چاكىرى، قەلبدىشى بولۇپ، خەلق بىلەن، كەڭ ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى بىلەن جاپادا بىللە بولۇش، ئىگىلىك يارىتىش داۋامىدا خوجايىنلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئۈندەيدۇ. بۇ يىل بىزنىڭ ئەڭ جاپالىق شارائىتتا، قىيىنچىلىقلارنى ئەڭ زور تىرىشچانلىق بىلەن يېڭىدىغان، خىز-مەتتە، تۇرمۇشتا ئىقتىسادچىللىق ئەنئەنىسىنى ھەرقانداق يىل-لاردىكىدىنمۇ ئارتۇق جارى قىلدۇرۇپ، بىر توننا سۇ، بىر جىڭ ئاشلىق، بىر كىلوۋات توك، بىر تىيىن پۇلنىمۇ جەزمەن ئىقتى-ساد قىلىدىغان يىلىمىز، يولداشلار!...

گۈلدۈراس ئالقىش چاۋاكلىرى تاكى رەھبەر سۆسۈن كۆ-زەينىكنى سول قولىغا ئېلىپ، ئوڭ قولىدىكى رەتلىك قاتلانغان پاكىز قول ياغلىقىدا بەتەپسىل سۈرتۈپ، ئاندىن ئۇيان-بۇ يېنىـ-نى ئۆرۈپ قاراشتۇرۇپ، ياشاڭغىرىغان كۆزلىرىگە قايتا تاقىـ-ۋالغۇچىلىك داۋاملاشتى. ھەممە قەلبلەر يېڭى بىر يىلنى ئەڭ زور پىداكارلىق بىلەن غورىگىل ۋە شىجائەتلىك ئۆتكۈزۈشكە بولغان قەتئىي ئىرادىنىڭ تۈغيانىدا بىر مەھەلگىچە داۋالغۇپ تۇردى.

يىغىن ئۆز كۈنتەرتىپى بويىچە يېڭى بىر سۆزلىگۈچىنى سەھنىگە چاقىردى. بۇ كۈنلەردە تولىمۇ ئالدىراش بولۇپ كەت-كەن ئىناۋەتلىك رەھبەر كۆپچىلىك بىلەن مېھرىبان ئاتىلارچە خوشلاشتى-دە، كاتىپنىڭ ھەمراھلىقىدا سىرتقا چىقىپ، تېخى بىر ھەپتىنىڭ ئالدىدا ئەسلىدىكى 320 مىڭ يۈەنلىك مەخسۇس ماشىنىسىنىڭ ئورنىغا ئالماشتۇرۇپ ئەكەلدۈرگەن 480 مىڭ يۈەنلىك ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ، يەنە بىر يىغىن سورۇنىغا تېز-لىكتە يۈرۈپ كەتتى. ئۇ يەردە ئۇنى ”چىرىكلىككە قارشى تۇ-رۇشنىڭ دەسلەپكى جەڭ نەتىجىسى“نى نامايان قىلىدىغان مۇھىم يىغىنىنىڭ قاتناشقۇچىلىرى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ تۇراتتى.

## رەپتىس

ئاسانلىقچە ئادەم ماختىمايدىغان بىر ئاغىنەم يېڭى خىزمەت ئورنىغا ئالمىشىپ بىرەر ئايدىن كېيىن سورۇندا ئولتۇرۇپ، باشلىقىنى ماختاپ كەتتى.

—پاھ بىزنىڭ ئاقساقالدىكى ئىقتىدار، ئۇنىڭدىكى خىزمەت ئۇسۇلى، سالاپەت، چۇسلۇق، قويىۋەر ئادىشىم، بۇنداق قالتىس ئادەمنى ئۆمرۈم بىنا بولۇپ كۆرمەپتىكەنمەن.

ھەيران بولغىنىمنى يوشۇرماستىن خېلىغىچە ئاغىنەمنىڭ تۆت چاسا ئېڭىكىنىڭ ئۈستىدىكى كەمشۈك ئاغزىغا تىكىلىپ ئولتۇرۇپ كەتتىم. بۇ ئۆزى شۇمۇ؟

ئاخىر گەپكە ئېغىز ئاچتىم:

—ساڭا يارىغان بولسا، راست خېلى قابىل ئادەم چېغى ئۇ. ماختىشى كەم! ئاغىنەم يەنە سۇپەت دەردىدىنى ئېغىنتى، —كۆرسەڭ راستكەن دەيسەن، ئەز بىرايى، كۆرۈپمۇ قالدىسەن تېخى!

كۆرۈپمۇ قالدىم. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي ۋىلايەت بويىچە بىر چوڭ يىغىن ئېچىلىپ، ئاغىنەم ئىككىمىز بىر يەردە، چەتتىرەك ئولتۇرىۋالدۇق. بىرچاغدا يىغىن باشقۇرغۇچى دەل ئاغىنەمنىڭ باشلىقىنى سۆزگە تەكلىپ قىلىپ قالدى.

— مانا، مانا، دىققەت قىل، — ئاغىنەم ھاياجانلانغىنىدىن ئۆزىنى تۇتالماي پۇتۇمغا دەسسىۋالدى، — ھازىر كۆرسەن، كا-رامىتىنى كۆرسىتىدۇ ئاقساقال!

ئاڭغىچە بېشىغا تايلاندىنىڭ توز پېيى قىستۇرۇلغان غەلۋىر شلەپىسىنى كىيگەن سالاپەتلىك بىر ئادەم كۆزەينىكىنى كېتىد-ۋېتىپ تاقىغاچ رەئىس سەھنىسىگە كۆتۈرۈلدى-دە، تۆۋەنگە تەك-شى نەزەر تاشلاپ، ھايالشىماي سۆزىنى باشلىدى. ئۇزاق سۆز-لىدى، كۆچەپ سۆزلىدى، سەل چىرقىراق ئاۋازىنى بارغانسېرى ئەۋجىگە يەتكۈزۈپ سۆزلىدى.

— مانا، مانا، قارا، — ئاغىنەم يېنىمدا ئورنىدا ئولتۇرالماي تېپىچەكلەيتتى، — ماۋۇ تالانتنى كۆرۈۋال. سۆزلىرىنىڭ تەم-لىكلىكىنى قارا مەنىسى تىرەن-ھە؟ كەسكىنلىكچۇ تېخى. قول ئىشارىتىنى كۆردۈڭمۇ؟ چەيدوچىلاپ كېسىدۇ-ھە! پاھ-ھاي! نۇتقىغا زوقلىنىۋاتامسىنا، ھوي···، قان بېسىمى يۇقىرى ئى-دى، ئورنىدىن ئىرغىشلىرى بەك جىق بوپكەتمىسىدى···

ئالاھازەل بىر سائەتلەردىن كېيىن ئاغىنەمنىڭ باشلىقى مۇنچىدىن يېڭى چىققاندەك بولۇپ مۇنبەردىن چۈشتى. مەن تېخىچىلا جايىدا تېپىچەكلەۋاتقان ئاغىنەمگە قارىدىم.

— قېنى باشلىقىڭنىڭ ئىقتىدارى، مەن كۆرەلمىدىمغۇ؟

— نېمە دەيدۇ بۇ! ؟ — ئاغىنەم لاپپىدە كۆزلىرىمگە قارىدى. ئۇ مېنى چاقچاقچى دەپ بىلەتتى. بىراق بۇ دورەم چىرايىمدىن چاقچاق ئىزناسىنى كۆرەلمىدى، تاپالمىدى. ئۇ يەنە تەكرارلى-دى:

— نېمە دەيدۇ، باياتىن سەپسالمىدىڭما؟ ئاۋازىنىڭ سالمى-

قى، قول ھەرىكىتى، بېشىنى بۇرۇنقى شەھەر باشلىقىدەك سەل قىشايتىشى ...يەنە بىردەم كۆلۈپ، بىر دەمدە غاچچىدىلا ھومى- يىشلىرى ...ھە؟

تۇرۇپلا تېرىكىپ قالدىم.

— ماڭا قارا ئاداش، مايمۇن ئويۇنىڭنى مېنىڭ ئالدىمدا قويمىغىنا. يا مېنى تەخسىكەشلىكتىن دىپلوم ئاپتۇدەك دەپ ئاڭلاپ قالدىڭمۇ؟

—بىر سېنى، بىر تۈلكىنى ئالدىغىلى بولمايدۇ-دە! — ئاغىنەم تىلىنى چاكىلدىتىپ، بېشىنى ئىغاتتى، —باشقىچە ئويى- لاپ قالما، ئالتە ئىدارىغا ئالماشقاندىن كېيىن مۇشۇنداق ئادەم ماختاشنى ئۆگىنىۋالدىم.

— ئەمىسە نېمىشقا باشلىقىڭنى ئۆزىنىڭ ئالدىدا ماختىماي، ماڭا ماختاپ بېرىسەن؟ يەنە كېلىپ ماخـتاشـلىـرىڭ چـاك باسىسچۇ...

— ھەببەللى، — ئاغىنەم قۇلىقىمنىڭ تۈۋىدە چىڭقىلدى، — قاملاشتۇرۇپ ئادەم ماختاشمۇ بىر ھۈنەركەن دېمەمسەن، باش- لىقنىڭ ئالدىدا ماختىغاندا چېنىپ قالمىسۇن دەپ، مانا رەپە- تىس قىلىۋاتامدىمەن. ئەمدى بىكاردىن رەنجىمەي، ياردەم پىكرىڭ بولسا بەرگىن!

5.9.1994

# بىكارلانغان ئۆي

ئىدارىدىكى ئۈچ باشلىقنىڭ كۆزلىرى بىرلا ۋاقىتتا ئەمدىلا بىكار بولغان بىر يۈرۈش ئۆيگە تىكىلىپ قالدى.

ئا باشلىقنىڭ شىركەت مالىيە بۆلۈمىدە ئىشلەيدىغان قېرى بويتاق تۇغقىنى يېڭىلا ”بېشىنى باش، پاقالچىقىنى تاش“ قىلغان بولۇپ، ئۆي خىجالىتىدە رەھبەر تۇغقىنىنى ئىزچىل ئىزدەپ تۇرۇۋاتاتتى. ئە باشلىقنىڭ كېچە-كۈندۈز دېگۈدەك يېنىدىن ئاجرالمايدىغان شوپۇرى چوڭراق ئۆيگە كۆچۈش غەلۋىسىنى خېلىدىن بېرى قىلىپ كەلمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ئولتۇرۇۋاتقان سوقما تام ئۆيمۇ پوچىنىڭ بېشىدىكى شىلەپىدەك بىر يانغا قىڭغىيىپ قالغىلى نەۋاق بولغانىدى. ب باشلىقنىڭمۇ ئۆزىگە يارىشا يوللۇق تەرىپى بار، يەنى ئۇمۇ شىركەتتىكى قىيىنچىلىقى ئالاھىدە كۆرۈنەرلىك بىر خادىمغا مۇۋاپىق پەيتتە كۆڭۈل بۆلۈشكە ۋەدە قىلىپ قويغانىدى. ئۇنىڭدىن باشقىمۇ شىركەتتە مەزكۇر ئۆيگە چىشىنى بىلەپ تۇرغانلار خېلى بار ئىدى.

ئۆي بىكارلانماي تۇرۇپلا ھاجەتمەنلەر تۇشمۇتۇشتىن يۇقىرى-تۆۋەن ھەرىكەتلىنىشكە، ئىشەنگەن ”تاغ“لىرىنىڭ سوڭىدىن چىقماي يۈرۈشكە باشلىدى. شىۋىر-شىۋىر پاراڭلار، مۆلدۈرلەپ تۇرغان كۆزلەرنىڭ ھەممىسى ھېلىقى كونا-يېڭىلىقىمۇ، چوڭ-كىچىكلىكىمۇ ئوتتۇراھال ئۆيگە مەركەزلىشىپ قال-

ـدى .

بۇ كۈنلەردە ئۈچ باشلىقنىڭ كالىلىسىغا خىزمەت قىلمىدىن باشقا بىكارلانغان ئۆيىنى كىمگە بېرىش، يەنى بۇ باش ئاغرىقنى قانداق پەسەيتىش غىمى ئۈستىلەپ قاچىلاندى. ئۆيگۇ ئاددىيلا بىر ئۆي، مۇھىمى بۇ ئۆينىڭ كىمگە بېرىلىشى ئاخىرقى ھېسابتا شىركەتنىڭ قايسى باشلىقنىڭ گېپى ئۆتىدىغانلىقىنى بەلگىلەيدى-غان سىناق تېشى بولىدىغاندەك كەيپىيات شەكىللىنىپ قالغانىدى .

ئۆي غوۋغاسى كۈنسېرى ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى. ئۈچ باش-لىقنىڭ ئىشخانىلىرىمۇ دەۋاگەرلەر بىلەن تولۇپ تۇرۇۋەردى . بۇ ئارىدا ئا باشلىق ھوقۇقىغا تايىنىپ ئىشخانا مۇدىرىدىن بىكار بولغان ئۆينىڭ ئاچقۇچىنى ئالدى-دە، ئاستىرتتىن مالىيە بۆلۈ-مىدىكى تۇغقىنىغا سۇڭگۇتىۋەتتى. ئۇنىڭدىن سەل ئاۋۋالراق ئە باشلىق ئۆينىڭ ئىگىدارلىق كىنىشكىسىنى ئۆي كۆچكەن خادىم-دىن ئېلىۋېلىپ، شوپۇر ئۈستامىنى خۇشال قىلىۋەتكەنىدى. ب باشلىقمۇ قاراپ تۇرمىدى، دەل شۇ ئىشلار يۈز بېرىۋاتقان پەيت-لەردە ئۇ "كۆتۈلمىگەن ئىشلار"نىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن زاپخوزغا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، بىكارلانغان ئۆيگە دەرھال بىخەتەر-لىك ئىشىكى ئورناتقۇزدى-دە، ئۇنىڭ ئاچقۇچىنى ئۆزى ۋەدە قىلغان "قىيىنچىلىقى بار خادىم"نىڭ قولىغا پوككىدە تۇتقۇزۇپ قويدى .

شۇ كۈندىن ئېتىبارەن خىزمەت شىركەت بىناسىدا جىمىد-قىپ، ئائىلىلىكلەر بىناسىغا كۆچتى، ئۆي ئالغۇچى ئۈچەيلەن بىكارلانغان ئۆينىڭ بوسۇغىسىدا بىرلا ۋاقىتتا پەيدا بولدى.

ئۇلارنىڭ بىرىدە ياغاچ ئىشىكنىڭ ئاچقۇچى بار، بىرىدە تۆمۈر
ئىشىكنىڭ ئاچقۇچى بار، يەنە بىرىدە بولسا...سول قولىدا كىـ
نىشكا، ئوڭ قولىدا سالماقلىق پالتا بار. ئۇنىڭ پالتىنى زادى
ئىككى ئىشىكنىڭ قۇلۇپىنى ئېچىشقا ئىشلىتىدىغىنىنى ياكى
باشقا بىرەر ئىشقا پەملەۋاتقىنىنى ھېچكىم بىلمەيتتى.

ھېلىقى ئۇچەيلەننى ھېلىمۇ ئاشۇ بىكارلانغان ئۆينىڭ ئىـ
شىكى تۇۋىدە بىر-بىرىگە دېۋەيلىشىپ تۇرىدۇ دەپ ئاڭلىدىم.
ئىدارىنىڭ ئۇچ باشلىقى بولسا يەنىلا ھېچنېمە بولمىغاندەك
بىر-بىرىگە كۈلۈمسىرەپ سالام قىلىشىپ، ئىشلارنى ئىلگىرىـ
كىدەكلا تەڭ باشقۇرۇپ يۈرۈشكىدەكمىش.

## تۆت بېلەت

قۇمرى ئۆيگە كىردى-دە، چەيزىرەڭ سومكىسىنى ئۇستەل
ئۇستىگە پاققىدە ئېتىپ، ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلىۋەتتى. ئاغزى
ئوچۇق، سىلىق سومكا ئۇستەلدىن سىيرىلىپ يەرگە چۈشكەندە،
ئىچىدىن يېشىل بېلەتلەر ئۇچۇپ چىقتى. قۇمرىنىڭ كۆزى بۇ
بېلەتلەرگە چۈشۈشى بىلەن ئەسەبىيلىكى تېخىمۇ كۈچەيدى،
كۆڭلى تېخىمۇ غەشلىككە تولدى. ”ئۇھ، خۇدايىمەي، — دېدى
ئۇ، — بىر ئەمەس تۆت بېلەت، تۆت تەكلىپ، تۆت يىگىت...“

قۇمرى كەچلىك تامىقىنىمۇ يېمىدى، كۆيۈمچان ئانىسىنىڭ
سوئاللىرىغىمۇ جاۋاب بەرمىدى.

قۇمرىنىڭ مۇھەببەت كوچىسىدىكى بەڭۋاش قەدەملىرى ئۇنى بۇ ھالغا ئېلىپ كەلدى. ئۇ بىر يىگىت بىلەن بىرەر-ئىككى ئايمۇ يۈرمەستىنلا ئىككىنچى ”جۈپ“نى تاللاشقا كىرىشەتتى. لېكىن ئاۋالقىلىرىدىنمۇ قول ئۈزمەيتتى. شۇنداق قىلىپ، قۇمرىنىڭ ۋەدىلەشكەن يىگىتى ئالتە-يەتتىگە يېتىپ قالدى. بۈگۈن شەنبە ئىدى. بۇ يىگىتلەرنىڭ تۆتى بىراقلا ئۇنى شۇ كۈنلەردە چاپ-چاپ بازارلىق بولۇپ قويۇلۇۋاتقان «ئارشىن مال ئالان» كومېدىيىسىگە تەكلىپ قىلدى. مانا كېلىشمەسلىك، بېلەت تۆت، قۇمرى بولسا بىرلا.

— ياق، ھېچقايسىسىنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمەيمەن، بىرەر دوستۇمنىڭكىگە بارىمەن، — دەپ ئويلىدى قۇمرى.

ئويۇن باشلىنىشقا يېرىم سائەتلا قالغاندا قۇمرى ئالدىراپ ھويلىدىن چىقتى-دە، دوستى گۈلنىجاتنىڭكىگە ماڭدى. تارغىنا كوچىدىن چوڭ يولغا چىقىپ ئەمدىلا ئون-ئون بەش قەدەمچە ماڭغان قۇمرىنىڭ كۆزى تۇيۇقسىزلا ئۆزىگە قاراپ كېلىۋاتقان بىر يېشىل بېلەتنىڭ ئىگىسى ئابلەتكە چۈشتى.

— ۋاھ خۇدايىمەي، قانداق قىلارمەن، — دەپ پىچىرلىدى قىز، — ئۇلارمۇ كېلىپ قالمىسىدى…

يىگىت ئارقىغا ياندى. ئىككىسى خېلىغىچە گەپ-سۆزسىز مېڭىشتى، قۇمرى ئابلەتكە قانداق باھانە كۆرسىتىشنى ئويلاپ، ئاۋات تۆت كوچا ئېغىزىغا چىقىپ قالغانلىقلىرىنىمۇ تۇيمىدى.

دەل شۇ چاغدا ۋېلىسىپىت قوڭغۇرىقى ئەنسىز جىرىڭلاپ كەتتى. قۇمرى توشقاندەك دىگگىدە چۆچۈپ، ئىتتىك ئارقىغا ئۆرۈلۈپ قارىدى. ئارقىسىدا ۋېلىسىپىتنى ئاستا ھەيدەپ مىنگ-

ىنچە قىزنىڭ يوچۇن بىر بالا بىلەن كېتىۋاتقىنىغا ئەجەپلىنىپ،
ئىككىنچى بېلەتنىڭ ئىگىسى ئوبۇل كېلىۋاتاتتى. قۇمرى ئاقى-
رىپ كەتتى، پۇتلىرى تىترىدى، شۇ تۇرقىدا ”نېمە كۆرسەم
كۆرەي!“دېگەندەك ئىككىلا يىگىتنى تاشلاپ، توت كوچىنىڭ
ياندىكى يولىنىڭ بىرىگە قايرىلدى. لېكىن ئىتتىكلىگەن قەدىمى
بىردىنلا مىخلاندى. ئۇ كوچىدىن ئۈچىنچى بېلەتنىڭ ئىگىسى
ئادىل ھىجىيىپ كەلمەكتە ئىدى.

—ۋاي خۇدايىمەي، ھازىر ئەمەتمۇ پەيدا بولىدۇ!—دېدى
قۇمرى، شۇ ئەسنادا قۇلىقى تۇۋىدە:

—قۇمرى، نېمانچە ساقلىتىسىز،—دېگەن تونۇش ئاۋاز
جاراڭلىدى. قۇمرى ئاۋاز چىققان تەرەپكە قاراشقىمۇ جۈرئەت
قىلالمىدى. ئاۋاز، شەكسىزكى، توتىنچى بېلەتنىڭ ئىگىسىنىڭ
ئاۋازى ئىدى.

ئاۋات توت كوچا ئېغىزىدىكى بۇ قىزىق كومېدىيىنى «ئار-
شىن مال ئالان» كومېدىيىسىنى كۆرگەندىنمۇ جىق كىشىلەر
تاماشا قىلدى.

## چاۋاك چېلىڭلار

ھەممە ئىش ئادەتتىكىدەك بولدى. ئىشخانا مۇدىرى مىڭ
قېتىمچە قىلغىنىغا ئوخشاش يىغىن زالىغا ھودۇقۇپ كىرىپ
كەلدى-دە، قوش قاناتلىق ئىشىكنى داغدام ئېچىۋېتىپ، يىغىن

ئەھلىگە قاراپ توۋلىدى:

— جۇيجاڭ كەلدى، چاۋاك چالايلى!

گۇلدۇراس چاۋاك چېلىندى. ئاڭغىچە يېشىدىن سالاپىتى چوڭراق چارباش جۇيجاڭ بىرەر يېرىنىمۇ قىمىرلاتماي رېلىسـنىڭ ئۈستىدە ماڭغان ۋاگوندەك غىرىلداپ كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئاستىنقى قاپاقلىرى سەل خالتىلاشقانىدى، ئۇ ئىشخانا مۇدىرىغا كەپسىز، ئەمما ئامىراق بالىسىغا قارىغان ئاتىنىڭ نەزىـرىدەك بىر نەزەردە لاپ قىلىپ قارىۋالدى. ئىككى مىنۇتتىن كېيىن ھەممە نەرسە بېسىقتى. زال سۈكۈناتقا چۆمدى، باشلىق پوپكىسىدىن تازىمۇ قېلىن تېزىسنى ئېلىپ، گېلىنى قىردى. شۇئەسنادا ئىشخانا مۇدىرىنىڭ ھاياجانلىق ئىنچىكە ئاۋازى يەنە ياڭرىدى.

— ھازىر جۇيجاڭ مۇھىم يوليورۇق بېرىدۇ. چاۋاك چالايـلى!

يەنە قىزغىن چاۋاكلار چېلىندى. جۇيجاڭ ئىككى قوللاپ تۇتىۋالغان تېزىسقا كۆكۈمتۇل ئىككى كۆزىنى مىختەك قاداپ دوكلات ئوقۇشقا باشلىدى.

— ئىدارىمىزدىكى بارلىق ئىشچى-خىزمەتچى يولداشلار...— دوكلات ئىككى سائەتتىن كېيىن، يەنى تېزىسنىڭ ئۈچتىن ئىكـكى قىسىم ۋارىقى كەينىگە ئۆرۈلۈپ بولغاندا، توساتتىن ئاياغـلاشتى. سەۋەبى، قاتتىق كۈچىنىشتىنمۇ، ئۇزاققا سوزۇلغان ھاياجاندىنمۇ ياكى بولمىسا دوكلاتتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان، ئىدارىـنىڭ يۈكسىلىشىگە پۇتلىكاشاڭ بولىۋاتقان مەسىلىلەرنىڭ يەنە تىلغا ئېلىنىشى بىلەن قوزغالغان ئاچچىقتىنمۇ... ئەيتاۋۇر باشـ

لىقنىڭ كونا كىسىلى قوزغىلىپ، بولالماستىن كەينىگە تىرىڭ-
ڭىدە ئۆچۈپ كەتتى. زال ئۆپۈر-تۆپۈرگە تولدى. ھەممىدىن
بەكرەك سەرسانچىلىقتا چۆمگەن ئىشخانا مۇدىرى بولسا يىلان
كۆرگەن ئادەمدەك ھەريانغا سەكرەپ، بىر قولىدا سول كۆكرە-
كىنى مىجىقلىۋالغان جۇيجاڭنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانىدەك ئايلىنات-
تى. بىر قانچە تەمبەل يىگىت جۇيجاڭنى ئاۋايلاپ كۆتۈرۈپ تالاغا
ئېلىپ ماڭدى.

زالدا بولسا ئىنتايىن تەبىئىيلىك بىلەن بىر تىترەڭگۈ ئاۋاز
ياڭرىدى:

—جۇيجاڭ ماڭدى، چاۋاك چالايلى!...

## شىغىل بايرىمى

بارغانچە قىزىپ كېتىۋاتقان يەرلىك بايراملارنىڭ چۇقان-
سۈرىنى تاشدۆۋىلىكلەرنىمۇ ئۇيقۇدىن ئويغاتتى.

ئەتراپقا بىر نەزەر سېلىڭ: ئوڭ يان قوشنا يېزىلىقلار
يېقىندىلا ”تەرخەمەك بايرىمى“ ئۆتكۈزدى. ئاڭلىساق سول يان
قوشنىلارمۇ ”بېلىق بايرىمى“غا تەييارلىق كۆرۈۋېتىپتىمىش.

يېزىلىق ھۆكۈمەت يىغىن زالىنىڭ لايلەمپە تورۇسىغا ھال-
قا-ھالقا ئىسلار كۆتۈرۈلدى. مەجلىسخانا كۆكۈچ تاماكا ئىسى-
دىن دېڭىزغىلا ئوخشاپ قالدى. ئېغىزلاردا تاماكا، مېڭىلەردە
تەپەككۇر چاقمىقى چاقنايتتى.

ئامال تېپىلدى. ”تاشدۆۋە“ دېگەن ئىسمىنىڭ ئۆزىنىلا بىر ئوپېراتسىيە قىلىپ كۆرۈڭ: يېزىمىزنىڭ تەكتى تاش، ئۈچ تەرىپىنى ئوراپ تۇرغان ئېگىزلىكلەرمۇ تاش، پەقەت ئاسمانلا تاش ئەمەس. ياقەي، ئاخشاملىرى ”تاشدۆۋە“نىڭ ئاسمىنىدا جا-راقلاپ تۇرغان سان-ساناقسىز ياقۇت تاشلارچۇ؟

ئەتىسى تۆت ئەترابقا يېڭى خەۋەر قوشتەك پۇرۇلداپ ئۇچ-تى: تاشدۆۋىلىكلەر ”شېغىل بايرىمى“ ئۆتكۈزىدىكەن، يەرلىك ئالاھىدىلىكتىن پايدىلىنىپ، قەد كۆتۈرۈش جېڭى قىلىدىكەن!

ئامالغۇ تېپىلدى. بىراق ئۇنىڭ تەدبىرى قانداق بولماقچى؟ ئۇمۇ ئىنتايىن ئاددىي: ”پۇلنى پۇل تاپىدۇ“ دېگەن گەپ بار، قولنى كەسمىگىچە قان چىقمايدۇ. ئاۋۋال پۇل خەجلەش كې-رەك، ئاندىن پۇل تېپىش كېرەك. باشقىلارمۇ شۇنداق قىلىۋات-امدۇ.

قەرز پۇلمۇ ھەل بولدى. تاشدۆۋىنىڭ كاتتىلىرى پاتىپاراق بولۇشتى. يېزىلىق ھۆكۈمەت ئىشخانا بىناسىنىڭ يېرىمى ۋاقىت-لىق مېھمانخانىغا ئۆزگەرتىلدى. كادىرلار ئاشخانىسى يېڭى سە-ۋىيىگە كىرگۈزۈلدى. پوجاڭزىلارمۇ يەشكى بىلەن تەييارلاپ قويۇلدى. ھەممىلا جاي قىزىللىققا پۈركەندى... مەھسۇلاتقا كەل-سەك، ئۇنىڭ چارىسى ئوڭاي. ئاۋۋال خېرىدار كەلسۇن، كۆر-سۇن، خەت-توختام قىلىشسۇن. ئالىمەن دېسىلا، ئون يىل قازسىمۇ تۈگىمەيدىغان خام ئەشيا، گۆھەر تاپىنىمىزنىڭ تېگىدە يېتىپتۇ. ھازىر پەقەت ئەۋرىشكە ھازىرلاش كۇپايە. شۇنداق، سۇپەتلىك، سورتلۇق، ئېسىل كۆرۈنۈشلۈك ئەۋرىشكە.

ئەۋرىشكىمۇ تەييارلاندى. بىر نەچچە ئەمگەك كۈچى تېخ-

نىكنىڭ باشلامچىلىقىدا شېغىل تاسقاشقا ئاجرىتىلدى. دانىمۇ-دانە، يالتىراپ تۇرغان، ئۆلچەملىك ئەۋرىشكە هايال ئۆتمەي دۆۋىلەندى. ئەۋرىشكە قاچىلايدىغان رەڭدار، كۆتۈرۈشكە ئەپ-لىك، قاپقان ئېغىزلىق سېۋەتتىن 100 دانىسى زاكازمۇ قىلىندى. پۇتكەن سېۋەتلەرگە ئەۋرىشكە مال قاچىلىنىپمۇ ئۈلگۈر-تىلدى. بايرام ئۇقتۇرۇشلىرى كېپىنەكلەردەك تەرەپ-تەرەپكە ئۇچۇپ كەتتى. ئەمدى پەقەت مېهمانلارنى كۈتۈش كېرەك ئىدى.

هەيهات، مېهمانلارمۇ ئاز كەلمىدى. رەهبەرلەر، مۇخبىر-لار، سۇپەت تەكشۈرگۈچىلەر، قۇرۇلۇش شىركەتلىرىنىڭ ئالا-قىدار خادىملىرى، يەنە ئاللىكىملەر توپلاندى. تاشدۆۋە مىسلىي كۆرۈلمىگەن قاينام-تاشقىنلىققا چۆمۈلدى. پوجاڭزىلار توختى-ماي ئېتىلىپ شېغىللىق زېمىننى لەرزىگە سالدى. كادىرلار ئاشخانىسىدىن يالقۇن ئۆچمىدى. قەدەهلەر سوتكىلاپ سىمىنا ئىشلىدى. شېغىلنىڭ تويى بولۇپ كەتتى، داڭلاندى، قولدىن--قولغا ئۆتتى، دەڭسەلدى، ۋەدىلەر بېرىلدى-ئېلىندى، ئاندىن ئالدىن تەييارلانغان توختامنامىلار ئىمزا، تامغىلار بىلەن بېزەل-دى.

بايرام ئىككى كۈن داۋام قىلدى. 3-كۈنى زىيارەتچىلەر، خېرىدارلار هەر بىرى بىر سېۋەت ئەۋرىشكە شېغىلنى ئېلىپ قايتىشتى. تاشدۆۋىلىكلەر چەكسىز شادلىق، ئارزۇ-ئۈمىدلەر قۇچىقىدا ئەللەيلىنىپ، قول سىلكىپ قېلىشتى.

4-كۈنى ئەتىگەندە بىر نەچچە كادىرنى ئەگەشتۈرۈپ ناهىيە بازىرىغا، بايرام خۇلاسىسىنى دوكلات قىلىشقا ۋېلىسىپىتلىك ماڭغان كۈلكە چىراي يېزا باشلىقى ناهىيىگە ئېلىپ بارىدىغان

تاشيولغا قايرىلىدىغان جايدا ئاجايىپ بىر كارامەتنى ھەس-ھەي-رانلىق بىلەن كۆردى: تاشيولغا ئەگىلگەن يولنىڭ ياقىسىدا ئازمۇ ئەمەس، كۆپمۇ ئەمەس 100 شىغىل دۆۋىسى زومچەك-زومچەك بولۇپ سوزۇلۇپ ياتاتتى.

## قاسساپ بىلەن موزدۇز

—بۇ دۇكاننىڭ ئىگىسى نەدىكىنە؟

—ئالدىڭىزدا تۇرمامدۇ.

تور سومكا تۇتۇپ تۇرغان زىلۋا، ئاق پىشماق قىز بىلەن ئوتتۇرا ياش، دوغىلاق قاسساپ ئايال ئەنە شۇنداق سوئال-جاۋاب بىلەن بىر-بىرىگە قارىشىپ تۇرۇپ قالدى.

ئۆزىنى قاسساپ دەپ تونۇشتۇرغان ئايال قولىغا پەشتاقتىكى پىچاقنى ئېلىۋېتىپ: ”مۇنۇ قىزنىڭ تۇپلىيىنىڭ تىكىلىشى مەن كۆرمىگەنلا بىر پاسونغۇ؟“ دەپ ئويلاپ قويدى. قىز يانچۇقىدىن نەپىس پۇل قاپچۇقىنى چىقاردى.

—لوق قوي گۆشىنىڭ كىلوسى قانچە؟

—سەككىز كوي 40 پۇڭ.

—سەككىز…،—قىز ئەسلىدە:

”نىماندىق ئەرزان“ دېمەكچى ئىدىيۇ، لېكىن دېيەلمىدى. شۇ كۈنلەردە باشقا قاسساپلار مۇنداق گۆشنى ئون كويدىن سېتىشاتتى.

قاسساپ ئايال قىزنىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشەنگەندەك كۈلۈمسىرەپ قويدى.

— ماڭا يېرىم كىلو تارتىپ بېرىڭ! — قىز دۇكان ماڭلىيىغا قېقىلغان تاختايغا ۋە ئۇنىڭغا ئۈنچىدەك تىزىپ يېزىلغان ”خالىس قاسساپ“ دېگەن خەتلەرگە لەپپىدە بىر قارىۋېتىپ شۇ گەپنى قىلدى.

قاسساپ ئايال قىز تەسەۋۋۇر قىلالمىغىدەك ئەپچىللىك بىلەن ئۇنىڭ دېگىنىنى ئورۇندىدى، بىرەر يېرىگىمۇ ”شېكەر دېغى“ تەگكۈزۈۋالمىدى. ئەنە شۇندىن كېيىن، قىز دائىم ”خالىس قاسساپ“ دۇكىنىغا كېلىپ گۆش ئالىدىغان بولدى. ھەر قېتىمدا يېرىم كىلو گۆش ئېلىپ قايتاتتى. قاسساپ ئايالمۇ بارغانسېرى بۇ قىزغا ئىللىق كۈلۈمسىرەيدىغان، گۆشنىڭمۇ سەرخىل يېرىگە پىچاق يۈگۈرتىدىغان بولۇپ قالدى.

بىركۈنى چىڭقى چۈش مەزگىلى، قىز ”خالىس قاسساپ“ دۇكىنىغا يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ تۇرقىدىن ئىلگىرىكى ھالىتىگە ئوخشىمايدىغان بىرخىل جىددىيلىك چىقىپ تۇراتتى. تۆت قويىنىڭ گۆشىنى ئەمدىلا كانالارغا ئېسىپ، گۆش پارچىلاشقا تۇتۇنغان قاسساپ ئايال قىزنىڭ سالىمىغا تەبەسسۇم بىلەن جاۋاب قايتۇرغاندىن كېيىن سورىدى:

— يېرىم كىلومۇ؟

— يا… ياق، — ئەندىكتى قىز، — بۈگۈن بەش كىلو ئالايمىكىن؟

قاسساپ ئايالنىڭ سانغا يۈگۈرگەن پىچىقى توختاپ قالدى.

— بەش كىلو؟ بولماسمىكىن.

—نېمىشقا؟ —قىز يەنە ئەندىكتى، —كۆپ ئالسام بولمام-دۇ؟

قاسساپ ئايال قىزغا مېھرى بىلەن قارىدى. لېكىن قاسساپ ئايالنىڭ چىرايىدا بىردىنلا ئەكس ئەتكەن جىددىيلىكنى كۆرۈپ ھەيران بولغان قىز دۇكان ماڭلىيىدىكى ”خالىس قاسساپ“دې-گەن خەتلەر يېزىلغان ھېلىقى تاختايغا قاراپ قويىدى.

—دۇكىنىمىزنىڭ قائىدىسىدە بىر كىشىگە بىر كىلودىن ئارتۇق گۆش بەرمەيتتۇق، —دېدى قاسساپ ئايال يېرىم ئەپسۇس-لانغان، يېرىم ئۆزرە ئاھاڭدا قىزغا تىكىلىپ، —”خالىس قاس-ساپ“ بولغاندىكىن ھاجەتمەنلەرگە كۆپرەك نەپ تەگسۇن دەيمىز-چۇ.

قىزسەل-پەل قىزاردى. ”بىلدىم“ دېگەندەك قىلىپ بېشى-نى ئاستا لىڭشىتىپ قويۇپ گۆشمۇ ئالماي ئارقىسىغا ياندى.

—توختاڭ! —دېدى قاسساپ ئايال تىترىگەن ئاھاڭدا، —بىر كىلو بولسىمۇ ئەكەتمەمسىز.

—ماقۇل، —قىز يەنە كەينىگە بۇرۇلدى.

قاسساپ ئايال قىزنىڭ چىرايىغا تىكىلىپ قارىۋېتىپ ئاندىن مېھرىبانلىق بىلەن سورىدى:

—مۇنچە جىق گۆشنى نېمە قىلىسىز؟

—مېھمان چاقىراتتىم، —دېدى قىز جانلىنىپ.

—دوستلىرىڭىزنىمۇ؟

—ياق.

—تۇغقانلارنىمۇيە؟

—زاۋۇتتىكى ئۇستاملار بىلەن باشلىقلارنى…

— مۇنداق دەڭ. باشلىقلارنىڭ ئاغزىدىنى مايلاي دەپسىز-دە؟ — چاقچاق قىلدى قاسساپ ئايال.

قىز شەلپەردەك قىزاردى. نېمە دېيىشىنى بىلمەي ئاغزىنى ئۆمەللەپ ئارانلا جاۋاب قايتۇردى:

— نېمە دېسەم بولار سىزگە، بىزنىڭ سېختىكى بىر ئۇستام سېخنى كۆتۈرە ئالماقچى بولغانتى، ئاڭلىسام خالىغانلىرىنى تاللاپ ئېلىپ قالىدىكەن. بەزىلەر بەس-بەستە ئۇنى ئۆيلىرىگە چاقىرىشتى. مەنمۇ بىر يېڭى ئىشچى...

— مۇنداق دەڭ! — قاسساپ ئايال بېشىنى ئارقا-ئارقىدىن لىڭشىتتى.

بىردىنلا ھېسداشلىقى ئويغاندى، — راستلا، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى سورايلا دەيمەن، سىز توقۇمىچىلىقتا ئىشلەمسىزا؟

— ياق، ئاياغ كىيىم زاۋۇتىدا.

— ھە، شۇڭلاشقا چىرايلىق-چىرايلىق ئاياغلارنى كىيىدىكەنسىز-دە، — قاسساپ ئايال شۇ گەپ بىلەن سەل ئېگىشىپ قىزنىڭ ئايىغىغا نەزەر تاشلىدى، — ۋىيەي، يەنە يېڭى ئاياغ كىيىپسىز-ھە؟! ئەجەب چىرايلىق كۆزلۈك ئاياغكەنا، تىكىلىشى نېمىدېگەن سىپتا...

قىز ئۇنچىقمىدى. قاسساپ ئايال كاناردىكى گۆشكە قول ئۇزاتتى.

— مانا مۇنۇ سانىنى ئېلىڭ، نېمە؟ تارازىغا سالمىدىڭىزغۇ دەمسىزا؟ پۇل بەرمەڭ، خاپا بولىمەن، بۇ مېنىڭ كۆڭلۈم...

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، قاسساپ ئايال دۇكانغا كەلگەن قىزدىن سوراپ قالدى.

— راستلا، ئۇستىلىرىڭىزنى چاقىرىۋالدىڭىزمۇ؟
— چاقىرغانىدىم، كەلمىدى، — قىز مەيۈسلەندى.
— ۋىييەي، ئەمىسە —··· ئەنسىرىدى قاساپ ئايال، قىز ئۇنىڭ بۇ خىل ھېسداشلىقىدىن سۆيۈندى.
— ھازىر، يېڭىدىن تەشكىللەنگەن سېختا ئىشلەۋاتىمەن.
ئارىدىن يەنە بىر ئايچە ۋاقىت ئۆتتى. بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن، قاساپ ئايال ئالدىدا تۇرغان بىرنەچچە خېرىدارنى يولغا سېلىپ تۇرۇشىغا، دۇكان ئالدىدا قىزنىڭ ۋېلىسىپىت غىل-پاللا كۆرۈنۈپ قالدى.
— ياخشىمۇسىز؟ — ئارقىدىنلا تونۇش، زىل ئاۋاز ئاڭلاندى. قاساپ ئايال بۇرۇلۇپ قارىدى. ئالدىدا ھېلىقى چۈپقەت قىز گۈلدەك ئېچىلغان ھالدا، قولىدا گېزىتكە يۆگەلگەن بىر بولاق تۇتۇپ تۇراتتى.
— يېرىم كىلو تارتىمەنمۇ؟ — قاساپ ئايال گۆشكە قول يۈگۈرتتى.
— بۈگۈن گۆشكە كەلمىدىم، — دېدى قىز ئالاھىدە تەكىتلەپ ۋە قولىدىكى بولاقنى ئاچتى. قاساپ ئايالنىڭ كۆزى ئۆزى ئۆزۈندىن بېرى ئارزۇلاپ يۈرگەن پاسونلۇق ئاياغقا چۈشتى، پاھ، رەڭ، پاسونى ۋە ئۇنىڭغا قويۇلغان كۆزنىڭ چىرايلىقلىقىنى تېخى!
— بۇ كىمنىڭ؟ — قاساپ ئايال بايىقى خىيالدىن كېيىن تەقەززالىق بىلەن سورىدى.
— سىزنىڭ، — قىز ئاياغنى ئىككى قوللاپ قاساپ ئايالغا ئۇزاتتى، — سىزگە ئاتاپ ئۆز قولۇم بىلەن تىكتىم، ئالمىسىڭىز

خاپا بولىمەن.

قاسساپ ئايال خۇشاللىقىدىن گېپىنى تاپالمىدى. كېيىن، غەللىدىكى مايلاشقان پۇللارغا قول ئۇزاتتى.

—پۇلى قانچە؟

—شۇ گەپنى يەنە بىر قىلسىڭىز ئىككىنچى قېتىم دۇكىنىڭىزغا كەلمەيمەن! —قىز رەنجىگەندەك ئىتتىك-ئىتتىك سۆزلىدى. قاسساپ ئايال ئۇنىڭغا بىرنېمە دېيەلمىدى. قولىدىكى پۇلنى چىڭ سىقىمدىغىنىچە تۇرۇپ قالدى.

—رەھمەت ئۇكام، — دېدى ئايال قاسساپ ئاخىر كۆڭلىدىكى گەپنى قىلىپ، —ئەسلىدە سىز بىر چېۋەر موزدۇز قىزكەنسىز-دە، بىز بۇندىن كېيىن ياخشى ھەدە-سىڭىل بولايلى.

## "تەقدىر"

يىغىدىن ئىششىغان كۆزلىرىمنى يەنە قولۇمدىكى سۈرەتكە ئاغدۇردۇم.

18 ياشلاردىكى بىر جۈپ ئۇيغۇر-رۇس قىزى باشلىرىنى بىر-بىرىگە تەگكۈزۈشۈپ ماڭا تىكىلىپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئاق پۇسمىلاق چېھرىدە بىرخىل تەبەسسۇم جىلۋىلىنىپ تۇرسىمۇ، چاقناق كۆزلىرىگە ئاللىقانداق بىر مۇڭ يوشۇرۇنغاندەك قىلاتتى. ئۇيغۇر قىز يېقىندىلا كۆنچى ئېرى تەرىپىدىن پىچاقلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەن مەزلۇمە، يېقىن تۇغقىنىمنىڭ بىر تاللا قىزى

گۈلى ئىدى.

— تەقدىر! — دېدى مۇرەمنىڭ ئۈستىدىن سۈرەتكە قاراۋاتقان نىغمەت مەيۈسانە پىچىرلاپ.

— بولۇپمۇ بۇ سۈرەت ئادەمنى تەقدىرگە تېخىمۇ ئىشەندۈرىدۇ، — دېدى سۈرەتنى ساقلاپ كېلىۋاتقان ئايال مۇئەللىم بۇ پىكىرگە قوشۇلۇپ.

— نېمىشقا ئۇنداق دەيسىز؟ — سورىدىم ئەجەبلىنىپ.

— سىلەر بىلسەڭلەر كېرەك، گۈلىنىڭ مۇشۇ سۈرەتتىكى رۇس قىزى لىزادىن بۆلەك جان دوستى يوق ئىدى. شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق ئىدى، خوش، — دېدىم تەئەججۇپتە.

— قېنى، ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ، لىزا هازىر قەيەردە؟

— مەن بىلمەن، — دېدى بايىقى "تەقدىر" دېگەن ئاغىنەم نىغمەت ئىتتىكلا ۋە:

— لىزا بۇلتۇر ئاۋستراليىگە ئائىلىسى بىلەن چىقىپ كەتكەن. بەلكى، ئۇ گۈلىنى هايات دەپ يۈرىدىغاندۇ، ئۇقۇشماستىن خەتمۇ يازغاندۇ تېخى، — دەپ قوشۇپ قويدى.

— يوقسۇ، — مۇئەللىمنىڭ ئاۋازى سەل تىترىدى. — بۇنىڭدىن تۆت ئاي ئىلگىرى يەنى گۈلى مەرھۇم بولغان كۈنلەردە، لىزامۇ تەلىيى رەت قىلىنغان بىر بايۋەچچىنىڭ ئوقىنى يەپ ... ئۆلۈپ... تۈگەپتۇ...

ئارىغا قەبرىستان جىملىقى چۆكتى. مېنىڭ كاللامدا بايىقى سۆز لاپ قىلىپ ياندى: "تەقدىر".

— بۇ قالتىس سۈرەتكەن-هە! — نىغمەت هاسىرىغىنىچە سۈرەتكە بېشىنى يېقىن ئەكەلدى.

— شۇنداق، سۇرەت ئاجايىپ، ئەمما بۇنىڭ ئارقىسىغا گۈ-
لى ئۆز قولى بىلەن يازغان بىر قۇر خەت تېخىمۇ ئاجايىپ!
ياش مۇئەللىمنىڭ نازۇك ئاياللىق ھېسسىياتى ئۇرغىدى بولغاي، كۆزلىرىنى توسۇپ، بېشىنى ئەگدى. سۈرەتنى دەرھال-لا ئۆرۈدۈم-دە، بىر قۇر قىلىپ يېڭى يېزىقچە يېزىلغان خەتكە قارىدىم. ئوقۇپ كۆرۈپ، يۈرىكىمگە بىراۋ پىچاق سانجىۋاتقاندەك بولۇپ كەتتىم.

”پەقەت ئۆلۈملا بىزنى ئايرىيالايدۇ.“

(گۈلى، لىزا)

## قانداق گەپ بۇ؟

ماگىزىننىڭ پىكىر ئېلىش ئورنىدا ئاچچىقلىنىشتىن يۈزى ھۈپپىدە قىزارغان شىركەت باشلىقى يېنىغا كېلىپ توختىغان خېرىدارغىمۇ قارىماستىن، كىيىم كېچەك گۇرۇپپىسىنىڭ مەس-ئۇلىغا قايناۋاتاتتى:

— قانداق دېگەن گەپ بۇ؟ بىر ئەمەس، تالاي قېتىم دېدىم. سىزنىڭ ئۇ نېمىڭىز نېمىشقا گەپ ئاڭلىمايدۇ، مۇشۇنداق بولسا بىز قانداق قىلىپ مەدەنىيەتلىك سودا ئورنىغا ئايلىنالايمىز؟ ھەممە پىركازچىكلار قىزىل گۈلدەك ياشناپ، ئالغا ئىلگىرىلەۋا-تىدۇ. پەقەت شۇلا رەزگى چۆپتەك سارغىيىپ، ئارقىغا كېتىۋا-تىدۇ. قارىڭا، ئۇنىڭ يېنىدىكى ھېلىقى بۇدۇر چاچقا! ئۇنىڭ

ئىسمى نېمىدى… ھە… ئەستا… قانداق گەپ بۇ؟

— سىز شىركەت باشلىقىمۇ! مېنىڭ بىر پىكرىم…

— توختاپ تۇرۇڭ، — دېدى شىركەت باشلىقى گەپنى بۆ-لۈپ، — ئاشۇ گەپ يېمەسكە ئۆتكىدەك تۆت ئېغىز گەپ قىلىڭ، يامان يېرى كەلسە مۇكاپاتنى تۇتۇڭ! … قانداق گەپ بۇ؟

گۇرۇپپا باشلىقى بىرنەرسە دېمەكچى بولدىيۇ، رايى قاي-تىپ، قەدەملىرىنى ئېغىر يۆتكەپ، پوكەي تەرەپكە كېتىپ قالدى. شىركەت باشلىقى شۇ چاغدىلا بىرنەچچە قۇركىيىمنى بوغجۇملاپ قولتۇقلىۋالغان ھېلىقى خېرىدارغا نەزىرىنى يۆت-كەپ، سوراشقا باشلىدى:

— خوش نېمە گەپ؟

— مۇنۇ كىيىملەرنى ساتقان پىركازچىك، — دېدى خېرىدار كۆز ئىشارىتى بىلەن كىيىمنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، — تولىمۇ بەلەن بالا ئىكەن، شۇنداق سىلىق، شۇنداق ئىللىق، شۇنداق چاققان! ئۇنى تەقدىرلەشكە ئەرزىيدىكەن، مۇشۇنى ئۆزلىرىگە…

— ھە، سىز كىيىم-كېچەك ئالغانمۇ؟ ياخشى. بەك ياخ-شى… ئولتۇرۇپ سۆزلەڭ، تايىنلىق ھېلىقى ئۆزى چىرايلىق، بوي-تۇرقى كېلىشكەن، بۇدۇر چاچ بالىدۇ، كۆزلىرى…

— چىرايىغا ئانچە سەپسالماپتىمەن. ئىشقىلىپ ئاشۇ ئۈچ ھەيكەل بار پوكەيدىكى مال ساتقۇچى قىزغۇ!

— ئۈچ ھەيكەل! ؟ — دېدى شىركەت باشلىقى ھەيرانلىق ئى-چىدە چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ، ئۇ شۇ ھالەتتە بىردەم خىيال سۈرگەندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ئۈچ ھەيكەل دې-دىڭىزما، ئۈچ دېگىنىڭىز نېمىسى؟ بىزنىڭ ھەرقانداق پوكەيدە

ئىككىدىن ھەيكەل قويۇلىدۇ. ئۇنىڭ بىرى ئەر، بىرى ئايالنىڭ... قانداق گەپ بۇ؟

—يوقسۇ، بىرى ئەرنىڭ، ئىككىسى ئايالنىڭ ئىكەن. باشتا ئىككى ئايال ھەيكەلنىڭ بىرىنى تىرىك ئادەممىكىن دەپتىمەن. قارىسام مىدىرلىغاندەك قىلىۋىدى، ئالدىغا بېرىپ ”ئاۋۇ چاپاننى ئېلىۋېتىڭا قىزىم!“دەپ سايتىمەن. زۇۋان چىقارمىدى، ئۆزۈم ئوسال بولۇپ قالدىم. قالغان ئىككى ھەيكەل خېلى كۆلۈپ تۇرىدۇ. ئۇھەيكەللىنىڭزە قاپىقى بەك يامان ئىكەن، گېپىمگە كەلسەم، تەقدىرلەشكە توغرا كەلسە، ئاشۇ يەردىكى مال سانقۇچى قىزنى...

—قانداق گەپ بۇ؟—شىركەت باشلىقى ئاڭقىرالماستىن خېرىدارغا تىكىلدى ۋە بىردىنلا،—قېنى يۈرۈڭ، زادى قايسىنى دەيسىز كىن. تايىنلىق ھېلىقى بۇدۇر چاچ، كۆلگۈنچەك قىز. دۇر. سىز دېگەن ئۈچ ھەيكەلنىڭ بىرى بايىقى گەپ يېمەس رەزگى چىرايمۇ تېخى. قاپىقى يامان دېدىڭىزغۇ. بۇ تەلەتى سەت دېگەن گەپ، گىرىم قىلمىغاندىن كېيىن سەت ھەيكەلنىڭ ئۆزى بولىدۇ-دە! شۇنداق بولۇپ قالسا يامپاشقا بىر چىقاتتى... ئۇ چاغدا... قانداق گەپ بۇ؟

شىركەت باشلىقى شۇلارنى دېگەچ خېرىدارنى ئەگەشتۇرۇپ كىيىم-كېچەك پوكىيى ئالدىغا كېلىپ توختىدى ۋە خېرىداردىن سورىدى:

—قايسى پىركازچىك قىز ئۇ، تاغا، مۇنۇ قىزمۇ؟

خېرىدار شىركەت باشلىقى كۆرسەتكەن، يۈز-كۆزىگە ھازىرلا سەھنىگە چىقىدىغاندەك قېنىق گىرىم قىلىۋالغان، سېۋەت-

تەك يوغان بوُدوُر چاچلىرى بېشىنى بىر ئالغان، ئاپتاپپەرەستەك ئېچىلىپ، باشلىققا قاراپ كوُلوُپ توُرغان قىزغا قارىدىيوُ، چوُ-چوُپ كەتتى.

—ۋاھ ھەيكەل ئەمەسكەنغوُ بوُ! توۋا قىلدىم، تېخى ھازىرلا ئاۋوُ ئىككى ھەيكەلنىڭ ئوتتوُرىسىدا شېھىتتەك قېتىپ توُ-راتتى...نەق ھەيكەلنىڭ ئوُزى دېسە!

شىركەت باشلىقى تېرىككىنىدىن خېرىدارنىڭ ئالدىغا يېقىن كېلىپ، كوُزىگە قادىلىپ توُروُپ دېدى:

—سىز نېمىلەرنى دەۋاتىسىز تاغا! ئەمىسە سىز ماختىغان پىرىكازچىك قايسى!

—مېنىڭ دېگىنىم بوُ ئەمەس، ئاۋوُ قىز،—دېدى خېرىدار ئوُزىگە ئىللىق نەزەر بىلەن قاراپ ئوُلگوُرگەن، پوكەي ئالدىدىكى بىر توپ خېرىدارغا قولى-قولىغا تەگمەي قىزغىنلىق بىلەن خىزمەت قىلىۋاتقان قىزنى كوُرسىتىپ، بوُ قىز سىرتىدىن قارى-غاندا، كىيىنىشى، بوي-توُرقى، يوُروُش-توُروُشى جەھەتلەردە بوُدوُر چاچ قىزغا ئوخشاپ كەتسىموُ، لېكىن گىرىمسىز تەبىئىي چىرايى، چېچىنى قىزىل لېنتىدا چىڭ بوغوۋالغانلىقى بىلەن پەرقلىنىپ توُراتتى، شىركەت باشلىقى نېمە دېيىشنى بىلمەي ئوڭايسىزلاندى. ئوُنىڭ گىرىم قىلمىغان بوُ پىرىكازچىك قىزغا زەھەر توُكوُش ئوُچوُن ھېلىلا تىكىلگەن كوُزلىرىدە ئەمدى ئەجەب-لىنىش، ئىككىلىنىش...ھەتتا ئوُنىڭدىنمو ئوُزگىچە ئىپادىلەر چاقناپ كەتتى. ئاغزىدىن بولسا ئوُزىموُ توُيمىغان ھالدا سوُزلەپ ئادەتلەنگەن سوُزى ئېتىلىپ چىقتى: قانداق گەپ بوُ؟...

# چۈشىدە جەم بولۇش

”ھەر كاللىدا بىر خىيال“ دېگەن بىكار گەپ ئەمەس. تىلشۇالدى پات-پاتلا ”21 يىل ئىلگىرى بىللە ئوقۇغان بىر سىنىپتىكى ئاشۇ ساۋاقداشلىرىمنى بىر ئۇقتۇرۇش بىلەنلا نەق شۇ چاغدىكى سىنىپىمىزنىڭ ئۆزىگە تولۇق يىغقىلى بولسا، ساۋاقداشلىق مېھرىگە تولۇق قېنىشماي ۋە بىر-بىرىنىڭ قەدرىگە ھەقىقىي يېتىشكە ئۈلگۈرمەي ’مىسلىسىز ئىنقىلاب‘نىڭ كاساپىتىدىن يېرىم يولدىلا ئايرىلىشىپ كەتكەن ئاشۇ 38 نەپەر قىز-ئوغۇل ئەمدىلىكتە يېرىم كۈن بولسىمۇ دىدارلىشىپ، ئۆزئارا مۇڭدىشىۋالسا، بىر-بىرىنىڭ ئادرېسلىرىنى ئۇقۇشۇۋېلىپ، كېيىن بېرىش-كېلىش ۋە خەت-ئالاقە قىلىشىپ تۇرسا“دەپ ئويلايتتى. مانا بۈگۈنمۇ ئۇ كەچلىك ئۇيقۇغا كېتىش ئالدىدا قوللىرىنى گىرەلەشتۈرۈپ بېشىنىڭ ئاستىغا قويغىنىچە ئورۇن ئۈستىدە تورۇسقا قاراپ يېتىپ ئىختىيارسىز يەنە شۇ ھەقتە ئويلاشقا باشلىدى. قانچىلىك ئويلاپ ياتتى، نامەلۇم، بىر چاغدا ئۇيقۇنىڭ شېرىن ئەلچىسى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى سىلىق تەۋرەتكەندەك بولدى-دە، ئۆزىمۇ سەزمەي ئۇيقۇغا غەرق بولدى، توغرىسى، چۈش دۇنياسىغا سەپەر قىلدى…

مانا، ئۇنىڭ ئۇزاقتىن بېرىقى تىلىكى ئەمەلگە ئاشتى.

تىلىۋالدى ھېلىقى بىر يىللىرىدىكىدەك خۇشال، غەمسىز ھالدا ئۆزىنىڭ ئازادە، يورۇق سىنىپىغا كىرىپ كەلگىنىدە، پارتىلار-نى تولدۇرۇپ، سۆيۈملۈك ساۋاقداشلىرى ئولتۇراتتى. تىلىۋال-دى ئۇدۇل بارغىنىچە ئوتتۇرا قاتاردىكى پارتىلارنىڭ ئالدىدىن سانىغاندا تۆتىنچى قۇردىكى ئۆزىگە تونۇش پارتىدا ئولتۇردى. پارتىنىڭ ئۈستىگە قەلەمتىراچتا ئويۇلغان ئىسمى ھېلىمۇ ئۆچ-مىگەنىدى.

ئۇ پارتىسىغا ئوبدان جايلىشىۋالغاندىن كېيىن، بىرنەچچە يىل داۋامىدا ئۆزى بىلەن بىر پارتىدا ئولتۇرۇپ كەلگەن ۋە ھازىرمۇ شۇ ئورنىدا ئولتۇرغان كۆلگۈنچەك، تولا گەپ سورايدى-غان قىز ساۋاقدىشى تەرەپكە قارىدى ۋە بىردىنلا ئورنىدىن ئىر-غىپ تۇرۇپ، يېنىدا قىيپاشلىنىپ ئولتۇرغان 35 ياشلار چامى-سىدىكى ئايالغا تارتىنىپقىنا سالام قىلدى. ئايالمۇ قورۇنغان ھالەتتە ئۇ چەتتىكى پارتىلارغا بىر قاراپ قويدى-دە، تىلىۋالدى-نىڭ سالىمىغا بوشلا جاۋاب قايتۇردى. تىلىۋالدى ئايالغا ئەجەب-لىنىپ سەپسىلىۋېتىپ، ئۇنىڭ ھېلىقى بىر چاغلاردىكى كۆلگۈن-چەك زەڭگەر كۆزلىرىنى، سەبىي، ئۇماق چىرايىنىڭ تېخى يوقالمىغان ئىزنالىرىنى...تونۇۋالدى.

تولا گەپ سورايدىغان ھېلىقى پارتىدىشى سەمىرىپ، چوڭلا ئايال بولۇپ قالغانىدى. ئەمدىلىكتە كەمسۆز، ئېغىر-بېسىق ۋە نېمىشقىدۇر خۇدۇكچان بولۇپ قالغانىدى. تىلىۋالدى پارتىدىشى-دىكى بۇ ئۆزگىرىشلەرنى خورسىنىش بىلەن نەزىرىدىن ئۆتكۈزۈ-ۋېتىپ، ”مەنمۇ ئۇ چاغلاردىكىدىن ئاسمان-زېمىن ئۆزگىرىپ كەتكەندىمەن بەلكىم، بەلكىملا ئەمەس، چوقۇم!“ دېگەنلەرنى

ئويلىدى. ئەمدى ئۇ ئالدى-ئارقىسىدىكى، ئىككى يېنىدىكى سا-
ۋاقداشلىرىغا، بىر چاغلاردىكى شوخ، قىقاسچى، سۆزلەپ. كۈ-
لۈپ، يۈگۈرۈپ، بىر-بىرى بىلەن ئېتىشىپ ھارمايدىغان ئو-
غۇل-قىز سىنىپداشلىرىغا بىر-بىرلەپ نەزەر ئاغدۇرۇشقا باش-
لىدى... ئۆزگىرىپتۇ، ھەممىسىلا ئۆزگىرىپتۇ. بەزىلەر تازىمۇ
ئېگىزلەپتۇ، بەزىلەر بەكمۇ سەمىرىپ كېتىپتۇ، بەزىلەر قورۇ-
لۇپ ياغاچتەكلا بولۇپ قاپتۇ، بەزىلەر تولۇپ، تازا ۋايىغا يېتىپ-
تۇ، بەزىلەرنىڭ چىرايىدا يەنە قانداقتۇر، ئادەمنىڭ كۆڭلىنى
غەش قىلىدىغان ئالامەتلەر ھۆكۈمران ئىدى. يەنە بەزىلەر ئادەم
تونۇغۇسىز دەرىجىدە ئۆزگىرىپ قېرىپلا كېتىپتۇ. ئاخىر 21
يىل دېگەن ئاز ۋاقىت ئەمەسقۇ، توپتوغرا بىر يىگىت ئۆمرى-
دە! تىلىۋالدى ئەنە شۇ خىياللار قولۇقىدا ئۈزۈۋېتىپ، تۇيۇق-
سىزلا ساۋاقداشلىرىدىكى باشقىمۇ ئۆزگىرىشلەرنى، فىزىئولو-
گىيىلىك ئۆزگىرىشلەرنىمۇ بايقىغاندەك بولدى. ئەمدىلىكتە بول-
سا، سىنىپ ئىچىگە بۆلەكتىن تەكشى نەزەر سېلىپ، سىنىپ-
داشلىرىنى بىر-بىرلەپ، سىنچىلاپ كۆزىتىشكە كىرىشتى. ئال-
دى بىلەن ئۇنىڭ كۆزى ئەينى ۋاقىتىدىكى سىنىپ باشلىقىغا
چۈشتى. ئۆز ۋاقتىدا سىنىپتىكى بالىلارنىڭ ھەممىسىدىن ياش
ۋە بوي جەھەتتىن ئېگىز بولغان، ئورۇققىنا كەلگەن، تېرىككەك
سىنىپ باشلىقى ئەمدىلىكتە تولىمۇ سەمىرىپ، پىخىلداپلا تۇرى-
دىغان، سالاپەتلىك ئادەم بولۇپ كەتكەنىدى. بولۇپمۇ پات-پاتلا
باغلام-باغلام پۇللارنى ئۇ يانچۇقىدىن بۇ يانچۇقىغا يۆتكىشىگە
قارىغاندا، ئۇنىڭ كاتتا سودىگەر بولۇپ كەتكەنلىكىدە گەپ يوق
ئىدى. بۇ پەرەزنى تەستىقلىغاندەك ئۇ مەيدە يانچۇقىدىن ئەپلىك-

كىنە ئېلېكترونلۇق ھېسابلىغۇچنى چىقىرىپ، خاتىرە دەپتىرى-
دىكى قانداقتۇر بىر رەقەملەرنى جەملىگىلى باشلىدى. تىلىۋال-
دىنىڭ كۆزى ئەمدى سىنىپ باشلىقىدىن ئىككى پارتا ئالدىدا
ئولتۇرغان (چۈنكى ئوتتۇرىلىقتىكى پارتا بوش ئىدى) ئادەمگە
چۈشتى. ئۇمۇ ئاۋۇنىڭدىن بەتتەر سەمرىۋالغان، ھەر قېتىم
كۇشۇلداپ نەپەس ئالغىنىدا، سېمىز قورسىقى تەڭلا لەپەڭلەپ
كۆتۈرۈلىدىغان كىشى ئىدى. تىلىۋالدى ئۆز ۋاقتىدا بىرمۇ
دەرستىن 65 نومۇر ئالالماي يۈرىدىغان بۇ ساۋاقدىشىنىڭ ئەمدى-
لىكتە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى گۆش دۇكانلىرىنىڭ بىرىدە قاس-
ساپ ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدى. چۈنكى دەرستە ناچار بۇ ساۋاقدى-
شىنىڭ يېنىدىكى چىرايلىققىنا بىر ئايال، ئۆز ۋاقتىدىكى سى-
نىپنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى چىرايلىقى ۋە ئەلاچىسى بولغان،
ئىسمىمۇ خۇددى ئۆزىدەكلا چىرايلىق بولغان كامىلە يېنىدىكى
سابىق ۋە ھازىرقى پارتىدىشى بولغان سېمىز كىشىگە ھەدەپ
يېقىملىق كۈلۈمسىرىگىنىچە: ”يېقىندىن بېرى قوي گۆشى سې-
تىۋاتامسىلەر ياكى كالا گۆشىمۇ؟“ دەۋاتاتتى. ئۆز ۋاقتىدا مۇ-
ئەللىمنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ئۆزىگە دەرسلەردە ياردەم
قىلىش ئۈچۈن يېنىغا مەخسۇس ئولتۇرغۇزۇلغان ساۋاقدىشىغا
بولسا، قاسساپ ئەمدىلىكتە چىراينى ئارانلا جىلمايتىپ، كۇ-
شۇلداپ، ”كالا“ دېدى.

تىلىۋالدىنىڭ تېنى ئىختىيارسىزلا جىغغىدە قىلغاندەك بول-
دى. ئۇ كۆزىنى ئەمدىلىكتە ئىشىكتىن كىرگەندىن كېيىنكىلا
قاتارغا يۆتكىدى. ئەنە، بۇ قاتارنىڭ ئاخىرقى پارتىسىدا ئىككى
ئادەم دۇنيادىن بىخەۋەر ھالدا ئۆزلىرىنىڭ ھەلەكچىلىكىگە چۈ-

شۇپ كېتىپتۇ. تىلىۋالدى ئۇلارنىڭ بىرسىنىڭ تازىمۇ غادى-يىپ، سۇرلۇك ئولتۇرغىنىنى، يەنە بىرى ئۇنىڭ ئەكسىچە قەۋەتلا ئېگىلىپ، كۈلكىدىن چىرايىنى پۇرۇشتۇرگىنىچە سۇر-لۇك ھەمراھىغا ئەركىلىگەندەك بىرنېمىلەرنى دەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. سۆزلەۋاتقىنى ئاۋازىنى خېلىلا قويۇۋەتكەندى. ئۇنىڭ تۆۋەندىكى گەپلىرى تىلىۋالدىنىڭ قۇلىقىغا كىرىپ قال-دى:

—شۇنداق قىلىپ ساجۇيجاڭ، ئۆزىڭىزدىكى گەپ بولۇپ قالدى بۇ ئەمدى... ئاددىي پرىكازچىك بولساقمۇ، بىرچاغدىكى ساۋاقداشلىقىمىزنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىپ، ئاشۇ ئىشىمىزنى... ھەل...

يۇرىكى بىرنېمىدىن چۆچۈگەندەك قاتتىق ئېغىپ كەتكەن تىلىۋالدى ھېلىقىلاردىن دەررۇ يۈزىنى ئۆرۈۋالدى. ئەمدى ئۇ نەزىرىنى ئۆزى ئولتۇرغان ئوتتۇرىدىكى قاتارنىڭ ئەڭ ئالدىنقى پارتىسىغا يۆتكىدى. ئۇ پارتىدا بىرچاغلاردا بىر-بىرىدىن ئۇ-ماق، دەرسلەردە ئەلاچى، سىنىپ بويىچە ھەممەيلەندىن كىچىك ئىككى قىز ساۋاقداش ئولتۇراتتى. ئەمدىلىكتە بىرى شۇ چاغدى-كىدەكلا پاكار، ۋىجىك ۋە چىرايى ساپسېرىق، يەنە بىرى بويىغا ئانچە تارتماي، توغرىسىغا تەن قويغان، دۇپ-دۇمىلاق ئىككى ئايال باشلىرىنى يېقىن ئەكىلىپ مۇڭداشماقتا ئىدى. سۆزلەۋات-قان ۋىجىكىنىڭ كۆزلىرىدىن تارام-تارام ياش ئاقاتتى، ئاڭلاۋات-قان دۇپ-دۇملىقى بولسا قولىدىكى بىگىز ئىشىنى بىر دەمگى-مۇ توختاتماي، ھەدەپ بېشىنى لىڭشىتىپ، ئۇلۇغ-كىچىك تى-ناتتى، بۇ ئىككىيلەنگە بىردەم قاراپ تۇرغان تىلىۋالدى ئۆزد-

ىنىڭ ئوڭ يان تەرىپىدىكى پارتىدا، قولىنى سوزسىلا يەتكۈدەك يەردە بىراۋنىڭ ئالىقانداق بىر ئاھاڭغا ئىڭىشىپ ئولتۇرغانلىقى- نى سېزىپ قالدى. كۆرۈنۈشىدىن قارىغاندا ئاشپۇزۇلدىكى قاي- ناق ئۇلپەتچىلىكتىن ئۇدۇللا مۇشۇ يەرگە كەلگەن بۇ چالا مەست تىلىۋالدىنىڭ ئەينى چاغدىكى خىلىلا يىقىن ئۆتىدىغان، دەرس- لەردىمۇ ئۆتكۈر ساۋاقدىشى ئىدى. كىيىملىرىنىڭ رەتسىزلى- كى، ساقال-بۇرۇتىنىڭ ئۆسۈكلۈكىدىن قارىغاندا ئۇنىڭ ھازىر- قى ئەھۋالىنىڭ ئانچە ياخشى ئەمەسلىكى چىقىپ تۇراتتى، تىلى- ۋالدىنىڭ بۇ ساۋاقدىشىدىن ھازىر ئۇنىڭ نېمە ئىش قىلىدىغانلى- قىنى سوراپ بىلگۈسى كېلىپ ئۇ تەرەپكە ئېڭىشتىيۇ، بىردىنلا بۇ رايىدىن قايتتى ۋە بۇ سوئالنى پارتىدىشىدىن سوراپ باقماقچى بولۇپ، بېشىنى سول ياققا بۇرىدى، باياتىن بېرى ھەدەپ پارتى- لاردىن بىرىگە ئەنسىز قاراپ، پارتىنىڭ ئەڭ چېتىگە سۈرۈلۈپ، قورۇنۇپ ئولتۇرغان بىرچاغلاردىكى كۆلگۈنچەك ساۋاقدىشى تى- لىۋالدىنىڭ ئۆزىگە قاراپ كۈلۈمسىرىگىنىچە پاراڭ قىلماقچى بولىۋاتقىنىنى كۆرۈپ، تېخىمۇ غۇجمەكلىشىپ كەتتى. كۆزلى- رى يەنە ئارقىسىغا تىكىلدى، چىرايىدا ئەنسىزلىك ھۆكۈم سۈر- دى. تىلىۋالدى بۇنىڭ سەۋەبىگە چۈشىنىپ يېتەلمەستىن، سو- رىماقچى بولغان سوئالنىڭ ئورنىغا باشقا گەپ سورىدى:

—نېمە بولدىڭىز، مىجەزىڭىز يوقمۇ؟

—ماڭا گەپ قىلماڭ، ئۆتۈنىمەن، ئېرىم... ئارقىدا...—

دېدى پارتىدىشى ھاسىراپ تۇرۇپ. تىلىۋالدى دەررۇ ئۆرۈلۈپ ئارقىسىغا قارىدى. چەتتىكى قاتارنىڭ ئەڭ ئاخىرىدىكى پارتىدا غوللۇق، قاپقارا بۇرۇتى قارامتۇل چىرايىغا سۈرلۈك تۇس بې-

رىپ تۇرغان بىر كىشى قاپىقىدىن قار ياغدۇرغىنىچە تىلىۋالدىغا قادىلىپ قاراپ ئولتۇراتتى. تىلىۋالدى ئۆزىنىڭ بىرچاغلاردىكى سىنىپ بويىچە ھەممە بالىنى بوزەك قىلىدىغان كۆچتۆڭگۈر، پۇتبولغا جىنىدەك ئامراق ساۋاقدىشىنى تونىدى. تەسۋىرلىگۈسىز بىر سىزىم بەدىنىنى جۇغۇلداتقان ھالدا ئۇ زەڭگەر كۆزلۈك، كۆلگۈنچەك سابىق پارتىدىشىغا قايتا نەزەر ئاغدۇردى ۋە ئۆزىمۇ سەزمەستىن پارتىنىڭ ئەڭ بۇرجىكىگە سۇرۇلدى.

تىلىۋالدى ئەمدى خېلى بىرھازاغىچە ھېچياقتا قارىماي ۋە ھېچقانداق خىيالمۇ قىلماي بېشىنى ئىككى ئالىقىنىنىڭ ئارقىسىغا ئېلىپ، كۆزلىرىنى يۇمغىنىچە ئولتۇرۇپ كەتتى. ھايات زادى قانداق بىرسىرلىق ئۇقۇمدۇر؟ بۇنىڭدىن 21 يىل ئىلگىرى مۇشۇ ئولتۇرغان ئادەملەر، يەنى ساۋاقداشلار بىر-بىرىگە شۇنچىلا ئىجىل-قوۋناق دوستلار ئىدى. ئۇلار ئاخىر كېلىپ ئۆزلىرىنىڭ مۇشۇنچىلا ئۆزگىرىپ كېتىدىغانلىقلىرىنى بىلىشكەنمىدى؟ ئاۋۇ چىرايلىقلىقىنى تېخىچە يوقاتمىغان كاملە ئۆزى دەرستىكى ناچارلىقتىن قۇتقۇزغان ساۋاقدىشىغا گۆش تويەيلى مەجبۇرەن جىلمىيىدىغانلىقىنى، ئاۋۇ جۇغى كىچىك پىركازچىك ئۆزىنىڭ بىللە پىلانىر ياسىغان پارتىدىشىغا ئوغلىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش ھاجىتى تويەيلى لومودىلىق قىلىدىغانلىقىنى، ئالدىنقى قاتاردىكى پارتىدا ئولتۇرغان ئوخشاشلا ئەلاچى ئىككى قىزنىڭ بىرى دەرد-ھەسرەتلىرىنى ئۆزىنىڭ بىغەم سابىق ساۋاقدىشىغا يىغلاپ-يىغلاپ تۆكىدىغانلىقىنى، ھەيھات، تىلىۋالدىنىڭ پارتىدىشى بولغان زەڭگەر كۆزلۈك، كۆلگۈنچەك شوخ قىز بولسا بىرچاغلار كېلىپ، سىنىپ بويىچە ئۆزى ئەڭ ئۆچ زورا-

ۋانغا ئايال بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ۋە ئۆمۈر بويى ئۇنىڭ قاش-قاپىقىغا قاراپ، كۆنچىلىكىدىن دىر-دىر تىترەپ ئۆتىدىغانلىقىنى ئويلاپ كۆرگەنمىدى!

تىلىۋالدى ئەنە شۇ خىياللار، مۇڭلۇق ھېسسىياتلار قوچىقىدا ئەللەيلىنىپ تۇرۇپ، كۆزلىرىنى ئۆزىدىن ئىككى پارتا ئالدىدىكى بوش ئورۇنغا، ھەر ئىككىلا ئورنى بوش پارتىغا يۆتكىدى. بۇ پارتىنىڭ ئالدىدىلا بايىقى ئىككى ئايال تېخىچە بىر-بىرىنىڭ ھال-كۆڭلىرىگە ھەممىنەپەس بولۇشماقتا ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىكى پارتىدا بولسا ئۆزۋاقتىدا بوي-تۇرقى ئەشۇلاردىن ئانچىلا پەرقلەنمەيدىغان، يەنى سىنىپتىكى بارلىق ئوغۇل باللارنىڭ كىچىكى بولغان ئىككى ئوغۇل ئولتۇراتتى. پارتىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى ئورۇنغا قارىغاندا تىلىۋالدىنىڭ قەلبىدىن ئاچچىق بىر ئاھ ئۇرغۇپ چىقىپ، ۋۇجۇدىنى توك سوققاندەك جىغىلدىتىۋەتتى، بۇ ئورۇننىڭ ئىگىسى ئەمدى مەڭگۈ بۇ يەرگە قايتىپ كېلەلمەيتتى.

تىلىۋالدىنىڭ دىققىتىنى تۇيۇقسىز ئىشىكنىڭ تاراقلىشى بۆلۈپ تاشلىدى. ئۇ ئۆزىنى خىيالدىن، كۆزىنى بايىقى بوش پارتىدىن يۇلۇپ ئېلىپ قارىدى، چوڭ، قىزىل تاشلىق يوقلىما دەپتەرنى قولتۇقلىغان، چاچلىرى ئاقارغان، يۈزىنى تەكشى قورۇق قاپلىغان، 21 يىل ئىلگىرىكى ئۆزىنىڭ سىنىپ تەربىيىچىسى ساۋاقداشلارغا شۇنچە تونۇش تەبەسسۇم بىلەن سىنىپقا كىرىپ كەلدى.

21 يىل ئىلگىرىكى سابىق ساۋاقداشلار ئۆزلىرىنىڭ ئىلگىرىكى سىنىپ تەربىيىچىسىنى كۆرۈپ ھاياجانغا چۆمۈلدى. تىلى-

ۋالدى سۆيۈملۈك ئۇستازىنىڭ قورۇقلاردىن خالتىلاشقان چىرا-
يىغا قارىغىنىچە ئالدىراپ ئورنىدىن تۇرۇپ، ھۆرمەت سالىمى
بەجا كەلتۈردى، ئۇنىڭ بىلەن تەڭلا بارلىق ساۋاقداشلار ئورۇن-
لىرىدىن تۇرۇپ ھۆرمەت سالىمىنى بەجا كەلتۈرۈشتى.

شۇ كېچىسى تىلىۋالدى يەنە نۇرغۇن-نۇرغۇن چۈشلەرنى،
رىئاللىق بىلەن غايىۋىلىكلەر ئارىلىشىپ كەتكەن چۈشلەرنى
كۆردى. چۈشلىرى بىر-بىرىدىن ئۆزگىچە، بىر-بىرىدىن قالايى-
مىقان ئىدى. ئەتىسى ئۇ كۆڭلى تولىمۇ مەيۇس ھالدا ئويغاندى
ۋە ئورۇن-كۆرپە ئۈستىدە بىر سائەتتەك خىيال سۈرۈپ ئولتۇ-
رۇپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ ساۋاقداشلار بىلەن جەم
بولۇش ھەققىدىكى ئارزۇسى بارا-بارا نەلەرگىدۇر سىڭىپ كەت-
تى.

## ”گېلى بار“ باشلىق

—سانائەت-قاتناش ئىدارىسىغا يېڭى مۇئاۋىن باشلىق كەپ-
تۇ،—فارفور زاۋۇتىنىڭ بوغالتىرى زاۋۇت باشلىقىنىڭ ئىشخا-
نىسىغا ئىتتىك كىرىپ، ھاسىراپ تۇرۇپ ئېيتتى. ئۇنىڭ تۇر-
قىدىن نېمىدىندۇر ئەنسىرەۋاتقانلىقى سېزىلىپ تۇراتتى. ئەمما،
زاۋۇت باشلىقى بۇ ئىشتىن ئالللىقاچان خەۋىرى بار ئادەمدەك
كۆزلىرىنى مىتمۇ قىلىپ قويماستىن سورىدى:

—ھە، كەلسە نېمە بوپتۇ؟

— دەل مالىيىگە مەسئۇل بوپتۇ!

— بولسا نېمە بوپتۇ؟

— ئاڭلىشىمچە، — بوغالتىر ئاۋازىنى سەل پەسەيتىپ ئېيتتى، — بىزنىڭ كوجاڭ ئاغىنىدىن ئاڭلىشىمچە، ئۇ كېلىپلا بىزنىڭ زاۋۇتنى تىلغا ئاپتۇمىش، ھېلىقى ئاكتا مالنىڭ پارىڭىنى قىپتۇمىش.

— ئۆزىڭىز شۇ باشلىقنى كۆرۈپ باقتىڭىزمۇ؟

— يا... ياق، — دېدى بوغالتىر نېمىشقىدۇر دۇدۇقلاپ، — ئىشخانىدىمىكىن-تاڭ، زاللاردا كۆرۈنمەيدۇ.

— كۆرۈنمىسە نېمە بوپتۇ؟ — زاۋۇت باشلىقى "نېمە بوپتۇ" دىن باشقىنى بىلمەيدىغاندەك يەنە تەكرارلىدى، — مەن دېمەكچىمەنكى، يېڭى باشلىقنىڭ گېپى بارمىكەن؟

— نېمە دېدىڭىز؟ — بوغالتىر چۈشەنمەستىن كۆزلىرىنى مىتىلداتتى.

— گېپى دەيمەن، — زاۋۇت باشلىقى ئالىقىنى بىلەن ئۆزىنىڭ كانىيىغا پوكۇلدىتىپ ئۇرۇپ قويدى، — ماۋۇ پوكىنىنى دەيمەن.

— با... باردۇر، ئادەم بولغاندىكىن، — بوغالتىر يەنە دۇدۇقلىدى.

— ئاپلا، چۈشەنمىدىڭىز —...زاۋۇت باشلىقى پۇشۇلداپ خورسىندى-دە، جوزىسىدا تۇرغان ئىستاكاندىن ھورى چىقىپ تۇرغان خۇش پۇراق چاينى سۇمۇرۇپ ئىچتى، كېيىن بوغالتىرنىڭ ئەندىشىلىك چىرايىغا كۈلۈمسىرەپ قارىدى، — خاتىرجەم بولۇڭ، گېپىلا بولسا، ھەممە ئىشنى ئەپلەيمىز. ھا-ھا-ھا...

زاۋۇت باشلىقىنىڭ بەھۇزۇر كۆلكىسى بوغالتىرنىڭ يۈرە-كىنى جايىغا چۈشۈردى بولغاي، ئۇمۇ كۈلۈمسىرىدى.

ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي، سانائەت-قاتناش ئىدارىسىغا يېڭى-دىن كەلگەن مالىيىگە مەسئۇل مۇئاۋىن باشلىق بىرنەچچە كىشى-نى ئەگەشتۈرۈپ فارفور زاۋۇتىدىكى بەزى كىشىلەر يۇقىرىغا ئىنكاس قىلغان ساق مالنى ئاكتا قىلىش خىيانەتچىلىكىنى تەك-شۈرۈشكە كىرىشتى. سۆھبەت يىغىنلىرى ئاچتى، شەخسلەر بىلەن ئايرىم پاراڭلاشتى. زاۋۇت باشلىقى بۇرۇنقىدەكلا ھا-ھا-لاپ كۈلۈپ قىزىقچىلىق قىلىپ، تەكشۈرگۈچىلەرگە ئارىلىشىپ يۈرۈۋەردى.

تەكشۈرۈش ئۈمىكى تەكشۈرۈشنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئىدا-رىغا قايتىدىغان كۈنى زاۋۇت باشلىقى ئۇلارنى ئۆيىگە "بىر پىيالە ھاردۇق چېيى" ئىچىشكە تەكلىپ قىلدى. ئۈمەك ئەزالىرى بۇ مېھماندارچىلىقتىن ئوڭايسىزلىق ۋە غەيرىيلىك ھېس قىلىش-تى. ئەمما، يېڭى كەلگەن مۇئاۋىن باشلىق ئويلىمىغان يەردىن چىقىپ، مېھمان بولۇشقا رازى بولدى.

— كۆردىڭىزمۇ؟— دېدى مېھمانلار ئۇزىغاندىن كېيىن زا-ۋۇت باشلىقى چىشلىرىنى كولاپ تۇرۇپ بوغالتىرغا،— "گېپى بارمىكەن؟" دەپ سورىسام، كۆزۈمگە قارايسىز تېخى. ئەنە، گېپىدىن ئۆتتىمۇ، ئىش پۈتتى... ھا-ھا-ھا...

— بۇ يېڭى باشلىق ئالامەت ئىچىدىغان ئادەمكەنا! —دېدى بوغالتىر ھەيران بولغاندەك،— بىزمۇ تېخى ئىچەلەيمىز، دەپ يۈرۈپتىكەنمىز. ئىشتىيىمۇ بار ئىكەن كاساپەتنىڭ-ھە؟ ھا-ھا-ھا،—زاۋۇت باشلىقى راھەتلىنىپ كۈلدى،— ئەمما، بۈگۈنكى

قازان كاۋىپىمۇ قالتىس نوچى بوپتىكەن.

ئاشۇ باياشات مېھماندارچىلىقتىن ئون كۈنچە ۋاقىت ئۆتكەندى، بوغالتىر زاۋۇت باشلىقىنىڭ ئىشخانىسىغا شاپاشلاپ كىرىپ، ھاسىراپ تۇرۇپ ئېيتتى:

— سانائەت-قاتناش ئىدارىسى ئەتە چوڭ يىغىن ئاچارمىش. ھېلىقى...

— ئاچسا نېمە بوپتۇ؟ — زاۋۇت باشلىقى پوشۇلداپ چاي سۇمۇرۇۋېتىپ بوغالتىرغا قادالدى.

— ھېلىقى... بىزنىڭ كوچاڭ ئاغىنىنىڭ دېيىشىچە، ھېلىقى ھېساباتلارنىڭ تەكشۈرۈشنىڭ نەتىجىسىنى ئېلان قىلىدىكەن.

— ئېلان قىلسا نېمە بوپتۇ؟ — زاۋۇت باشلىقى ئېرەنسىزلا ئېيتتى، — ئۇنداق چوڭ يىغىندىن كۆرمىگىنى كۆرگەن سەيدۇللىكىڭىز. تايىنلىق ئاشۇ ھېلىقى گېپى بار باشلىق سۆزلەيدۇ دەڭا، تۇرغانلا گەپ، ئۇنى خىرىلدايدۇ ئۇنىڭ، ھا-ھا-ھا...

ئەتىسى سانائەت-قاتناش ئىدارىسىدا ئۆزىگە قاراشلىق زاۋۇت-كارخانىلارنىڭ باشلىقلىرى، مالىيە خادىملىرى، ئىشچىلار ۋەكىللىرى قاتناشتۇرۇلغان يىغىن ئېچىلدى. يىغىندا ئىدارىنىڭ مالىيىگە مەسئۇل مۇئاۋىن باشلىقى فارفور زاۋۇتىدىكى ساق مالنى ئاكتا قىلىش ئىشىنى تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى ۋە بىرتەرەپ قىلىش چارىسىنى ئېلان قىلغاندا، فارفور زاۋۇتىنىڭ دائىم ھا-ھالاپ كۈلىدىغان باشلىقى ئاغزىنى ھاڭدەك ئېچىپ، قوللىرىنى دومباق قورسىقىغا قويۇپ، داڭقىيىپ ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ بېقىنىدا بولسا يىغىن قارارىدىنمۇ كۆپرەك باشلىقنىڭ شۇ تاپتىكى ھالىتىدىن چۆچۈگەن بوغالتىر ئۆزىمۇ

سەزمەستىن تۇۋەندىن يۇقىرىغا قاراپ باشلىقىغا تەلمۈرۈپ تۇراتـ
تى. بۇ ئىككىسىنىڭ شۇ تاپتىكى ھالىتى قەدىمكى يونان ئەپسانـ
ىلىرىغا ئاساسەن ئىشلەنگەن ھەيكەللەرنىڭ بىرىنى كىشىنىڭ
كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى.

## ئۈچ خىل جاۋاب

يېڭىلا پۈتكەن ئىدارە بىناسىنىڭ ئالدىدىكى گۈللۈكنىڭ
ئوتتۇرىسىغا ئىدارىنىڭ بىرىنچى قول باشلىقىنىڭ تەشەببۇسى
بويىچە ھەم ئېگىز، ھەم غەيرىي بىر ھەيكەل ياسالدى. ھەيكەل
پۈتكەننىڭ ئەتىسى بىرىنچى قول باشلىق پىلتېرلىق تاماكىسىـ
دىن قويۇق ئىس چىقارغىنىچە مۇئاۋىن باشلىقىنىڭ بۆلۈمىگە
كۈلۈمسىرەپ كىرىپ كەلدى.

—ھەيكەلنى كۆردىڭىزمۇ؟—سورىدى ئۇ پۈتۈن دىققىتىنى
گېزىتكە بەرگەن مۇئاۋىن باشلىقتىن،—قانداقراق بوپتۇ؟

مۇئاۋىن باشلىق بېشىنى ئارقا-ئارقىدىن لىڭشىتىپ جاۋاب
قايتۇردى:

—ئالامەت! ئالامەت بوپتۇ، سەنئەتكارلىققا لايىق ئىقتىداـ
رىڭىز بار ئىكەن جۇمۇڭ، يېڭىلىشىپلا سودا-سانائەت ساھەسىدە
...ھەي، ھەي، بۇ ھەيكەلدىكى نەپىسلىك، يوشۇرۇن مەنە،
ھەيۋەتلىك تۇس...زادى ئالامەت!

خىزمەتتىن چۈشكەن ئىدارىدىكى كادىرلاردىن بىر نەچچەـ

سى گۈللۈك ئالدىدا تۇرۇۋېلىپ، ھەيكەلنىڭ پارچىنى قىلىشىۋاتاتتى. ئاڭغىچە ئۇلاردىن بىرسى ۋېلىسىپىتىنى يېتىلەپ ماڭغان مۇئاۋىن باشلىقنى كۆرۈپ:

— باشلىق، — دەپ چاقىردى، — مۇنۇ ھەيكەل توغرىلىق باياتىن ھەركىم ئۆز تونۇشىنى ئېيتىۋاتىدۇ، سىزنىڭمۇ باھايىڭىزنى ئاڭلاپ قالمايلىمۇ؟

— مېنىڭ باھايىمنىمۇ؟ — مۇئاۋىن باشلىق شۇ پاراڭ بىلەن توپقا يېقىنلاشتى. بېشىنى ئۇزمەي لىڭشىتتى، — خەقلەر نېمە دېدى، ئۇقمايمەن، ئامما لېكىن مېنىڭ باھايىم بولەكچە...

— قانداق؟ قېنى قانداق؟ دەپ بېقىڭە، — كۆپچىلىك تۇشمۇتۇشتىن ئۇن قېتىشتى.

— مېنىڭچە بۇ ھەيكەل بىر تېتىقسىزلىق... نېمە بۇ؟! نېمىنىڭ شەكلى؟ نېمە دېمەكچى؟ قېنى ئۇنىڭدىكى سەنئەتكە خاس نەپىسلىك، قېنى ئۇنىڭدىكى يوشۇرۇن مەنە؟... بىر تېتىقسىزلىق!...

چۈشلۈك تاماق ئۈستىدە مۇئاۋىن باشلىقنىڭ ئايالى تۇساتتىن سوراپ قالدى:

— راستلا، گۈللۈكتىكى يېڭى ياسىغان ھەيكەل توغرىسىدا بۈگۈن بۆلۈملەردە نەق يېرىم كۈن پاراڭ بولدى. بىرسى قوپۇپ ئۇنداق دەيدۇ، يەنە بىرسى قوپۇپ مۇنداق دەيدۇ... سىزنىڭچە ئۇ ھەيكەل قانداقراق؟

مۇئاۋىن باشلىق ئاغزىغا يېقىن ئاپارغان چوكىنى ياندۇرۇپ تەخسىگە قويدى-دە، چەكچىيىپ ئايالىغا قارىدى. شۇ پېتى بىردەم قاراپ تۇردى، كېيىن، زوۋانىغا كەلدى:

—ھەيكەلنى دەمسىنا؟ جىڭ گەپنى قىلسام، شۇ ھەيكەلگە يېرىم سائەت قاراپ تۇرغاندىمەن، ئامىلىكىن ھېچنېمىنى چۈشەنمىدىم جۇمۇ…

## يۇيۇلۇش

سادىمجاننىڭ ”مۇكاپاتلىق پوچتا ئامانىتى“دە يۈز يۈەنلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلىكى ھەققىدىكى خەۋەر بىردەمدىلا ئۈچ قەۋەتلىك خىزمەت بىناسىنىڭ ھاجەتخانىلىرىغىچە يېتىپ باردى.

ھەقىقەتەن ئامەت دېگەن دۇنيادا بار نەرسىكەن جۇمۇ. مالىيە بۆلۈمىدىكى ئەرەنسىمان توپتوغرا 1000 يۈەنلىك چەك سېتىۋالغاندى، ئاقىۋەت ئېغىز-بۇرنىنى تۇتقىنىچە قالدى. لېكىن مۇنۇ خۇدانىڭ مۆمىنى سادىمجانغا قاراڭ، پۇرلىشىپ كەتكەن پارچە-پۇرات پۇللارنى جۇغلاپ بىر دانە چەك تارتىپتىكەن، ”ئامەت نەگە بارىسەن؟ دوقا ماڭلايغا“ دېگەندەك، لوڭڭىدە قىلىپ يېڭى چىققان كۆكۈمتۇل، ئەڭ چوڭ قەغەزدىن بىرسى ئۇچۇپلا كېلىپتۇ. شۇ پاراڭلارنى ئۆزئارا پىچىرلىشىپ، ھەس-ھەس بولۇشۇپ دېيىشىۋاتقان ئېغىزلارنىڭ تۆپىسىگە جايلاشقان كۆزلەر ئەمدىلىكتە ئالدىلىرىدىن ھەركۈنى كەم دېگەندە ئون قېتىم ئۆتىدىغان قاراۋۇل سادىمجاننىڭ غودۇر-بۇدۇر يۈزىگە خۇددى تۇنجى قېتىم چەت ئەللىكنى كۆرگەن ئادەملەردەك تىكىلىدىغان بولۇپ قالدى.

ئش شۇ تىكىلىشلەر بىلەن توگىسە مەيلىدىغۇ، سادىمجان مۇكاپات پۇلىنى پوچتىخانىدىن ئېلىپ كەلگەن كۈنى چۈشلۈكى خىزمەت بىناسىنىڭ قايسىدۇر بۆلۈمىدىن "سادىمنى يۇيىمىز" دېگەن بىر تەكلىپ ساداسى ئېتىلىپ چىقتى. "ھالۋا دېدىڭىز-مۇ؟" دېگەندەك، بۇ دانا تەكلىپ پەلەمپەيلەردىن ئۇچۇپ چىقىپ، ئۇچۇپ چۈشۈپ يۈرىدىغان بىر نەچچە ياشقا موك ياقتى. كىم بىرنېمە دېسە ھىجىيىپلا تۇرىدىغان سادىمجان "يۇيۇلۇش" ھەققىدىكى تەلەپنامىگە بېشىنى بېقىنىدا ئاچقۇچى بار تۆمۈر قوچاقنىڭ بېشىدەك ئىتتىك لىكىلداتتى. تەلەيگە يارىشا ئىدارىنىڭ بېقىنىدىلا ھازىرقى "ئىتنىڭ بېشىغا ئۇرسا ئاشپۇزۇل"لار-نىڭ بىرى جايلاشقانىدى. بىر بوتۇلكا ئاق ھاراق بىلەن بىردىن ئاش-سەيگە 30 يۈەن ئاران يەتتى. شۇنداقتىمۇ سادىمجان بىلەن قوشقاندا ئاشپۇزۇلدىن چىققان بەش ئادەمنىڭ بىر-ئىككىسى مەخمەل چىراي ۋە "يار سېنىڭ دەردىڭ— ئىككىنچى" ناخشىسى بىلەن قايتقانىدى.

ئەتىسى، تەبىئىيكى، ئاخشامقى "يۇيۇلۇش" ھېكايىسى مىڭبىر كېچە چۆچەكلىرىدەك قانات-قۇيرۇق چىقىرىپ يەنە ئۈچ قەۋەتلىك بىنانىڭ بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىغىچە تارالدى. بىر ئازدىن كېيىن ئۈچىنچى، ئىككىنچى قەۋەتتىكى گايىبىر بۆلۈملەرنىڭ ئىشىكلىرى ئېچىلىپ، بىرىنچى قەۋەتتىكى نۆۋەتچى بۆلۈمگە سەپەر قىلىدىغانلارنىڭ سانى ئاۋۇشقا باشلىدى. چۈشلۈك دەم ئېلىش ۋاقتىدا ھىجاق سادىمجان شالاڭ چاچلىرىنى تازىمۇ ھۆل-لەپ تارىۋېلىشقان، چاپانلىرىنى يېپىنچاقلىۋېلىپ، چېكىپ دەسسەپ ماڭىدىغان بىر توپ ئوتتۇرا ياش كادىرلارنىڭ قورشاۋىدا

تۇنۇگۇنكى كوم-كوم ئاشپۇزۇلغا كىرىپ كەتتى. ”يۇيغۇچى“لارنىڭ ئارىسىدا ئۇنىڭ بىۋاستە باشلىقى بولغاچقا ۋە بۇ سىدام چاپلار ئاخشامقىدەك شاتىرما، ”تىك تۇرما“چى ياشلارغا ئوخشىمىغاچقا، مۇكاپات پۇلىنىڭ توپتوغرا 50 يۇەننى خىراجەت قىلىشقا توغرا كەلدى.

ئىككى قېتىم يۇيۇلۇپ خېلىلا ”تاپتازا“ بولۇپ قالغان سادىمجاننىڭ ئەپتى ئۈچ قەۋەت بىنادىكى ئايال خىزمەتچىلەرگە يارىمىدى بولغاي، ئۇلارمۇ سادىمجاننى ئۆز قوللىرى بىلەن كېلىشتۇرۇپ بىر يۇيىۋەتمەكچى بولۇشتى. 50 يۇەننىڭ بېشىغا سۇ قۇيۇلغان كۇننىڭ چۇشتىن كېيىنلىكى 20 گە يېقىن ئايالنىڭ ۋەكىلى، ئاغزىدا پىلىموت ئاتىدىغان ماشىنىست جۇۋان نۆۋەتچى بۆلۇمنىڭ ئىشىكىنى پەۋقۇلئاددە هالدا چېكىپ، چۇشتىكى ئىككى رومكىدىن ئەمدىلا سەگەي دېگەن سادىمجانغا بىر پارچە ”ئۇلتىماتۇم“ تاپشۇردى. پاھ! ئاياللار قوشۇنى بىلەن جەڭ قىلىپ بەھىر ئالغىلى بولامدىغان! سادىمجان كۇچەپ ھىجىيىپ ”جىمىكى شەرتلەر“گە قوللۇق بىلدۇردى. يېرىم سائەتتىن كېيىن ھەربىر ئايالنىڭ يانچۇقىغا يوغان بىر سىقىمدىن ئالىي دەرىجىلىك ئېرىس كەمپۇتى كېلىپ چۇشتى. سادىمجاننىڭ 15 يۇەنى ھېلىقى ئاشپۇزۇلنىڭ نېرىسىدىكى يېمەك ماللار دۇكىنىنىڭ غەللىسىدە قېلىپ قالدى.

يەنە بىر كۇن ئۆتۇپ كەتتى. راسا كېلىشتۇرۇپ ئۈچ قېتىم يۇيۇلغان سادىمجان گوياكى بىر ئېغىر ۋەزىپىدىن خالاس تاپقاندەك يېنىكلىشىپ، سومكىسىدىكى بىر توپ ئالاقىنى شەھەر ئاربلاپ تارقىتىش مەقسىتىدە كوچىغا چىقتى. چىقتىيۇ، پۇتلىـ

-رى سىمونتلانغان يەرگە مىخلانغاندەك بولدى. چىرايىدىكى ئۆك-
سىمەس ھىجىيىش ئۆزىمۇ سەزمەي ئۇۋسىغا كىرىپ كەتتى.
ئۇنىڭ نەزىرى 20 قەدەم نېرىدىكى تۆت يىگىتنىڭ قەددىگە سانجى-
لىپ قالغانىدى.

—خوش ئاغىنە،—دېدى تۆت ئاغىنىنىڭ بىرى باشتىراق
يېقىنلاپ كېلىۋېتىپ،—بىزنىڭ هاراقنى ئىچىپ چىشلىرىڭىز
ساغىرىپ كەتتىمۇ، ئەجەب مۇكاپات ئالسىڭىز خەق سىزنى سو-
پۇنداپ يۇيىدىكىنا!—"ھەق گەپكە جىم تۇر" دېگەن ماقالنى
سادىمجان ئاڭلىمىغانىدى دەمسىز؟ ئۇ يەنە ھىجاي... دى، زورۇ-
قۇپقىنا ھىجايدى. مۇكاپاتتىن ئاشقان بەش يۈەن بار ئەمەسمى-
دى، ئۇنىڭغا تېخى بايىلا ئالغان مۇئاشتىن 20 يۈەن قوشۇلۇپ
تۆت ئاغىنىنى يولغا سېلىشقا ئارانلا ياردى.

"يۇيۇلۇش" شۇنىڭ بىلەنلا تۈگىمىدى. ئۈچ قەۋەت بىنادى-
كى كاماندىروپكىغا كېتىپ قايتىپ كەلگەنلەرنىڭ غەلۋىسى،
خوش خەۋەرنى ئاڭلاپ قالغان يىراق-يېقىندىكى ئاغىنە-ئۆڭگە-
لەرنىڭ پارچە-پۇرات جېدىلى، ئەيتاۋۇر "شورپىسىنىڭ شورپى-
سىنىڭ شورپىسى"غا دېگەندەك يۇيۇلۇشلارنىڭ قۇيرۇقى لەنتى
مۇكاپاتقا ئېرىشىپ ئىككى ھەپتىلەرگىچە ئۈزۈلمىدى. بۇ ۋاقىتقا
كەلگەندە بىزنىڭ مۇكاپاتلانغۇچى قەھرىمانىمىز سادىمجان تولا
يۇيۇلۇپ كىيگۈچىلىكى قالمىغان كۆك خادانى بۇرۇلكىغىلا ئوخ-
شاپ قالغانىدى.

# نازاكەت

ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ ئىختىساس ئىگىسى بولغانلارنىڭ تەجرىبە سۆزلەش يىغىنىغا بۈگۈن ئادەم مۆلچەردىكىدىنمۇ كۆپ كەلدى. ئادەتتە 200 ئادەم ئازادە سىغىدىغان كۇلۇبنىڭ ئىچى تىقما-تىقماق بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما كۇلۇبنىڭ قوش قاناتلىق بىردىنبىر ئىشىكىدىن كىرگۈچىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى.

دوكلاتنىڭ باشلىنىشىنى سەۋرسىزلىك بىلەن كۈتۈپ ئولتۇرغان يىغىن ئەھلىنىڭ بەزىلىرى كىتاب-ژۇرنال ئوقۇشسا، بەزىلىرى پاراڭغا چۈشكەنىدى. ئايرىملىرى بولسا بويۇنلىرىنى سوزۇشۇپ، قوش قاناتلىق ئىشىكتىن كىرىپ كېلىۋاتقان ھەربىر ”يېڭى كەلداخۇن“لارنى ئۆزلىرىچە باھالىشىپ ئولتۇرۇشاتتى. ئىشىكتىن باشتىن-ئاياغقىچە قىزىل كىيگەن، چىرايى ئاپئاق، بويى تال چىۋىقتەك ئەۋرىشىم، يوغان كۆزلىرى خۇمارلىق چاقناپ ئادەمنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە بەكرەك تارتىدىغان بىر قىز كېپىنەك شەكىللىك سومكىسىنىڭ بېغىنى نازاكەتلىك ھالدا ئويناتقىنىچە كۇلۇبقا كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ كىرىشى بىلەن زالدىكى پاراڭ پەسەيدى. قوش قاناتلىق ئىشىك تەرەپكە تىكىلگەن كۆزلەرنىڭ سانى كۆپەيدى…

— پاھ، ئاۋۇنىڭ سىياقىنى قاراڭ!

— دوكلات ئاڭلىغىلى كەلگەنمىدۇ، يا ئۇقۇشماي تانسا دەپ...

— پاھ، بۇ چىرايلىق نەدە ئىشلەيدىغاندۇ!

قىزىل كىيىم كىيگەن چىرايلىق قىز زالدىكى كۇسۇرلاشلاردىن بىر ئاز ئوڭايسىزلىنىپ ئادەم ماڭمىدىغان تار يولدا توختاپ قالدى. سومكىسىنىڭ ئىنچىكە، ئۇزۇن بېغىنى بارماقلىرىغا يۆگەپ ئەتراپقا ئەنسىز نەزەر تاشلىدى. ئەمدى ئۇنىڭ ھەددىدىن زىيادە ئاق يۈزى ئاستا-ئاستا قىزىرىپ، بارغانسېرى ئۇچىسىدىكى كىيىملىرىنىڭ رەڭگىگە كىرمەكتە ئىدى. شۇ پەيتتە تۇيۇقسىزلا كۇلۇب سەھنىسى تەرەپتىن بىر ئەر كىشىنىڭ سالماق ئاۋازى ئاڭلاندى:

— يولداشلار، دوكلات يىغىنىمىزنى باشلايمىز! ھازىر ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ ئىختىساس ئىگىسى بولغان ياش ياردەمچى ئىنژېنېر يولداش نازاكەتنى دوكلات بېرىشكە تەكلىپ قىلىمىز.

يىغىن ئەھلىنىڭ نەزىرى بىردىنلا رەئىس سەھنىسىگە ئاغدۇرۇلدى. شۇ دەقىقە كۇلۇب ئىچىنى ئاۋۋال تىمتاسلىق، ئاندىن دولقۇنلۇق شۇۋىرلاش قاپلىدى...رەئىس سەھنىسىدە دوكلاتچىنىڭ ئورنىدا باشتىن ئاياغقىچە قىپقىزىل كىيىم كىيگەن، چىرايى ئاپئاق، بويى تال چىۋىقتەك ئەۋرىشىم بىر قىز سومكىسىدىن دوكلات تېزىسىنى ئېلىۋاتاتتى.

# نەزىر كۆلكىسى

توي كۆلكىسىنى ئاڭلىغان كىشىلەر كۆرمىگەن بولسا كې-
رەك، لېكىن، نەزىر كۆلكىسىنى ئاڭلىغانلاردىن نەچچىسى بار-
كىن؟ مەن بۈگۈن شۇنداق بىر كۆلكىنى ئاڭلىدىم.

يېقىن ئاغىنەمنىڭ ئاتىسى پانىيدىن باقىغا رىھلەت قىلغان-
نىڭ ئالتىنچى كۈنى ئەل-يۇرتقا مەرھۇمنىڭ كاتتا يەتتە نەزىرى
بېرىلدى. يەكشەنبە كۈنى بولغاچقا كېلىدىغانلارنىڭ ئاخىرى ئا-
ياللارنىڭ چاقىرىلغان ۋاقتىغىچە سوزۇلغىلى تاسلا قالدى. ناھا-
يەت، سائەت ئون بىردىن سەل ئاشقاندا، ئەتىگەننىڭياقى پۈت-
قولى يەرگە تەگمەي خىزمەت قىلغان بىزدەك خالىس خىزمەتكار-
لار نەزىر مېھمانلىرىدىن بوشىغان، كۆرپىلىرى يۆرلىشىپ،
كىگىزلىرى ئۈستىگە لاي پارچىلىرى، توپىلىق ئاياغ ئىزلىرى،
گۈرۈچ دانلىرى، كەمپۈت قەغەزلىرى چېچىلغان ئۆيلەرنىڭ بى-
رىدە سورۇن تۈزۈشۈپ ئولتۇرۇپ، ئەمدىلا بىر-بىرىمىزنى
”ئال، باق“قا زورلىشىۋاتقىنىمىزدا بوسۇغىدىن ئىككى مېھمان-
نىڭ ”ئەسسالامۇئەلەيكۇم“ى ئاڭلىنىپ قالدى. سوۋۇپ قالغان
پولۇدىن قوللىرىمىزنى تارتىشتۇق. ھازا ئىگىلىرىدىن بىرى
دەررۇ سىرتقا قاراپ يۈگۈردى.

دەم ئۆتمەستىن كىرىپ كەلگەن مېھمانلارنىڭ ھۆرمەت-شە-

رىپىگە گۆررىدە ئورۇنلىرىمىزدىن تۇرۇشتۇق. مېھمانلار كۆپ تۇزۇت قىلماستىنلا تۆرگە جايلاشتى. بەش مىنۇتتىن كېيىن بۇ ئىككى ئاخىرقى مېھمان بىز بىلەن تەڭ پولۇغا مۇراجىئەت قىلىشنى باشلىۋەتتى.

—شۇنداق قىلىپ، بۇرادىرىمىز ئابلا سىدىقمۇ چىدىماس چىقىپ قالدى،—دېدى مېھمانلاردىن پاكار بويلۇقراق، كەپكىسىدىن شىبلىتىغىچە كەرەشنىۋايلاشقان، بېشى قاڭتۇرۇلغان ئاتتەك كەينىگە تارتىلىپ تۇرىدىغىنى، قارىماققا ئۇ 50 نىڭ قارىسىنى ئېلىپ قالغان ئادەم بولسىمۇ، يىگىتلىكتىن ھېلىمۇ تامايى باردەك قىلاتتى.

—قانداق دەيسىلەر رەھمەت كېرىم ئاداش؟—دېدى ئېگىز بويلۇق، ۋاقىتسىز سەمىرىپ كەتكەن ئىككىنچى مېھمان كۆرۈنۇشىدىن ئۇنىڭ ئاۋۇ كەرەشنىۋاي شېرىكىدەك ”ھۆكۈمەت خادىمى“ ئەمەسلىكى، ئەمما خېلىلا ھاللىق بىر ئوقەتچى ئىكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى،—ئۆلگەن ئادەمنى تىللىماڭلار جۇمۇ!

—تىللىماي!—دېدى كەرەشنىۋاي خۇددى ھەر سەكرىشىدە بىر مولۇق يەردىن ئاتلاپ كېتىدىغان، چىرىلدىسا ئۇنى ھەشكە يېتىدىغان بېنەم چېكەتكىسىدەك ئېتىلىپ قاراپ،—بىزدەك ئاغىنىلىرىنى تاشلىۋېتىپ، بالدۇر قارا دۆڭگە چىقىۋالغاندىن كېيىن ”چىدىماس“ دەيمىز-دە. خە-خە-خە...

نېمىشقىدۇر، ئاغزىمغا ئاپارغان بىر كاپام ئاشنى توختىتىپ تۇرۇپ، ئاغىنەمگە—مەرھۇمنىڭ ئىككىنچى ئوغلىغا قارىدىم، ئۇ ھۆرمەتتىن تولىراق قىسىلغاندەك كۆرۈنۇشتە يەرگە قاراپ ئولتۇراتتى. بەللىرىدىن تېخى بايىلا ئاقلىرى ئېلىنغان

باشقا بىر نەچچە هازىدار بولسا ئەجەبلىنىپ يەر تېگىدىن بىر-بىرىگە قاراشماقتا ئىدى.

—شۇنداق قىلىپ، ئابلاۋاي شۇ ئۆلۈپ كەتكەنچە كەتتى دەڭلا،—دېدى كەرەشنىۋاي مايلىشاڭغۇ چىرايىغا تەسۋىرلىگۈسىز بىر خىل چوڭچىلىق كۈلكىسىنى يامرىتىپ،—ئاداش، سىلەر كوچىدا قېپقالساڭلار تەنقىدلەيدىغان ئادەم يوق-تە ئەمدى؟! خە-خە-خە...

—باشقا گەپنى قىلايلى باشلىق، باشقا گەپنى!—دېدى ئىككىنچى مېھمان ئۆزىنىڭ ئەيىبى ھەققىدىكى پاراڭدىن سەل قىسىلغاندەك بولۇپ،—راستلا، بۇ قېتىم ئىچكىرىگە بېرىپ كەپسىلە-ھە؟

—ھە، تولا بېرىپ قوغۇنلۇقنىڭ يولى قىلىۋەتكەن يەرلەرغۇ ئۇ،—كەرەشنىۋاي سورۇن ئەھلىگە نازارەتچىدەك تەكشى نەزەر تاشلاپ چىقىپ، گېپىنى داۋاملاشتۇردى،—فۇجۇنىڭ داڭلىق ھارىقىدىن سىلەرنىڭ سالامەتلىكىڭلارغا ئاتاپ ئىككى رومكا ئىچىپ قويدۇم. قانداق بوپتۇ؟ خە-خە-خە...

—مۇشۇ كۈلكەڭلارنىڭ پەيزى بار جۇمۇ باشلىق،—ئىككىنچى مېھمان كەرەشنىۋاينىڭ كۈلكىسىگە مەستلىكى كەلگەندەك ئۆزىمۇ ئەلۋەككىنە ھىجىيىپ، ئىككى يېنىغا قىمدالدى،—مۇشۇ كۈلكەڭلەرگە "پۇچۇ" دېدىڭلارما؟... ئاشۇ يەردىكىلەرمۇ ھەيران قالغاندۇر تايىنلىق؟

—"فۇجۇ" دەڭلا... ھەيران قالماي!—دېدى كەرەشنىۋاي ئاغزىغا ئاتقان كەڭرى لوقمىدىن قوۋۇزلىرى كۆپۈپ كەتكەن بولسىمۇ چاقچاقتىن قالماي،—بىزنىڭ بۇ كۈلكە دېگەن ئىلىخو-

دا بىر كۆلكە دەڭلا هامۇتاخۇن ئاداش. خە-خە-خە...

يەر ئاستىدىن بىر-بىرىگە قاراش، تەئەججۇپلىنىش، ئە-ما-ئىشارەت قىلىشلار ئەمدى سورۇندىكى ھەممەيلەنگە ئورتاقلا-شقاندى. ئۆزۈمدىن بىر ئادەم نېرىدىلا ئولتۇرغان غەلىتە كۆلكە ئىگىسىگە خېلىلا ئۆچمەنلىك نەزىرىمنى تىكىپ ياندىن دەممۇ دەم قاراپ قوياتتىم. كەرەشىنۋاي بولسا سورۇندىكى ھېچكىمنىڭ تەلەتىگە قاراپ قويماي ھامۇتاخۇن ئىسىملىك ھېلىقى شېرىكىگە ھەدەپ چاقچاق قىلاتتى.

—ھامۇتاخۇن ئاداش، يېقىنىنقىياقى ئوقىتىڭلار ئاتەشتەك مېڭىۋاتقاندۇر-ھە؟ ئۆزەڭلارغۇ كورۇك توخۇ تۇخۇمىنى قىزغاندە-غاندەك، تاپقان پايداڭلارنى زادىلا ئاشكارا قىلمايسىلەر. ھەر نېمە بولسا زاكىتىنى ئايرىپ...مۇنداق-ھە...خە-خە-خە...

—نېمە پايدا بولىدۇ دەيسىلەر رەھمەت كېرىم بۇرادەر، — دېدى ھامۇتاخۇن بىر پارچە گۆشنى تارتىقۇشلاپ يالماۋې-تىپ، —ئاتام ئېيتقان بايىقى شۇ...ئاممىلېكىن بىزنىڭ تاپقان بالاچە پايدىمىز سىلەرنىڭ مەنسىپىڭلارنىڭ قىرىغا ياندىشالماي-دۇ-دە، راستىلا، يېقىندا يەنە بىر ئىدارىگە ئالماشتىڭلىمۇ قاذ-داق؟ ئۆسكەنسىلەر؟

—ئۆسمىسەكمۇ چۈشمىدۇق، —دېدى كەرەشىنۋاي كەپكى-سىنىڭ دەل چوققىسىنى دېگۈدەك ئارقىسىدىكى تامغا تەگكۈزۈپ غادىيىپ، —بەزىلەر تېخى: ئۆزى بۇرۇن ئىشلىگەن ئىدارىنىڭ قارىمىقىدىكى شىركەتكە باردى، دېگۈدەك. نېمىنى بىلىدۇ، ئاكىسى يەنىلا شەنتۇەنجى...

—شەنتەنجاڭلار نېمىسى؟ —ھامۇتاخۇن تىزىغا قويۇلغان

ئوڭ قولىنىڭ مايلىق بارماقلىرىنى بەشلىك ئارىدەك كېرىپ، چىشلىرىنىڭ ئارىسىنى شۇمگىنىچە سورىدى.

—ناھىيە دەرىجىلىك دېگەن گەپ. ھە…ھىم، يەنە شۇ ھاكىم دەرىجىلىك…يەنىلا كىمسەن؟ رەجىڭلىمەن. خە-خە-خە…

كېچىكىپ كەلگەن مېھمانلارنىڭ سۆھبىتىدىن ئاجايىپ تە-سىراتلارغا ئىگە بولغان سورۇنىمىز ئەھلى ئاخىرقى قول چايقى-لىپ بولۇشى بىلەنلا ئالدىرىشىپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى.

مېھماننىڭ ھۆرمىتى ئۇلۇغ. نەزىر ئىگىلىرى قاتارىدا مەن-مۇ كەرەشنىۋاي بىلەن ھامۇتاخۇننى دەرۋازا ئالدىغىچە ئۇزىتىپ چىقتىم.

—سائىتىڭلار قانچە بولۇپ كەتتى باشلىق؟—دەپ سورىدى ھامۇتاخۇن دەرۋازا ئالدىدا توختاپ، بىز بىلەن خەيرلىشىش ئورنىغا كەرەشنىۋايغا ھېجىيىپ قاراپ. كەرەشنىۋاي كالتە قول-لىرىنى يىراقتىن غۇلاچلىتىپ ئەكىلىپ كۆزى ئالدىدا تو-خ-تاتتى-دە، ئىككى بارمىقى بىلەن يېڭىنى سالاپەتلىك قايرىپ، بىلىكىگە تىكىلدى.

—يازلىق ۋاقىت سەل كەم بىر.

—يائاللا، تاسلا قاپتۇق-تە ئايالىلارنىڭ دەستۇر خېنىغىمۇ داخىل بولغىلى…يازلىق ۋاقىت دېگىنىڭلار نېمە ئۇ؟

—خە-خە-خە! …—كەرەشنىۋاي ئۇزاش ئالدىدا نەزىرگە بېغىشلانغان كۆلكىسىنى يەنە بىر قېتىم ياڭراتتى،—يازلىق ۋاقىت دېگەن خەلقئارالىق بىر ئاتالغۇ…بۇ پۇتۇنلەي شەرقىي مىدىريان (مېردىئان دېمەكچى) بىلەن شىمالىي مىدىريان ئوت-

تۇرىسىدىكى...خە-خە-خە! ...

ھازىدارلار ئىككى مېھماننىڭ تۇگىمەس بۇ تېتىقسىز "خە-خە..."لىرىدىن ئۇخلىيالمايسىزلىنىپ ئارقىغا قايتىشتى.

نەزىر-چىراغلاردا قانداق پاراڭلارنى قىلىش، ئۆزىنى قانداق تۇتۇش ھەققىدە بىزدە رەسمىي بىر قائىدە-مىزانغۇ يوق. بىراق، مەن ئويلايمەن: مۇسىبەت ئۇستىدە چاقچاقلىشىدىغان، مەنمەنلىك قىلىپ ئۆزىنى كۆرسىتىدىغان، مەنسەپخۇمارلىقىنى ئاشكارىلايدىغان، خەقنىڭ غەيۋىتىنى قىلىدىغان ئىشلار بىلەن ئەمەس، نەزىرى بېرىلىۋاتقان مەرھۇمنىڭ ئەسلىمىلىرى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش پايدىلىق سۆھبەتلەر بىلەن نەزىر پولۇسى يېيىلسە تولىمۇ ياخشى بولاتتى. ئۇقمىدىم، بۇنىڭغا ھېلىقىدەك "نەزىر قىزىقچىلىرى" نېمە دېيىشەركىن؟...

## ماختىنىشنى بىلمەيدىغان ئايال

بۇشۇك تويىدا، ھېچكىم ھېچكىمنىڭ گېپىنى ئاڭلىمايۋاتقان ۋە ھېچكىم ھېچكىمنىڭ گېپىگە قۇلاق بەرمەيۋاتقان 40 چە ئايال ئولتۇرغان يان ئۆيدە چىرايى تېگى-تېگىدىن كۆكىرىپ تۇرغان بىر ئايال پەتنۇسدىشىنىڭ تىزىغا نوقۇپ تۇرۇپ مۇنداق دەۋاتاتتى:

—ۋىيەي جېنىم قېرىندىشىم، قويسىلا ئۇ خوتۇننىڭ ماختانچاقلىقىنى، مانا مەن تازا ئوبدان بىلمەنغۇ، نېمىسىگە شۇن-

چىلا ماختىنىدىكىنتالىڭ ئۇ؟ قۇلىقىدا ئاتىنىڭ تاقىسىدەك جا
ھالقا، ھەئە، ئۆلەيمۇ، ئۆچەيمۇ ماختانغىنىغا، سىلىنىڭ ئورۇن-
لىرىدا مەن بولغان بولسام، تازا تويغۇزۇپ قوياتتىم ئۇ دامغور-
نى، ھەئە! بالىسى داشۆگە ماڭسىمۇ ماختىنامدۇي؟، توۋا،
بەزىبىر خەقلەرگە كۈلگۈم كېلىدۇ...ھوي، ماختىنىش توغرا
كەلسىچۇ، مانا بىز ماختانساق يارىشىدۇ. ھەئە، نېمىشكە، بىز
نومۇسنى بىلىمىز، ماختانمايمىز. بولمىسا بىز ئۇنىڭغا ئوخشاش
قورساقنى قىسماققا ئېلىپ قويۇپ، مېھماندارچىلىق توپلىرىغا
ياماق چاپلىتىپ كىيىپ يۈرۈپ بالىمىزنى ئوقۇتقىنىمىز يوق.
بىزنىڭ بالىلىرىمىز ئوقۇمىغان بىلەنچۇ، ئۇنىڭ بالىسى كۆرمە-
گەن يەرلەرنى قوغۇنلۇقنىڭ يولى قىلىپ، ئوقەت بىلەن پۇلنى
پۇلغا چېقىۋاتىدۇ، ھەئە. بىز ماختىنىشنى بىلمىگەچكە، شۇن-
چىلا پاراڭلارنى بىرسىگە چىش يېرىپ دەپباقمىدۇق. تېخى ئۇ
خوتۇن ئاشۇ كىچىك بالا قاتتىقراق چىڭقالسا يەتكۈدەك بەردىكى
ئۇرۇمچىگە بېرىپ كىتاب غاجىلىغىلى ماڭغانغا شۇنچىلا ماختان-
دىما؟ ۋىيەي جېنىم قېرىنداشىم، راستىنى ئېيتسام گايىبىر
ئادەملەر نومۇس قىلمايلا يوقىلاڭ بىر ئىشلارغا ماختىنىدىكەن.
بىز ماختانمايمىز، ئەگەرچەندە ماختانساق، بىزگە يارىشىدۇ دې-
سىلە. بولمىسا دېگەن قارىسىلا، بىزنىڭ ئۆيدىكى توقچىلىق،
ئىسراپچىلىققا نېمە توغرا كېلىدۇ دەيدىلا، تۆت ئېغىز ئۆيۈمنىڭ
تام-تورۇسلىرىغىچە قىپقىزىل گىلەم دېسىلە، ھەئە! ساپا-ماپا،
گەردىرۇپ-پەردىرۇپ دېگەنلەرغۇ بايىقىلا پاراڭ، ھەئە...خەپ
جېنىم قېرىنداشىم، سىلە بىر بارمىدىلىغۇ بىزنىڭ ئۆيگە،
ئۆتكەندە تويىنىڭ باغىقى بارمىدى دەمدىلا؟ ئەزىبىرايى يازغان،

تەگمەپتۇ قارىسىلا. بىر كۈنى ئالاھىتەن بېرىپ بىر ئولتۇرۇپ كەلسىلىرا، شۇ چاغدا كۆزلىرى بىلەن كۆرۈپ ”راست، قۇن-دۇزخان ھېلىمۇ ماختانماپتۇ“دەپ قالىدىلا، ھەئە، ۋىيەي جېنىم قېرىندىشىم، ئاشۇنداق بەزى ماختانچاق ئايالىلارغا غىجىقىم كې-لىدۇ. بالىسى ئون يىل ئوقۇپ، يەنە بەش يىل ئوقۇغىلى ماڭسىمۇ ماختىنىدىكىنا، توۋا! بىر پۈتى گۆرگە ساڭگىلىغىچە ئوقۇپ، نەگىمۇ بارار دەيمەن؟ مانا مەن ماختانمايمەن، بىزنىڭ ئىككى ئوغۇل ئىسمىنى سۈگاشتۇرۇپ يازغىنى بىلەن، بىرشە-ھەرنىڭ بانكىسىدىكى پۇلنىڭ ھېسابىنى بۇدۇڭتەي قىلىدۇ دې-سىلە. سادىغاڭ كېتەي باللىرىم، دادىسىنىڭ كەينىدە يۈرۈپ، پېكىدەك تۇرۇپلا ئوقەتنىڭ پېشىنى تۇتتى ئەمەسمۇ! سىلىگە ماختانماستىن ئېيتىپ بەرسەم، بىر پۇڭ پۇلنىڭ يېنىدىن ئىك-كى-ئۈچ چۆگىلەپ ئۆتۈپلا، ئون كوي قىلالايدۇ دېسىلە مېنىڭ باللىرىم، ھەئە! ۋىيەي جېنىم قېرىندىشىم، سىلە بىلەن بىز بېشىمىز ئاسمانغا تاقىشىپ كەتسىمۇ ماختىنىشنى بىلمەيدىكەن-مىز، توغرىسى، ماختىنالمايدىكەنمىز. بولمىسا ئۆزلىرى كۆ-رۈۋاتىدىلا، توي-تۆكۈن، نەزىر-چىراغ…نەگىلا بارسام جايىم تۆردە، قولتۇقۇم دۆڭ. بىرھەپتىدە يەتتە كۈن مېھماندارچىلىققا بارسام، بۈگۈن كىيگەن كۆڭلەكنى ئەتىسى ئۈچامغا ساپمايمەن، ھەئە! ئۆزلىرى بىلىدىلىغۇ بايىقى ماختانچاقنى، قاچان قارىسىلا ئۈچىسىدا ئاشۇ ئالما ئۇرۇقى رەڭلىك كۆڭلەك بىلەن توخۇ كۆزلۈك كۆڭلەك… ئۇمۇ ئۆڭۈپ كەتكەن تېخى! مەن بىلگەندىن تارتىپ كاماك، ياش ۋاقتىدىمۇ شۇنداق ئۆتتى بايقۇش. ئالتۇن چىش ئەمەس، ئادەتتىكى ئاق چىشنى سالغۇزىۋالىدىغانغىمۇ چە-

قىنالمىدىغۇ ئۇ، ھەئە! يەنە ماختىنارمىش…مانا گەپكە ئاغزىم-نى ھەر ئاچسام، ئۆزلىرى بىر كۆرىدىلا، مۇشۇ تۆت ئالتۇن چىشمنى رەھمەتلىك دادام كېرىم كەمسىيۇن ئۆز ۋاقتىدا ساق چىشلىرىمنىڭ تۆپىسىگە قاپلىتىپ بەرگەن قارىسىلا! بىزچۇ، ماختىنىشنى ئۇقمايمىز، ئەگەرچەندە ماختىنىمىز دېسەك بارغۇ، خەقلەر ئالدىمىزدا يىپ ئېشىپ بېرەلمەيدۇ، توۋا خۇدايىم، توۋا، بالىسى بەش يىل پۇل بۇزۇپ-چاچقىلى ماڭسىمۇ ماختىنىدىكەنە؟ ھەي بىچارە، ھەي بىچارە، قانداق قىلسۇن ماختىنىدىغان باشقا نەرسىسى بولمىسا، ھەئە…

ماختىنىشنى زادىلا بىلمەيدىغان ھېلىقى ئايال پەتنۇسىدىشىنىڭ تىزىغا ئۇزمەي نوقۇپ تۇرۇپ، ئالتۇن چىشلىق ئاغزىدىن يەنە نۇرغۇن-نۇرغۇن سۆزلەرنى تۆكتى.

1988-يىل 26-ئاۋغۇست

## پوچتىخانىدىن ئىزدەڭ

ھەممە بالا بۇنىڭدىن بىر يىل ئىلگىرى باشلاندى. ئاشۇ بالالىق كۈنى، كىچىك بولسىمۇ ئازادە يېزىقخانامدا تارىخي پوۋېستىمنىڭ پېرسوناژلىرىنى باياندا سېپلىدىكى جەڭگە باشلاپ كېتىۋاتاتتىم، ئىشىكنىڭ ئەنسىز تاقىلدىشى مېنى باش قەھرىمانىمدىن ئايرىپ تاشلىدى.

—سىزگە بىر ئىلتىماسىم بار ئىدى، — دېدى ئىشىكتىن كىرىۋېتىپلا مۇددىئاسىنى بايان قىلغان ئاغىنەم سەنجەر، —

ھەرگىز ياق دېمىسىڭىز ئاداش، چۈنكى بۇ ئىلتىماسىمنى پۈتۈنلەي چىققۇدەك ئادا قىلىشقا نە مەنسەپنىڭ، نە پۇلنىڭ كۈچى يەتمەيدۇ، ئۇنى پەقەت سىزلا كۆڭۈلدىكىدەك بەجا كەلتۈرەلەيسىز!

— خوپ تەقسىر، قۇلىقىم سىزدە! — دېدىم كۆلۈمسىرىگىنىمچە، ئاغىنەمگە دائىملىق چاقچىقىمنى ئىشلىتىپ، بىراق ئۇ بۇ قېتىم كۈلمىدى.

— ئىلتىماسىم شۇكى، — دېدى ئۇ كرېسلوغا پېتىپ جايلىشىۋېتىپ قەتئىيەت بىلەن، — بىر ئەللامىدىن ناھەق تاياق يەپ قالدىم. تۇتۇشاي دېسەم، غوجا تېمى كۈچلۈك كاساپەتنىڭ، شۇنى بىر ئەدەپلەپ بەرمەمسىز، سادىغاڭ كېتەي!

جىمىقىپ كەتتىم. بېرىپ-بېرىپ ئەمدى قىلمىغان شۇ ئىشىم قاپتىكەن، ئارامىمنى بۇزۇپ...

— بەك ھاجەتمۇ؟ — دېدىم ئاخىر زۇۋانغا كىرىپ، سەۋەبى، سەنجەر ھەزرەتنىڭ ئۆزىمۇ ھېسابلاشمىسا بولمايدىغان ئادەملەردىن ئىدى. بۇ توغرىسىدا سىزگە ”رامىزان“ ئېيتمايلا قوياي.

— پېقىرنىڭىز بىھاجەت ئىشقا ئەزەلدىن قۇتلۇق ۋاقتىنى زايە قىلغان ئەمەس، بىلىسىز، — دېدى سەنجەر يوغان قورسىقىغا ئالماپ قويۇلغان قوللىرىنىڭ باشمالتاقلىرىنى لىككىلدىتىپ، — خوپ، سىزگە بېسىم ئىشلەتكەندەك پاراڭ بولمىسۇن، ئاۋۋال ھېكايىنى ئاڭلاپ بېقىڭ، ئاندىن كېيىن... باققالچىسىغا ئېيتقاندەك ”تاتلىق بولمىسا بەرمەيسىز!“

ئاڭلاشقا توغرا كەلدى.

يازغۇچىنى ساز قىلىشقا ماھىر سەنجەر بەگدىن ئۆرگىلەي،

ئۇنىڭ قالتىس قاملاشتۇرۇپ ئېيتقان ھېكايىسى نازۇك ئەسەبلىرىمنى بىر مىنۇتتىلا ۋەيران قىلىپ تاشلىدى. نەپسانىيەتچىلىك يولىدا ئادەمگە خەيلى قىلىشتىن يانمايدىغان ئاشۇنداق مىتە ئەمەلدارلار… خەپ، چاۋىسىنى چىتقا يايىمىمۇ!

سەنجەر ئاغىنەمنىڭ تەشەككۇرى، كىتابخانلارنىڭ يېڭى ھېكايەمدىن ئالغان تەسىراتلىرىنىڭ بارىكاللىلىرىدىن ئازاد بولۇپ، ھېلىقى تارىخىي پوۋېستىمدىكى پېرسوناژلىرىم بىلەن ئەمدىلا باياندايى سېپىلىغا يامىششىمغا كىچىك بولسىمۇ ئازادە ياسالغان يېزىقخانامنىڭ ئىشىكى يەنە بىر قېتىم ئەدنىسىز تاقىلدىدى. بۇ قېتىم ئالدىمدا كوچىدا كۆرۈشسەك باش لىڭشىتىپ ئۆتۈپ كېتىدىغان بىر مويسىپىت تۇراتتى. مېھمان نامى ئۇلۇغ-دە! دەرھال ئەلۋەك كۆلكە بىلەن چوڭ-چوڭ يازغۇچىلارنىڭ مۇبارەك يانپاشلىرى تالاي قېتىم تەگكەن كرېسلوغا ئۇنى تەكلىپ قىلدىم. پاتىھەدىن كېيىن مېھمان ھېلىقى ”سەنجەر قىساسى“غا ئائىت ھېكايەمنى ماختاپ كەتتى.

مويسىپىت ماختاشنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقاندا مېنى يايراپ ئولتۇردى دەمسىلەر؟ ياقەي، قورۇنۇپ، تەشۋىشلىنىپ ئولتۇردۇم. دەرس تۈگىمەستىن تۇرۇپلا ھاجىتى قىستاپ كەتكەن ئوقۇغۇچى پارتىدا ئەنە شۇنداق ئولتۇرىدىغان.

— تولىمۇ قىممەتلىك ۋاقتىڭىزنى زايە قىلىشقا جۈرئەت قىلىپ كىرىپ قېلىشىمنىڭ سەۋەبى شۇكى، — دېدى مويسىپىت خوللاس كالام، — پېقىرنىڭ ئاجىزانە بېشىغىمۇ ئەنە شۇنداق بىر… ئاخىرىنى ئېيتمايمەن، ياق، ئېيتالمايمەن!

ئەمىسە ھېلىقى ”ئۇن يىلغىچە ئەمەلىيلەشمىگەن سىياسەت“

ھەققىدىكى بىگىز تىللىق ھېكايەڭنى نېمىشقا يازدىڭ دەمسىز؟ يەنە شۇ نازۇك ئەسەرلەرنىڭ پارتلىشى بولمامدۇ. يازغۇچى ئۆز دەۋرىنىڭ بارومېترىغۇ!

تېخى مەن باياندىكى سېپىلى ھەققىدە ئويلاپ ئۇلگۇرمەيلا ئىشىك ئۇچىنچى قېتىم تاقىلدىدى. بۇ قېتىم بوسۇغامدا پۈتۈنلەي ناتونۇش بىر ئادەم تۇراتتى، يەنە كېلىپ ئۇ تولىمۇ نازىنىن، غەمكىن بىر قىز ئىدى. كەچمىشلىرىنى ئاڭلىدىم، تەڭ ئۇھ تارتتىم، قىزىشىپ سۆزلەپ-سۆزلەپ كەتتىم. كېيىن ئەلۋەتتە يازدىم!

ئەنە شۇندىن كېيىن نەق بىر يىل ئۆتتى. ئىشىكىمنىڭ تاقىلداشلىرى كۆپەيدى. مەن تونۇيدىغان ئادەممۇ كېلىدۇ، تونۇمايدىغان ئادەممۇ، ھەتتا بەزىلىرىنى مېنى تونۇيدىغانلار ”ئىككىلىك باغاق“ بىلەن ئەۋەتىدۇ. ھەممىسىلا بىرەرسىدىن رەنجىگەن، بىر ئىشنى ھەل قىلالمىغان، ئىشقىلىپ بىر قورساق كۆپۈكى بار ئادەملەر. ھەممىسىلا مېنىڭ كېلىشتۈرۈپ بىر ھېكايە يېزىپ، نامى كاتتىراق بىرەر گېزىت-ژۇرنالدا ئېلان قىلىپ، پۇخادىن چىقىرىپ قويۇشۇمنى ئۆتۈنىدۇ، سورايدۇ، تەلەپ قىلىدۇ، ھەتتا···بۇيرۇيدۇ!

ھېلىقى تارىخىي پوۋېستىمنى دەمسىز؟! ھەئە، ئۇ قۇتلۇق، قالتىس ئىستىقباللىق، نادىر ئەسىرىم باياندىكى سېپىلگە شوتا قويۇلغان يېرىدە قالدى، ئاق بەتلىرىنى چاڭ باستى. شۇ خۇسۇستا تەۋرىنىلگۈسى قەلىمىمنى قولۇمغا ئالىمەنۇ، ئەندىشىدە ئىشىك تەرەپنى تىڭشايمەن. يۈرىكىم ئوۋچىنىڭ قولىدىن بىر قېتىم قۇتۇلغان تۈلكىنىڭ يۈرىكىدەك دۈپۈلدەيدۇ. تەشۋىشىمنى

تەستىقلىغاندەك، شۇنداق مىنۇتلاردا قۇرۇغۇر ئىشىك ئەنسىز تاقىلدايدۇ…مەن كەسىپىمنى ئۆزگەرتمىسەم بولمىدى ھەم بولمىغىدەك دوستۇم. راست، ئەمدى كەسىپىمنىلا ئەمەس، ئورنۇمنىمۇ ئۆزگەرتىمەن. ھاجەتمەنلەر بۇندىن كېيىن مېنى كىچىك بولسىمۇ ئازادە ھېلىقى يېزىقچىلىق خانامدىن ئەمەس، بەلكى شەھەر مەركىزىدىكى چوڭ پوچتىخانىنىڭ ئالدىدىن، سالام خەت يېزىپ بېرىپ جان باقىدىغانلار قاتارىدىن ئىزدىسۇن. كىمنىڭ كىمدىن شىكايىتى، كىمگە ئەرزى بولسا، ئەمدى ھېكايە شەكلى بىلەن ئەمەس، توپتوغرا ئىلتىماس، ئەرز شەكلى بىلەن قاتۇرۇپ يېزىپ بېرىمەن. پۇلى نەق…

گېزىت-ژۇرناللارنىڭ ئۇنىڭسىزمۇ ئىنتايىن قىس سەھىپىلىرى بولسا ئاشۇ پۈتمىگەن تارىخىي پوۋېستىم ئۇچۇن ئايىلىپ تۇرسۇن.

## چوكانلار

مىجەزى چۇس سوت كادىرى ئوسمانجان بالا-چاقىلىرىغا تېلېۋىزور ئېلىپ بەرگەندىن كېيىن ئايالى مېھرىگۇلنىڭ كەچقۇرۇنلىرى "نەگە بارىسىز؟" دەپ سوراقلا تارتىشىدىن خالاس تېپىپ قالدى. ھەركۈنى كەچلىك غىزادىن كېيىن ئۇلارنىڭ يان ۋە ئۇدۇل قوشنىلىرى — مېھرىگۇل بىلەن تەڭ قۇراملىق ئىككى چوكان بىرى قۇچاقتىكى ئارزۇلۇق بوۋىقىنى مىرقىرىتىپ، يەنە

بىرى بولسا ئاي كۆنى يېتىپ قالغان قورسىقىنى تومپايتىپ، ئۆردەكتەك ئىغاڭلاپ كىرىپ كېلىشەتتى-دە، مېھرىگۈل پايپاس-لاپ يۈرۈپ ئۇلارنى جايلاشتۇراتتى. ئوسمانجان بولسا چاقىقانلىق بىلەن تېلېۋىزورنى ئېچىپ تەڭشەيتتى-دە، قويۇلىۋاتقان نومۇرنى ماختاپ بىر-ئىككى ئېغىز پاراڭ قىلاتتى، ئاندىن قوشنا چوكان-لارنىڭ ئالدىدا مېھرىگۈلگە ئىككى كەلىمە چاقچاق قىلىپ ئۇنى كۈلدۈرۈۋېتىپ، ۋېلىسىپىتىنى يېتىلىگىنىچە بىرەر ئاغىنىسى-نىڭكىگە ياكى بۆلۈمداشلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ قويغان بىرەر پىۋىخانىغا قۇيرۇقىنى خادا قىلاتتى.

بۈگۈن ئوسمانجاننىڭ مىجەزى سەل بوش، تۈنۈگۈن ئىدارە ئەمگەككە ئەچىققان، ئۇ ياشلىقىغا ئېلىپ دەريانى قاشلايدىغان قورام تاشنى جىقراق كۆتۈرۈپ قويغانىدى. شۇڭا بۈگۈن كەچ كىرگىچىلا بەل، پۇتى سىرقىراپ تۇردى. كەچلىك تاماقتىن كېيىن ئۇ بىرەر يەرگە بېرىشقىمۇ كۆڭۈلشىمەي ئۇزاققىچە جوزا ئالدىدا ئولتۇردى. ئاڭغىچە قوشنىلار ئادەتتىكىدەك كىرىپ كې-لىشتى. مېھرىگۈل ئېرىنىڭ بوشاشقان ئەلپازىغا قاراپ ئەركى-لىگەندەك سۆزلىدى:

—ياللا، تالاغا تويماي ئۆتىۋاتىدىغۇ كۈنىڭىز-ھە! يا بۇ ئىككى بالىڭىز شوخلۇق قىلىپ تېلېۋىزورنى ئارامخۇدا كۆرسەت-مىگەن. قوشنىلارنىڭ ئالدىدا ئىزاغا ئۆلتۈرۈپ···بۈگۈن ئۆزى-ڭىز تېلېۋىزورنىڭ يېنىدا ئولتۇرىڭە!—ئوسمانجان قوشنىلار-نىڭ ئالدىدا ئۆزىگە ئەركىلەۋاتقان ئايالىنىڭ كايىشىغا ھىجى-يىپ، ئۈنسىز جاۋاب قايتۇردى-دە، تېلېۋىزور ئالدىغا ئولاشقان قوشنىلارغا ۋە بالا-چاقىلىرىغا ئۆز قولى بىلەن تېلېۋىزورنى

ئېچىپ، قانال يۆتكەپ بەرگەچ ئۆزىمۇ تېلېۋىزور كۆرۈشكە باشلىدى.

ئالدى بىلەن ئېچىلغان ئۇيغۇرچە قانالدا قانداقتۇر بىر ھۆججەتلىك فىلىم قويۇلىۋاتاتتى. فىلىمدىكى ئاساسلىق تونۇشتۇرۇلغۇچى—ئىلغار پەن-تېخنىكا خادىمىنىڭ ئىدارىدىكى تەتقىقات ئېلىپ بېرىۋاتقان ۋە ئائىلىسىدىكى ئۆگىنىۋاتقان كۆرۈنۈشى ئادەمنى خېلىلا جەلپ قىلارلىق ئىدى. ئوسمانجان دىكتورنىڭ جانلىق تونۇشتۇرۇشىنى ئاڭلاپ، كۆرۈنۈشكە ئەستايىدىل كۆز سېلىشقا باشلىدى. بىراق قوشنا ئايالالارنىڭ ۋە ئۇلاردىنمۇ چىڭراق ۋە تولا سۆزلەۋاتقان ئايالىنىڭ ئاۋازى دىققىتىنى بۆلۈشكە باشلىدى.

—ۋىيەي خۇدايىم، مۇنۇ خوتۇننىڭ كىيىۋالغان كىيىمى قانداق پاسونۇي، غەلىتىلىغۇ؟— بۇ مېھرىگۈلنىڭ ئاۋازى ئىدى.

—شۇنى دەيمەن،—دېدى قۇچىقىدىكى قىزىنى ئېمىتىۋاتقان ئولڭ يان قوشنىسى، نېمانچە تاركىيىمدۇر بۇ خۇدايىم، مانا مەن دەپلا كۆرستىپ...

—قىلىقلا دەپ قىلىدۇ دېگىنە ئاداش،—ھامىلدار ئۇدۇل قوشنا ئايالمۇ گەپتىن قۇرۇق قالمىدى.

ئوسمانجان ئىككى يېقىغا قىمىرلىغىنىچە غەلىتىلا يۆتەلدى. جىم ئولتۇرىۋەرسە گەپنىڭ نوچىلىرى چىقىپ كېتىدىغانلەك ئىدى. بىراق ئۇنىڭ بۇ سىگنالى ئايالالارنىڭ دىققىتىنى قوزغىيالمىدى. كەيسىز ئوغلى ئەتراپىدا قويۇندەك پىرقىراپ يۈرگەن سول يان قوشنىسىمۇ ئېغىز ئېچىپ قالدى:

—"قېرىغاندا قېرى تاتۇق"دەپ، شۇمۇ كىيىم بولدىمۇ دې-

مەسىلەر...

ئوسمانجاننىڭ مىجەزىگە يارىشا"غوژژىدە" قىلغان بىر ئاچ-چىق ئۇنى ئورنىدىن ئىختىيارسىز تۇرغۇزىۋەتتى، ئۇ گەپ-سۆز-سىزلا بېرىپ، بايا توپ مۇسابىقىسىنى كۆرسىتىۋاتقان سەككى-زىنچى قانالنى ئاچتى. خەيرىيەت، توپ مۇسابىقىسى تۈگەپ چەت ئەلنىڭ چاتما تېلېۋىزىيە تىياتىرىنىڭ نۆۋەتتىكى قىسمى باشلانغانىدى. دەل قانال يۆتكەلگەن ۋاقىتتا، ياسانغان بىر پارتى-زان قىز بىرنەچچە قوراللىق دۈشمەن بىلەن ئېتىشىۋاتاتتى. قىزنىڭ ھاياتى خەۋپ ئاستىدىلا تۇراتتى.

ئوسمانجان ئۆز كەسپىگە خېلىلا يېقىن كېلىدىغان دېلو رازۋېدكا فىلىمدىكى بۇ جىددىي كۆرۈنۈشتىن ھاياجانلىنىپ، قانتىقراق نەپەس ئېلىشقىمۇ پېتىنالماي ئولتۇردى. لېكىن ئۆپ-چۆرىدىكى ئاياللار بىرمىنۇتتەكلا جىم ئولتۇرۇشتى-دە، يەنە ۋىچىرلاشقا باشلىدى:

—قارا بانۇم، ئاۋۇ قىزنىڭ ئىسپانكىسى ئۆزىگە ئەجەب يارىشىپتۇ-ھە؟

—شۇنى دەيمەن، ئەمما يوپكىسى بۆلەكچىلا تار ھەم كالتى-لىغۇ!

—رەختى نېمىدۇر دەيمەن؟ ئەجەب سۇپەتلىك كۆرۈنىدى-كەن!

—تىكمش تاپقان-دە، ئاداش، تىكمش تاپقان...

ئەستاغپۇرۇللا، ئوسمانجاننىڭ چۇس مىجەزى يەنە ئۆزىنى كۆرسەتكىلى تۇردى. ئۇ بۇ قېتىم ئۆز-ئۆزىگە بىرنېمە دەپ غۇدۇڭشىدى-دە، يەنە ئورنىدىن تۇرۇپ قانال يۆتكىگۈچنى تار-

سىلدىتىپ بۇرىدى. ئەمدى ئوتتىنچى قانالدىكى ناخشا-ئۇسسۇل كۆزگە تاشلاندى. بىر يىگىت بىلەن بىر قىز باليېت ئۇسسۇلى ئويناۋاتاتتى. بۇ قېتىم ئوسمانجانغا ئۇزاق كۆتۈشكىمۇ توغرا كەلمىدى.

—ۋىيەي خۇدايىم، مانا كىيىم دېگەن، ۋىيەي قانداق قىلار-مەن. ئاۋۇ جومباقنىڭ كىيىمى بارمۇ-يوق؟!

—شۇنى دېگىنە ئاداش، شۇمۇ پاسون-ھە؟

—ئوغۇلنىڭ كىيىمىچۇ؟ كىيىم ئەمەس غىلاپلىغۇ!

—ھەر ئىككىسىنىڭ كىيىمى شايىمۇ نېمە؟ لەپىلدەپلا تۇر-غىنىغا قاراپ دەيمىنا!

بولمىدى. بۇ قېتىم ئوسمانجاننىڭ ئاچچىقى رەسمىيلا تۇت-تى. بىراق ئۇ ئۆزىگە ھاي بېرىپ، ئاچچىقىنى تەسلىكتە بېسى-ۋالدى. لەرزان باليېت ئۇسسۇلىنى قانچىلىك كۆرگۈسى، نەپىس كلاسسىك مۇزىكىنى قانچىلىك ئاڭلىغۇسى كەلمىسۇن، ئىككى مىنۇتتىن كېيىن ئوسمانجان ئورنىدىن دەس تۇردى ۋە قانال يۆتكەش بىلەن مەشغۇل بولدى.

سەۋەبى، ئىككى باليېت ئۇسسۇلچىسىنىڭ كىيىم-كېچىكى ھەققىدىكى پاراڭ قايتا باشلانغانىدى. ئۇيغۇرچە قانال ئىككىنچى قېتىم نومۇر كۆرسىتىشكە باشلىدى. ئېكراندا ئازادلىق ئۇرۇش مەزگىلىدىكى ۋەقە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بىر ھېكايە فىلىم كۆرسى-تىلمەكتە ئىدى.

مەخپىي خىزمەت خادىمى دۈشمەن تەرىپىدىن سېزىلىپ قې-لىپ قولغا ئېلىنغان بولۇپ، دەل شۇ تاپتا ئۇ جازا مەيدانىغا ئېلىپ چىقىلغان ۋە قاتار مىلتىقلار ئۇنىڭغا تەڭلەنگەنىدى. جازا

ئالدىدىكى مەخپىي خادىم مەردانە ۋە غەزەپلىك هالدا كۆكرىكىنى كېرىپ تۇراتتى. مۇزىكا ئەۋجىگە چىققانىدى. ئوسمانجان ئاللە-قاچان سېزىملارغا چۇلغىنىپ، تېلېۋىزورغا تىكىلىپ قالدى. قېرىشقاندەك نەق شۇ چاغدا ئۇنىڭ كەيپى يەنە بۇزۇلدى.

—ۋىيەي خۇدايىم، ئاۋۇ ئادەمگە چاقماق كاستۇم خويمۇ يارىشىپتىكەن، ئىسىت!

—گاباردىيۇنغۇ دەيمەن-هە!

—ئاشۇنىڭدىن ماڭا قانچە مېتىردا پەلتو چىقار، مېهرى-گۈل؟

............................

غەزەپتىن تاراسىدە ئېتىلىپ كېتەي دېگەن ئوسمانجان بۇ قېتىم ئورنىدىن تاققىدە تۇردى-دە، ئۇدۇل بارالى تېگىگە— ۋېلىسىپىتى تۇرغان يەرگە قاراپ ماڭدى. بىر مىنۇتتىن كېيىن چوكانلارنىڭ بولۇپمۇ مېهرىگۈلنىڭ هەيرانلىقىنى جاۋابسىز قال-دۇرۇپ، ئۆزىنى كوچىدا كۆردى.

بوشاپ قالغان ۋېلىسىپىت قانىتىنىڭ شاراقلىشى خېلى ۋاقىتقىچە ئاڭلىنىپ تۇردى.

## تېلېفوندىكى لەتىپە

ئابۇزەر يوگۇرگىنىچە تېلېفون بارئىشخانىغا كىردى-دە، هاسىرىغان پېتى تېلېفون نومۇرلىرىنى بېسىشقا باشلىدى. ئۇ

هازىرلا ئاڭلىغان بىرمۇھىم خەۋەرنى ئاغىنىسىگە تېزدىن يەتكۈ-
زۈپ قويمىسا بولمايتتى. تېلېفون بىر پەس سوزۇپ سىگنال
بەرگەندىن كېيىن، قارشى تەرەپ تۇرۇپكىنى ئالدى.
— ۋەي، سىز باج ئىدارىسىمۇ؟
— ھەئە، كىم كېرەك؟
— كۆزەتچى مەترىھىم بارمۇ؟
تېلېفون تاراققىدە قىلىپ قالدى — دە، قىسقا سىگنال بې-
رىشكە باشلىدى. ئابۇزەر جىددىيلىشىپ، پۇتلىرىنى بىر يۆتكە-
ۋالدى ۋە بايىقى نومۇرلارنى يەنە باسقىلى تۇردى. تېلېفون يەنە
ئۇلاندى.
— ۋەي، سىز باج ئىدارىسىمۇ؟
— ھەئە، كىم كېرەك ئىدى؟
ئابۇزەر بايامقى ئاۋازنى تونىدى.
— ماڭا قاراڭ، — ئابۇزەر ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە سىلىق
سۆزلەشكە تىرىشتى، — رەنجىمەستىن دەرۋازىغا قارايدىغان مەت-
رىھىمنى چاقىرىۋەتسىڭىز.
— سەن قەيەر؟
— تەمىنات-سودا كوپىراتىپى.
قارشى تەرەپ بىرپەس جىمىپ قالدى.
ما پېشكەللىكنى قاراڭلار! ئەزەلدىن ئانچىكىم بىر ئىشلار-
غا تولا تېرىكمەيدىغان ئابۇزەر تېلېفون تۇرۇپكىسىنى زەردە بىد-
لەن جايىغا قويۇۋېتىپ، ئۇستەل ئەتراپىدا ئۇششاق چامداپ
كەتتى. ئىشخانا كاتىپى، بایاتىن جىممىدە ئولتۇرۇپ خەت يېزد-
ۋاتقان كۆزەينەكلىك پاخمىباش ئايال بېشىنى كۆتۈرمەستىنلا

ئۇنىڭغا بىر نېمە دېدى. بۇ يەردە ئۇنى سىلەرگە ئېيتمايمىز.

ئابۇزەر 3-قېتىم بايىقى تېلېفون نومۇرىنى باستى. كېچىك-مەي قارشى تەرەپمۇ ئۇلاندى.

—ۋەي، باج ئىدارىسىمۇ؟

—كىمنى چاقىرىسەن؟— ئابۇزەرنىڭ تېنى جۇغىدە قىلىپ قالدى. بىراق يەنە ئۆزىنى تۇتۇۋالدى.

—دەرۋازىۋەن مەترېھىمنى چاقىرىۋەتكەن بولسىڭىز!

—سەن قەيەر؟

—ھۆكۈمەت ئىشخانىسى،—دېدى ئابۇزەر ھازىرلا ئۆگىنىلگەن ئەقىل بويىچە. ھېي… ئۇنۇم بېرىپ قالامدۇ-نېمە؟

—ماقۇل، مەن قاراپ باقاي-ھە!—دېدى ئاخىر تېلېفون ئالغۇچى خىرىلداپ.

ئابۇزەر مەسلىھەتچىنىڭ پاخما بېشىغا مىننەتدارلىق نەزىرى بىلەن بىر قاراپ قويدى-دە، شۇ چاغدىلا يېنىدا ھېلىغىچە بوش تۇرغان نېكىللىق قىزىل ئورۇندۇققا ئولتۇردى… بايىقى خەۋەرلەرنى توخۇ يۈرەك مەترېھىمگە قايسى تەرىقىدە يەتكۈزسە بولار؟

ئۈچ مىنۇت، بەش مىنۇت، يەتتە مىنۇتمۇ ئۆتتى. قەدەم تاۋۇشى، مەترېھىمنىڭ غاراڭ-غۇرۇڭ ئاۋازى ئاڭلانمايتتى. دەل شۇ چاغدا قۇلىقىغا تاراققىدە قىلغان ئاۋاز يەنە ئاڭلاندى.

بەدىنىدىن بۇژۇلداپ سوغۇق تەر چىقىپ كەتكەن ئابۇزەر ئادىتىگە خىلاپ ھالدا شۇ ئەسنادا ئىشخانىغا ئىش ھەل قىلغىلى كىرگەن بىر ھىجاق ئادەمنىڭ قاتارى تۇتقان تاماكىسىنى تۇزۇت قىلمايلا ئۇتى بىلەن قوشۇپ ئالدى-دە، بەڭگىلەردەك شوراپ-شوراپ چەكتى. تاماكا چېكىۋېتىپ، ئۇنىڭ كاللىسىغا بىر ئەقىل

كەلدى. بۇنىمۇ دېمەيمىز... ئابىزەر ئەمدىلا يېرىملاشقان تاماكىنى يەرگە تاشلاپ دەسسىدى-دە، تۈرۈپكىنى قولىغا ئېلىپ، تۆتىنچى قېتىم نومۇر باستى.

— ۋەي، باج ئىدارىسىمۇ سەن؟

— ھەئە، نېمە ئىشىڭ بارئىدى! — ئابىزەرنى ئۈچ قېتىم ئاۋارە قىلغان ئاۋاز ئىگىسى يەنە گۇركىرىدى.

— ماڭە، بېرىپ كۆزەتچى مەترېھىمنى چاقىرىۋەت! — ئاچچىقى كەلگەندىنمۇ ياكى ئەتەيمۇ، ئىش قىلىپ ئابىزەرنىڭ ئاۋازى پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كەتكەندى.

— ھەي! ... سەن قەيەر؟

— ساقچى ئىدارىسى، بولە!

— ما... ماقۇل، ئاكا، ھازىرلا چاقىرىمەن.

بىرمىنۇتمۇ ئۆتمىدى. بىرسىنىڭ قەدەم تاۋۇشى ئاڭلاندى. تۈرۈپكىدىن تونۇش غاراڭ-غۇرۇڭ ئاۋاز ئابىزەرنىڭ قۇلىقىغا ئۇرۇلدى:

— ۋەي، مەن مەترېھىم...

## چىۋىن

گالستۇكىنىڭ تۈگۈچى سول ياقىسىنىڭ قېتىغا كىرىپ قالغان قورايدەك ئىنچىكە يىگىت بوسۇغىدا پۇتلىرىنى كېرىپ سەل دەلدۈگۈنۈپ تۇرۇپ ۋاراڭ-چۇرۇڭلۇق ئاشخانىغا تەپتىش

خادىمىدەك سىرلىق نەزەر سالدى. قادىلا-قادىلا، ئاخىر قىڭراق-تەك بۇرنىنىڭ ئەتراپىغا كۇلكە يامرىدى. تامغا يېقىن دۇگىلەك ئۇستەلنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇشقان ئالتە-يەتتە كىشىلىك سورۇن-دا ئۇنىڭ بىر تونۇشى ساقىيلىق قىلىۋاتاتتى.

—ئاداشوي، بۇ يەردىكەنسەنغۇ، ئىزدىمىگەن يېرىم قالمى-دى سېنى! —ئىنچىكە يىگىت هايال ئۆتمەي قەدەم بىلەن ئاۋازى-نى چوڭ-چوڭ ئىشقا سېلىپ بايىقى جوزىغا يېقىنلاشتى،

—قويغىنا شۇنداقمۇ ئىزدىتەمسەن!

سورۇندىكىلەر مېهماننى هەرخىل نەزەرلەر بىلەن قارشى ئالدى. شۇ ئارىدا مېهمان سورۇن ئەهلى بىلەن بىرمۇبىر دې-دىل، تەۋەززۇلۇق كۆرۈشۈپ چىققاندى.

—ئىزدىمىگەن يېرىم قالمىدى، —مېهمان ساقىي تونۇشى-نىڭ يېنىغا جايلىشىۋالغاندىن كېيىن بايىقى سۆزىنى تەكرارلى-دى. ساقىي كەيپتىن خېلىلا قىزارغان چېقىر كۆزلىرىنى مېھ-مانغا ئەجەبلىنىپ تىكتى.

—نېمە ئىش بولغاندى شۇنچە؟

—كېيىن ئېيتىمەن، هازىر كەيپىنى بۇزمايلى، خىزمىتىڭ-نى قىلىۋەر، —مېهمان جىددىي لېكىن سىپايە جاۋاب قايتۇردى ۋە قوشۇپ قويدى، —تايىنلىق كونا مىجەزىڭنى ئىشلىتىپ، مې-نى تولۇقلاپ يېتىشتۇرىمەن دەيسەنغۇ!...

شۇنداقمۇ قىلىندى. ئۈچ رومكا ئارقىمۇ ئارقا "تولۇقلاش" مېهمان يىگىتنىڭ ئەسلىدىمۇ سەل مەستخۇش چىرايىغا ئۈچ بوتۇلكىنى بوشىتىپ ئۇلگۇرگەن سورۇن ئەهلىنىڭكىدەك سەۋى-يىنى دەرهاللا ئاتا قىلدى. بۇ چاغدا كىمدۇر مېهماننىڭ شەرى-

پىگە ”يېرىم ئاش“ مۇ بۇير ۇۋەتكەنىدى. ئۈچ رومكىدىن كېيىن-كى ئۇششاق قىيمىلىق، ئوخشىغان لەگمەننى گۆچۈر-گۆچۈر چايناش خويمۇ ھۇزۇر-دە.

— بۇ ئاغىنىلەرنى تونۇشتۇرمىدىڭغۇ؟ — ئاش سۇيىنى پۇۋ-لەپ تۇرۇپ ئىچىۋاتقان مېھمان يەنە ساقىيغا قارىدى، — چىرايىڭغۇ ساپلا تونۇش، شۇنداقتىمۇ...

سورۇن قائىدىسىنى ئۇنتۇپ قالغىنىغا خىجىل بولغاندەك ساقىي دەرھال مېھماندىن باشلاپ، چىشتەك قاتار ئولتۇرۇشقان ئۇلپەتلەرنى بىرمۇبىر تونۇشتۇرۇپ چىقتى ۋە ”مېنى ئۆزەڭ تونۇيسەن“ دېگەن چاقچاقلىق ئىبارە بىلەن سۆزدىن توختىدى. ”ماڭغان دەريا، ياتقان بورىيا“ دېگەندەك، سۆز ئارىسىدا رومكا دۈگىلەك جوزىنى داۋاملىق ئايلىنىپ تۇرغان ۋە گەپ-سۆزلەر بېسىققىچە مېھماننىڭ ئاشقازىنى يەنە سالماقلىق ئىككى رومكىنى كۈتۈۋالغانىدى.

— ئاغىنىمىز مېنى قىسقىلا تونۇشتۇرۇپ قويدى، ئۆزىمۇ قىسقىغا ئامراقچۇ، ۋەيت... ! — ئۇ گېپىنىڭ ئاخىرىنى كەسكىن كۈلكە ۋە ساقىينىڭ بىقىنىغا تۇرتۇشى بىلەن ئۈزۈپ، كېيىن يەنە بەيگە ئېتىدەك سۆزگە ئىتتىك يۈرۈپ كەتتى، — ئانچە-مۇنچە يېزىپمۇ قويىمەن. ئانچە-مۇنچە دېگىنىم كەمتەرلىكىم، خېلىلا دەۋېرىڭلار!

— بېسىلغانما؟ — سورۇننىڭ ئەڭ ياش ۋە دۈگىلەك كۆزلە-رى تولىمۇ يوغان ئەزاسى قىزىقسىنىپ لوقما سالدى.

ئېلان قىلىنىغانمۇ دەڭ. بىزنىڭ ئۇيغۇر تىلىنىڭ پۈتىقى جىقچۇ، ۋەيت...، يازغۇچى، شائىر دېگەن ئېلان قىلىمەن دەپ

يازىدىغۇ، خۇددى ماۋۇ ساقىي ئاغىنەم تېرىنى پايدا تاپمەن دەپ سېتىۋالغاندەك. شۇنداقمۇ ئاداش؟

— شائىر دېگەن گەپكە ئۇستا بولىدۇ-دە، ھە، گەپ قىلىڭ-لار ئاداش! — ساقىي خۇشخۇيلۇق بىلەن بېشىنى ئېغىتىپ كۈل-دى. مېھماننىڭ ۋۇجۇدىغا باشقىدىن ھەرخىل ئالامەتلەر قوندى.

— ئاراڭلاردا ئوقۇغانلار، كۆرگەنلەر بارمىكىن، يېقىندا ژۇرنالدا «چىۋىن» ماۋزۇلۇق بىر ئەسىرىم ئېلان قىلىندى. ئۇچىنچى ساندا...قېنى، ھارىقىڭنى ماڭدۇرمامسەن ئاداش!

— چىۋىن...، — يوغان كۆزلۈك يىگىت بېشىنى سەل قى-مىرلاتقىنىچە تەكرارلاپ قويدى.

— شائىر دېگەننىڭ يازمايدىغىنى يوق-تە! — چاقچاق قىلدى ساقىي.

— شائىر ئەمەس، يازغۇچى دېگىن. مېنىڭ يازغىنىم شې-ئىر ئەمەس، ھېكايە، ئەمما شېئىردىنمۇ قاس چىقىرىپ قويد-مەن! ئۆزۈڭ بىلىسەنغۇ، مەخەت دامكىنىڭ تويىدا نەق مەيداند-لا توقىغىنىم؟

— ھېلىقى قوشاق توغرىسىدىما؟ ھا-ھا-ھا...راست، ئۇ بەك قىزىق چىقىۋىدى. قانداقتا، دەۋەتكىنە!

— ئۇ كونا سەۋىيە بولۇپ قالدىغۇ. ئەمدى ئوقىساق سەت تۇرىدۇ-دە، ھازىر ئۇنىۋېرسال بوپكەتتۇق، راستلا، تېخى ئاخ-شاملا بىرخەۋەر يېزىۋىدىم. تېخى تامغا باستۇرمىغان...شۇنى ئاغىنىلەرگە ئوقۇپ بېرەي، ئاۋۋال ماڭا بىرنى بېرىۋېتە، رەنجى-مەيسىلەر-ھە؟

شۇنداق قىلىپ ۋاراڭ-چۇرۇڭلۇق ئاشخانىنىڭ بىر بۇرجە-

كىدە، يەكشەنبىلىك ئۆلپەتلەر سورۇنىدا ھاراقنىڭ كەيپىگە تەڭكەشلىنىپ يەرلىك گېزىتكە ۋە رادىئوئۇزېلىغا ئاتاپ يېزىل-غان، ئەتىيازلىق ئوغۇت توپلاش ھەققىدىكى بىرخەۋەر ئوقۇپ ئۆتۈلدى. سورۇن ئەھلى لايىقىدا، ئۇزۇك-ئۇزۇك ئىنكاس قاي-تۇرۇپ، شۇ ئارىدا بەشىنچى بوتۇلكىنىمۇ قۇرۇقدىدى. ئۈستەل ئەتراپىدا ”يېتەر!“ ”بولدى قىلساق“ دېگەندەك مەسلىھەتلىك پىچىرلاشلار ئاڭلاندى. دەرۋەقە، ئۆلپەتلەرنىڭ نەچچىسى ”مەن ساڭا ئېيتاي“غا چۈشكەن، يوغان كۆزلۈك يىگىت جايىدىلا ئۇخ-لاپ قالغانىدى. مېھمانغا كەلسەك، ئۇ خېلىدىن بېرى قوشنا جوزىغا بويۇنداپ كىمگىدۇر، ئۆزىنى بايقىمايۋاتقان بىرسىگە كۈلۈمسىرەپ غايىبانە سالام يوللاۋاتاتتى. بىر كەمدە ئۇ سورۇن-دىكىلەرگە، ھەتتا ئۆزى ئىزدىمىگەن يېرى قالمىغان ساقىي ئاغىنىسىگىمۇ بىر ئېغىز تىنىپ قويماي، قوشنا جوزىغا لىپپىدە ئۆتۈپ كەتتى. ئۆلپەتچىلىكنى ئاخىرلاشتۇرغان جوزىدىكىلەر بىرەر پىيالىدىن سىنچاي ئىچىپ، ئۇخلاپ قالغان يىگىتنى ئاران تەستە سەگىتىپ ئاندىن جايلىرىدىن قوزغالغىچە خېلى ۋاقىت ئۆتتى، ئۇلار دەرقەمتە ئىشىك تەرەپكە مېڭىشقىنىدا قۇلاقلىرىغا باپباراۋەر بىر ھاياجانلىق خىتاب ئاڭلاندى:

— يېقىندا «چۈشۈن» دېگەن بىر ئەسىرىم ئېلان قىلىندى. بىلمىدىم، ئاراڭلاردا...

— راستتىنلا چۈشىنكەن! — بۇ گەپنى ئارىلىرىدا كىم ئېيت-قانلىقىنى قايتقان ئۆلپەتلەرنىڭ ھېچقايسىسى ئاڭقىرالماي قالدى.

# ئىككى قوشنا

سۇۋاقلىرى تۆكۈلۈپ، نەچچە يېرىدىن چاك كەتكەن ئۈچ قەۋەتلىك ئائىلىلىكلەر بىناسىنىڭ بىرىنچى قەۋىتىدە بىر-بىرىگە ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل ئىككى ئىشىك ھەركۈنى تالاي قېتىم غىچىرلاپ ئېچىلىپ-يېپىلىپ تۇراتتى. ياش قۇرامى بىر-بىرىدىن پەرقلەنمەيدىغان ئىككى يىگىت بۇ ئۆيلەرنىڭ خوجايىنى بولۇپ، ئەركە، شوخ بىرلا ئوغلى بار، ئايالى ئۆيدە بىكارچى، قارا قاش يىگىت تەھرىر بۆلۈمىدە، ھەركۈنى يەسلىگە قاتنايدىغان، قورچاقتەك بىرجۈپ قىزى بار، ئايالى قايسىدۇر بىرمەكتەپتە ئىشلەيدىغان كۆك كۆز يىگىت تاشقى ئىشلار بۆلۈمىدە ئىشلەيتتى.

بىنا ئىشىكىنىڭ ئىككى تەرىپىگە تاشقىرىغا ئۇسۇپ چىققان، كاتەككىلا ئوخشايدىغان تۆمۈر سالاسۇنلۇق ئىككى بالكون جايلاشقانىدى. قاراقاش يىگىت ھەر قېتىم ئىشتىن قايتىپ كەلگىنىدە شالاقشىپ كەتكەن ۋېلىسىپىتىنى تامغا يۆلەۋېتىپ، ئۆزىنىڭ ۋە قوشنىسىنىڭ بالكونىغا قاراپ قوياتتى. كۆك كۆز يىگىتنىڭ بالكونىدىن ھەرقاچان مەرەپ تۇرغان قوي ئۆكسىمەيتتى. پەقەت سانى ئۆزگىرىپ گايىدا ئىككى، گايىدا ئۈچ-تۆت بولۇپ قالاتتى. قارا قاش يىگىتنىڭ بالكونىدا بىرنەچچە قەغەز كوروپكا ۋە تىتىلىپ كەتكەن يول سۇرتكۈچ ئۆزگەرمەس ھەيكەلدەك قىشىن-يېزىن تۇرغىنى تۇرغانىدى. خىزمەت ئېھتىياجى

بىلەن قارا قاش يىگىت تولىراق ئۆيىدە ئىشلەپ قالاتتى. ئەسەر راسلاۋاتقىنىدا ئۇنى ئەڭ بىئارام قىلىدىغىنى ئىشكىنىڭ توساتتىن ئەنسىز چېكىلىشى ئىدى.

بۈگۈنمۇ قارا قاش يىگىت شوخ ئوغلىنى ئايالى بىلەن قېيناتىسىنىڭكىگە يولغا سېلىپ، بىر تال تاماكىنى تۇتاشتۇرغىنىچە ئالدىدىكى ئىملاسى سەت ئورىگىنالغا قەلەم تەگكۈزۈپ تۇراتتى، ئىشىك ئەنسىز چېكىلدى.

ئۇ تاماكىسىنى بىر پۈرقىرىتىۋېتىپ، ئىشىكنى ئالدىرىماي ئاچتى. كارىدوردا بىر ئادەم ۋە قوي تۇراتتى.

— يا…ياسىنجاننىڭ ئۆيى مۇشۇمۇ؟

— ئاۋۇ شۇ، ئىشقا كەتتىغۇ دەيمەن.

— ئۇنى بىلمەن، سىز قوشنىسىمۇ؟

— شۇنداق.

— ماۋۇ قوينى ئىشىك تۇتقۇچىغا باغلاپ قويسام، ياسىنجان كەلگۈچە قاراپ قويارسىزمۇ؟

— مەھكەمرەك باغلاپ قويۇڭ، بۇنداق قويلارغا تالاي قاراپ قويغانمەن. ئىسمىڭىز نېمە؟

ئېغىزىنىڭ ئىچى غۇچچىدە ئالتۇن چىش بىلەن قاپلانغان، توغرۇلۇق كەلگەن ئادەم قارا قاش يىگىتكە يالت ئېتىپ بىر قاراۋالدى-دە، ئارغامچىنىڭ ئۇچىنى كۆك كۆز يىگىتنىڭ ئىشىك تۇتقۇچىغاكىرەك ئورۇپ باغلاۋېتىپ، پۇشۇلداپ جاۋاب بەردى:

— ئالتۇن چىشلىق بىر ئادەم دېسىڭىزلا ئۆزى بىلىدۇ.

توپىدىن ئايرىلىپ يېتىمسىرىغان قوي چۈشكىچە كارىدورنى بېشىغا كىيىپ مەرەپ، دۈكۈرلەپ قارا قاش يىگىتنىڭ ئەتىگەن-

كى پەيزىنى ئۇچۇرتۇۋەتتى. تىنىمسىز ئوغلىنى مىڭ ھەشەم بىلەن يولغا سالغىنىمۇ بىكارغا كەتتى. سەت ئىملالىق ئورىگە-نالمۇ قىزىل قەلەم بىلەن بويالماي ئۆز پېتىچە قالدى. سائەت 12 گە يېقىنلاشقاندا كارىدوردا ئاياغ تىۋىشلىرى ۋە ۋېلىسىپىت-لەرنىڭ جىرىڭلاشلىرى كۆپەيگىلى تۇردى. ھېلىدىن-ھېلىغا ئىشىكنى ئېچىپ ئەنسىزچىلىك ۋە ئاۋارىچىلىكتە قالغان قارا قاش يىگىت ئاخىر قوشنىسىنىڭ تونۇش يۆتىلىنى ئاڭلىدى-دە، يېنىك تىنىپ، ئىشىكنى ئاچتى. بۇ چاغدا كۆك كۆز يىگىت ئىشىك تۇتقۇچىدىكى باغلاقنى يېشىۋاتاتتى.

— ئەتىگەن بىر سى ئەپكەلگەنىدى. ئالتۇن چىشلىق، ئوتتۇ-را ياش ئادەم...

— ھە... پۇل بېرىپ قويغانىدىم. ئوتتۇرانچى ئاكام قوينى ئەكەپتۇ-دە، — كۆك كۆز يىگىت دەرھال ئىزاھات بەردى، — سىزنى ئاۋارە قىپتىمىز-دە ئاداش!

— ھېچقىسى يوق، — قارا قاش يىگىت ئادىتى بويىچە جاۋاب بىلەن بېشىنى ئىغاتتى، قويۇق، ئۇزۇن چاچلىرى لەپىلدەپ كەتتى. بۇ چاغدا كۆك كۆز يىگىت مال بازىرىدىكى بېدىكتەك بەش بارمىقىنى ئارىچىلاپ كىرىپ، قوينىڭ قېلىن يۇڭلۇق دۈمبىسىدىن نىقتاپ ماڭغۇزۇۋاتاتتى. بۇ ھالغا قاراپ تۇرغان قارا قاش يىگىت ئىختىيارسىز يەنە گەپ قاتتى، — ئاۋۇ كونكى قويغا قارىغاندا مۇنۇ خېلى ئەتلىكمۇ نېمە؟

— قايسى؟ ھە... ئۇ دېگەن چوڭ ئاكامنىڭ قويى ئەمەسمۇ، پۇلى جىقراق-تە بۇنىڭ. راستلا ئاداش، چۈشتىن كېيىن ئۆيدە بولىسىز-ھە؟

— ئۈيدە بولىمەن. بىرەر ئىش بارمىدى؟

— شۇ، يەنە خۇلاسە يېزىڭلار دەۋاتامدۇ. چىرىكلىشىش توغرىلىق ئاساسەن... شاققىدە قاتۇرۇپ بىرنەرسە قىلمۇۋېتىسىز-دە، ئۆتكەنكىدەك؟

قاراقاش يىگىت ئۇنچىقماستىن بېشىنى "ماقۇل"غا لىڭ-شىتتى. "قوشنا ھەققى خۇدا ھەققى" دېگەن گەپنى كونىلار بىكارغا ئېيتمىغان-دە!

قارا قاش يىگىتنىڭ چۈشتىن كېيىنكى ۋاقتى ئىدارىسىدىن ئالاھىدە رۇخسەت سوراپ كەلگەن كۆك كۆز يىگىتكە ئىشلەش بىلەن ئۆتىدىغان بولدى، كۆك كۆز يىگىت ئىككى پۇتىنى ئالماپ چۆككىنىچە قارا قاش يىگىتنىڭ ئاچچىق پۇراقلىق تاماكىسىدىن ئۇلاپ چېكىپ، تېلېۋىزور كۆرۈپ ئولتۇردى. قارا قاش يىگىت يېزىق شىرەسىنىڭ ئالدىدا، قاتتىق ئورۇندۇقتا مۈكچىيىپ ئول-تۇرۇپ، خۇلاسە يازماقتا ئىدى.

— ئەيتاۋۇر، قاس چىقىرىۋېتىڭ ئاداش. بۇداقىسى مۇ-ھىم. يېدىڭمۇ، ئىچتىڭمۇ دەيدۇ... ئۆزىڭىز بىلىسىزغۇ، خەققە نېپىمىز تەگسە تەگدى، خەقنىڭ چۈشىن چاغلىق نەرسىسى بىزگە ئۆتكىنى يوق...

قارا قاش يىگىت ئېغىر بىرخورسىنىۋېلىپ، قوشنىسىنىڭ خىيالىغمۇ كىرىپ چىقمايدىغان پەزىلەتلەرنى تىزىپ خۇلاسىنى داۋاملاشتۇرىۋاتاتتى، بىرچاغدا ئىشىك بوشقىنا، توختاپ-توخ-تاپ چېكىلدى.

— كىمكىنە؟ — كۆك كۆز يىگىت تولىمۇ چاققانلىق بىلەن ئورنىدىن ئىرغىپ تۇرۇپ ئىشىك تەرەپكە ماڭدى. قارا قاش

يىگىت قەلىمىنى يورغىلىتىشتىن بىرپەس توختاپ، تەمتىشقا قۇ-
لاق سالدى. بىرچاغدا كۆك كۆز يىگىتنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:
— كىم دېدىڭىز؟ مۇراتنىڭ ئۆيى؟ ھە، مۇشۇ، نېمە ئىشى-
ڭىز بارئىدى؟ — قارا قاش يىگىت ئۆزىنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ،
ئىتتىك ئورنىدىن تۇردى. ئاڭغىچە ئىشىك يېپىلىپ كۆك كۆز
يىگىت بىلەن ۋىجىكرەك، ئورا كۆزلىرى تارتىنچاقلىق بىلەن
كۈلۈمسىرەپ تۇرغان ناتونۇش بىر ئادەم كىردى.
— تەھرىر بۆلۈمىدىكى مۇراتنىڭ...
— كىرىڭ ئاكا، يۇقىرى ئۆتۈڭ، مەن شۇ، — قارا قاش
يىگىت ھەم مۇلايىم، ھەم ھەيرانلىق ئاھاڭىدا سۆزلىگىنىچە
مېھماننى تۆرگە تەكلىپ قىلدى. مېھمان دىۋاننىڭ بىر بۇرجى-
كىگە قورۇنۇپقىنا ئولتۇردى. قارا قاش يىگىت شۇ چاغدىلا
مېھماننىڭ بىر قولىدا قانداقتۇر بىرنەرسىنى ئاۋايلاپ تۇتۇۋالغى-
نىنى بايقىدى. ئاڭغىچە مېھمان ئۆزىنىڭ يېڭىنىڭ ئىچىگە يوشۇ-
رۇۋالغان نەرسىنى چىقىرىپ، ئاقىرىپ كەتكەن ئۆتۈك كىيگەن
پۇتىنىڭ يېنىغا ئاۋايلاپ قويدى. گىلىۋكوزا سۇيۇقلۇقىنىڭ بو-
شىغان شىشىسىگە مايمۇ، ئاچچىقسۇمۇ، ئىشقىلىپ قوڭۇر رەڭ-
لىك بىرنەرسە قاچىلانغان بولۇپ، ئاغزى قوناق مەدىكى بىلەن
راسا نىقتاپ ئېتىلگەنىدى. شىشىنىڭ بوغۇزىغا بارماققا ئىلىپ
كۆتۈرۈۋېلىش ئۈچۈن ياغلانغان چىگە باغ ئىككى قاتلىنىپ شې-
شىنىڭ يېرىمىغىچە ساڭگىلاپ تۇراتتى. قارا قاش يىگىت مېھ-
ماننى بازارغا سودىلىققا كەلگەچ، يول ئۈستىدە كىرگەن بولسا
كېرەك دەپ ئويلىدى. سالام خەت، ئەرز يازدۇرغىلى ئۇنىڭكىگە
تونۇش، ناتونۇش ئادەملەر پات-پات ئىزدەپ-سوراپ كېلىپ تۇ-

راتتى. ئاشغىچە مېھمان دۇئاغا قول كۆتۈردى.
— مەن سەھرادىن كەلگەن ئادەممەن، — مېھمان ئامان-سالامدىن كېيىن تارتىنىپ سۆز باشلىدى، — سىزنى تاق يېرىم كۈن ئىزدىدىم. ئاخىر ئىدارىڭىزگە بارسام ئۆيىڭىزنىڭ ئىزناسىنى دەپ بەردى. سورا-سورا...
— بىرەر ئىش بىلەن كەلگەنمىدىڭىز؟ — قارا قاش يىگىت مېھمانغا تاماكا تۇتقاچ ئەدەپ بىلەن سورىدى.
— شۇ... ئۆتكەندە بىر تالاي قوشاق ئەۋەتكەنىدىم، — مېھمان شۇ گەپنى قىلغاندا خۇددى گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويغاندەك قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى، — قارىسام جىمىپلا كەتتى. شۇنىڭغا بار-يوقلۇق خەۋىرىنى ئۇقۇپ باقساممىكىن دەپ ئالاھىدە كىرىپ يۇردۇم. بىزنىڭ مەھەللىدىكىلەر ژۇرنال ئىدارىسىدىكىلەرنى تونۇمىساڭ، بىرنىمەڭنى باسمايدۇ دەيدۇ.
قارا قاش يىگىت لاپ ئېتىپ دىۋاننىڭ نېرىقى چېتىگە، تېلېۋىزورغا قاراپ ئولتۇرغان، لېكىن چىرايىدىن تاقەتسىزلىنىۋاتقىنى مانامەن دەپ چىقىپ تۇرغان قوشنىسىغا قاراپ قويدى-دە، مۇلايىملىق بىلەن مېھماننىڭ ئات-جۆنىنى سورىدى. دەرۋەقە، سەھىپە تەقسىماتى تۈپەيلى ئۇنىڭ قولىدا مېھمان ئېيتقان نەرسە بولۇپ، بەزى يېتەرسىزلىكلىرىگە ئاساسەن قالدۇرۇپ قويۇلغانىدى.
— قوشاقلىرىڭىز ھازىر يېنىمدا يوق، ئىشخانىدا، كەلگىنىڭىز ياخشى بوپتۇ، — قارا قاش يىگىت مېھماننىڭ ئەندىشىلىرىنىڭ، ئاڭلىغان گەپ-سۆزلىرىنىڭ ئورۇنسىزلىقىنى چۈشەندۈرگەچ، مېھماننىڭ ئەسىرىدىكى يادىدا قالغان يېتىشسىزلىك-

لەرنى بىرمۇ بىر سۆزلەپ، تېگىشلىك پىكىرلىرىنى بايان قىلـ
دى. ئېنىق ئادرېسىنى يېزىۋالدى-دە، ئىشخانىدىكى كوپىيىنى
پوچتىدىن ئەۋەتىپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى ھەمدە مېھماننىڭ
شۇ پىكىرلەر ئاساسىدا قوشاقلارنى قايتا پىششىقلاپ، ئۆزگەرـ
تىپ ئەۋەتىپ بېرىشىنى تاپىلىدى. ژۇرنالنىڭ يېڭى سانىدىن،
ئىش قەغىزىدىن بەردى. تارتىنىپ كىرگەن مېھمان تاغدەك
خۇشال بولۇپ، قانائەت تېپىپ يايراپ قالدى. مېھمان ئاخىر
قارا قاش يىگىتنىڭ غىزاغا، قونۇشقا تۇتقىنىغا قارىماي، ئورنىـ
دىن تۇردى.

—رەھمەت، ئىنىم، ياخشى بالىكەنسىز. "بۇغداي نېنىڭ
بولمىسا، بۇغداي سۆزۈڭ يوقمىدى" دېگەندەك، كۆڭلۈمنى كۆـ
تۈرۈپلا قويدىڭىز. مەن قاتناشتىن قېلىپ قالماي، —مېھمان
چاپىنىنىڭ تۈگمىلىرىنى ئېتىۋېتىپ، بىردىنلا ئايىغى تۈۋىدىكى
شېشىگە قارىدى، —راستلا ئىنىم، سەھرا ئادىمى بىز، "تاپقىنى
گۈل كەلتۈرەر، تاپالمىغىنى بىر باش پىياز" دېگەندەك، مۇنۇ
بىر بوتۇلكا سۇماي سىزگە كىچىككىنە كۆڭلۈم. ئۆزىمىز تېرىـ
غان...بولسا چوڭراق قىلساق بولاتتى...

—نېمە ئىشىڭىز بۇ؟ —قارا قاش يىگىتنىڭ يۈزى دەررۇ
ئوت ئېلىپ كەتتى، يۈرىكى بوغۇزىغا تىقىلدى، —سەت ئىش
قىلماڭ، ئېلىپ كېتىڭ بۇنى!

—ياراتمايۋاتامسىز ئۇكام، "كەمبەغەلنىڭ چىشقا دوـ
را" دەپتىكەن. ئالمىسىڭىز مېنى ئىزاغا ئۆلتۈرىسىز...

مېھمان بىرنەرسىدىن قاچقاندەك ئۆيدىن ئېتىلىپ چىقىپ
كەتتى. قاراقاش يىگىت ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈردى. نېمىلەرـ

ندۇردېدى. ۋىجىكرەك ئادەم گويا تامنىڭ ئارىسىغا كىرىپ كەتكەندەك، كۆزدىن غايىب بولغاندى. كۆڭلى بىر قىسما بو-لۇپ، تېنى بوشاشقان قارا قاش يىگىت ئۆيگە قايتىپ كىرگىنىدە، كۆك كۆز يىگىت ھىجايغىنىچە ھېلىقى بىر شىشە مايغا قاراپ تۇراتتى. ئۇ قارا قاش يىگىتكە تىكىلىپ سۆزلىدى:

—سىلەرنىڭ ئىشمۇ بولىدىكىنە ئاداش، ئانچە-مۇنچە ئې-غىز-بۇرنۇڭلارنى مايلاپ تۇردىكەن؟

قارا قاش يىگىت جىنايەت ئۈستىدە تۇتۇلغاندەك تىترەپ كەتتى. ئاقپىشماق چىرايى پەرەڭدەك بولۇپ كەتكەندى. ئۇ لام-جىم دېمىدى...

كەچكە يېقىن ئايالى بىلەن ئوغلى چۇۋۇلدىشىپ قايتىپ كەلدى. ئېرىنىڭ ھالىتىدىن چۆچۈگەن ئايالى خېلىغىچە ئۇنى-بۇنى سوراپ تۇرۇۋالدى. ئاخىر بولغان ئىشنى ئۇقتى-دە، قا-قاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

—قويۇڭا سىزنى، دۇنيادا سىزدەك ئادەمدىن نەچچىسى باردۇر؟ ئەجەب سىنچايدەك سۆزۈك مايكىنە بۇ، لەڭمەن پىلتە-لايدىغانغىلا ئېلىپ قويسام بولغۇدەك.

شۇ ئاخشىمى قارا قاش يىگىت تۈن ھەسسىسىگىچە ئۆيان-بۇيان ئۆرۈلۈپ ئۇخلىيالمىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا دەممۇدەم قاداقلاشقان بارماقلىرىدا سۇماي شىشىسىنىڭ بوغقۇچىنى ئېلىپ كۆتۈرۈۋالغان سەھرالىق ھەۋەسكار، لىغىرلاپ تۇرغان قوينىڭ بوينىدىكى ئارقانىنىڭ بىر ئۇچىنى ئىشىك تۇتقۇچىغا پۇشۇلداپ تۇرۇپ باغلاۋاتقان ئالتۇن چىشلىق ئوقەتچى كېلىۋالاتتى، تو-رۇپلا بۇ سۈرەتلەر كۆك كۆز قوشنىسىغا، ئۆزىگە ئالمىشىپ

قالاتتى. يەنە تېخى ئاخىرى تولىمۇ سۇس تۈگىگەن يىلىلىق خۇلا-
سە دوكلاتىمۇ بار ئىدى.

## تىلەكلەر

ئەلى بىلەن سابىرە تۈنجى پەرزەنتىنىڭ بىر ياشقا تولغان
كۈننى خاتىرىلەپ مېھمان چاقىردى. قىلىقى تاتلىق ئالمىرە
بۆگۈنكى مەرىكىنىڭ كىچىك مەلىكىسىگە ئايلاندى. ئۇرۇق-تۇغ-
قانلار، دوست-يارانلار، چوڭ-كىچىك، ئەر-ئاياللار تولۇق يە-
غىلىپ، مەرىكە داستىخانىنىڭ ئەتراپىدىن جاي ئېلىپ بولغان-
دىن كېيىن، ئەلى بىلەن سابىرە ھاياجانلانغىنىدىن ئاۋازلىرى
سەل بوغۇلغان ۋە دۇدۇقلاشقان ھالدا ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ
كىرىش سۆزى قىلىشتى. چاۋاكلار ساداسى ئىچىدە تورتقا ساز-
جىلغان شام سەبىينىڭ پۈۋلىشىدە مىڭبىر تەستە ئۆچۈرۈلۈپ،
مېھمانلارنىڭ نېسىۋىسى—قايماقلىق شېرىن، يۇمشاق تورت ئۇ-
لەشتۈرۈلگەندىن كېيىن، سورۇننى بىر پەس مەززە سۈكۈناتى
قاپلىدى. سەلدىن كېيىن مېھمانلار نۆۋەت بىلەن ئورنىدىن
تۇرۇشۇپ، ئېلىپ كەلگەن سوۋغاتلىرىنى چوڭ ئۈستەلگە بىر-
بىرلەپ قويۇپ، بالا باققۇچى قىز كۆتۈرۈپ تۇرغان ئالمىرەنىڭ
ئاخشامدىن بېرىقى تۇيۇقسىز قىزىش، يۆتىلىشتىن قىزىرىپ
تۇرغان بۇدرۇق مەڭزىگە سۆيۈشۈپ، تىلەكلىرىنى ئىزھار قى-
لىشقا باشلىدى.

— قىزىڭلارنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولسۇن! — دېدى چوڭ ياشـ-
لىق، سالاپەتلىك بىر مېهمان. ئەلى بىلەن سابىرە دەرھال
ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتتى.

— پەرزەنتىڭلارنىڭ دۆلىتى زىيادە بولسۇن! — دېدى ئالتۇن
ئۈزۈكلەرنى قوشلاپ سالغان، پۈزۈر بىر جۇۋان. ئەلى بىلەن
سابىرە تەڭلا كۈلۈمسىرەشتى.

— ئالمىرە ئاي تېخىمۇ چىرايلىق بولۇپ ئۆسسۇن! —
ئەلىنىڭ چىرايلىق سىڭلىسى كەرەشمىلىك ئاھاڭدا تىلەك تىلە-
دى. سابىرە قېيىن سىڭلىسىغا جاۋابەن تەبەسسۇم ئىزهار قىلـ-
دى.

— خان قىزىم ئوقۇپ ئالىم بولسۇن! — دېدى سابىرەنىڭ
مۇئەللىم كىچىك دادىسى. ئەلى "رەھمەت" دەپ ئېهتىرام بىلەن
ئۇنىڭغا باش ئەگدى.

— بۇ قىز دادىسىدەك ئەقىللىق، ئاپىسىدەك جانلىق ئۆلغاي-
سۇن! — قوشنىلاردىن بىرى سۆزگە نۆۋەت ئالدى. ئەر-ئايال
ساھىبخانا بىر-بىرىگە مەنىلىك قاراشتى.

نۆۋەت ئەلىنىڭ چاچلىرىنى ئاق، يۈزىنى يول-يول قورۇق-
لار باسقان، سەل ئالدىغا مۈكچەيگەن ئانىسىغا كەلدى. ھەممەي-
لەن بىرچەتتە ئۇن چىقماي تۇرغان، نېمىشقىدۇر چىرايى تەش-
ۋىشلىك بۇ مويسىپىتقا تەڭلا قاراشتى. ئەلى چوڭقۇر مېهرى-
مۇھەببەت بىلەن ئانىسىغا تەلمۈردى. ئانىسىز ئۆسكەن سابىرەمۇ
كۆڭلى-كۆكسى دەريادەك كەڭ قېيىنانىسىغا قاپقارا كۆزلىرىنى
تىكتى. ئانا بالا باققۇچى قىزنىڭ ئالدىغا كەلدى-دە، توختىماي
يۆتىلىپ تۇرغان نەۋرىسىنى باغرىغا ئېلىپ، مەڭزىنى ئۇنىڭ

ئوتتەك مەڭزىگە ياقتى ۋە:
—جېنىم بالامنىڭ يۆتىلى چاپسانراق توختاپ قالغاي، ئىلا-
ھىم! —دېدى تىترىگەن ئاۋازدا.
سابىرە ئېتىلىپ بېرىپ قېينانىسىنى قىزى بىلەن قوشۇپ
قۇچاقلىۋالدى.

## ئۇستەل كالېندارى

يېڭى باشلىقىمىز خىزمەتكە چۈشۈپ ھەپتە ئۆتمەيلا، بىرد-
مىزگە بىردىن ئۇستەل كالېندارى تارقىتىپ بەردى. بۇ دېكابىر
ئېيىنىڭ ئوتتۇرىلىرى ئىدى.
—يېڭى يىلنى يېڭى ئادەت بىلەن باشلايلى، —دېدى ئۇ
بىزنىڭ ئىشخانىغا كىرىپ ماڭا ۋە ئۇدۇلۇمدىكى بەستىلىك، مەڭ-
زى خورازنىڭ تاجىسىدەك ھەمىشە قىپقىزىل تۇرىدىغان لەيلىنا-
مانغا ئۆز قولى بىلەن كالېندارنى ئۇزىتىۋېتىپ، —بۇ ھەم كا-
لېندار، ھەم خاتىرە سۇپىتىدە ئىشلىنىدىغان ياخشى نەرسە ئى-
كەن. كۈندىلىك ئىشلارنى ئىز قالدۇرۇپ قويارسىلەر.
ھەش-پەش دېگىچە يىل ئاخىرى بولۇپ قالدى. بىر يىللىق
رەھبىرىمىز بولۇپ قالغان بۇ باشلىقىمىز بىركۈنى ئالدىمىزدىكى
ئۇستەل كالېندارىنى يىغىپ ئېلىپ چىقىپ كەتتى. لەيلىنامان
"بۇ نېمە ئىش؟" دېگەندەك، ماڭا چەكچىيىپ قاراپ قويدى،
مەنمۇ بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلەلمەي دولامنى كۆتۈرۈپ بوينۇمنى

قىستىم.

يېڭى يىلنى كۈتۈۋېلىش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن خۇلاسە ۋە كۆڭۈل ئېچىش يىغىلىشىمىز تولىمۇ مەنىلىك بول- دى. يىغىندىن ئىلگىرى بەزىلەر ”بۈگۈن باشلىق ئۆز قولى بىلەن مۇكاپات تارقىتىدىكەن“دەپ يۈرگەنىدى. دېگەندەك، كۆ- ڭۈل ئېچىش ئاياغلىشاي دېگەندە ،اشلىقىمىز بىردىنلا ھەممىمىز- نى تەرتىپكە چاقىرىپ قالدى.

—بىلمىدىم، بۈنىڭدىن ئىلگىرى يىللىق خۇلاسىنى قانداق- راق ئۆتكۈزەتتىڭلاركىن؟ بۇ يىلقىنى يېڭىچە ئۆتكۈزۈپ باقماي- لىمۇ؟

ھەممىمىز تىمتاس بولۇپ، باشلىقنىڭ ئاغزىغا قارىدۇق. ئاڭغىچە باشلىق بىر ئىشارە قىلىۋىدى، ئىشخانا مۇدىرى ئۈستەل ئاستىدىن بىر دۆۋە كونا ئۈستەل كالېندارىنى ئالدى.

—ئېسىڭلاردا بولسا كېرەك، —دېدى باشلىق كالېنداردىن بىرنى ئېلىپ ۋاراقلاۋېتىپ، —بۇلتۇر مۇشۇ كالېندارنى تارقات- قاندا ھەر بىرىڭلارغا بىر ئېغىز سۆز قىلغانىدىم. ھازىر بىرنەچ- چە كالېنداردىن ئۆزۈڭلەر ئوقۇپ بېرىمەن، —باشلىق شۇنداق دېدى-دە، بىر كالېندارنى ۋاراقلاپ، بەش-ئالتە كۇنلۇك خاتىرد- نى ئوقۇپ بەردى. خاتىرە شۇنداق مەنىلىك، ئەتراپلىق ۋە ئىخچام يېزىلغانىدىكى، ئۇنىڭدىن ئوخچۇپ تۇرغان بىر يۈرەك- نى، ئارمانلىق ئەقىل-ئىدراكنى، مەسئۇلىيەتچان بىر جۈپ قولنى كۆرگەندەك بولدۇق.

باشلىق يەنە ئىككى كالېنداردىن بەزى بەتلەرنى ئوقۇپ بەردى. ئوقۇغان ئادەممۇ، مۇشۇ بەتلەرنى يازغان، مەشەدە ئول-

تۇرغان خىزمەتدىشىمىزمۇ مەمنۇنىيەتكە چۆمۈلەتتى.

ئاخىرىدا باشلىقىمىز دائىم ئويچان كۆرۈنىدىغان چىرايىغا بىلىنەر-بىلىنمەس كۈلكە يۈگۈرتتى-دە، بايا بىر چەتكە ئايرىپ قويغان كالېندارنى قولىغا ئالدى.

— ئەمدى سىلەرگە مۇنۇ كالېندارغا يېزىلغان خاتىرىلەرنىمۇ ئوقۇپ بېرەي، قۇلاق سېلىڭلار! — باشلىق تامىقىنى قىرىپ قويدى-دە، ئالدىرىماي ئوقۇشقا باشلىدى:

"1989-يىل 1-ئاينىڭ 7-كۈنى، شەنبە، بۈگۈن ئىش خۇش ياقمىدى. ئىسكەندەرگە تېلېفون بېرىۋېدىم، لىككىدە كەل-دى. سالى بۆرىنىڭ ئاشخانىسىغا چىقىپ قورساقنى توقلاپ، 500 گرام قاقتۇق..." مەجلىسخانىدا پاراققىدە كۈلكە كۆتۈرۈل-دى. ھەممەيلەن بىر-بىرىگە قارىشاتتى. بىزنىڭ ئىدارىمىزنىڭ نامى كاتتا بولغىنى بىلەن قانچىلىك ئادىمى بار دەيسىلەر؟ ئاران 17، توساتتىن ئۆپكىدەك ئېسىلىپ ئولتۇرغان لەيلىنامانغا كۆ-زۈم چۈشۈپ قالدى. "ئىم" دېدىم ئىچىمدە كالپۇكىمنى ھىمى-رىپ.

باشلىق يەنە ئوقۇشقا باشلىدى:

"1989-يىل 3-ئاينىڭ 28-كۈنى، چارشەنبە، قاسساپ دۇ-كىنىغا چىقىپ پاقلان گۆشىدىن بىركىلو ئالدىم. پارنىكنىڭ سېپى كەپتىكەن، ئۈنىڭدىنمۇ خىللىۋالدىم".

يېڭى يىلنى كۈتۈۋېلىش سورۇنىنى گۈدۈڭ-گۈدۈڭ ئاۋاز قاپلىدى. كۆز قىرىمدا سەپسالسام، بەزىلەر لەيلىنامانىڭ ھالى-تىنى سېزىپ قالغاندەك قىلاتتى. باشلىق قولىدىكى كالېندار-دىن يەنە قېلىن بىر بۆلەكنى ئۆتكۈزۈۋەتتى.

— يەنە بىرىنى ئوقۇي، ھە، يىقىندىكىسىنى…

"1989 - يىل 11 - ئاينىڭ 17 - كۈنى جۈمە، كەچكىچە ئۈيقۇ بېسىپلا يۈردۈم، چارشەنبە بىلەن جۈمە كۈنى بولىدىغان ئۆگى-نىشتىن تويدى-دە، ئادەم. خەقنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋېلىپ، مو-گىدەپ ئولتۇردۇم. ئۇنىڭ ئورنىغا بىرەر كىنو قويۇپ بەرگەن بولسىمۇ كاشكى!"

باشلىق كالېندارنى ياپتى-دە، بىردەم شۈك تۇرۇۋالدى، كېيىن يەنە ھەممىمىزگە تەكشى نەزەر تاشلاپ:

— ھازىر مۇكاپات تارقىتىش باشلىنىدۇ، — دېدى.

باشلىق دەسلەپتە خاتىرىلەردىن ئۈزۈندە ئوقۇلغان كالېن-دارنىڭ ئىگىسىگە ئۆز قولى بىلەن تەقدىرنامە ۋە كىچىك خاتىرە بۇيۇمى تەقدىم قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىككى كالېندارنىڭ ئىگىلىرىگىمۇ لايىقىدا، ئادەم ھەۋەس قىلغۇدەك مۇكاپات تارقى-تىپ بەردى. شۇ قاتاردا ماڭا ۋە يەنە بىرنەچچەيلەنگە تەقدىرنامە تەگدى.

ئەڭ ئاخىرىدا لەيلىنامانىڭمۇ ئىسمى چاقىرىلدى.

نېمىشقا دەمسىلەر؟ سەھنىگە چىقىشقا ئۇنىڭغىمۇ مۇكاپات بەردىمۇ دەمسىلەر؟ شۇنداق، مۇكاپات بەردى. نېمە بەردى دې-دىڭلارمۇ؟ ئۆزى بەتلىرىنى تولدۇرغان ھېلىقى كونا ئۈستەل كالېندارى بىلەن تېخى تۈتۈلمىغان، كېلەركى يىلنىڭ يېپيېڭى ئۈستەل كالېندارىنى ئىدارە باشلىقى ئۆز قولى بىلەن ئۇنىڭغا بەردى.

# بىزنىڭ ئوغۇل

شۇنداق بىر ئوغۇلنى كۆز ئالدىڭىزغا كەلتۈرۈڭ: ئۇنىڭ دادىسى ناھىيە رەھبەرلىرى رويخېتىدە ئالدىنقى قاتاردىكى ئو-رۇنلارنىڭ بىرىنى ئىگىلەپ تۇرىدۇ. ئۆزى تولۇق ئوتتۇرا مەك-تەپنى پۈتتۈرۈشكە بىرىل قالغاندا مەكتەپتىن چىقىۋالغان. ئاپىسى رەھبەرلىك قىلىدىغان ناھىيىلىك دوختۇرخانىنىڭ ئاق-باش مۇتەخەسسىسى ئۇنىڭغا ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرۇشقا بولماي-دىغانلىق ئىسپىراپكىسىنى يېزىپ بەرگەن…بۇگۈن ئۇنىڭ دادى-سى (بىز ئۇنى ئا جاناب دەپ ئاتاپ تۇرايلى) تېلېفوننىڭ نومۇر تەخسىسىنى بىرپەس چۆرگىلەتتى-دە، تۇرۇپكىسىنى قولىغا ئالدى.

—ۋەي، سودا ئىدارىسىمۇ؟

يېرىم سائەتتىن كېيىن ئا جانابنىڭ بۆلۈمىگە ناھىيىلىك سودا ئىدارىسىنىڭ مەسئۇلى تەبەسسۇم تۆكۈپ كىرىپ كەلدى.

—ماڭا قاراڭ، —دېدى ئا جاناب بىرچاغدا تۇزۇت پاراڭلى-رىنى يىغىشتۇرۇپ، —بىزنىڭ ئوغۇل تۇرۇپلا ئىشلىسەم دەپ قاپتۇ. سەيگويەن بولغۇسى بارمىش. سىزچە…؟

—بولىدۇ، بولىدۇ، ياخشى ئويلاپتۇ، ياش باللار بىكار يۈرسىمۇ زېرىكىپ قالىدۇ دەڭا. مەن ئۇياقنى بىزنىڭ سەيگويەن-

لەرگە قېتىپ قوياي، كۆزى پىشسۇن!
شۇنداق قىلىپ، ھېلىقى "بىزنىڭ ئوغۇل" ئىككى كۈندىن كېيىن سەيگۈيۈەن بولۇپ قالدى. سەپەرلەردە بولدى، زىياپەتلەردە كۆلدى… بىر كۈنلىرى كېلىپ يەنە ئۆيىدىن يىراقلىشىپ قالدى. گىراشقا باشلىدى.
بۇگۈنمۇ ئۇنىڭ دادىسى تېلېفون تەخسىسىنى بىرپەس چۆرگىلەتتى-دە، تۇرۇپكىنى قولىغا ئالدى.
— ۋەي، مائارىپ ئىدارىسىمۇ؟
يېرىم سائەتكە قالماي بىراۋ ئا جانابنىڭ بۆلۈمىگە پىخىلداپ كىرىپ كەلدى.
— ماڭا قاراڭ، — دېدى ئا جاناب بىرچاغدا تۇزۇت پاراڭلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، — بىزنىڭ ھېلىقى شوخ ئوغۇلنى بىلىسىز. شۇزە، تۇرۇپلا ئىشلىسەم دەپ قاپتۇ، مۇئەللىم بولۇشقا قىزىققارمىش. سىزچە؟...
— مانا، ياشلىق ئارمىنى دېگەن! — مائارىپ ئىدارىسىنىڭ بىمەھەل سەمرىگەن باشلىقى ئورنىدىن ھەتتا ئىرغىپ كەتتى، قوللىرىنى ئىشقىلاپ تۇرۇپ ئىپادە بىلدۈردى، — مەرىپەتكە پەرۋانە بولغىنىغۇ بۇ، ئامالىنى قىلىمىز!
شۇنداق قىلىپ ھېلىقى "بىزنىڭ ئوغۇل" ھەپتىگە قالمايلا بىر باشلانغۇچ مەكتەپكە ۋاقىتلىق ئوقۇتقۇچى بولۇپ قالدى. قانداق ئوقۇتقانلىقىنى بۇ يەردە دېمەيمىز. ئىشقىلىپ، ئىككى ئاي مائاش ئالدى. ئۈچىنچى ئېيىدا مەكتەپ يولىدىن قالدى.
مانا بۇگۈنمۇ ئۇنىڭ دادىسى، يەنى ھۆرمەتلىك ئا جاناب تېلېفون تەخسىسىنى پىرقىرىتىشقا باشلىدى.

—ۋەي، سىز گېزىتخانىمۇ؟

كۆپ ئۆتمەستىن ئا جانابنىڭ بۆلۈمىگە تاپىنغا شارىك بېكىتكەندەك غىرىلداپ مېڭىپ، خىيالچان بىر ئادەم كىرىپ كەلدى.

—ماڭا قاراڭ،—دېدى ئا جاناب،—بىزنىڭ ئوغۇلنى تونۇي-دىكەنسىزغۇ؟ قىزىق ئىش، تۇرۇپلا شائىر بولغۇسى كېلىپ قاپتۇ ئۇنىڭ. ماۋۇ يازغانلىرىكەن. قاملاشمىغان يەرلىرىگە قە-لەم ئۇرۇپ، گېزىتكە بىر كۆتۈرۈپ قويامسىز-ھە؟ مەدەت بو-لۇپ قالار...

—ئىنتىلگىنى ياخشى،—دېدى خىيالچان شائىر سىرلىق كۈلۈمسىرەپ، قالغىنىنى ماڭا قويۇپ بېرىڭ.

يېرىم ئايدىن كېيىن يەرلىك گېزىتتە ھېلىقى "بىزنىڭ ئوغۇل"نىڭ شېئىرى بېسىلىپ چىقتى. شېئىرنىڭ پېشانىسىدا ئۇنىڭ ۋە ئاتىسىنىڭ بىرلەشمە ئىسمى بېرىلمىگەن بولسا، ئاپ-تورنىڭ ئۆزىمۇ شېئىرىنى تونىيالمىغان بولاتتى. يەنە بىر "بۈ-گۈن"كەلدى...بۈگۈن ئا جاناب تېلېفون تۇرۇپكىسىغا يەنە شەخ-سىي ئىش تۈپەيلى قول ئۇزۇتۇپ قالدى.

—ۋەي، سانائەت-قاتناش ئىدارىسىمۇ؟

كاتتا باشلىقنى ئانچىلا كۆپ كۈتكۈزمەستىن ئالدىراڭغۇ مىجەز، پەتەك بىرەيلەن قوبۇلخانىغا ئۈندى.

—ماڭا قاراڭ،—ئا جاناب بىرچاغدا ئوخشلاشلا تۈزۈت گەپ-لىرىنى يىغىشتۇردى،—بىزنىڭ ھېلىقى تىنىمسىز ئوغۇل شو-پۇر بولىمەن دەپ سەكپارە بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. "بولدى قوي" دېسەم ئاش-تاماقتىنمۇ قالىدىغان پەيلى بار، ئۇنىڭ ئۇستىگە

ئانىسىمۇ ئارىلىشىپ...سىزچە؟

—ھازىرقى ياش بالىلار رولىغا قەۋەتلا ئامراق-تە!—ئالدىراڭغۇ پەتەك مەززە قىلغاندەك كۈلۈۋىدى، چىرايى چارلىز چاپلىن دورىغان بىر قىسما ئۆششاق ئەمەلدارلارغا ئوخشاپ قالدى،—قالدى ئىشلارغا سىز ئاۋارە بولمىسىڭىزا!

خەيرلىك كۆنلەرنىڭ بىرىدە ھېلىقى "بىزنىڭ ئوغۇل" قىسقا كۆرستا ئوقۇپ، ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ رولغىمۇ ئىگە بولۇپ قالدى. نېمىسىنى دەيسىز، تېخى يېرىم يىلدا ئۈچ ماشىنىغا يەڭگۈشلەندى. ئاخىرقىسى سۆلەتلىك پىكاپ ئىدى. شوپۇرلۇقنىڭ يەتتىنچى ئېيىدىكى يەنە بىر "بۆگۈن"، يەنى ئاخىرقى بۆگۈن ئا جاناپ تېلېفون تەخسىسىنى يەنە بىر قېتىم غىرىلداتتى-دە، تۇرۇپىغا ئاغزىنى ياقتى.

—ۋەي، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىمۇ؟

ئارىدىن ئىنتايىن ئۇزاق، ئىككى سائەتچە ئۆتۈپ، بىر چاغدا باشتىن ئاياغ فورما كىيگەن ھەيۋەتلىك، سالماقلىق بىر كىشى ئا جانابنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ ئولتۇردى.

—ماڭا قاراڭ،—دېدى ئا جاناب بىر چاغدا تۇزۇت گەپلىرىنى يىغىشتۇرۇپ،—ئەجەب كېچىكىپ كەتتىڭىزغۇ؟ مەن سىز بىلەن بىزنىڭ ھېلىقى ئوغۇلنىڭ ئىشىنى...

—مەنمۇ نەق شۇ ئوغلىڭىزنىڭ ئىشى بىلەن كېچىكىپ قالدىم،—دېدى فورمىلىق كىشى ئورنىدىن دەس تۇرۇپ،—ئوغلىڭىزنىڭ شوپۇرلۇق تېخنىكىسىدا لاياقەتسىز ئىكەنلىكىنى بىلەتتىڭىزمۇ؟ ئۇ بايىلا بىرسىنى سوقۇپ ئۆلتۈرۈپ قويدى، ئوغلىڭىزنى سىز ھازىر ماڭا دېمەكچى بولغان يەرگە —ساقچىغا ئەكىرىۋېتىپ كەلدىم!

# كۆرۈپ قالغان ئادەم بار

شۇنداق، ئۇ مېنىڭ ئالدىمدا ئەزەلدىن تارتىنىپ، ئانچىلا سىر يوشۇرۇپ ئولتۇرمايتتى. ئۆز نۆۋىتىدە بولسا مەنمۇ ئۇنىڭغا يۈز-خاتىرە قىلمايتتىم.

مېنىڭ "ئۇ" دەۋاتقىنىم، باشلىق ئىسىملىككە سېزىكى بار، شۇڭلاشقىمۇ ئەل-يۇرتنىڭ ئېغىزىدا غەيۋىتى بار تام قوش-نام مەتناسىرخان. ئۇنىڭ ھەممە تەرىپى بولىدۇيۇ، لېكىن شۇ بىرلا…، ھەر ماختانغىنىدا بىر تەنقىد-تەربىيە بېرىپ ئۇنى قىزارتماقچى، پەيلى-خۇيىدىن يالتايتماقچى بولاتتىم. ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مەندەك بىر ئوقۇتقۇچىسى تالاي-تالاي چېچەنلەرنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈپ چىققانمەنۇ، بىراق مۇشۇ تام قوشنامغا كەلگەندە دەرسىمنىڭ "بىسى قايرىلىپ" كېتەتتى. قارىغاندا، "تۇزەش تەدبىرىم"نى ئۆزگەرتمىسەم بولمىغىدەك.

شۇنداقمۇ قىلدىم.

كوزنىڭ چىرايلىق بىر ئەتىگەنلىكى ھاۋالانغىلى تالاغا چىق-قاندىم. كالىچىنى شىپىلدىتىپ مەتناسىرخانمۇ دەرۋازا ئالدىغا ئۇنۇپ قالدى. مېنى كۆردىيۇ ئادىتى بويىچە ھىجىيىپ، يانتۇ ئېگىلگەن ھالدا سالام بەردى ۋە مەن تەرەپكە لىپىلداپ كېلىشكە باشلىدى.

—مىجەز ـ تاۋلىرى قانداقكىن ئەپەندىم؟ — دېدى ئۇ قولۇمـ
نى ماھۇقتەك ئالىقانلىرىدا بىر پەس ئويىنىتىپ قويىۋەتكەندىن
كېيىن، ”ئەپەندىم“ دېگىنىگە دائىم قوشۇمام تۈرۈلەتتىيۇ، ئەمما
ئۇ سەزمەيتتى.
— يامان دېگىلى بولماس، خوش، ئالدىراش قوشنام، نېمە
يېڭىلىقلار بار؟
— يېڭىلىق تولا! — مەتناسىرخان ”تولا“غا تەڭكەش قىلـ
لىپ، بېشىنى بىر سىلكىدى، — ئۇلۇشكۈن تېخى يېڭى جۇيجاڭ
غوجامنىڭ ئۆيىنى پەتىلەپ كەلدىم.
چۈشەندىمكى، ئۇ ناھىيىلىك سانائەت ئىدارىسىغا يېڭىدىن
تەيىنلەنگەن جۇيجاڭنىڭ ئۆيىگە بىرەر ھاجىتى توپەيلى كەم دېـ
گەندە بىر قوينىڭ خۇنچىلىك كېلىدىغان سوۋغا ـ سالامنى ئاپارـ
غانىدى. جۇيجاڭنىڭ ئالغان ـ ئالمىغانلىقى ئەلۋەتتە ماڭا نامەـ
لۇم.
— بىلىمىز، — دېدىم مەن بىردىن ئۆزۈمنى جىددىي قىياـ
پەتكە سېلىپ.
مەتناسىرخان چەكچەيدى.
— بىلىلا؟ مەسىلەن قەيەردىن؟
— كۆرۈپ قالغان ئادەم بار! — چىرايىمنى گېپىمگە لايىقـ
لاشتۇرۇپ، قوغداش خادىمىدەك قىياپەتتە قوشنامغا قارىدىم.
— يا ئاللا، خەق پۈتىدا ئەمەس، ئاغزىدا يۈگۈرەيدىغان
بولۇپ كېتىپتۇ ـ دە! — قوشنام بېشىنى توكۇلاڭدەك تېز ئېغاتـ
تى.
ئالاھازەل بىر ھەپتىدىن كېيىن ئۇ بىر كەچقۇرۇنلۇقى

ئۆيۈمگە كالىچىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ يۈگۈرۈپ كىردى. —
ئەپەندىم، بۈگۈن ئالامەت بىر ئىش بوپكەتتى كۆرسىلە!
— نېمە ئىش؟ — دېدىم كۆرۈۋاتقان گېزىتتىن بېشىمنى كۆ-
تۈرۈپ، كۆڭلۈم بىر نېمىنى تۇيغاندەك بولدى.
— بۈگۈن قاق سەھەردە بىر ئىلىك ئاتتىم، كۆرسىلە، —
ئۇ مولۇن كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ ماڭا قارىدى، — گېپىمنى
چۈشەنگەنلا؟
چۈشەندىمكى، ئۇ بىرەر كاتتىۋاشىنىڭ مەيلىنى قولغا كەل-
تۈرۈپ، ئۇنىڭغا يوغانراق بىر نېمىنى سوڭگۈتكەن، پات ئارىدا
ھەسسىلەپ ئاشۇرۇپ يۈلىدۇ.
— بىلمەن، — دېدىم سىرلىق ھىجىيىپ، — كۆرۈپ قالغان
ئادەم بار-دە!
— يائاللا! — مەتناسىرخان چاشقاندەك چىــرلا قىلىپ
قالدى، — جان باققىلى بولمايدىكەن-دە، بۇ جاھاندا...
قوشنام شۇنداق خىرىس قىلدىيۇ، لېكىن، سېزىۋالدىم،
لاسسىدە بوشىشىپ قالدى. تۇكسىزلىنىشكە باشلىغان بېشى بى-
لىنەر-بىلىنمەس لىڭشىدى. بايىقى زەردىلىك گېپىنىڭ تەلەپپۇ-
زىمۇ ئاخىرىدا ئاجىزلىشىپ كەتكەنىدى.
ئاشۇ ئىككى ئىشتىن كېيىن مەن يەنە بىر نەچچە قېتىم
تام قوشنامغا ”كۆرۈپ قالغان ئادەم بار“ دەۋالدىم. ئەنە شۇنىڭ-
دىن كېيىن مەتناسىرخاننىڭ يۈرۈش-تۇرۇشى، قىياپىتىگە ئاس-
تىرتىن نەزەر سېلىپ يۈردۈم. قوشنامدا ھەقىقەتەن بەزىبىر
كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىشلەر بولىۋاتاتتى. بولۇپمۇ ھەركەچقۇرۇن-
لۇقى نەلەرگىدۇر پالاقلاپ، يېرىم كېچىلەردە بىزنىڭمۇ ئۇيقۇ-

مىزنى بۇزۇپ دەرۋازىسىنى قورققاندەك قاقىدىغان، ھازازۇل خوتۇننى ۋايىستىدىغان مىجەزى ئەمدى خېلىلا قېلىپ قالغاندى. دائىم بىر-بىرسىنىڭكىگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن بوپا قىستۇرىۋالىدىغان سول قولتۇقىمۇ ئەمدىلىكتە ھەر كۆرگىنىمدە بوش تۇراتتى.

يەنە بىر مەزگىل ئۆتتى. كېچىچە يامغۇر يېغىپ، سەھەرلىكتە ھاۋا قاشتېشىدەك ئېچىلىپ كەتكەن بىر ئەتىگەنلىكى ساپ ھاۋادىن بولۇشىغا بىر سومۇرەي دەپ تالاغا چىقسام، مەتناسىرخان دەرۋازىسى ئالدىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ كېتىپتۇ. مېنى كۆردىيۇ، جايىدىن قاڭقىپ تۇرۇپ ئالدىمغا كەلدى.

— كەم دىدارغۇ ئەپەندىم؟ — دېدى ئۇ ماڭا بۆلەكچىلا يېقىنچىلىق بىلەن ھىجىيىپ، ئىللىق نەزىرى بىلەن مەڭزىلىرىمنى سىيپىلاپ، — ھېچ كۆرمەيمىز!؟

— ئەرزانچىلىققۇ، ھە، ئۆزلىرىچۇ؟

— بىزمۇ شۇ، — مەتناسىرخان بېشىنى قارىيچىلاپ پۇلاڭلاتتى، — يېقىنىڭياقى ئوقەتتىن قول بوشىسا ئۆيدە "خۇدا" دەپ ياتتۇق.

— كۆرۈپ تۇرغان ئادەم بار، — دېدىم يېقىملىق قىياپىتىمنى نامايان قىلىشقا تىرىشىپ. مەتناسىرخانمۇ گېپىمنىڭ مەنىسىنى چۈشەنگەندەك بېشىنى لىڭشىتتى. ئارقىدىنلا ئۇ بىر نېمىنى يادىغا ئالغاندەك:

— راستلا، تاس-تاماس ئۇنتۇيدىكەنمەن. تۇنۇگۈن لىككىدەم دوختۇرخانىغا بېرىپ كەلدىم كۆرسىلە، ھاكىمىم... بەللىلىغۇ! — دېدى ئەندىكىپ.

هاكىم خېلى ئېغىر ئاغرىق بىلەن شۇ كۈنلەردە كېسەلخانى-
دا ئىدى، ئۆزەممۇ بىرنەچچە كۈننىڭ ئالدىدا ئۇنى يوقلاپ كېلى-
ۋېدىم.

—يوقلىغىنىڭىز بوپتۇ،—دېدىم،—بۈنى تۈنۈگۈنلا بىرسى
ماڭا دېۋىدى...

—يائاللا!—دېدى مەتناسىرخان يەنە چىرقىرىغان ئا-
ۋازدا،—بۇنىمۇ كۆرۈپ قالغان ئادەم بار دەپقويسىلا...ھەي زامان
...زامان!

شۇندىن كېيىن تام قوشنامنىڭ ھېلىقىدەك پاراڭلىرىنى
زادىلا ئاڭلىمايدىغان بولدۇم. قارىغاندا ”كۆرۈپ قالغان ئادەم“
نىڭمۇ رولى خېلى بار ئوخشايدۇ.

## قاپاق چۆمۈچ

يېقىنقى بىرنەچچە يىلدا سەيپۇللام ئوقەتتە لەپپىدە كۆتۈرۈ-
لۈپ كەتتى. ئۇنىڭ گىلەمچىلىك دۇكىنى بازارنىڭ راسا قايناق
يېرىدە بولغاچقا، ماللىرىنىڭ بازىرى ئىتتىك بولدى. بۇنىڭ
ئاساسىي سەۋەبى سەيپۇللامنىڭ كامىل خالۋاپلاردىن گىلەمچى-
لىك تېخنىكىسىنى ئۇجۇر-بۇجۇرىغىچە ئىخلاس قويۇپ ئۆگەن-
گەنلىكى ۋە بۇ ھۈنەرگە مەلۇم دەرىجىدە تېخنىكا يېڭىلاشنى
بىرلەشتۈرگەنلىكى ئىدى.

گىلەمچىلىك توغرىسىدىكى گېپىمىزنى مەشەگىچە قىلايلى.

ئەسلى دەيدىغان گېپىمىزگە كەلسەك، گىلەمچىلىكنىڭ روناق تېپىشى بىلەن سەيپۇللامنىڭ تۇرمۇشى ئۆزگەردى، يۈكسەلدى. بۇلتۇر ئۇ ئاستى-ئۈستى تاختايلىق، پېشايۋانلىرى سىرلانغان تۆت ئېغىزلىق ئۆي سېلىۋالدى. ھەممىلا ئۆيگە ئوتقاشتەك رەڭدار گىلەملەرنى ئاستى، زامانىۋى ئائىلە سايمانلىرى ۋە ئەڭ يېڭى مودىلىق ئۆي جاھازلىرىنى قويۇپ، ئۆينى بۆلەكچىلا ياسىدۋەتتى، ئۆزى بولسا 6000 يۈەنگە سېتىۋالغان موتسىكلىتنى مىنىپ ئىشقا بارىدىغان، كېلىدىغان بولدى. سەيپۇللام تۇرمۇشتا ئىنتايىن رەتلىك بولۇپ، پاكىزلىق، سەرەمجانلىقنى ياخشى كۆرىدىغان يىگىت ئىدى. ئايالىمۇ، ياشىنىپ قالغان ئانىسىمۇ ئۇنىڭ رايىغا بېقىپ ھەر دائىم بۇ جەھەتكە ئالاھىدە دىققەت قىلىشاتتى، ھەتتا بىردىنبىر پەرزەنتى—ئۈچ ياشلىق قىزىمۇ ئويۇنچۇقلىرىنى زادىلا قالايمىقان تاشلىمايتتى.

بۇ باياشات، سەرەمجان ئائىلىدە سەيپۇللامنىڭ كەيپىنى ئۇچۇرىدىغان كىچىككىنە بىرنەرسە بار ئىدى، ئۇ بولسىمۇ ئاشخانا ئۆيدىكى زامانىۋى، يالتىراق چويلا، كەپكۇر، ساپلىق، چۆمۈچلەرنىڭ قاتارىدا ئېسىقلىق تۇرغان قاپاق چۆمۈچ (نوگاي) ئىدى. تولا تۇتۇلۇپ، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تېشى قىزغۇچ، ئىچى قارارەڭ بولۇپ كەتكەن، ئاغزىنىڭ كىچىككىنە يېرى پاختا يىپ بىلەن رەتلىك، ئۇششاق تەپچىپ تىكىلگەن بۇ چۆمۈچكە ھەرقېتىم قارىغىنىدا، ئۇنىڭ تەرى بىرقېتىم تۇرۇلەتتى. ئۇ بىرنەچچە رەت چاي ئۈستىدە چاقچاقلا يومزاپ ”پۇل ئالساڭلارمۇ ئېلىڭلار، مۇشۇنى تاشلىۋېتىڭلار!“ دەپمۇ باقتى. بىراق، قاپاق چۆمۈچ ھېچيەرگە يۆتكەلمەستىن ئورنىدا ئېسىقلىق

تۇرۋۇەردى. تۈنۈگۈن چۈشتە سەيپۇللام يۇزلۇك بىر ئاغىنىسىـ
نى ئۆيگە چۈشلۈك چايغا باشلاپ كەلدى.

كۆزلەرنى ئالىچەكمەن قىلغۇدەك ياسىداق مېھمانخانىدا ئولتۇرغان مېھماننىڭ ئالدىغا بىرچاغدا پارقىراق كورىدىكى ئەتـ
كەن چاي بىلەن ھېلىقى قاپاق چۆمۈچ كىرىپ كەلدى. مېھمان ئەتەيمۇ ياكى تاسادىپىيمۇ (ياكى تولىمۇ خۇدۇكچان سەيپۇللامغا ئاشۇنداق بىلىنىپ كەتتىمۇ) قاپاق چۆمۈچكە ئىستىھزالىق قارىـ
غاندەك قىلدى. مېھمان كەتكەندىن كېيىن، ئۇ گىلەمچىلىك دۇكىنىغا مېڭىش ئالدىدا ئاشخانا ئۆيگە كىرىپ، ئۆزى تولىمۇ ئۆچ بولۇپ كەتكەن ھېلىقى ”قالاق ئۇنسۇر“نى ئېسىقلىق جايىـ
دىن يۇلۇپ ئالدى-دە، ئامبارغا ئەكىرىپ ئەسكى-تۈسكىلەر سېـ
لىنغان چوڭ ساندۇققا تاشلىۋەتتى. كەچتە سەيپۇللام موتسىكلىـ
تىنى تاتىلدىتىپ ھويلىغا كىرگەندە، پېشايۋاندا تەشۋىشلەنگەنـ
دەك خىيالغا چۆمگەن ئايالىنى كۆردى. ئايالىمۇ دەررۇ پېشايۋاندىن چۈشۈپ، ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە ئالدىراپ سورىدى:

—قاپاق چۆمۈچنى كۆردىڭىزمۇ؟

—نېمە قىلاتتىڭ؟ ئۇنى تاشلىۋەتتىم،—سەيپۇللام ئېرەنـ
سىزلىك بىلەن جاۋاب بەردى.

—ھەي، قارىڭا سىزنى، ئۇ نەرىڭىزگە تاقاشتى؟ ئەمـ
دى...—ئايالى كايىغان تەلەپپۇزدا شۇنداق دېگىنىچە ئاشخانا ئۆي تەرەپكە بۇرۇلدى. سەيپۇللام ئايالىنىڭ كەينىدىنلا تاپ بېسىپ ئاشخانا ئۆيگە كىرىۋىدى، كارىۋات ئۈستىدە تام تەرەپكە قاراپ ياتقان ئانىسىغا كۆزى چۈشتى ۋە ئەنسىرەپ ئايالىغا قارىدى.

—تىش...ش!—دېدى ئايالى كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى لېۋىگە

ئەكىلىپ، — مىجەزى يوق.

— نېمە بولدىكىنە؟ — دېدى سەيپۇللام چۆچۈش ھەم تەئەججۈپ ئىچىدە ئانىسى ياققا ئۆمتۈلۈپ.

— توختاڭ، بۇياققا چىقماڭ! — ئايالى سەيپۇللامنىڭ پېشىدىن تارتىپ، تالاغا ئېلىپ چىقتى، — بىلەمسىز، ئاپام ھېلىقى قاپاق چۆمۈچنى دەپ خاپا بولۇپ، ئاغرىپ قالدى.

— نېمە؟! — بۇ گەپ سەيپۇللامغا غەلىتە ھەتتا كۈلكىلىك بىلىنىپ كەتتى. ئۇ ئانىسىدىن رەنجىشتەك بىرسېزىم بىلەن ئۆزىنى تۇتالماي لىكلا قىلىپ ئاشخانا ئۆيگە كىردى-دە، كارىۋات بېشىغا كەلدى.

— ئاپا، مىجەزىڭ يوقمۇ؟ — دەپ سورىدى سەل ئېڭىشىپ. ئانا تەستە قىمىرلاپ قويۇپ، ئارانلا:

— بېشىم، — دېدى.

— ھەي، سېنى قارا، — دېدى سەيپۇللام ئۆزىنى تۇتالماستىن، — بىرئەسكى قاپاق چۆمۈچنى دەپ خاپا بولدۇڭمۇ؟ چۆمۈچسىز قالدىڭمۇيا؟...

ئۇ يەنە نېمىلەرنىدۇر دېمەكچى ئىدى، كۆتۈلمىگەندە ئانا قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىنى ئوغلىغا مىختەك قادىدى.

— نېمە دېدىڭ؟ ئەسكى چۆمۈچ دەمسىنا؟ — ئانىنىڭ ۋۇجۇدى ئۆركەشلىگەن دەريادەك تېز-تېز كۆتۈرۈلۈپ پەسىيەتتى، — سەن نېمىنىڭ قەدرىگە يېتىسەن؟ راست، سەن باي بولۇپ كەتتىڭ، بوۋاڭمۇ، ئاتاڭمۇ سېنىڭچىلىك جىق پۇل تاپالمىغان، ئەمما شۇنى بىلىپ قويغىنكى، سەن ماڭا ھازىر ئالتۇندىن چۆمۈچ ئەتتۈرۈپ ئەكىلىپ بەرسەڭمۇ سەن تاشلىۋەتكەن قاپاق

چۆمۈچكە تەڭ قىلمايمەن. ئۇنىڭ ئورۇقىنى ئانام رەھمەتلىك هايات ۋاقتىدا ماڭا بەرگەن. ھەر يىلى ئۆزۈم بارىڭنىڭ بىر چېتىگە قاپاق چۆمۈچ تېرىپ قوياتتىم. چۈشكەن چۆمۈچنىڭ ئورۇقىنى ئېلىۋېلىپ ساقلاپ، كېلەركى يىلى يەنە تېرىيتتىم، ئەپسۇس، ئىككى يىل ئاۋۋال ئورۇقىنى يوتتۇرۇپ قويدۇم. ئەمدى ماڭا رەھمەتلىك ئانامدىن بىرلا تەۋەررۈك—سەن ئەسكى دەپ ياراتمىغان ئاشۇ قاپاق چۆمۈچ قالدى. مەن ئۇ چۆمۈچنى ھەركۆرسەم ئانامنى كۆرگەندەك بولىمەن. ئۇنىڭ سېپىنى ھەر-تۇتسام ئانامنىڭ بىلىكىدىن تۇتقاندەك بولىمەن، ئۇنىڭدا چاي ئېتىپ ئىچسەم رەھمەتلىك ئانام بىلەن مۇڭدىشىپ ئولتۇرۇپ چاي ئىچكەندەك بولىمەن، بىلەمسەن؟

ئانا شۇ سۆزلەرنى قىلدى-دە، ئۆكسۈگىنىچە ئۆزىنى تەكى-يىگە ئاتتى. هارغىنلىقتىن ئۇنىڭ ئېسەدەشكىنمۇ ماجالى قالمى-غاندى. سەيپۇللام تۇرغان جايىدا قاققان قوزۇقتەك قېتىپلا قالدى. شۇكەمگىچە ئۇ ئانىسىدىن بۇنداق گەپنى ئاڭلىمىغان، ئۇنى بۇقەدەر رەنجىگەن، هاياجانلانغان هالەتتە كۆرمىگەنىدى، ئۆزىمۇ شۇكەمگىچە بۇ ئىشنى دەل هازىرقى مىنۇتلاردىكىدەك چوڭقۇر ئويلاپ يەتمىگەن ۋە هېس قىلمىغانىدى... شۇ تۇرقىدا بىر-ئىككى مىنۇت داڭقېتىپ تۇرغان سەيپۇللام بىردىنلا ئېسى-نى يىغىپ سىرتقا چاپتى ۋە هېلىقى قاپاق چۆمۈچنى ئېلىپ كىرىپ ئىككى قوللاپ ئانىسىغا سۇندى.

—ئاپا، مېنى ئەپۇ قىل، مەن... شۇ كەمگىچە سىنىڭ كۆڭ-لۈڭنى چۈشەنمەپتىمەن! —دېدى.

ئەتىسى ئەتىگەنلىك چايدا سەيپۇللام چىنىسىنى ئىككى قول-

لاپ، ئىھتىرام بىلەن چاي كورسى تەرەپكە ئۇزاتتى. ئانىسى قايماقلىق ئەتكەن چاينى تەۋەررۈك قاپاق چۆمۈچ بىلەن سورۇپ ئوغلىنىڭ چىنىسىگە قۇيۇپ بەردى. بۈگۈنكى ئەتكەن چاي سەي-پۇللامغا بۆلەكچىلا لەززەتلىك بىلىنىپ كەتتى.

## پەلەكنىڭ چاقچىقى

ئۆيۈمنىڭ بىقىنىدىكىلا بۇ ئىدارىنىڭ ئالدىدىن بەلكىم ها-زىرغا قەدەر ئون مىڭ قېتىمچە ئۆتكەندىمەن ھەمدە قاچانلا كۆر-سىڭىز دەرۋازا ئالدىغا چىقىۋېلىپ، تاماكىسىنى ئۇلاپ چەككە-نىچە ئۆتكەن-كەچكەنگە قاراپ ئەسنەپ ئولتۇرىدىغان ئاشۇ خام سېمىز خادىمنىڭ يېقىمسىز چىرايىغىمۇ بەش مىڭ قېتىمچە قارىغاندىمەن. لېكىن بۇ ئۆتۈش ۋە قاراشلار مەقسەتسىز، ھېس-سىياتسىز بولاتتى. مانا بۈگۈن ئىش تاسادىپىي بۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ قالدى. مەن مۇشۇ ئىدارىغا ۋە ھېلىقى خادىمغا ھاجەتمەن بولۇپ قالدىم. خىزمەت يۆتكەش رەسمىيەتتىمدىكى نۇرغۇن كا-تەكچىلەرنىڭ بىرى نەق مۇشۇ ئىدارىغا ئاتالغانىدى ۋە ئۇ يەرگە دەل ھېلىقى خادىم تامغا باساتتى.

شۇنىڭ بىلەن، بۇ كۆرۈمسىزگىنە ئىككى قەۋەت بىنانىڭ پەلەمپەيلىرىدىن تاقىلداپ چىقتىم، ھېلىقى خادىمنىڭ ئىشخانى-سىنى سوراپ تېپىپ، ئىشىكنى ئاۋايلاپ چەكتىم. ئۇ ئىشخانى-سىدا يوق بولۇپ چىقتى.

چۈشكىچە يەنە ئىككى قېتىم كەلدىم، يەنىلا ئىشىك قۇلۇپ-لاقلىق ئىدى.

چۈشتىن كېيىنلىكى خەقتىن يېرىم سائەت بۇرۇن بۇ سو-غۇق چىراي ئىدارىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا ئۈندۇم. چوكىدەك تىك تۇردۇم. خىزمەتكە چۈشۈش ۋاقتىدىن يېرىم سائەتمۇ ئې-شىپ كەتتى، ھەرخىل، ھەرياڭزا چىرايلاردىن ئون-يىگىرمە-سى كۆز ئالدىمدىن ئۆتتى، لېكىن ھېلىقى خام سېمىز ئۆتمە-دى.

كەچكىچە يەنە ئۈچ كەلدىم، قۇرۇق ياندىم. ئاخىرقى قې-تىمدا چىدىيالماستىن ياندىش بۆلۈمنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ، قىپقىزىل پوپايكا توقۇۋاتقان بىر يىگىتتىن سورىدىم. ئۇقتۇمە-كى، خام سېمىز خادىم يىغىنغا كېتىپ قاپتۇ.

ئەتىسى ئەتىگەندىلا ئۆيۈمنىڭ بېقىنىدىكى بىناغا يەنە ئۈمىد بىلەن چاپتىم. ئىشىك تۈۋىدىكى گىرىمسەنلىكتە تاق يېرىم سائەت ”ۋەزىپە ئىجرا قىلدىم“. مەن ئىزلىگەن ”بويلىرىڭدىن ئۆرگىلەي“ خادىم يەنە كەلمىدى.

بۇ كۈنمۇ جىلىچىلىكتە، ھېلىقى كۆرۈمسىز دەرۋازىدىن 14 قېتىم كىرىپ-چىقىش بىلەن ئۆتتى. ئۇقسام، خادىمنىڭ يىغىنى تۈگەپتۇ، بىراق سەل-پەل زۇكاممىش…

ئۈچىنچى كۈنى كەلگىنىمدە، مەزكۇر ئىدارىنىڭ بەزى خا-دىملىرى مېنى ”يېڭى يۆتكىلىپ كەلگەن كادىرمىكىن“دەپ قال-دىمىكىن، ئىللىققىنا ھىجىيىشتى. ھېلىقى پوپايكا توقۇيدىغان يىگىت ئىشىكنى ئالتىنچى قېتىم ئېچىپ-ياپقانلىقىمدىنمىكىن، بۇدا ھەتتا ئورنىدىن تۇرۇپ پاراڭ قىلدى. ئىتتىك تۇرغىنىدا

بىر پوم قىزىل يوڭ يىپ دوگىلەپ ئايغىمغىچە كەلدى، مەن ئۇنى··· جىلىچىلىكتە يەنە يېرىم كۈن ئۆتتى.

چىدىيالمىدىم، چۈشتىن كېيىنكى خام سېمىزنىڭ ئۆيىنى بىرسىدىن سورىۋېلىپ، ۋېلىسىپىت مىنىشنى ئۆگىنىۋالمىغىنىمغا ئۆمرۈمدە بىرىنچى قېتىم پۇشايمان قىلىپ ۋە ئۆز-ئۆزۈمنى جىمىلەپ، ئاتام-ئانام كۆرمىگەن تار، ئەگرى-بوگرى، پاتقاقلىق كوچىلارنى بېسىپ "جانابى ئالىيلىرى"نىڭكىگە يېتىپ باردىم. تامغا ساقلايدىغان خادىمنىڭ ئۆزىدىن ئەكسىچە تازىمۇ ئورۇق ئايالى ئالدىمغا چىقىپ، خوش خەۋەر يەتكۈزدى:

— ئىدارىغا كەتتى.

— نې ···نېمە؟ يوققۇ، قاچان كەتكەنتى؟

— ئاباپىراقتا.

قىسقا دائىرىلىك مەيداندا ئۇزۇن مۇساپىلىك يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىگە چۈشكەن تەنھەرىكەتچىدەك شىددەت بىلەن كەينىمگە قايرىلدىم-دە، ئۇچتۇم···

ئۆيۈمنىڭ بېقىنىدىكى (سادىغاڭ كېتەي، قەدىرىگە يەتتىم، هاجىتىم چۈشمىسىمۇ پات-پات كىرىپ تۇرىمەن ئەمدى!) ئىدارىغا ئۆپكەم ئاغزىمدىن چىقىپ كېتەيلا دېگەن هالەتتە پالاقشىپ كىردىم. نەدىكىنى، خام سېمىز خادىمنىڭ ئىشخانىسىدا قۇلۇپ يەنىلا هجىيىپ تۇراتتى.

ئېھتىمال، يەنە بىر "ئىدارە"سى بولسا كېرەك···

بولدى، تۆتىنچى كۈن ھەققىدە سۆزلىمەيمەن، سۆزلىمەيمەن.

پەقەت بەشىنچى كۈنىلا ھېلىقى تەلەيسىز كاتەكچىگە تامغا

بېسىلدى. خام سېمىز خادىمنىڭ قولىدىكى تېگىشلىك تامغا ئەمەس، ماڭا ئىچى ئاغرىپ قالغان، ھېسسىياتلىقراق، ئىچى كۆچلۈكرەك بىر مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقىنىڭ كايىشلىق بۇيرۇقى بىلەن، مەزكۇر ئىدارىنىڭ باش تامغىسى بېسىلدى. نېمە بولسا بولسۇن، بەشىنچى كۈنى چۈشكە يېقىن ئىشلىرىمنى ئامان-ئې-سەن پۈتتۈرۈۋېلىپ، ”ئۇھ“دېدىم.

ئەتىسى ”يائاللا، يانىسپ“دەپ يېڭى ئىدارەمگە قاراپ يول ئالدىم. ئۆيۈمنىڭ بېقىنىدىكى لەنىتى ئىدارىنىڭ ئالدىدىن ئۆ-تۈپ كېتىۋېتىپ، غەزەپ بىلەن شۇ تەرەپكە بىرقارىدىمۇ، داڭقې-تىپلا قالدىم. كۆرۈمسىزگىنە دەرۋازىنىڭ ئالدىدا نەق...نەق ھېلىقى خام سېمىز قامەت تاماكىسىنى پۈرقىراتقىنىچە، ئەسنە-ۋاتقاندەك ئاسمانغا قاراپ تۇراتتى.

1989-يىل 14-فېۋرال

## ماۋزۇ

«ئورمانچىلىق گېزىتى»نىڭ ياش مۇھەررىرى بىر پارچە تەپسىلىي خەۋەرنى راسا باش قاتۇرۇپ، ئىككى سائەتتە پۈت-تۈردى-دە، ھېلىغىچە ئاق تۇرغان ماۋزۇ ئورنىغا كۆز تىكتى. ئويلا-ئويلا، تاللا-تاللا ماۋزۇمۇ بېكىتىلدى. ”ئورمان قىلساڭ يېتىپ يەيسەن“دەپ يازدى ئۇ دانىمۇدانە قىلىپ ھۆسن خەت بىلەن. تاپقان ماۋزۇسى كۆڭلىگە ياقتى بولغاي، كۈلۈمسىرىگە-نىچە تەپسىلىي خەۋەرنى باشقا خەۋەر-ماقالىلەر بىلەن قوشۇپ

بەت مەسئۇلىنىڭ ئادەمسىز ئۇستىلىگە تاشلاپ قويدى.

ئەتىسى تەپسىلىي خەۋەر ياش مۇھەررىرنىڭ قولىغا قايتىپ كەلدى. ئايرىم-ئايرىم قىلىپ قاتلاپ، قىستۇرغۇچتا قىسىپ قويۇلغان ماقالىلەرنى پۇل سانىغاندەك بارماقلىرى ئارىسىدىن ئۆتكۈزۈۋاتقان ياش مۇھەررىرنىڭ ھەرىكىتى تۇيۇقسىز توختاپ، قاشلىرى لەپپىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. تەپسىلىي خەۋەرنىڭ باشقا يېرىگە قىزىل قەلەم تەگمىگەن بولۇپ، پەقەت ماۋزۇسى "ئورمان قىلساڭ ئولتۇرۇپ يەيسەن" دەپ ئۆزگەرتىلگەندى.

شۇ كۈنى نۆۋەتچى مۇھەررىر ئۇستەللەرنى ئايلىنىپ بارلىق تەييارلانغان ماقالىلەرنى يىغدى-دە، مۇدىر ئىشخانىسىغا ئېلىپ چىقىپ كەتتى. بوتۇلكىنىڭ تۈۋىدەك قېلىنلىقتا كۆزەينەك تاقىغان بۆلۈم مۇدىرى ھېلىقى تەپسىلىي خەۋەرگە مىختەك قادىلىپ بىر ھازا ئولتۇرۇپ كەتتى-دە، ماۋزۇنى سىزىۋېتىپ، "ئورمان قىلساڭ ئۆرە تۇرۇپ يەيسەن" دەپ ئۆزگەرتتى.

تەھرىر بۆلۈمىدە ئىشلىگەنلەر بىلىدۇكى، ئەمدى نۆۋەت باش مۇھەررىرگە كەلگەنىدى. ئۇ كىشىمۇ ھېلىقى تەپسىلىي خەۋەرنى نېسىۋىسىز قايتۇرىۋەتمىدى. "ئۆرە تۇرۇپ" دېگەن سۆزنىڭ ئورنىغا "تىك تۇرۇپ" دەپ يېزىپ قويدى.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن گېزىتنىڭ نۆۋەتتىكى سانى نەشىردىن چىقتى. ياش مۇھەررىر ئۆزى يازغان تەپسىلىي خەۋەرنىڭ ماۋزۇسىغا شۇنداقلا قاراپ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. ھەركەچقۇرۇنلۇقى ئىشتىن چۈشۈپلا "تىك تۇرۇم" پۈكىينى بىر يوقلاپ ئۆتىدىغان نابورچىك "تىك تۇرۇپ"نى "تىكتۇرۇپ"كە ئالماشتۇرۇپ قويغانىدى، يا بولمىسا كوررېكتورنىڭ ئايالى سەييۇغمىكىنتاڭ!

# بىگىز بارمىقىم بىلەن

مەن نەچچە كۈندىن بېرى تولىمۇ خۇشال. سەۋەبى: تۇنجى ئوغلۇم ئوتتۇرا تېخنىكۇمنى تۈگەتتى. پات ئارىدا ئۇ جەمئىيەتكە چىقىدۇ. لېكىن، ئاخشام ئوغلۇم يېنىمغا كىرىپ، پەيزىمنى قاچۇرۇۋەتتى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ھازىر ھەممە ئىش مۇناسىۋەت بىلەن ئوڭغا يۈرەرمىش، ئەگەر مەن ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسىدىن بىرەر تونۇش تېپىپ سۆزلىشىپ، ئىشنى ئەپلىمىسەم، ئوغلۇمنى چەت يېزىلارغا بۆلۈۋېتىش ئېھتىمالى بار ئىكەن. كاللامغا شۇ ئىشلار كىرىۋالغاچقا، خۇشاللىق ۋە پەيزىمنىڭ ئۆرلەتكۈچىسى بولغان ھاراق بوتۇلكىسىنىڭ ئاغزىنى ياپتىم-دە، بىرەر تەدبىر تېپىش ئۈستىدە ئويلاندىم. سىلەردىن نېمىنى يوشۇرىمەن. بىر ئاتا بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئەلۋەتتە ئوغلۇمنى ناھىيە ئىچىدە ئېلىپ قالماقچى ئىدىم-دە...يادىمغا بىر تونۇشۇم كەلدى، يېقىن بۇرادىرىم ھېسابلىنىدىغان بۇ ئادەم ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى نەسىمجان ئىدى. بۇ قۇتلۇق ئىسىم يادىمغا كېلىش بىلەنلا، كۆڭلۈمگە خۇشاللىق ئولاشتى. دەررۇ ھويلىغا چىقتىم-دە، تىت-تىتچىلىقتا قالغان ئوغلۇمغا:

— غەم يېمە بالام، ئىزدەيدىغان ئادەم تېپىلدى، — دېدىم.

شۇندىن كېيىن، ئوغلۇم ۋە ئۇنىڭ بىلەن تەڭلا، ھەتتا ئۇنىڭدىن ئارتۇقراق دەككە-دۈككىدە قالغان ئايالىمنىڭمۇ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى.

ئەتىسى ئەتىگەندە ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسىغا باردىم. خۇدانىڭ ئىلتىپاتى بىلەن، بۇ قېتىمقى ئوقۇغۇچىلارنى تەقسىم قىلىشقا دەل نەسىمجان مەسئۇل بولغانلىقىنى ئاڭلاپ خاتىرجەم بولدۇم. تارىسلداپ مېڭىپ زالغا چىقىپ باشلىق ئىشخانىسىغا قارىدىم. ئوھ -ھوي، نەسىمجاننىڭ ئىشخانىسى ئالىقاچان ھاجەتمەنلەر بىلەن تولۇپتۇ. ئەمدىلەتىن تەن قويۇشقا باشلىغان، كۆزلىرى سۇرلۇك نەسىمجان بولسا ئۈپچۈرىسىدىكىلەرنىڭ گېپىنى ”ھە، ھە“دەپ قويۇپ ئاڭلىغىنىچە، تارتمىسىدىن ھەدەپ بىرنەرسىنى ئىزلەۋاتاتتى. ئۆزۈمنى بىرقۇر ئوڭشىدىم-دە، قەدىناسلارچە يېقىنلىق بىلەن سالام بەردىم. نەسىمجانمۇ دەررۇلا يېقىنچىلىق كۆرسىتىپ جاۋاب قايتۇردى. ھەتتا چاقچاقمۇ قىلدى، ئىلگىرى كىرگەن ھاجەتمەنلەر ماڭا بىردەك ھەۋەسلىنىپ قاراشتى. شۇ مىنۇتتا، كۆڭلۈمنىڭ بىريەرلىرىدىن، ھاجىتىمنىڭ جەزمەن جايىدا ھەل بولۇشىغا ئىشەنچ تۇيغۇسى ئۇرغۇپ چىقتى. ئاڭغىچە تارتمىسىدىن ئىزدىگەن ھۆججىتىنى تېپىۋالغان نەسىمجان دائىملىق ئادىتى بويىچە كۆرسەتكۈچ بارمىقىدا ئۈستەلنى چېكىپ تۇرۇپ ماڭا قارىدى:

—بىر ئىش بىلەن كەلگەنمىدىڭىز؟

—ھە، بىر ھاجەت بىلەن، —دېدىم، توختاپ قالدىم، چۈنكى پارقىرىشىپ ئولتۇرغان ھاجەتمەنلەرنىڭ ئالدىدا ئىشىمنى ئاشكارىلاشنى خالىمىدىم. توغرىسى نەسىمجان جۇيجاڭنى ئايە-

دىم. نەسىمجانمۇ بۇ خىيالىمنى سەزگەندەك ئارتۇقچە پاراڭ قىلمىدى. باشقا ھاجەتمەنلەر ئۆز پارىڭىنى باشلىۋەتتى. مەن بىر چەتتە ساقلاپ ئولتۇردۇم. شۇ ئولتۇرغىنىمچە ئالاھازەل بىرسا- ئەتچە ئولتۇردۇم. ئەمما، ھاجەتمەنلەر كۆپەيدىكى، ئازايمىدى. ئەتىگەننىڭياقى ئىدارىغىمۇ بارمىغانىدىم. قاپىقى يامان مۇدىرد- مىز تېخى! ... ئىچىمنى تىت-تىتچىلىق باستى. ئاخىر، كۆڭ- لۈمگە بىر ئوي كەلدى-دە، زالغا چىقىپ، ئىشىك تۈۋىدە نە- سىمجاننىڭ ماڭا قارىشىنى كۈتۈپ تۇردۇم. بىرچاغدا ئۇ ئالدىدى- كى ھاجەتمەنگە سۆزلەپ بولۇپ، ماڭا قارىدى. مەن دەررۇ سول قولۇمنىڭ بىگىز بارمىقىنى لىكىلدىتىپ، ئۇنى ئالدىمغا چاقىر- دىم. نەسىمجان كۆزلىرىنى پىيالىدەك يوغان ئېچىپ قاراپ قويۇپ ئەتۇر قارىۋالدى. بىرپەستىن كېيىن يەنە قارىدى. مەن ھىجىيىپ تۇرۇپ، بارمىقىمنى لىكىلدىتىپ يەنە چاقىردىم. ئۇ بېشىنى يەنە دېرىزە تەرەپكە بۇرۇۋالدى. ”چاقىرىۋاتقىنىمنى ئۇقتى، ھېلى چىقىدۇ،— دەپ ئويلىدىم ئىشەنچلىك ھالدا،— ئالدىدىكى ھاجەتمەننىڭ گېپىنى ئاڭلاپ بولۇپ چىقاي دېدىغۇ، ھەقىچان...“

شۇ خىيال بىلەن زالدا يېرىم سائەتچە تۇردۇم. مەن نەسىم- جاننى چاقىرغان چاغدا سۆزلەۋاتقان ھاجەتمەن، ئۇنىڭدىن كې- يىن بىرھازا غىچە ھال ئېيتقان ھېلىقى بىر ئەزىمىمۇ ئاللىقاچان چىقىپ كەتتى. بىراق، نېمىشقىدۇر، نەسىمجان زالغا لىككىدە چىقىپلا، كىرىپ كېتەي دېمەيتتى. نەسىمجان يەنە بىر ئىشىك تەرەپكە قارىغاندا يەنە شۇ بىگىز بارمىقىمدا ئىملاپ، كۈلدۈم. بۇ قېتىممۇ بېشىنى دېرىزە تەرەپكە بۇرۇۋالدى. ئۇنىڭ چىرايى

بايىقىدىن سالقىن كۆرۈنەتتى. ھاجەتمەنلەر بىلەن ئىرەكىشىپ ھاردىمىكىن يا؟ ئاخىر، ۋاقىت چۈشكە يېقىنلاپلا قالدى. ھاجەت-مەنلەرنىڭ ئاخىرقىسىمۇ ئۆزىگە تېگىشلىك جاۋابىنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى. مەن تېخىچە زالدا، جۈيجاڭنىڭ ئىشىك بوسۇغى-سىدا تۇراتتىم. كۆڭلۈمدە بىرخىل كۆڭۈلسىزلىك كېزەتتى. بىر چاغدا قارىسام، نەسىمجان تارتمىسىنى قۇلۇپلاپ ئورنىدىن تۇردى. شۇچاغدىلا ئىشخانىغا ئېتىلىپ دېگۈدەك كىردىم.

—سىزنى ساقلاپ تۇردۇم ئاداش، —دېدىم خۇش تەبەس-سۇمدا.

—خوش نېمە گەپتى؟ —نەسىمجان چىرايىغا بىلىنەر-بىل-لىنمەس كۈلكە يۈگۈرتتى. مەن ئۇنىڭغا ھەممە ئەھۋالنى ئېيت-تىم.

—بولىدۇ، بولىدۇ، مۇزاكىرە قىلىپ كۆرەيلى-ھە! — نەسىمجان ھارغىنلىق يەتكەن ئادەمدەك سۇس ئاۋازدا شۇ سۆزنى قىلدى-دە، ئىشىك تەرەپكە ماڭدى. بۇ، ئەلۋەتتە ”چىق-قىن!“دېگەن بېشارىتى ئىدى. ئۇنىڭ بىلەن بىللە زالغا چىق-تىم، جۈيجاڭ ئىشخانىسى قۇلۇپلاندى. نەسىمجاننىڭ ئالدىدىن كۆڭلۈم خىرە، دەككە-دۈككىدە قايتتىم، بىراق، نېمىگە شۇن-داق بولغىنىنى بىلمەيتتىم. ھەقىچان جېدەلخور، غەرەز ئۆق-ماس ھاجەتمەنلەردىن رەنجىگەن نەسىمجان ماڭا شۇنداق تۈيغۇ بەرگەن بولسا كېرەك...

شۇ خىياللار بىلەن ئۆچ-تۆت كۈنگىچە ئوغلۇم بىلەن ئايا-لىمنى، ئۆزۈمنىمۇ گوللاپ تۇردۇم. ئىككىنچى قېتىم، ئايا-لىمنىڭ زورى بىلەن نەسىمجاننى ئىزلەپ بارغىنىمدا، ئۇ بۆلۈ-

مىدە يوق ئىدى. تىڭ-تىڭلاپ يۈرۈپ ئەتە-ئۆگۈننىڭ ئىچىدە باللارنىڭ "دۈمبىقى يېرىلغۇدەك" دېگەندەك گەپلەرنى ئاڭلاپ قايتا جىددىيلەشتىم-دە، ئەتىسى يەنە ناھىيىلىك مائارىپ ئىدا- رىسىغا چاپتىم. تەلىيىمگە، نەسىمجان تارغىنا زالدا ئۇچرىشىپ قالدى.

—ئۆكۈنكى ئىش قانداق بولدىكىن ئاداش؟—سورىدىم ئۇ- نىڭدىن. نەسىمجان بەكلا ئالدىراش تۇراتتى. شۇ ئالدىراشچىلىق- تا بىگىز بارمىقى بىلەن تامغا ئالدىراپ چېكىپ تۇرۇپ سالقىنلا بىر نەزەر بىلەن ماڭا جاۋاب قايتۇردى:

—دېدىمغۇ، مۇزاكىرە پۈتمىدى، كېيىن كۆرەرمىز- ھە؟...

—ئەمدى ئاداش، ئۆزىڭىز بىلىسىز...—يېلىنىپ تۇرۇپ دېگۈدەك قىيىنچىلىقىمنى يەنە بىرقۇر يادلىدىم. نەسىمجان ئا- رانلا چىداپ تۇرۇپ گېپىمنى ئاڭلاپ تۈگەتكەندەك قىلدى-دە، خەيرلىشىپ، قاچقاندەكلا كېتىپ قالدى.

شۇ ئۇچرىشىشتىن ئىككى كۈن كېيىن، ئوغلۇمنىڭ "دۈمبىقى يېرىلدى". ئۇ ناھىيىنىڭ ئەڭ يىراق، ئەڭ جاپالىق سانىلىدىغان بىر يېزىسىغا تەقسىم قىلىنغانىدى... ئۆيىمىزدە بىر كىچە تاپا-تەنە، ئاھ - ئۇھلار بېسىلمىدى. ئوغلۇم بىلەن ئايا- لىم ئۆز غەملىرى، ۋايساشلىرى بىلەن ئاۋارە ئىدى. مەن بولسام ئۇلاردىن باشقىچىرەك بىر ئويدا پۇچۇلانماقتا ئىدىم.

ئەتىسى، تۇنجى ئىشىم نەسىمجان جۇيجاڭنى ئىزدەش بول- دى. چۈشكە يېقىن ئۇنى چوڭ كوچىدا يولۇقتۇردۇم.

—نە جۇيجاڭ، بىزنىڭ بالىنىڭ ئىشى قانداق بوپكەتتىا؟—

سورىدىم ئەيمەنگەن هالدا دۇدۇقلاپ تۇرۇپ.

نەسىمجان يەنە مېنىڭ چىرايىمغا قارىماستىن قارىداپ كەت-
كەن يۈزىنى نەلەرگىدۇر ئېلىپ قېچىپ بىگىز بارمىقى بىلەن
ۋېلىسىپىتىنىڭ ئېگىرىگە بىر نەچچىنى چەكتى-دە، دېدى:

— قانداق بوپكەتكىنىدىنى ئۆزىڭىز بىلەرسىز-ھە؟
ئۆزىڭىز...

شۇ جاۋابتىن كېيىن، ئۇ ۋېلىسىپىتىگە ئاجايىپ چاققانلىق
بىلەن مىنىپ غىرىلدىغىنىچە مەندىن يىراقلاشتى. خىياللىرىم
چېچىلدى. خېلى بىرۋاقىتلارغىچە ئېسىمنى يىغىۋالالمىدىم،
ھېلىغىچە ئۆز گۆشۈمنى ئۆزۈم يەيمەن، ئاشۇ كۈنى ئىشىك
بوسۇغىسىدا تۇرۇۋېلىپ نەجۈيجاڭنى بىگىز بارمىقىم بىلەن ئال-
دىمغا چاقىرمىسام بولغانىكەن!...

# شىڭگىل ھېكايىلار

## ئېلان

كەڭ ئىچەرمەنلەرنىڭ ئېھتىياجى ۋە كۈندىن-كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان ”ئادەم بولۇش“ تەلىپىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ”غەمگۈزار“ باش شىركىتىمىز يېقىندا بىرخىل ”ئادەم تورمۇزى“ كەشىپ قىلىپ، پاتېنت ھوقۇقى ئالدى. ھاجەتمەنلەرنىڭ بۈگۈندىن ئېتىبارەن كونا ھاراق زاۋۇتىنىڭ يېقىنىدىكى ”تەبەسسۇم“ رېمونتخانىسىغا كېلىۋېرىشىنى سورايمىز.

”ئادەم تورمۇزى“نىڭ قۇرۇلمىسى ئاددىي، شەكلى كۆركەم، ئېغىرلىقى يوق دېيەرلىك. ئوڭ، سول بېقىنلارغا ئوخشاشلا ئورنىتىپ قويۇشقا بولىدۇ. تومپايمايدۇ. ھاراق ئىچكەن ۋاقىتتا تورمۇز ھالقىسىنى ھاجەتمەن چىمەلتىكى بىلەن تارتىپ قويسىلا، ئىچىۋېرىش ھەۋىسى تىزگىنلىنىدۇ. پۈتۈن ئولتۇرۇش داۋامىدا ئىچمەيمەن دېسىمۇ، ئارىلاپ ئىچىمەن دېسىمۇ، ئىچىپ بىر يەرگە كەلگەندە توختىۋالىمەن دېسىمۇ، تىلىكى ئىشقا ئېشىۋېرىدۇ. باھاسى ئەرزان، تەشكىلىنىڭ تونۇشتۇرۇشى يا ئايالىنىڭ رۇخسىتى تەلەپ قىلىنمايدۇ. مەرھەمەت قىلغايسىزلەر!

## ئاۋتوبىئوگرافىيە

41 ياشلىق ياش شائىر ھەۋەسجاننىڭ تۇنجى ۋە ئاخىرقى شېئىرلار توپلىمى ئاران نەشىردىن چىقتى. 34 بەتلىك بۇ توپ-لامنىڭ باش تەرىپىگە مۇنداق ئاۋتو بىئوگرافىيە بېرىلگەندى:

«كۆزگە كۆرۈنەي دەۋاتقان ياش شائىرىمىز يولداش ھەۋەس-جان ئۇخلىمىغان ۋاقىتلىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، مۇشۇ توپلامنى ئۇنىمىساق-ئۇنىماي ھەۋەسكارلارغا تەقدىم ئەتتى. ئۇ 1948 -يىلى تۇغۇلغان. 1959 -يىلى باشلانغۇچ مەكتەپنى، 1962 -يىلى تولۇقسىز ئوتتۇرىنى، 1966 -يىلى تېخنىكۇمنى پۈتتۈرگەن. 1963 -يىلى ئىجادىيەتكە كىرىشكەن. شۇ يىلى تۇن-جى شېئىرى تام گېزىتتە ئېلان قىلىنغان. شۇنداق قىلىپ ئۇ قارا دوسكا ۋە پوملاپ تاشلىنىۋەتكەن قەغەزلەردىكى شېئىرلىرى بىلەن ئەدەبىياتىمىزغا بۆسۈپ كىرگەن. 1986 -يىلى ناھىيىلىك ئەدەبىيات سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىگە ئەزا بولغان. بىر كۈنى ئۆلىدۇ.

## خەۋەرچىلىكتىكى ئەڭ...

يېرىم كېچىدە شىركەيىپ ئۆيگە قايتقان ئىختىيارىي مۇخ-بىر تېزلىكجان ئەسنىگىنىچە قەلەمنى قولىغا ئالدى-دە، بايا ئولتۇرۇشتا تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقىدىن ئاڭلىغانلىرى بو-يىچە شاق-شۇقلا قىلىپ بىر خەۋەر يازدى ۋە ئۇنى ئوقۇمايلا كونۋېرتقا سېلىپ، قېچىپ كەتمىسۇن دېگەندەك ئاغزىنى چاپلى-

ۋەتتى. خەۋەرنىڭ تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

ئەھمىيەتلىك يىغىن

x x ناھىيىلىك ئاخبارات-تەشۋىقات سۆھبەت يىغىنى ئەتە ئېچىلىپ، ئىندىنلىققا ئاياغلاشتى.

ئۈچ كۈن ئېچىلغان بۇ سۆھبەت يىغىنىدا ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇناسىۋەتلىك مەسئۇلى خۇلاسە دوكلاتى بېرىدۇ. ئەستايىدىل مۇزاكىرىلەر ئېلىپ بېرىلماقچى. ئاخبارات ساھەسىدىكى ئىلغارلار مۇكاپاتلاندى. يىغىن جۇشقۇن، كۆتۈرەڭگۈ كەيپىياتتا، مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېچىلىدىكەن.

## شېئىر دۇكىنى

"70-يىللار شېئىرىيىتىنىڭ خىزمەت ئىلغارى" دەپ نام ئالغان چوغ يۈرەك شائىر ئاتەشجان يېقىندا ئىجادىيەت ئۇسلۇبىنى تىجارەت شەكلىگە ئايلاندۇرۇشنى قارار قىلدى. بۇنىڭ سەۋەبى سودا ساھەسىدە نۇرغۇنلىغان ماللارنىڭ ئىسكىلاتتا بېسىلىپ قالغىنى بىلەن ئوخشاش. نۆۋەتتىكى كەڭ كۆلەملىك "باھا چۇشۇرۈپ سېتىش" دولقۇنىغا ماسلىشىپ، ئاتەشجان "ئىشتىياق" كوچىسىنىڭ دوقمۇشىدىكى زەڭگەر سىرلاقلىق بوتكا دۇكاننى ئىجارىگە ئېلىپ، تۇنۇگۈن تىجارەت باشلىدى. مەدھىيە شېئىرلىرىنىڭ ھەر كۇپلېتىنىڭ باھاسى 11 پۇڭ. مۇ ھەببەت شېئىرلىرىنىڭ ھەر كۇپلېتى 20 پۇڭ، پۇخادىن چىقىۋېلىش خاراكتېرىدىكىلىرىنىڭ ھەر كۇپلېتى 28 پۇڭ. مال سانى چەكلىك، پۇرسەتنى قولدىن بەرمىگەيسىزلەر.

## كاردىئوگرامىمىدىكى يېزىقلار

كېسەل ئىسمى: غەمكىنجان مۇقىمۇۋ.

ۋاقتى: ئەڭ ئاخىرقى قېتىم.

ھەسەت، ھەسەت، ھەسەت، ھەسەت؛ كېسەلخانا، كېسەل-خانا، كېسەلخانا، كېسەلخانا؛ ھەسەت، ھەسەت؛ ھەسەت؛ كې-سەلخانا، كېسەلخانا، كېسەلخانا؛ كېسەلخانا؛ ھەسەت، ھە-سەت؛ كېسەلخانا، كېسەلخانا، ھەسەت؛ كېسەلخانا؛ ھەس ... قەبرىستان.

## مېڭىشتا مېڭىش بار

مەلۇم ئىدارىنىڭ مەلۇم بۆلۈمىدىكى باشلىقلىق ئورنى بى-كارلىنىپ قالغانىدى، بىرمۇنچەيلەن ئۇنىڭغا كۆز تىكىپ يۈر-دى. ئىدارە باشلىقىمۇ بۇ ئورۇنغا مۇناسىپ بىرسىنى قويۇش خىيالىدا كىشىلەرنى سىناشنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى.

كۆنلەرنىڭ بىرىدە باشلىق ئىشخانىسىغا ئىككى نامزاتنى نۆۋەت بىلەن چاقىرىپ، ”چەكمە سۆھبەت“ ئېلىپ باردى. ئا نامزات پاراڭ تۈگىگەندە باشلىقنىڭ رۇخسىتىنى ئېلىپ، ئارقى-چىلاپ مېڭىپ چىقىپ كەتتى.

”پەسكەش قىلىق، — دەپ ئويلىدى باشلىق ئىشىككە كۆز تىككىنىچە، — بەكمۇ ئاشۇرىۋېتىدىكەن بۇ.“

ئە نامزات پاراڭ تۈگىگەندە باشلىق بىلەن باش لىڭشىتىپ خوشلاشتى-دە، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، گۈرسۈلدەپ مېڭىپ چى-

قىپ كەتتى.

"هاكاۋۇرلۇقىنى قارا، —باشلىق ئىشىكتىن كۆزىنى ئۈز-مەي ئىچىدە ئويلاپ قالدى، —خېلى هالى بار ئوخشىمامدۇ؟"

شۇنداق قىلىپ، هېلىقى ئورۇن تېخىچە بوش. نۇرغۇن كىشى هېلىمۇ ئۇنىڭغا كۆز تىكمەكتە. لېكىن ئىدارە باشلىقى يەنىلا چېكىپ سىناشنى داۋاملاشتۇرۇۋاتىدۇ. كىم بىلىدۇ، كۆڭلەرنىڭ بىرىدە يانچە ماڭىدىغان ئەقىللىقتىن بىرسى چىقىپ هېلىقى ئورۇننى ئىگىلەمدۇ تېخى!

## مۇناسىۋىتى چوڭ

ئېرى خىزمەتتىن كېلىپ، كارىۋاتقا ئۆزىنى دۈم تاشلاپ يىغلاۋاتقان ئايالىغا چۆچۈپ قارىدى.

—نېمە دەرد-ئېسەر كەلدى سىزگە هوي؟

—ئىدارىمىزدىكى ئاسىيەكىنىڭ، —دېدى ئايالى يىغىسىنى بوغۇملارغا بۆلۈپ، —خىيانەتچىلىك قىلغانلىقى يالغان بولۇپ چىقىپتۇ.

ئېرىنىڭ چۆچۈشى هەيرانلىققا ئالماشتى.

—بۇ ئىشنىڭ سىزگە نېمە مۇناسىۋىتى بار؟

—مۇناسىۋىتى بارلا ئەمەس، قاپاقبېشىم، بەلكى مۇناسىۋە-تى چوڭ، —ئايال تېخىمۇ ئېسەدىدى، —سىزگە تېخى دېمىدىم، مۇبادا مۇشۇ مىش-مىش راستقا ئايلانسا، ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرى-لىقىدا ئېسىلىپ تۇرغان بىر دەرىجە مائاشنى ئۇ ئېلىپ كېتى-دۇ.

ئېرى كارىۋاتنىڭ بۇرجىكىگە ئولتۇردى-دە، بارماقلىرى سارغىيىپ كەتكەن قولىنى يانچۇقىغا سالدى.

## كەمچىلىك

يىللىق خۇلاسە يىغىنىدا كادىرلاردىن بىر نەچچىسى قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، باشلىقنىڭ نەپسانىيەتچىلىكى ئۈستىدىن پىكىر قىلىپ، ئۇنىڭغا سەمىمىي ياردەم بەردى. قاتاردىن قالماي دېيىدىمۇ، ئىشقىلىپ، باشلىققا بۆلەكچە يېقىنچىلىق قىلىپ يۈرىدىغان ئۇبۇشەممۇ سۆز ئالدى. خۇددى باشقىلارغا ئوخشاش ھەتتا ئۇلاردىن ئاشۇرۇۋېراق ئالدى بىلەن باشلىقنىڭ پەزىلەتلىرى باياىندا توختالدى.

— ئەمدى باشلىقنىڭ ئۆزۈم بايقىغان بىر كەمچىلىكىنى ئېيتىپ كېتەي، — دېدى ئۇبۇشەم بىر چاغدا قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، بۇ گەپنى ئاڭلىغان كۆپچىلىك دىققىتىنى تېخىمۇ مەركەزلەشتۈردى. باشلىقمۇ خاتىرىسىنى ئېچىپ، تىركىشۈپلىشقا تەرەددۇتلەندى.

— بىزنىڭ باشلىقنىڭ ئەڭ چوڭ كەمچىلىكى شۇكى، — دېدى ئۇبۇشەم قەھرلىك ئاھاڭدا، — دائىملا خىزمەتتىن ئۇنۇم چىقىرىمەن، كۆپچىلىكنى ئويلايمەن دەپ، ئۆزىنىڭ غېمىنى يېمەيدۇ، ئەگەر شۇنداق كېتىۋېرىپ سالامەتلىكىدىن ئايرىلسا، بىز ئىدارىدىغا...

ئۇبۇشەم ئۆكسۈپ گېپىدىن توختاپ قالدى. باياتىن بېرى پىكىر قىلغۇچىلارغا يەر ئاستىدىن بىرمۇبىر ھومىيىپ ئولتۇرغان باشلىق بىچارىلەرچە بېشىنى ساڭگىلاتتى، يەلكىلىرى بىلىنەر-بىلىنمەس تىترىدى. ئۇبۇشەمنىڭ سۆزى سەل قاتتىق كەتتىمۇ-قانداق؟

## بۇمۇ تەنھەرىكەت

باشقارما باشلىقى: تۈنۈگۈنكى چوڭ يىغىندا باشقارمىمىزنى ئاممىۋى تەنتەربىيىنى تۇتمىدى، دەپ تەنقىد قىلىشتى، بۇندىن كېيىن رەھبەرلىك بەنزىدە بۇ ئىشنى كونكرېت تەخسىملەپ، باشلامچى بولايلى زادى!

كاتىپ: توغرا ئېيتتىڭىز.

باشقارما باشلىقى: ئەمىسە يېزىڭ. ئا فۇچۇجاڭ ۋالىبول بىلەن شۇغۇللانسۇن.

كاتىپ: خوپ.

باشقارما باشلىقى: لى فۇچۇجاڭ ياشىنىپ قالدى، تىك-تاك توپ ئوينىسۇن.

كاتىپ: يازدىم.

باشقارما باشلىقى: ئىشخانا مۇدىرى قاۋۇلراق، ئۇ پۇتبول تەپسۇن.

كاتىپ: خاتىرىلىۋالدىم.

باشقارما باشلىقى: سىزنىڭ سالامەتلىكىڭىز دېگەندەك ياخ-شى ئەمەس، شۇڭلاشقا چامباشچىلىقنى ئۆگىنىڭ... خوش، يەنە كىم قالدى؟

كاتىپ: ئۆزىڭىزنى... دېمىدىڭىزغۇ؟

باشقارما باشلىقى: قىزىق-تە سىز، مېنىڭ ھەركۈنى ئۇ

يىغىندىن بۇ يىغىنغا، ئۇ باشلىقنىڭ ئۆيىدىن بۇ باشلىقنىڭ ئۆيىگە چاپقىراپ يۈرگىنىم چىنىقىشقا كىرەمدىكەن؟ بولدى، مېنى ئۆزۈڭگا يۆگۈرەۋاتىدۇ، دەپ يېزىڭ!

## پەسكەشلىك

نەدىن گەپ ئېچىلسا شۇ يەردىن ئۈنىدىغان بىر كىشىنى تونۇيتتىم، مەلۇم سورۇندا پاراڭدىن-پاراڭ تېشىلىپ پەسكەشلىك توغرىسىدا مۇھاكىمە بولۇپ قېلىۋىدى، ئۇ شارتتىدە قىلىپ مېنىڭ ئاغزىمدىن گەپنى تارتىۋالدى:

— پەسكەش ئادەم دەمسىزا؟ پاھ، بىزدە تولا، يېقىندا شۇندىغىدىن بىرنى كۆردۈم. ئۆتكەندە يېڭى ئەمىلىنى مۇبارەكلەپ قوياي دەپ ئادىمىگەرچىلىك قىلىپ بىر كاتتىۋاشنىڭ ئۆيىگە (ئىسمى مەخپىيرەك تۇرۇپ تۇرسۇن) بىر سومكا لىق سوۋغات ئېلىپ بېرىۋىدىم، ئىشىكنى چەكسەم ئىچكىرىدىن بىر ئايال كىشىنىڭ ”كىم ئۇ؟“ دېگەن چىرقىراق ئاۋازى ئاڭلاندى. مەن سىپايىلىق بىلەن كىملىكىمنى ۋە كېلىش مەقسىتىمنى ئېيتتىم. بىر هازادىن كېيىن ئىشىك قىيا ئېچىلىپ بىر كىچىك بالا چىقتى-دە ”دادام ئۆيدە يوق، ئاپام ئەكەلگەن نەرسىسى بولسا بېرىپ، ئۆزى كەتمەي تۇرۇپ تۇرسۇن دەيدۇ“ دېدى. مەنمۇ هايالشىماي سومكىنى بالىدىن كىرگۈزىۋەتتىم. ئىشىك تېشىدا تۇرە-تۇر، تۇرە-تۇر، بالا خېلىغىچە يوقاپ كېتىپ بىر چاغدا قۇرۇق سومكا بىلەن بىر تال تاماكا ئېلىپ چىقىپتۇ. ”ئاپام بۇنى چەككەچ كەتسۇن دەيدۇ“دېمەمدۇ، قاراپ تۇرۇپلا

قاپتىمەن. كۆردۈڭلارمۇ بۇ پەسكەشلىكنى!

تونۇشۇم پارتىگىنى تۇگىتىپ بوينىنى سەل قاتايتتى-دە ھەممىمىزگە كۆز يۇگۇرتۇپ تۇرۇپ كەتتى. ۋات پار ماشىنىسىنى ئىجاد قىلىپ، خالايىقنىڭ ئالدىدا سىناقتىن ئۆتكۈزۈپ بولغاندىن كېيىن ئاشۇنداق تۇرۇپ كەتكەن بولغىيدىمىكىن-تاڭ؟!

## ئۈچ قېتىملىق ئۇقتۇرۇش

ناھىيىلىك ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرىدىغان سىنىپىدا ئاتا-ئانىلار يىغىنى ئېچىلماقچى بولۇپ "x-ئاينىڭ x-كۈنى (جۈمە) چۈشتىن كېيىن سائەت ئىككىدە ئاتا-ئانىلار سۆھبەت يىغىنى ئاچماقچىمىز، ۋاقتىدا قاتنىشىپ بېرىشىڭىزنى سورايمىز" دېگەن ئۇقتۇرۇش ئوقۇغۇچىلار ئارقىلىق ھەرقايسى ئائىلە باشلىقلىرىغا يەتكۈزۈلدى. قەرەلىدە ئاران تۆت ئادەم يىغىنغا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن يىغىننى ئېچىش ئىمكانىيىتى بولماي، يىغىن كېيىنگە سۈرۈلدى ۋە سىنىپ مەسئۇلى ئالاھىدە باش قاتۇرۇپ "x-ئاينىڭ x-كۈنى (دۈشەنبە) چۈشتىن كېيىن سائەت ئىككىدە ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپ پۈتتۈرۈش ئىمتىھانى قاتارلىقلارغا دائىر مۇھىم يىغىن ئېچىلىدۇ، سەۋەب كۆرسەتمەي ۋاقتىدا قاتنىشىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمىز" دېگەن ئۇقتۇرۇشنى قايتا يېزىپ تارقاتتى. ئەپسۇسلىنارلىقى، بۇ قېتىممۇ ئاران ئونچە ئادەم كەلدى. بۇنچىلىك ئادەم بىلەن قانداقمۇ كۆڭۈلدىكىدەك يىغىن ئاچقىلى بولسۇن؟ تىت-تىت بولغان سىنىپ مەسئۇلى ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان بۇ غەلىتە ئەھۋالنى مەكتەپ رەھبەرلىكىگە دوكلات قىلدى.

مەكتەپ مۇدىرى قاڭشىرىنى چىمداپ ئۇزاق ئولتۇرۇپ كەتكەن-
دىن كېيىن ئۇچىنچى قېتىملىق ئوقتۇرۇشنىڭ تېكىستىنى
ئۆز قولى بىلەن مۇنداق يازدى: ”x-ئاينىڭ
x -كۈنى (پەيشەنبە) چۈشتىن كېيىن سائەت ئىككىدە ئاتا-ئا-
نىلار سۆھبەت يىغىنى ئېچىۋېلىشنى ئويلاشتۇق. پۇل يىغىلماي-
دۇ، قەرەلىدە قەدەم تەشرىپ قىلغايسىز!“كىم بىلسۇن دەي-
سىز، بۇ دورەم سىنىپتىكى 47 ئوقۇغۇچىنىڭ ئائىلىسىدىن بى-
رى كەم قالماي ئادەم كېلىپ، دېگەن ۋاقىتتا يىغىنغا قاتناشتى.

## ئىچەرمەنلەرگە خۇش خەۋەر

”بىزنىڭ مەستلىرىمىز“ ناملىق يېڭى ژۇرنال يېقىندا نە-
شىردىن چىقتى. ژۇرنالنىڭ تۇنجى ساندا ”هاراق ئىچىۋېرىپ
نەگە بارىمىز؟“ دېگەن باش ماقالە ئېلان قىلىنغان ۋە ئۇنىڭدا
بارىدىغان يەرلەر ئېنىق قىلىپ كۆرسىتىلگەن. ئۇلار: دوختۇر
خانىنىڭ جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمى، كېسەلخانا، يىغىۋېلىش
ئورنى، سوت مەھكىمىسىنىڭ نىكاھتىن ئۇيان-بۇيان بولۇش
بۆلۈمى ۋە باشقىلار.

ژۇرنالنىڭ تۇنجى ساندا ستاتىستىكىلىق مەلۇماتلار ئارقى-
لىق ئىچەرمەنلەر سېپىنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىپ، هاراقنى
پارچە ساتىدىغان دۇكانلاردىن كوچا-كويلار، ئېرىق ياقىلىرىغى-
چە كېڭىيىپ كېتىۋاتقانلىقى قەيت قىلىنغان.

تۇنجى ساندا يەنە هاراقكەشلەرنىڭ يېڭى تەسەۋۋۇرلىرىغىمۇ
ئورۇن بېرىلگەن.

—ئىلاجى بولسا، —دەپ يازىدۇ شۇ ھەقتىكى ماقالىسىدە

تىك تۇرۇپ ئىچىش بويىچە ياردەمچى تەتقىقاتچى تىترەكباي قىزىلبۇرۇنوۋ، — كىچىك بالىنىڭ جەينەكچىلىك بوتۇلكىلارنى تامام چىقىپ تاشلاش كېرەك. يېقىن كەلگۈسىدە ئاق هاراق، ئۈزۈم هارىقى ۋە پىۋىلار گوياكى يەر ئاستى سۈيىدەك، تۇرۇبىلاردىن ئېقىپ كەلسە بولمامدىكەن؟ ئاشقازان، جىگەر، يۈرەك قاتارلىق ھېچكىمدىن پۇلغا سېتىۋالمىغان ئەزالاردىن ئىككىلىنەمەي ۋاز كەچكەن ئۈلپەتلىرىمىز ئەنە شۇ چاغدا چاڭقىغان ئېغىزلىرىنى بىمالال جۈمەككە تىوغرىلاپ، تىۈتىقۇچىنى شۈنىداق تولغىسا...

تۈنجى ساننىڭ ئاخىرىدا يەنە كەڭ ئىچەرمەنلەرگە قىزغىن سالام يوللاش ئاساسىدا مەزكۇر ژۇرنالنىڭ تىراژ مەسىلىسىمۇ تىلغا ئېلىنغان ۋە بۇ ھەقتىكى كونكرېت چارە-تەدبىرلەرمۇ كۆرسىتىلگەن. شۇ تەدبىرلەرنىڭ بىرى سۈپىتىدە مۇنداق كۆرسىتىلگەنكى، بۇندىن كېيىن بارلىق دۇكانلاردا بازىرى ئىتتىك هاراققا بازىرى كاسات هاراق مەجبۇرىي قوشۇپ سېتىلىشتەك ئەھۋال ئۆزگەرتىلىدىكەن، بازىرى كاسات هاراقنىڭ ئورنىغا مەزكۇر ژۇرنالدىن بىر نۇسخا قوشۇپ سېتىلىدىكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ ژۇرنالسىز سېتىۋېلىنغان هاراقنى ئىچسە، ئەتىسى باشنى ئاغرىتارمىش.

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابدۇللا ئابلىز
مەسئۇل كوررېكتورى: خەيرىنىسا روزى

ماخمۇت مۇھەممەت

# كارىۋات ئاستىدىكى ئەر

نەشر قىلغۇچى
ۋە تارقاتقۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى
(بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14-قورۇ،
پوچتا نومۇرى: 100013، تېلېفون: 64228007، 010)
تىزغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى ئېلېكترونلۇق مەتبەئە سىستېمىسى
باسقۇچى: مىللەتلەر باسما زاۋۇتى
ساتقۇچى: جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
1997-يىل 11-ئايدا 1-قېتىم نەشر قىلىندى
1997-يىل 11-ئايدا بېيجىڭدا 1-قېتىم بېسىلدى
باھاسى: 12.70 يۈەن

●سىرتتىن كىرگەن كىشى ئوقتەك بېرىپ كارىۋات ئاستىغا قارىسا، بىر كىشى تۇرغانكى. . .

●ياشلىقتىكى بىر مەكتۇپ نارىمان ئەپەندىنىڭ يۈرىكىنى تاتىلايتتى، كۆيدۈرەتتى. . . ئايالى خەتنىڭ تارىخىنى ئەسلەتكەندە. . .

●خوتۇنۇڭنى يۆتكەيمىز دەپ ئاغىنىسىگە ۋەدە بېرىپ تۇرىدىغان بىرەيلەن يۆتكەش توغرىسىدا يول ماڭىدۇ، ئەمما يولنى كىمگە ماڭغىنىنى ئۆزى بىلىدۇ، «يۆتكەيمىز» ھېكايىسىنى ئوقۇسىڭىز سىزمۇ بىلىپ قالىسىز.

●خۇدۇكباي ھەممىنى "سىنايمەن" دەپ سىنايدۇ، ئەمما ئاخىر. . .

●يىغىن زالىغا كىرىپ كەلگەن قىز ھەققىدە پاراڭلار بولىدۇ، بەزىلەر ئۇنى "تانسا دەپ كىرىپ قالدىمىكىن" [illegible]. بۇ قىز نېمىگە كەلگەن؟

●تۇرمۇشتا ئۇچراپ تۇرىدىغان مەسىلىلەر يورۇتۇلغان «كارىۋات ئاستىدىكى ئەر» سىزنى قىزىقتۇرىدىغان كىتاب.

ISBN 7-105-02783-5

9 787105 027835 >

ISBN 7—105—02783—5/I. 672
民文（维 113） 定价:12,70元